# لۇشۇن فېلىيەتونلىرى

(2)

755158343

新疆大学图书馆藏书

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

索书号: I210 216915

书名: لۇشۇن فېلىيەتونلىرى (2)

登录号:　　定价: 11،50 يۈەن

| 借者 | 借期 | 还期 |
|---|---|---|
| | | |
| | | |
| | | |
| | | |

كىتابنى تۆۋەندە يېزىلغان ۋاقىت ئىچىدە قايتۇرۇش لازىم

下列最后之日期本书必须归还

| | | | |
|---|---|---|---|
| | | | |
| | | | |
| | | | |
| | | | |
| | | | |
| | | | |
| | | | |

爱护图书 · 按期交还

كىتابنى ئاسراڭ، مۇددىتىدە قايتۇرۇڭ

بۇ كىتاب خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتىنىڭ 1989 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى، 1990 - يىل 7 - ئاي 2 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据人民文学出版社1989 年 5 月第1 版 1990 年 7 月第 2 次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەكبەر ئېلى
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: مەكىخان
مەسئۇل كوررېكتورى: ئۆمەرجان

# لۇشۈن فېلىيەتونلىرى (2)

تەرجىمە قىلغۇچى: توختى باقى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كومپيۇتېر ئىشخانىسىدا تىزىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتر 1/32
باسما تاۋىقى: 10 قىستۇرما ۋارىقى: 2
1998 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى
1998 - يىل 6 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1—4000
ISBN 7 — 228 — 04156 — 9/I · 1518
باھاسى: 11.50 يۈەن

## مۇندەرىجە

نەققە دۇم چۈشۈپتۇ ........................................ 1
ئۇنتۇش ئۈچۈن ئەسلەيمەن ........................................ 5
جەنلۈ مۇناسىۋىتى بىلەن ........................................ 25
ئەسلەتمە : ئوقۇمىغانلار ئارماندا قالىدىغان غەلىتە ماقالە ...... 28
« ئادەملەرنى خاتا ئۆلتۈردى » گە لوقما ........................ 33
ئادەملەرنى خاتا ئۆلتۈردى . ........................................ 36
جۇڭگو خەلقىنىڭ هايات چەمبىرى ........................................ 40
ماقالە ۋە تېما ........................................ 43
ھەييارلىق سەنئىتى ........................................ 48
جۇڭگو بىلەن گېرمانىيىنىڭ كىتاب كۆيدۈرۈشىنىڭ پەرقى ۋە ئوخشاشلىقى توغرىسىدا ........................................ 51
« ساختا ئەركىنلىكنامە » گە خاتىمە ........................ 56
جۇڭگو ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى پىغان ........................ 103
فېلىيەتون بوهرانى ........................................ 107
قىتىغۇرلۇقنىڭ ھېكمىتى ........................................ 114
ياڭ سۇنرېن ئەپەندىنىڭ ئوچۇق خېتىگە ئوچۇق خەت ...... 119
جۇڭگودىكى بەزى ئىشلار توغرىسىدا ........................ 134
بىرنەچچە كىتاب ئوقۇش كېرەك ........................ 148
ئەكىلىشپەرۋەرلىك ........................................ 153
سۇنىڭ تىلى ........................................ 158
جەدىتلىك ۋە مۇتەئەسسىپلىك ........................ 161
« گۈلشەن پاراگلىرىغا ئىستىئارە » نىڭ خاتىمىسى ............ 166
ئۇنى - بۇنى ئوقۇپ قويۇش كېرەك ........................ 208
جۇڭگونىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى جىن - شەيتانلار ...... 216

ھازىرقى زامان جۇڭگوسىدىكى كۇڭفۇزى ................................228
مەشھۇر ئادەم ۋە مەشھۇر سۆز ................................239
« چىلتەكلىك ئەدەبىيات » قا كىرىش سۆز ................................247
« كونس بوتكىسى زاۋۇتلىرى » غا كىرىش سۆز ................................255
تروتسكىچىلارنىڭ خېتىگە جاۋاب ................................259
ھازىرقى ئەدەبىيات ھەرىكىتىمىز توغرىسىدا ................................275
يازنىڭ يېرىمىدىكى پارچە خاتىرىلەر ................................267
شۈي ماۋيۇڭغا جاۋاب ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپ مەسىلىسى ھەققىدە ................................272
بۇمۇ تۇرمۇش ................................293
ئۆلۈم ................................300
تەيىيەن ئەپەندىنىڭ بەزى ئەھۋاللىرى توغرىسىدا ................................308



## نەققە دۇم چۇشۇپتۇ ①

ئەمەلىيەت ھەمىشە يازما نەرسىدەك چىرايلىق بولۇپ چىقىۋەرمەيدۇ .

مانا بۇ « ئەركىن پاراك » نى ئالساق ، ئەمەلىيەتتە ئەركىن ئەمەس . ھازىر « ئەركىن پاراك » دېيىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ، ھەر ھالدا بۇ يەردە مانا مۇشۇنداق ئەركىن پاراك قىلىۋاتىمىز .

ھازىر بېيجىڭدىكى ئاسارىئەتىقىلەرنىڭ كۆچۈرۈلىدىغانلىقىنى ② ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پاناھ ئىزلەپ قېچىشىغا رۇخسەت قىلىنمايۋاتقانلىقىنى ③ ئالساق ، بۇ ھەقتە بۇيرۇق بەرگەنلەرنىڭمۇ داۋلىسى بار ، تەنقىد قىلىۋاتقانلارنىڭمۇ داۋلىسى بار ، بىراق بۇلارنىڭ ھەممىسى قەغەز يۈزىدىكى گەپ ، مەسىلىنىڭ ماھىيىتى ئەمەس .

ئەگەر ، ئاسارىئەتىقىلەر قەدىمدىن قالغان تېپىلماس تەۋەررۈك ، قىممەتلىك گۆھەر ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى دەرھال يۆتكەپ كېتىش كېرەك ، دېيىلىدىغان بولسا ، دەرۋەقە بۇ گەپمۇ ئاقىدۇ . لېكىن بىزدە ئىككى بېيجىڭ يوق ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بېيجىڭ ھازىرقى ۋاقىتتا تەۋەررۈك بولۇپ تۇرغان ئاسارىئەتىقىلەردىنمۇ كونا . شىيا دەۋرىدىكى يۈي بولسا ھايۋان ئىكەنمىش ④ ، ئۇنىڭ دەۋرىدىكى گەپلەرنى قويۇپ تۇرۇپ ، شاڭ ، جۇ دەۋرىنى ئالىدىغان بولساق ، بېيجىڭ شۇ چاغلاردىمۇ بار ئىكەن . نېمىشقا مۇشۇنداق بىر جاينى تاشلاپ قويۇپ ، ئۇ جايدىكى ئاسارىئەتىقىلەرنىلا كۆچۈرۈپ كېتىشىدىكەن ؟ گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام ، بۇنىڭ سەۋەبى ئاسارىئەتىقىلەرنىڭ « تەۋەررۈك » بولغانلىقى ئەمەس ، بەلكى بېيجىڭ قولدىن كېتىپ قالغاندىن كېيىنمۇ ئۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ كەتكىلى ، ھەرچاقان پۇل قىلغىلى بولىدىغانلىقى .

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى جەمئىيەتنىڭ « تۇۋرۇكى » ⑤ بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ نەرقى يوق ؛ ئەگەر ياۋرۇپا ، ئامېرىكا بازارلىرىدا ئۇلارنىڭ بىرى 500 ئامېرىكا دوللىرىغا يارايدىغان بولسا ، ئۇلارنىمۇ

ساندۇقلار
تىقىلەر بىل
كونسېپسىيەلەردىكى چەت
غان بولاتتى .
لېكىن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى كۆپ ، ئۇنىڭ ئۇ
تەۋررۈك ئەمەس ، بەلكى يېڭى ، ھەي ئىست !
قورۇق گەپنى ئاز قىلىپ ، سۈي خاۋنىڭ « سېرىق تۇرنا راۋىقى » ناملىق شېئىرىگىلا ⑥ تەقلىد قىلىپ ، ھەسرىتىمنى بىلدۈرەي —

كەتتى ئۆكتەملەر مىنىپ مەدەنىيەتنىڭ يەلكىسىگە ،
قالدى بۇندا مەدەنىيەت شەھرى قۇرۇپ - قۇرۇقداپ .
كەتتى كەلمەس مەدەنىيەت ، قايتماس خەلقىم ئىلكىگە ،
قالدى مەڭگۈ قەدىمىي شەھەر خارابىلىشىپ ھۇۋۇلداپ ؛
چيەنمېن ۋوگزالىدىن مەخسۇس پويىز سەپ تارتتى ،
چۆمدى قات - قات ھەسرەتكە ئالىي مەكتەپ باللىرى ،
يالمىغاندا يۈيگۈەننى ياپونلارنى كىم توستى ؟
ئەيش - ئىشرەت سورۇندا چۈچىغانلار بارمىكى ؟!

1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى

### ئىزاھات

① بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 - يىلى 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ، خې جياگەن ئىمزاسىدا «شېنباۋ » گېزىتىنىڭ قوشۇمچە بېتى « ئەركىن پاراڭ » غا بېسىلغان .
② 1933 - يىلى 1 - ئايدا ، ياپونلار شەنخەيگۈەننى بېسىۋالغاندىن كېيىن ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى « ياپون قوشۇنلىرىنىڭ نىشانىسىنى ئازايتىش » نى باھانە قىلىپ ، تىل - تارىخ تەتقىقات ئورنى ۋە خان سارىيى مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان ئاسارئەتىقىلەرنى ئالدىراپ - تېنەپ تۈركۈملەپ بېيپىڭدىن نەنجىڭ ، شاڭخەيلەرگە يۆتكىگەن .
③ 1933 - يىلى 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مائارىپ ۋازارىتى بېيپىڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە « گېزىتلەرنىڭ خەۋەر قىلىشىچە ،



يۈيگۈەن خەۋپ ئاستىدا قالغان پەيتتە بېيپىڭدىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئىمتىھاندىن قېچىش ، بالدۇر تەتىل قويۇۋېتىش ئىشلىرى سادىر بولغان ... ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى پۇقرالار ئىچىدىكى تۇۋرۈك . شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۆزلىرىچە ئالاقزادە بولۇپ ، مەكتەپ ئىنتىزامىنى بۇزماقتا . مەكتەپ دائىرىلىرى بولسا ، يوقىرىغا مەلۇم قىلماي بولۇشىغا قويۇۋەتكەن . بۇنى توغرا ئىش دېگىلى بولماس » دېگەن مەزمۇندا تېلېگراما ئارقىلىق بۇيرۇق چۈشۈرگەن .
④ بۇ ، گوجيېگاڭنىڭ 1923 - يىلى قەدىمكىي تارىخلارنى مۇلاھىزە قىلىپ يازغان ماقالىسىدە ئوتتۇرىغا قويغان كۆز قارشى . ئۇ يۈي سۆزىنى دەلىللىگەندە « تىل - يېزىق توغرىسىدا ئىزاھلار » دا يۈي (禹) قوڭغۇز (虫) قىلىپ ئىزاھلانغىنىغا ئاساسلىنىپ ، يۈي (كەسلەنچۈك تىپىدىكى « قوڭغۇز ») دەپ قىياس قىلغان .
⑤ سۈي خاۋ (754 — ؟ ) — بەنجۇ (ھازىرقى خېنەن كەيفېڭ ناھىيەسى ) دىن . تاڭ سۇلالىسىدىكى شائىر . ئۇنىڭ « سېرىق تۇرنا راۋىقى » شېئىرىنىڭ ئەسلى تېكىستى :

« كەتتى ئەجداتلار سېرىق تۇرنا مىنىپ ،
قالدى تۇرنا راۋىقى قۇرۇقدىلىنىپ .
كەتسە كەلمەسكە ئۇچتى تۇرنا غايىب ،
كۆكتە بۇلۇت پىراقىدا ئاھ ئۇرۇپ .

گۈزەل كۆرۈنەر خەنياڭ دەرىخى ،
ئۇندىن قالماس يىڭۋۇجۇ بوستان بولۇپ ،
چۈشۈپ گۇگۇم كۆرۈنمەيدۇ دەرگاھىم ،
كۆڭۈلنى دەريا تېخىمۇ غەش قىلىپ .»

⑥ 1932 - يىلى 10 - ئايدا ، ياپون ئارمىيىسى شەنخەيگۈەننىڭ ئىچكىرىسىگە قىستاپ كىرىپ ، شىمالىي جۇڭگو جىددىي خەۋپ ئاستىدا قالغاندا ، بېيپىڭ شەھىرىدىكى مەدەنىي - مائارىپ ساھەسىدىكى جياڭ خەن قاتارلىق ئوتتۇزدىن ئارتۇق كىشى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە پىكىرنامە سۇنۇپ ، بېيپىڭدا « دۆلەتنىڭ جان تومۇرى ، خەلقنىڭ روھىي جەۋھىرى بولغان مەدىنىي يادىكارلىقلار ساقلانغان » ۋە « پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىلىم - بىلىم ئەھلىلىرىنىڭ كۆپچىلىكى بېيپىڭغا توپلانغان » دېگەننى باھانە قىلىپ ، « بېيپىڭنى مەدەنىيەت شەھرى قىلىپ ئېنىق

بەلگىلەش » نى ، « بېيپىڭدىكى ھەربىي ئەسلىھەلەرنى كۆزدىن يىراقلاشتۇرۇپ » ، بېيپىڭنى ياپون ئارمىيىسىنىڭ توپ - زەمبىرەكلىرىدىن مۇداپىئەسىز ئامان - ئېسەن ساقلاپ قېلىشنى تەلەپ قىلغان . بۇ ، ئەمەلىيەتتە ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەتەن ساتقۇچىلىق ، تەسلىمچىلىك سىياسىتىگە ماسلىشىپ ، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا پايدا كەلتۈرگەنلىك ئىدى .



# ئۇنتۇش ئۈچۈن ئەسلەيمەن ①

## 1

ئىككى يىلدىن بېرى قايغۇ - ئەلەم مېنى قاپلاپ كەلدى ، ئۇلار مېنىڭ يۈرىكىمگە تېخىمۇ قادىلىپ كەلمەكتە .

بىرقانچە ياش يازغۇچىنى ئەسلەش ئۈچۈن ، بىرەر نەرسە يېزىشنى ئاللىقاچانلاردىن بېرى ئويلاپ كەلگەنىدىم ، بۇنىڭدىن مەقسىتىم ، بىرلا سىلكىنىپ ، ئۆزۈمنى قايغۇ - ھەسرەتنىڭ ئېغىر يۈكىدىن بوشىتىش ، توغرىسىنى ئېيتقاندا ، ئۇلارنى ئۇنتۇش ئىدى .

مۇندىن ئىككى يىل ئىلگىرىكى دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ، يەنى 1931 - يىلى 7 - فېۋرال كېچىسى ياكى 8 - فېۋرال تاڭ ئاتار ۋاقتى بىزنىڭ بەش نەپەر ياش يازغۇچىمىز ② ھالاك قىلىنغان ۋاقىت . شۇ چاغدا ، شاڭخەيدە چىقىدىغان گېزىتلەرنىڭ بىرەرىمۇ بۇ ۋەقە توغرۇلۇق بىرەر نەرسە يېزىشقا پېتىنالمىدى ياكى يېزىشنى خالىمىدى ، ياكى بولمىسا ئەتەيلەپ كۆزگە ئىلىشمىدى بولغاي ، پەقەت « ئەدەبىيات - سەنئەت ئاخباراتى » (25 - ماي) ③ نىڭ 11 - سانىدا لىن ماڭ ④ ئەپەندىنىڭ « بەي ماڭ ھەققىدە تەسىراتلىرىم » دېگەن تۇتۇقراق يېزىلغان ماقالىسىلا بېسىلدى . بۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن :

« ئۇ خېلى كۆپ شېئىرلارنى يازغان ، ۋېنگرىيە شائىرى پېتوفىنىڭ ⑤ بىرقانچە شېئىرلىرىنىمۇ تەرجىمە قىلغان . شۇ ۋاقىتتىكى 〈 ئۆركەش 〉 ⑥ ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى لۇشۈن ئۇنىڭ ماقالىلىرىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى تەكلىپ قىلىپ خەت يازغانىدى ، لېكىن ئۇ بۇنداق نامدار كىشى بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن لۇشۈن ئۆزى ئۇنى ئىزلەپ تاپقان ۋە ئەدەبىيات ئىشىنى تىرىشىپ ئىشلەشكە ئىلھاملاندۇرغان . بىراق ، ئۇ يېزىشقا ھۆجرىسىدا بېسىپ ئولتۇرالماي ، ئۆز يولى بىلەن مېڭىشقا باشلىدى ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا يەنە قولغا ئېلىنىپ كەتتى ... » .

ئۇ يەردە بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىزگە دائىر ئېيتىلغان گەپلەر توغرا ئەمەس. بەي ماڭ ئۆزىنى ئۇنداق چوڭ تۇتمايتتى. ئۇ مېنىڭ ئۆيۈمگە بىرقانچە قېتىم كەلگەن. لېكىن بۇ ئۇنىڭ بىلەن يۈز كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلغانلىقىمدىن ئەمەس. مەنمۇ ئۆزۈمنى چوڭ تۇتمايمەن، تونۇشمايدىغان ئاپتورنى يەڭگىللىك بىلەن خەت يېزىپ چاقىرتىپ ئولتۇرمايمەن. بىزنىڭ **ئۇچرىشىشىمىزنىڭ سەۋەبى** ناھايىتى ئاددىي، شۇ چاغدا ئۇنىڭ ژۇرنالغا ئەۋەتكەن ماقالىسى نېمىسچىدىن تەرجىمە قىلىنغان. پېتوفىنىڭ تەرجىمىھالى ئىدى، مەن ئۇنىڭدىن پېتوفىنىڭ شېئىرلار توپلىمىنىڭ بېشىغا كىرگۈزۈلگەن بۇ تەرجىمىھالنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى ماڭا ئەۋەتىپ بېرىشىنى سوراپ خەت يازدىم. بۇنى پوچتىدىن ئەۋەتىپ بېرىش ئەپسىز بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزى ئەكەلدى. ئۇ 20 ياشلار چامىسىدىكى قەددى – قامىتى كېلىشكەن، قارىمۇتۇق يىگىت ئىكەن. شۇ چاغدا ئۇنىڭ بىلەن نېمە توغرۇلۇق پاراڭ سېلىشقانلىقىم ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ. پەقەت ئۇنىڭ: پەمىلەم شۈي، شياڭشەن ناھىيىسىدىن، دېگىنى تېخىچە ئېسىمدە. مەن ئۇنىڭدىن سىزگە ۋاكالىتەن خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغان خانىمنىڭ ئىسمى غەلىتىكەن (نېمە ئۈچۈندۇر ماڭا غەلىتە تۇيۇلغانلىقى ھازىر ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ) دەپ سورىغىنىمدا، ئۇ ماڭا، بۇ خانىمنىڭ ئاشۇنداق غەلىتە ئىسىمنى ياخشى كۆرىدىغان رومانتىك ئايال ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭمۇ بەزى جەھەتتىن ئۇنىڭ بىلەن ئېپى كېلىشمەيدىغانلىقىنى ئېيتقاندى. مېنىڭ خاتىرەمدە قالغان نەرسە مانا شۇنچىلىك.

شۇ كېچىسى بەي ماڭنىڭ تەرجىمىسى بىلەن ئەسلى نۇسخىسىنى چالا – پۇچۇق سېلىشتۇرۇپ چىقتىم، ئايرىم ئورۇنلارنى خاتا تەرجىمە قىلىپ قويغاندىن تاشقىرى، بىر سۆزنى قەستەن بۇرمىلاپ تەرجىمە قىلغانلىقىنى سەزدىم. ئۇ «مىللىي شائىر» دېگەن ئىبارىنى ياخشى كۆرمىسە كېرەك ئەتىمالىم، بۇنىڭ ئورنىغا «خەلق شائىرى» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى ئۇنىڭ يەنە بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم.



خەتتە مېنىڭ بىلەن يۈز كۆرۈشكىنىگە پۇشايمان قىلغانلىقىنى، ئۆزى جىقراق گەپ قىلىپ مېنىڭ ئازراق گەپ قىلغانلىقىمنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سوغۇق مۇئامىلىدە بولغانلىقىم ئۈچۈن ئوڭايسىزلانغانلىقىنى يېزىپتۇ. مەنمۇ دەرھاللا بىر پارچە خەت يېزىپ، دەسلەپكى ئۇچرىشىشتا گەپنى ئاز قىلغانلىقىم ئادەتتە ئادەملەردە بولىدىغان ئەھۋال ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردۈم ۋە تەرجىمىدە ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرۈش – كۆرمەسلىكىگە قاراپ **سۆزنىڭ مەنىسىنى ئىختىيارىيچە ئۆزگەرتمەسلىك لازىملىقىنى ئېيتتىم**، ئۇ تەرجىمە قىلغان كىتابنىڭ ئەسلى نۇسخىسى مەندە قالغانلىقى ئۈچۈن پېتوفىنىڭ ئۆز كىتابخانامدا ساقلانغان ئىككى توپلىمىنى ئۇنىڭغا ئەۋەتىپ، كىتابخانلارنى تەمىنلەش ئۈچۈن يەنە بىرقانچە شېئىر تەرجىمە قىلىپ بېرىشىنى سورىدىم. دەرۋەقە ئۇ بىرقانچە شېئىرنى تەرجىمە قىلىپ ئۆزى ئەكەلدى. بۇ نۆۋەت بىرىنچى قېتىمقى ئۇچرىشىشقا قارىغاندا جىقراق سۆھبەتلەشتۇق. پېتوفىنىڭ تەرجىمىھالى ۋە شېئىرلىرى «ئۆركەش» ژۇرنىلىنىڭ 2 – جىلد 5 – سانىغا، يەنى ئاخىرقى سانىغا بېسىلىپ چىقتى.

بىزنىڭ ئۈچىنچى قېتىمقى ئۇچرىشىشىمىز ھاۋا راسا قىزىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە بولغانلىقى ئېسىمدە. بىر كىشى ئىشىكنى قاقتى. مەن بېرىپ ئىشىكنى ئاچتىم – دە، بەي ماڭنى كۆردۈم. ئۇ ئۇچىسىغا قېلىن پاختىلىق ئۇزۇن چاپان كىيگەن، ئۇستىبېشىدىن تەر قۇيۇلۇپ تۇراتتى. ھەر ئىككىمىز ئىختىيارسىزلا كۈلۈۋەتتۇق. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنقىلابچى ئىكەنلىكىنى، قولغا ئېلىنىپ ئەمدىلا تۈرمىدىن چىققانلىقىنى، كىيىم – كېچەك ھەم كىتابلىرىنىڭ — ھەتتا مەن بەرگەن ھېلىقى ئىككى كىتابنىڭمۇ مۇسادىرە قىلىنغانلىقىنى، ئۇچىسىدىكى پاختىلىق ئۇزۇن پاچانى بىر دوستىدىن ئۆتنىگە ئالغانلىقىنى، كىيىدىغان كۆينىكى بولمىغانچقا، ئۇزۇن چاپان كىيىشكە توغرا كەلگەنلىكىنى، شۇڭا ئۇستىبېشىدىن توختىماي تەر قۇيۇلۇپ تۇرغانلىقىنى ئەنە شۇ چاغدا سۆزلەپ بەردى. مەن ئۆز ئىچىمدە، لىن ماڭ ئەپەندىنىڭ «يەنە بىر قېتىم قولغا ئېلىنىپ كەتتى» دېگىنى ئەنە شۇ قېتىمقىسى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم.

ئۇنىڭ تۈرمىدىن چىققانلىقىغا بەكمۇ خۇرسەن بولدۇم، كۆينەك

ئېلىپ كېيىۋالسۇن دەپ قەلەم ھەققىنى دەرھاللا ئېلىپ بەردىم. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن ھېلىقى ئىككى كىتابىمنى پولىتسىيە قولىغا چۈشۈپ كېتىپ، گۆھەرنىڭ قاراڭغۇدا قالغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق ئېچىندىم. ئۇ ئادەتتىكى كىتابلاردىن بولۇپ، بىرى پروزا، يەنە بىرى شېئىرلار توپلىمى ئىدى. نېمىسچىغا تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ يېزىشىغا قارىغاندا، بۇ ماتېرىياللارنى تەرجىمان ئۆزى توپلىغان، ۋېنگىرىيىنىڭ ئۆزىدىمۇ بۇنىڭچىلىك تولۇقلانغان توپلىمى يوق ئىكەن، ئەمما گېرمانىيىدە «رىكلامنىڭ ئۇنىۋېرسال مەجمۇئەسى» ⑦ (Reclam, s Universal Bibliothek)غا كىرگۈزۈپ بېسىلغانلىرىنى ئوڭايلا سېتىۋېلىشقا بولىدىكەن، باھاسى بولسا، بىر دوللارغىمۇ تۇرمايدىكەن، بىراق ئۇ مەن ئۈچۈن قىممەت باھالىق گۆھەر ئىدى، چۈنكى مەن ئۇنى بۇندىن 30 يىل بۇرۇن پېتوفىنى ناھايىتى ياخشى كۆرۈپ يۈرگەن چاغلىرىمدا ۋەنشەن كىتابخانىسىغا ⑧ ئالاھىدە ھاۋالە قىلىپ گېرمانىيىدىن ئالدۇرغانىدىم. ئۇ چاغدا كىتابنىڭ باھاسى ناھايىتى تۆۋەن بولغانلىقتىن، دۇكاندار ۋاستىچىلىك قىلغىلى ئۇنىماي قالارمىكىن دەپ، مىڭ تەسلىكتە ئېغىز ئاچقانىدىم. كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ كىتابنى يېنىمدا دائىم بىللە ئېلىپ يۈرگەن بولسامۇ، ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۇلارنى تەرجىمە قىلىش نىيىتىدىن قالغانىدىم. كېيىن ئۇنى پېتوفىنىڭ شېئىرلىرىنى خۇددى بۇرۇنقى چاغلىرىمدىكىگە ئوخشاشلا ياخشى كۆرىدىغان بىر ياشقا تەقدىم قىلىپ، ئۇنى ئۆز جايىغا قارار تاپتۇرماقچى بولۇپ يۈرگەنىدىم. شۇڭا بۇ كىتابنى ئالاھىدە ئېتىۋار بىلەن رۇشى ئارقىلىق ئەۋەتىپ بەرگەنىدىم. بۇ كىتابنىڭ «ئۈچ بالداق» لىق يەڭ بەلگىسى ⑨ بار بىر نېمىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشى كىمنىڭ ئويىغا كەلسۇن، بۇ كىشىگە ئەلەم قىلامدۇ!

## 2

مېنىڭ ئاپتورلارنى كۆرۈشۈپ كېتىشكە ھەرگىز تەكلىپ قىلماسلىقىم پۈتۈنلەي كەمتەرلىكتىنلا ئەمەس، بۇنىڭدا ئۆزۈمنى ئارتۇقچە ئاۋارىگەرچىلىكتىن قاچۇرۇش ئامىلىمۇ خېلى كۆپ. ئۇزۇن يىللىق



تەجرىبىلىرىمگە ئاساسەن، شۇنى ياخشى بىلىمەنكى، ياشلارنىڭ بولۇپمۇ ئەدەبىياتچى ياشلارنىڭ ئوندىن توققۇزى ناھايىتى سەزگۈر؛ ئۇلارنىڭ ئىززەت - نەپسىمۇ كۈچلۈك؛ سەل ئېھتىياتسىزلىق قىلساڭ، ئاسانلا ئۇقۇشماسلىق كېلىپ چىقىدۇ، شۇ سەۋەبتىن، قەستەن ئۆزۈمنى قاچۇرىدىغان چاغلىرىم كۆپرەك. يۈز كۆرۈشۈشتىن ئېھتىيات قىلىپ تۇرغاندا، ئۇلارغا بىرەر تاپشۇرۇق بېرىشتىن تېخىمۇ ئېھتىيات قىلىدىغانلىقىم تۇرغان گەپ. مەن شۇ چاغلاردا شاڭخەيدە بولغىنىم ئۈچۈن، پەقەت بىرلا ياش بىلەن پاراڭ سېلىشىشقا ۋە ھەتتا بەزى شەخسىي ئىشلىرىمنى تاپشۇرۇشقا جۈرئەت قىلالايتتىم، ئۇ بولسىمۇ بەي ماڭغا كىتابىمنى ئاپىرىپ بەرگەن رۇشى ئىدى.

مەن رۇشى بىلەن بىرىنچى قېتىم قەيەردە ۋە قاچان ئۇچراشقىنىمنى بىلمەيمەن. ئۇ بېيجىڭدە مېنىڭ لېكسىيەمنى ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتقاندەك قىلىۋىدى، شۇنىڭغا قارىغاندا سەككىز - توققۇز يىل ئىلگىرى ئۇچراشقان بولساق كېرەك. مەن ئۇنىڭ بىلەن شاڭخەيدە قانداق بولۇپ باردى - كەلدى قىلىدىغان بولۇپ قالغانلىقىمنى ئۇنتۇپ قالدىم. قىسقىسى، ئۇ شۇ چاغدا جىڭيۈن كوچىسىدا، مېنىڭدىن تۆت - بەش قورا نېرىدىلا ئولتۇراتتى، نېمە ئۈچۈندۇر، باردى - كەلدى قىلىشىدىغان بولۇپ قالدۇق. ئۇ ماڭا بىرىنچى قېتىمدىلا ئۆزىنىڭ فامىلىسى جاۋ، ئىسمى پىڭفۇ ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەندەك قىلغان ھەمدە ئۆز يۇرتىدىكى تۆرىلەرنىڭ، بايلارنىڭ كۆرەڭلەپ كەتكەنلىكىنى، قايسىبىر تۆرىنىڭ «پىڭفۇ» دېگەن ئىسمىنى ياقتۇرۇپ قېلىپ، بۇ ئىسمىنى ئۆز ئوغلىغا قويماقچى بولغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بۇ ئىسمىدىن ۋاز كېچىشنى ئېيتقانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەندەك قىلغان. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى ئېغىر بېسىق ۋە بەختىيار دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «پىڭفۇ» بولغاچقا، تۆرىگە يېقىپ قالغان بولسا كېرەك، ئەگەر تەكرارلاش، دۆم كۆمتۈرۈش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «فۇ» بولغان بولسا، ئۇنىڭغا ئۇ قەدەر زوقلانمىغان بولاتتى. رۇشى تەيجۇ ۋىلايىتىنىڭ نىڭخەي ناھىيىسىدىن، بۇنى ئۇنىڭ تەيجۇلۇقلارغا خاس تەرساراق مىجەزىدىنلا بىلگىلى بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ خېلىلا گېرى ئىدى، ئۇنىڭ بەزى قىلىقلىرى گايىدا فاڭ شاۋرۇ [10] نى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتى، چۈنكى ئۇنىڭ قىلىقلىرى خېلىلا ئوخشىشىپ كېتەتتى.

ئۇ ئۆيىدە ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھەم يازاتتى، ھەم تەرجىمە قىلاتتى. بىز خېلى كۆڭۈلگىچە بېرىش - كېلىش قىلىپ يۈردۇق، ئاستا - ئاستا پىكىرلىرىمىز بىر يەردىن چىقىشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، بىز بىلەن بىر نىيەتتىكى باشقا بىرنەچچە ياش بىلەن كېلىشىپ، «سەھەر غۇنچىسى» تەھرىراتىنى [11] قۇردۇق، مەقسىتىمىز كىتابخانلارنى شەرقىي ۋە شىمالىي ياۋروپانىڭ ئەدەبىياتى ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئويما رەسىملىرى بىلەن تونۇشتۇرۇش ئىدى، چۈنكى بىز ھەممىمىز ئۆز يېرىمىزدە مەزمۇت، ساغلام ئەدەبىياتنى ئۆستۈرۈش لازىم، دەپ قارايتتۇق. كۆپ ئۆتمەي، ئۇن كۈندە بىر چىقىدىغان «سەھەر غۇنچىسى» ژۇرنىلى [12]، «يېقىنقى زامان دۇنيا ھېكايىلىرى» [13]، «سەنئەت گۈلزارلىقىنىڭ سەھەر غۇنچىلىرى» [14] دېگەن توپلاملارنى چىقاردۇق. ئىش ئەنە شۇنداق يول بىلەن كېتىۋەردى، ئەمما شۇ قاتاردا «لوگوخوگىبېرنىڭ تاللانغان سۈرەتلىرى» دېگەن كىتاب شاڭخەيدىكى «سەنئەتكار» نى سۈپۈرۈپ تاشلاش ئۈچۈن نەشر قىلىنغانىدى [15].

رۇشىنىڭ قولىدا پۇل يوق ئىدى، ئۇ باسما خىراجىتى ئۈچۈن بىر يەردىن 200 نەچچە دوللار قەرز ئالغان. قەغەز سېتىۋېلىشتىن باشقا ئىشلارنى، يەنى ماقالىلەرنى كۆرۈپ چىقىش ۋە باشقا ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى — باسما زاۋۇتىغا يۈگۈرۈش، رەسىملەرنى قېلىپقا ئالدۇرۇش، كوررېكتورلۇق قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى رۇشىنىڭ ئۆزى بېجىرگەن. لېكىن، ئىشنىڭ كۆپىنچە كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ چىقمىغانلىقى تىلغا ئېلىنغاندا، ئۇ ھەر دايىم قوشۇمىسىنى تۈرەتتى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۈمىدسىزلىك چىقىپ تۇرغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس ئىدى. ئۇ ئادەملەرگە ياخشى دەپ ئىشىنەتتى. بەزىدە مەن ئۇنىڭغا ئادەملەرنىڭ قانداق قىلىپ كىشىلەرنى ئالدايدىغانلىقى، دوستلىرىغا قانداق خىيانەت قىلىدىغانلىقى، قانداق قىلىپ قان شورايدى-



غانلىقىنى سۆزلەپ بەرسەم، ئۇنىڭ چېھرىسى ئېچىلىپ كېتەتتى، ئۇ بىر ئاز خىرەلىشىپ قالغان كۆزلىرىنى ھەيران بولغان ھالدا يوغان ئېچىپ، «شۇنداقمۇ بولارمۇ؟ ئۇنچىۋالا ئەمەستۇ؟ ....» دەپ ئېتىراز بىلدۈرەتتى.

«سەھەر غۇنچىسى» تەھرىراتى ئۇزۇن ئۆتمەيلا يېپىلدى. نېمە سەۋەبتىن يېپىلغانلىقىنى ئېيتقۇممۇ كەلمەيدۇ. قىسقىسى، رۇشىنىڭ غايىبچان كاللىسى ھەممىدىن ئاۋۋال پەشۋاغا ئۇچرىدى، ئۇنىڭ ھەممە كۈچى بىكارغا كەتكەننىڭ ئۈستىگە قەغەزنىڭ ھەققىنى تۆلەش ئۈچۈن 100 دوللار قەرز ئېلىشقا توغرا كەلدى. كېيىن ئۇنىڭ مېنىڭ «كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئوغا قايىنايدۇ» [16] دېگەن سۆزلىرىمگە بولغان گۇمانىمۇ ئازايدى. بەزىدە ئۇ «شۇنداقمۇ بولارمۇ؟ ....» دەپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قوياتتى، شۇنداق بولسىمۇ ئىلگىرىكىدەكلا ئادەملەرگە ياخشى، دەپ ئىشىنەتتى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر تەرەپتىن ئازراق بولسىمۇ دىرىنى تولۇقلىۋېلىش ئارزۇسى بىلەن «سەھەر غۇنچىسى» تەھرىراتىدىكى ئۆزىگە تېگىشلىك قالدۇق كىتابلارنى «ئەتە» ۋە «نۇرلۇق جۇڭگو» كىتابخانىلىرىغا ئاپىراتتى، يەنە بىر تەرەپتىن، قەلەم ھەققى تېپىپ قەرزلىرىنى تۈگىتىش ئۈچۈن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تەرجىمە قىلىشقا بېرىلەتتى. ئۇ، «دانىيە ھېكايىلىرى» [17] نى، ماكسىم گوركىينىڭ «ئارتامانوۋلارنىڭ ئىشى» [18] دېگەن رومانىنى تەرجىمە قىلىپ «تىجارەت نەشرىياتى» غا سېتىپ بەرگەن. بۇ تەرجىمە ماقالىلىرى بۇلتۇرقى يېغىلىقتا كۆيۈپ كەتكەن بولسا كېرەك.

رۇشىنىڭ گېرىلىكى ئاستا - ئاستا تۈگەشكە باشلاپ، ئاخىرىدا ئۇ كوچىدا بىر يۇرتلۇق ئاياللار ياكى دوستلىرى بىلەن بىللە يۈرۈشكە جۈرئەت قىلىدىغان بولۇپ قالدى، ئەمما ئۇ، ئاز دېگەندە ئۈچ — تۆت قەدەم ئارىلىق قالدۇرۇپ يۈرەتتى. بۇ ئانچە ئوبدان چارە ئەمەس ئىدى، بەزىدە كوچىلاردا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان چاغلىرىمدا، ئۇنىڭ ئارقىسىدا ياكى ئۇنىڭ ئوڭ ياكى سول تەرىپىدە بىرنەچچە قەدەم ئارىلىق تاشلاپ

كېلىۋاتقان ياش ۋە چىرايلىق بىرەر قىزنى كۆرۈپ قالسام ئۇنىڭ دوستى شۇ بولسا كېرەك ، دەپ پەرەز قىلاتتىم . ئەمما ، ئۇ مەن بىلەن بىللە يۈرگەندە ، ماڭا ناھايىتى يېقىن ماڭاتتى ، ھەتتا مېنى ئاپتوموبىل ياكى تراموۋايغا سوقۇلۇپ ئۆلۈپ قالمىسۇن دېگەندەك ، مېنى قولتۇقلىۋالاتتى . مەنمۇ ئۇنىڭ كۆزى ئاجىز تۇرۇپ يەنە ماڭا شۇنچىۋالا غەمخورلۇق قىلىۋاتقانلىقىغا تەشۋىشلىنەتتىم ، ھەر ئىككىمىز يول بويى ناھايىتى خاتىرجەمسىزلىنەتتۇق . شۇنىڭ ئۈچۈن ، زۆرۈر تېپىلغاندا ئىلاجىسىزلىقتىنلا ئۇنىڭ بىلەن بىللە يۈرمىسەم ، باشقا ۋاقىتلاردا ئانچە بىللە يۈرمەيتتىم . مەن راستىنلا ئۇنىڭ ناھايىتى قىينىلىۋاتقانلىقىنى سېزەتتىم . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈممۇ قىينىلىپ كېتەتتىم .

مەيلى كونا پەزىلەت ياكى يېڭى پەزىلەت نۇقتىسىدىن بولسۇن ، ئۆزىگە زىيانلىق بولسىمۇ لېكىن باشقىلارغا پايدىلىق ئىشلا بولىدىكەن . ئۇ دەرھال ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى .

ئۇ ئاخىر يولىنى قەتئىي ئۆزگەرتتى . بىر كۈنى ئۇ ماڭا ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىنى ۋە شەكلىنى بۇندىن كېيىن ئۆزگەرتىدىغانلىقىنى ئۇچۇق ئېيتتى . مەن : بۇ سىز ئۈچۈن قىيىنراق بولارمىكىن ، چۈنكى قەلىچۋازلىقتا ئۆگىنىپ قالغان ئادەم توخماق ئالسا قانداق بولىدۇ ، دېدىم . ئۇ : « ئۆگەنسىلا بولىدۇ ! » دەپ ئىخچام جاۋاب بەردى .

ئۇنىڭ دېگىنى قۇرۇق سۆز ئەمەس ئىدى . ئۇ راستىنلا باشقىدىن ئۆگىنىشكە باشلىدى . شۇ كۈنلەردە ئۇ ئۆزىنىڭ دوستى فېڭ كېڭ خانىمنى مېنىڭ قېشىمغا باشلاپ كەلدى ، بىرئاز پاراڭلاشتۇق ، ئاخىر فېڭ كېڭ خانىمدىن ئۆزۈمنى چەتنەشتۇردۇم ، فېڭ كېڭ خانىمنى بىرئاز رومانتىك ئىكەن ، ئالدىراقسان ئىكەن ، دەپ گۇمان قىلدىم ؛ رۇشىنىڭ يېقىندىن بېرى چوڭ رومان يېزىشقا قىزىقىۋاتقانلىقى مانا شۇ خانىمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بولسا كېرەك ، دېگەن گۇمانغىمۇ كەلدىم . لېكىن يەنە ، رۇشىنىڭ ئىلگىرىكى قەتئىيلىك بىلەن بەرگەن جاۋابى مېنىڭ ئەمەلىيەتتە ھورۇنلۇقنى تەشەببۇس قىلىدىغان يارامغا تەگكەنلىكى ئۈچۈن ئەنتىمنى فېڭ كېڭ خانىمدىن ئالغان ئوخشايمەن ، دەپ ئۆزۈمدىن قالدىم . ئەسلىدە



مەن ئۆزۈممۇ يۈز كۆرۈشۈشتىن قورقۇپ يۈرگەن ھېلىقى ئەسەبىي ۋە لېكىن ئىززەت ـ نەپسى بار ئەدەبىياتچى ياشلاردىن پاراسەتلىك ئەمەس ئىدىم .

بۇ خانىمنىڭ تېنى ئاجىز ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆسن ـ جامالى كۆرۈمسىز ئىدى .

## 3

ھېلىقى ماڭا تونۇش بولغان بەي ماڭنىڭ «بوز يەر ئاچقۇچى » [19] ژۇرنىلىغا شېئىر يېزىپ تۇرىدىغان يىن فۇ ئىكەنلىكىنى « سولغانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقى » قۇرۇلغاندىن كېيىنلا بىلدىم . بىر كۈنى مەجلىسكە بارغىنىمدا ئامېرىكا مۇخبىرى تەرىپىدىن يېزىلغان « جۇڭگودىكى ساياھەت خاتىرىلىرى » دېگەن كىتابنىڭ نېمىسچە تەرجىمىسىنى ئالغاچ بارغانىدىم . چۈنكى ، يىن فۇنىڭ نېمىسچىنى مەشق قىلىشىغا بىرئاز بولسىمۇ پايدىسى تېگەر ، دەپ ئويلىغانىدىم ، بۇنىڭدىن باشقا نىيىتىم يوق ئىدى ، ئەمما ئۇ كەلمىدى . كىتابنى يەنە رۇشى ئارقىلىق بېرىشكە توغرا كەلدى .

لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا قولغا ئېلىنىپ كەتتى ، ھېلىقى كىتابىمۇ مۇسادىرە قىلىنىپ « ئۈچ بالداق » لىق يەڭ بەلگىسى بار بىرنېمىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى .

## 4

«ئەتە» كىتابخانىسى ژۇرنال نەشر قىلماقچى بولۇپ ، رۇشىنى شۇ ژۇرنالنىڭ مۇھەررىرلىكىگە تەكلىپ قىلغانىكەن ، ئۇ تەكلىپنى قوبۇل كۆرۈپتۇ ؛ كىتابخانا مېنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرىمنىمۇ نەشر قىلماقچى بولۇپ ، رۇشىنى نەشر ھەققى توغرىسىدىكى مەسىلەرنى سوراپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ . مەن ئۇنىڭغا « شىمال يېڭىلىقلىرى » باسمىخانىسى بىلەن تۈزۈشكەن توختاملىرىمدىن بىر نۇسخا كۆچۈرۈپ بەردىم ، ئۇ توختام قەغىزىنى پۈكلەپلا يانچۇقىغا سالدى ـ دە ، ئالدىراپ چىقىپ كەتتى . شۇ

چاغ 1931 ـ يىلىنىڭ 16 ـ يانۋار كۈنى كېچىسى ئىدى. شۇ قېتىمقى ئۇچرىشىش بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇچرىشىشىمىز ھەم مەڭگۈلۈك ۋىدالىششىمىز بولۇپ قالىدىغانلىقىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىكەنمەن.

ئىككىنچى كۈنى ئۇ بىر يىغىندا قولغا ئېلىنىپتۇ، ئۇنىڭ يانچۇغىدىن مەن كۆچۈرۈپ بەرگەن ھېلىقى توختامىمۇ چىقىپ قاپتۇ، ئاڭلىسام شۇ توختام مۇناسىۋىتى بىلەن ساقچى ئىدارىسى مېنى ئىزلەپ يۈرگۈدەك. توختامنىڭ كىتاب باستۇرۇش توغرىسىدىكى توختام ئىكەنلىكىدە گەپ يوق ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ مەن ئۇنداق ناشايان ئورۇنغا بېرىپ داۋالىششنى خالىمىدىم. «يۈي فېيىنىڭ قىسسىسى» ⑳ دېگەن كىتابقا قارىغاندا بىر دانا راھىبنى يامۇلنىڭ دوغىسى بۇتخانا ئالدىغا ئىزلەپ كەلگەندە، ئۇ راھىب «خې لى كەلدى شەرقتىن، مەن يول ئالدىم غەربتىن» دېگەن بېيىتنى يېزىپ قالدۇرۇپ، ئىبادەتخانىدا ئولتۇرغىنىچە «غايىب» بولۇپ ㉑ كەتكەن. «شاھىي مەردان» لارغا ئۈمىد باغلىغىلى بولمىغاچقا، قۇللار بۇنى ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئۆزلىرى ئارمان قىلىپ كەلگەن بىردىنبىر ياخشى ۋە ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك چارىسى قىلىۋالغان. مەن دانا راھىب ئەمەس، مېنىڭ نىرۋانىي ئەركىنلىكىم يوق، ئەكسىچە مەن ھايات ياشاشقا ھېرىسمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن قېچىپ كەتتىم.

دوستلىرىمدىن كەلگەن كونا خەتلەرنى شۇ كېچىسىلا كۆيدۈرۈپ تاشلىدىم ـ دە، ئايالىم بىلەن ئوغلۇمنى ئېلىپ، بىر يولوچىلار سارىيىغا كەتتىم ㉒، بىرقانچە كۈن ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا مېنى «قولغا ئېلىنىپتۇ»، «ئۆلتۈرۈلۈپتۇ» دېگەن گەپ سۆزلەرنى ئاڭلىدىم. بىراق، رۇشى توغرۇلۇق خەۋەر يوق ئىدى. بەزىلەر، رۇشىنى پولىتسىيە ئادەملىرى «ئەتە» كىتابخانىسىغا ئاپىرىپ، مۇھەررىرمۇ ـ ئەمەسمۇ سەن، دەپ سوراپتۇ دېيىشسە، بەزىلەر ئۇنى «شىمالىي يېڭىلىقلىرى» باسمىخانىسىغا ئاپىرىپ «رۇشى دېگەن شۇمۇ ئەمەسمۇ؟» دەپ سۈرۈشتۈرۈپتۇ. قولغا كويزا سېلىنغانلىقىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ مەسىلىسى ئېغىر ئوخشايدۇ، دېيىشەتتى. لېكىن مەسىلىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

مەن ئۇنىڭ تۈرمىدە تۇرۇپ يۇرتداشلىرىغا يازغان ئىككى پارچە



خېتىنى كۆرگەنىدىم. بىرىنچى خېتىدە مۇنۇلار يېزىلغان —

«مېنى تۈنۈگۈن ئوتتۇز بەش مەھبۇس بىلەن بىللە (بۇنىڭ ئىچىدە يەتتە نەپەر ئايال بار) لۇڭخۇاغا ئېلىپ كېلىشتى، كېچىسى ھەممىمىزنىڭ پۇتىغا كىشەن سېلىپ، سىياسىي مەھبۇسلارغا كىشەن سېلىشتا يېڭى رېكورت يارىتىشتى. بىزنىڭ مەسىلىمىزنىڭ چېتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، يېقىن ئارىدا تۈرمىدىن چىقالمىسام كېرەك، كىتابخانىدىكى ئىشلارنى ماڭا ۋەكالىتەن بېجىرىپ قويارسىز. ھازىر ئەھۋالىم يامان ئەمەس، يىن فۇدىن نېمىسچە ئۆگىنىۋاتىمەن، بۇ ئەھۋالىمدىن جۇ ئەپەندىنى ㉓ خەۋەردار قىلىپ قويارسىز، جۇ ئەپەندى ئەندىشە قىلمىسۇن، بىزنى تېخى قىيىن ـ قىستاققا ئالمىدى. تۈرمە ۋە ساقچى ئىدارىسى جۇ ئەپەندىنىڭ تۇرار جايىنى مېنىڭدىن بىرقانچە مەرتىۋە سورىدى، لېكىن مەن نەدىن بىلەي؟ مەندىن ئەندىشە قىلماڭلار.

ئامانلىقىڭىزنى تىلەپ:

جاۋ شياۋشۇك

24 ـ يانۋار

يۇقىرىدىكىلەر خەتنىڭ ئالدى تەرىپىگە يېزىلغان، ئەندى ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىگە يەنە مۇنداق سۆزلەر يېزىلغان:

«ماڭا تاماق يېيىش ئۈچۈن، ئىككى ـ ئۈچ دانە تۇنىكە قاچا كېرەك، ئەگەر كۆرۈشۈشكە رۇخسەت قىلىنمىسا، قاچىلارنى جاۋ شياۋشۇڭغا تەگسە بولىدۇ، دەپ تاپشۇرۇپ بەرسەڭلار ماڭا تېگىدۇ».

بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، ئۇنىڭ ئىچكى ھېسسىياتى مۇتلەق ئۆزگەرمىگەن؛ نېمىسچە ئۆگىنىشكە تېخىمۇ تىرىشقان. ئۇ مېنى خۇددى كوچىلاردا ماڭغان چاغدىكىدەكلا سېغىنىدىكەن. ئەمما ئۇنىڭ خېتىدىكى بەزى گەپلەر توغرا ئەمەس. سىياسىي مەھبۇسلارغا كىشەن سېلىشنى ئۇلار بىرىنچى قېتىم باشلاۋاتقىنى يوق. رۇشى بولسا، ھۆكۈمدارلار ناھايىتى مەدەنىي ئىدى، بىزگە كەلگەندە ۋەھشىيلىشىپ كەتتى دەپ، ناھايىتى ئالىيجاناب ھېسابلىغان. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنداق ئەمەس. دەرۋەقە، ئىككىنچى خېتى پۈتۈنلەي باشقىچە يېزىلغان، بۇ خەتتە فېڭ كېڭ خانىمنىڭ يۈز ـ كۆزى ئىششىپ كەتكەنلىكى قاتتىق ئېچىنىش بىلەن با-



新疆大学图书馆

يان قىلىنغان . ئەپسۇسكى ، بۇ خەتنى كۆچۈرۈۋالماپتىمەن . شۇ كۈنلەردە سۆز – چۆچەكلەرمۇ كۆپىيىپ كەتتى . رۇشىنى پۇل تۆلەش يولى بىلەن قۇتقۇزۇپ چىقىشقا بولىدىكەن ، دېگۈچىلەرمۇ بولدى ؛ رۇشىنى نەنجىنگە يۆتكەپ كېتىپتۇ ، دېگۈچىلەرمۇ بولدى ؛ ئەمما بۇ خەۋەرلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئىشەنچلىك ئەمەس ئىدى . مېنىڭ ھال – ئەھۋالىمنى سوراپ خەت ، تېلېگراممىلار ئەۋەتكۈچىلەرمۇ كۆپىيىپ كەتتى ، ھەتتا بېيجىڭدە تۇرۇشلۇق ئانامۇ دەرتكە چىدىماي ئاغرىپ قاپتۇ . مەن ئۇلارغا بىر - بىرلەپ خەت يېزىپ ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىنچىتتىم . شۇ ئىشلار بىلەن ئاردىن يىگىرمە كۈنچە ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى .

سوغۇق بارغانچە كۈچەيمەكتە . رۇشىنىڭ يوتقان – كۆرپىسى بارمىكىن تاڭ ؟ بىزدە بولسا ، يوتقان – كۆرپە بار ، ئۇنىڭكە قاچىلارنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىمۇ ؟ ... لېكىن تۇيۇقسىزلا ئىشەنچلىك بىر خەۋەر يېتىپ كەلدى . رۇشى ۋە يەنە 22 كىشى سەككىزىنچى فېۋرالغا ئۆتەر كېچىسى لۇڭخۇادىكى شەھەر قوغداش شتابىدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ ، ئۇنىڭغا ئون پاي ئوق تېگىپتۇ .

ئەھۋال ئەنە شۇنداق بوپتۇ – دە !...

بىر كۈنى قاراڭغۇ كېچە ، سارايىنىڭ ھويلىسىدا تۇراتتىم ، ئەتراپقا ئەسكى – تۈسكى نەرسىلەر دۆۋىلەنگەن ؛ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇخلىشاتتى ھەتتا ئايالىم بىلەن ئوغلۇممۇ ئۇخلاپ ياتاتتى . مەن شۇ چاغدا ئەڭ ياخشى دوستلىرىمدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىمغا جۇڭگونىڭ ئەڭ ياخشى ياشلاردىن ئايرىلغانلىقىغا ئېچىندىم ؛ ئىچىمدە مۇڭغا چۆكتۈم ، لېكىن ئۇزۇن يىلدىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن ئادىتىم بويىچە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم – دە ، تۆۋەندىكى مىسرالارنى توقۇدۇم :

«ئۆتەر باھار چاغلىرىم قاراڭغۇ تۈندە ،
ئايالىم مەن بىلەن ئوغلۇممۇ ھەمدە .
مۇڭلۇق سەرگەردانمەن ماتەمدە – غەمدە ،
ساناقسىز ئاق ئىزلار ئىككى چېكەمدە .



كۆزىدىن ياش تامچىپ تۇرغان مېھرىبان —
ئانامنى چۈشۈمدە پات – پات كۆرىمەن ،
دوستلىرىم زۇلمەتتە بولغاندا قۇربان ،
مىڭبىر ئۆرتىنىمەن ، مىڭبىر كۆيىمەن .
دەريادەك شارقىراپ ئاققان قانلارنىڭ ،
غەزەبلىك نالىدىن يازىمەن شېئىر .
مىڭ لەنەت !
ئالمىشىدۇ زالىم ۋاڭلارنىڭ
بايرىقى راۋاقتا ھەر كۈنىگە بىر .
مىسكىن ناخشام بىلەن چېكىمەن پەريات ،
سەجدىدە تۇرغاندەك ئېگىلگەن بېشىم ،
ئاھ نۇر تۆكۈپ تۇرار شۇ سۇمبات
ئاسماندا تولۇن ئاي ئۇماق سىردىشىم .»

ئەمما شېئىرنىڭ ئاخىرقى ئىككى مىسراسى بۇرۇنقى ئۆز ئەينى ئەمەس . مەن بۇ شېئىرنى ئاخىر ياپونىيىدىكى بىر ناخشىچىغا [24] ئەۋەتىپ بەردىم .

ھەقىقەتەنمۇ جۇڭگودا ئۇ چاغلاردا بىرەر نەرسە يازغۇدەك ئورۇن يوق ئىدى ، چۈنكى قەلەم ئىگىلىرى كونسېرۋا قۇتىسىدىنمۇ قاتتىق بەند قىلىنغانىدى . ئەسلىشىمچە ، رۇشى يىل ئاخىرىدا ئۆز يۇرتىغا قايتىپ بىر ئاز ۋاقىت تۇرغاندىن كېيىن شاڭخەيگە قايتىپ كەلگەندە ، دوستلار ئۇنى ، ھايال بولۇپ قالدىڭ ، دەپ ئەيىبلىگەندە ، ئۇ ماڭا ئاپامنىڭ ھەر ئىككىلا كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغانىكەن ، مېنى ئۆز يېنىمدا كۆپرەك تۇرغىن دەپ تۇرسا ، قانداقمۇ تاشلاپ كېرەلەيتتىم ، دەپ ئاغرىنىپ بەرگەنىدى . مەن بۇ ئىككى كۆزدىن ئايرىلغان ئانىسىنىڭ ئۆز ئوغلىغا قانچىلىك تارتىشىدىغانلىقىنى ، رۇشىنىڭ يۈرىكىنىڭ قانچىلىك مىجىلغانلىقىنى بىلەتتىم . «قۇتۇپ يۇلتۇزى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنىشقا باشلىغاندا ، رۇشى ھەققىدە بىرەر نەرسە يېزىشنى ئويلىغانىدىم . لېكىن مۇمكىن بولمىدى . ئاخىر يالغۇز

ئۆزۈملا كۆڭلۈمدە بىلىدىغان رۇشىنىڭ خاتىرىسى بولۇپ قالسۇن دەپ، شۇ ژۇرنالغا كەيس كولىلۋىتس (Kathe kollwitz) خانىم تەرىپىدىن ئىشلەنگەن «قۇربان» ماۋزۇلۇق، غەمكىن ئانىنىڭ ئۆز ئوغلىنى تەقدىم قىلىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن بىر پارچە ئويما سۈرەتنى تاللاپ بەردىم.

رۇشى بىلەن بىللە هالاك بولغان تۆت نەپەر ياش ئەدەبىياتچىلاردىن لى ۋېيسەننى كۆرمىگەنمەن، خۇ يېپىننى شاڭخەيدە بىرلا قېتىم كۆرگەن، بىرنەچچە ئېغىزلا پاراڭ سېلىشقانىدىم. بۇلارنىڭ ئىچىدە ياخشىراق بىلىدىغىنىم بەي ماڭ، يەنى يىن فۇ ئىدى. ئۇ مەن بىلەن خەت يېزىشقان ۋە ئۆزىنىڭ ماقالىلىرىنى ئەۋەتىپ تۇرغانىدى. لېكىن هازىر بۇ ماقالىلەرنىڭ بىرسىنىمۇ تاپالمىدىم. بەلكى ئەشۇ 17 ـ كۈن كېچىسى ئوتقا تاشلانغاندۇ، ئۇ چاغدا مەن تېخى بەي ماڭنىڭمۇ ئەشۇ قولغا ئېلىنغانلارنىڭ ئىچىدە بار ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم. لېكىن ھېلىقى «پېتوفىنىڭ شېئىرلىرى» دېگەن توپلام قولۇمدا بار ئىكەن، مەن ئۇنى بىرقۇر ۋاراقلاپ قارىسام، ھېچنەرسە تېپىلمىدى، پەقەت Wahlspruch (ئىبرەتلىك سۆز) نىڭ يېنىغا يېزىلغان تۆت مىسرا تەرجىمىسىلا بار ئىكەن:

«هايات ھەممىدىن قىممەت،<br>
هاياتتىنمۇ قىممەت مۇھەببەت.<br>
لېكىن كېچىمەن ھەر ئىككىسىدىن<br>
ئەركىن ـ ئازادلىق ئۈچۈنلا پەقەت!»

2 ـ بەتتە «شۆي پېيگېن» [25] دېگەن سۆزمۇ يېزىلغانىكەن. بۇ بەي ماڭنىڭ ئەسلى ئىسىم ـ فامىلىسى بولسا كېرەك.

## 5

ئالدىنقى يىلنىڭ بۈگۈنكى كۈنىدە مەن سارايدا يوشۇرۇنۇپ يۈرەتتىم. ئۇلار بولسا جازا مەيدانىغا يول ئالدى؛ ئۆتكەن يىلنىڭ بۈگۈنكى كۈنىدە، مەن گومبۇرلەپ ئېتىلىۋاتقان توپ ئاۋازلىرى ئىچىدە ئەنگلىيە



كونسېسسىيىسىدە [26] قېچىپ يۈرگەنىدىم، ئۇلار بولسا، زېمىننىڭ ئاللىقانداق بىر يېرىگە كۆمۈلۈپ ياتتى، پەقەت مۇشۇ يىلنىڭ بۈگۈنكى كۈنىدە مەن ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى ئۆيۈمدە ئولتۇرۇۋاتىمەن. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇخلاپ ياتماقتا، ھەتتا ئايالىم بىلەن ئوغلۇممۇ ئۇخلاپ ياتماقتا. مەن ئەڭ ياخشى دوستلىرىمدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىمغا، جۇڭگونىڭ ئەڭ ياخشى ياشلاردىن ئايرىلغانلىقىغا يەنە قاتتىق ئېچىنىپ، غەزەپ ـ نەپرەت ئىچىدە مۇڭغا چۆكتۈم، لېكىن ئۇزۇن يىلدىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن ئادىتىم بويىچە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم ـ دە، يۇقىرىقىلارنى يازدىم.

يازۋېرەي دېسەم، جۇڭگودا ھازىرقى كۈندە تېخى يازغۇدەك ئورۇن يوق. ياش ۋاقتىمدا شياڭ زىچىنىڭ [27] «ئۆتمۈشنى ئەسلەيمەن» دېگەن قەسىدىسىنى ئوقۇغىنىمدا، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بىرنەچچە مىسرالا يېزىپ، دەرھال ئاخىرىنى تۈگەتمەيلا يىغىشتۇرۇپ قويغانلىقىغا ئەجەبلەنگەنىدىم. ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشەندىم.

بۇ، ياش ئادەمنىڭ قېرىلار ئۈچۈن خاتىرە يېزىشى ئەمەس، مۇشۇ 30 يىل ئىچىدە كۆزۈمگە چېلىققان بىرمۇنچە ياشلارنىڭ قانلىرى قاتمۇ قات توپلىنىپ، مېنى دەم ئالالماس دەرىجىدە كۆمۈۋەتتى، لاي ئىچىدىن كىچىككىنە تۆشۈك ئېچىپ، شۇ يەردىن نەپەس ئېلىش ئورنىدا ئەنە شۇ يۇقىرىقىدەك سۆزلىرىم بىلەن مۇشۇ ماقالىنى يېزىشقا مەجبۇر بولدۇم.

ئاھ، بۇ قانداق دۇنيا ؟! تۈن ئۇزۇن، يولمۇ يىراق، ئۇنتۇلغىنىم، گەپ قىلمىغىنىم ياخشى بولسا كېرەك. لېكىن، ئۆزۈم بىلمەنكى، مەن ئەسلەپ يازمىساممۇ، كەلگۈسىدە ئۇلارنى ئەسلەپ يازىدىغان ئادەملەر چىقىدۇ، ئۇلار ھەققىدە گەپ قىلىدىغان ۋاقىت كېلىدۇ...

2 ـ ئاينىڭ 7 ـ، 8 ـ كۈنى

ئىزاھات

① بۇ ماقالە دەسلەپ، 1933 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، «ھازىرقى زامان» نىڭ 2 ـ جىلد 6 ـ سانىغا بېسىلغان.

② 5 نەپەر ياش يازغۇچى — لى ۋېيسەن، رۇشى، خۇيېپىن، فېڭ

كېلك ، (ئايال) ، يىنفۇ . ئۇلار « سۇلقانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقى » نىڭ ئەزالىرى . شۇنىداقلا ، ھەممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى . لى ۋېيسېن قولغا ئېلىنغاندا جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۇسدا خىزمەت قىلاتتى ، قالغان تۆت كىشى قولغا ئېلىنغاندا « سۇلقانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقى » نىڭ مەسئۇل خىزمەتچىلىرى ئىدى . 1931 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ، ئۇلار ۋاڭ مىڭ قاتارلىق كىشىلەر چاقىرغان جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ 6 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ، شاڭخەي شەرق مېھمانخانىسىدا يىغىنغا قاتنىشىۋاتقاندا قولغا ئېلىنغان . شۇ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ، گومىنداڭ تەرىپىدىن لۇڭخۇادا مەخپىي ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن . لى ۋېيسېن (1903 — 1931) . يەنە بىر ئىسمى جيۇشى ، خۇبېي ۋۇچاڭ شەھىرىدىن ، «دوستويېۋسكى » ، « داۋالغۇش ئىچىدىكى يېڭى رۇس يېزىلىرى » دېگەنلەرنى تەرجىمە قىلغان . رۇشى — ئەسلى ئىسمى جاۋ پىڭفۇ ، يازغۇچى خۇيېيېن (1905 — 1931) ، فۇجيەن ئۆلكىسى فۇجۇ شەھىرىدىن ، يازغان ئەسەرلىرى «موسكۋاغا بېرىش » ، « يورۇقلۇق بىزنىڭ ئالدىمىزدا » دېگەنلەردىن ئىبارەت . فېڭ كېڭ (1907 — 1931) ، يەنە بىر ئىسمى لىنمى ، ئايال ، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ چاۋجۇ دېگەن يېرىدىن . ئەسەرلىرى «ئەڭ ئاخىرقى نىجاتلىق يولى » ، « قىزىل خاتىرە » دېگەن رومانلاردىن ئىبارەت . يىنفۇ (1909 — 1931 ) ، يەنى بەي ماڭ ، ئەسلى ئىسمى شۈي بەي ، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شاڭشەن دېگەن يېرىدىن . ئەسەرلىرى « بالا مۇنارى » ، « ۋولگىنىڭ قارا دولقۇنلىرى » قاتارلىق يېڭى ئۇسلۇبتا يېزىلغان شېئىرلىرى بولۇپ ، ھايات چېغىدا يىغىپ توپلام قىلىپ نەشر قىلىشقا ئۈلگۈرمىگەن .

③ « ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئاخباراتى » — ھەپتىلىك ژۇرنال ، « سولقانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقى » رەھبەرلىك قىلغان ژۇرنال ، 1931 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ، شاڭخەيدە نەشر قىلىشقا باشلىنىپ ، 1932 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى توختىتىلغان ، بۇنىڭدا ئاساسەن ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيەتلىرى خەۋەر قىلىنغان ؛ ئەسەرلەرمۇ بېسىلغان . 1931 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ، «ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئاخباراتى » نىڭ 3 ـ سانىدا « يازغۇچىلار دوزاقتىمۇ ـ ئالەمدىمۇ ؟» دېگەن سەرلەۋھىدە ، كىتابخانلارنىڭ تەھرىرگە يازغان خېتى شەكلىدە ھەممىدىن ئاۋۋال « سولقانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقى » نىڭ رۇشى قاتارلىق يازغۇچىلىرىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاشكارىلىغان .

④ لىن ماڭ — يەنى لۇشى ، جېجياڭ ئۆلكىسى يۈتاۋ ناھىيىسىدىن ،



يازغۇچى ، تەرجىمان . شۇ چاغدا «سۇلقانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقى » نىڭ ئەزاسى ئىدى .

⑤ پېتوفى — ( Petofi Sandor , 1823 —1849) ۋېنگرىيە ۋەتەنپەرۋەر شائىرى . ئاساسىي شېئىرلىرى « باتۇرجۇنسۇن » ، « مىللەت ناخشىسى » دېگەنلەردىن ئىبارەت .

⑥ « ئۆركەش » — ئەدەبىي ـ سەنئەت ئايلىق ژۇرنىلى ، لۇشۇن ، يۇدافۇلار تەھرىرلىگەن . 1928 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ، شاڭخەيدە نەشر قىلىنىشقا باشلاپ ، 1929 ـ يىلى 12 ـ ئايدا 2 ـ جىلد 5 ـ سانىغىچە نەشر قىلىنغاندىن كېيىن توختىتىلغان .

⑦ «رىكلامنىڭ ئۇنىۋېرسال مەجمۇئەسى » — 1867 ـ يىل گېرمانىيە نەشر قىلغان ئەدەبىيات مەجمۇئەسى .

⑧ ۋەنشەن كىتابخانىسى — ياپونىيىنىڭ توكيو شەھىرىدىكى غەربچە كىتابلارنى ساتىدىغان كىتابخانا .

⑨ « ئۈچ بالداق » لىق يەڭ بەلگىسى — شۇ چاغلاردىكى شاڭخەي جامائەت كونسېسسىيلىرىدىكى ساقچىلار كىيىملىرىنىڭ يەڭلىرىدە ئۈچ تال « 人 » شەكىللىك بەلگە بار ئىدى . بۇ ئۈچ بالداقلىق يەڭ بەلگىسى دەپ ئاتالغان .

⑩ فاڭ شياۋرۇ — (1357 — 1402) — جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ نىخەي ناھىيىسىدىن ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ جيەنۋېن پادىشاھى جۇيۇڭۋېن زامانىسىدا مىرزا بەگ ، ئەدەبىيات مۇددەرىسى بولغان . 1402 ـ يىل (مىڭ سۇلالىسى جيەنۋېن 4 ـ يىلى ) جيەنۋېن پادىشاھنىڭ تاغىسى يەنۋاڭ جۇلى ئەسكەر تارتىپ نەنجىڭنى قولغا چۈشۈرۈپ ، ئۆز ـ ئۆزىنى پادىشاھ قىلىپ تىكلىگەن (يەنى يۇڭلې پادىشاھ ) ، ئۇ فاڭ شاۋرۇنى تەختكە چىقىش يارلىقنامىسى يېزىشقا بۇيرۇغاندا ، فاڭ شياۋرۇ قەتئىي رەت قىلغان ، شۇنىڭ بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ۋە نەسلى قۇرۇتۇلغان .

⑪ « سەھەر غۇنچىسى » تەھرىراتى — ئەدەبىيات تەشكىلاتى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئاساسىي ئەزالىرى لۇشۇن ، رۇشى قاتارلىقلار . 1928 ـ يىلى 11 ـ ئايدا شاڭخەيدە قۇرۇلغان . بۇ تەھرىرات ئاساسەن شەرقىي ياۋروپا ۋە شىمالىي ياۋروپانىڭ ھۆرىيەتپەرۋەرلىك ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى ۋە چەت ئەلنىڭ ئويما رەسىملىرىنى تونۇشتۇرغان .

⑫ « سەھەر غۇنچىسى ئون كۈنلۈك ژۇرنىلى » — « سەھەر غۇنچىسى » تەھرىراتى « سەھەر غۇنچىسى ھەپتىلىك ژۇرنىلى » دىن كېيىن چىقارغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت قەرەللىك ژۇرنىلى . لۇشۇن ، رۇشى تەھرىرلىك قىلغان ، 1929 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شاڭخەيدە نەشر قىلىنىشقا باشلىغان . شۇ يىلى

9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى 12 ـ سانىغىچە چىقىرىلىپ توختىتىلغان .

⑬ « يېقىنقى زامان دۇنيا ھېكايىلىرى » «سەھەر غۇنچىسى » تەھرىراتى نەشىر قىلغان توپلاملارنىڭ بىرى ، جەمئىي «ئاجايىپ خەنجەر ۋە باشقىلار » ، «قۇملۇقتا دېگەن ئىككى توپلام نەشىر قىلىنغان ، بېلگىيە ، چېخ ـ سلوۋاكىيە ، فرانسىيە ، ۋېنگرىيە ، روسىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ، يەھۇدىي ، يۇگوسلاۋىيە ، ئىسپانىيە قاتارلىق مەملىكەت ۋە مىللەتلەرنىڭ 24 پارچە يېقىنقى زامان ھېكايىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ، 1929 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ۋە 9 ـ ئايدا ئايرىم ـ ئايرىم نەشىر قىلىنغان .

⑭ « سەنئەت گۈلزارىنىڭ سەھەر غۇنچىلىرى » — «سەھەر غۇنچىسى » تەھرىراتى نەشىر قىلغان چەت ئەل گۈزەل سەنئەت مەجمۇئەسى ، ئەسلىدە 12 خىل نەشىر قىلىش بەلگىلىنىپ ، كېيىن ئاران « يېقىنقى زامان ياغاچ ئويما تاللانمىلىرى (1) ، « لوگو خوگىبېرنىڭ تاللانما سۈرەتلىرى » ، « يېقىنقى زامان ياغاچ ئويما رەسىم تاللانمىلىرى » (2) ، «پرىيىزلېر رەسىملىرىدىن تاللانما » ، « يېڭى روسىيە رەسىملىرىدىن تاللانما » دېگەن بەش خىلىلا نەشىر قىلىنغان . ئاخىرقى بىر خىلى تەھرىرلىنىپ بولغان چاغدا ، « سەھەر غۇنچىسى » تەھرىراتى ئىشتىن توختاپ ، نۇرلۇق جۇڭگو باسما ئىدارىسى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغان .

⑮ يىپ لىڭفىڭ — (1904 — 1975) جياڭسۇ ئۆلكىسى نەنجىڭ شەھرىدىن . يازغۇچى ۋە رەسسام . ئەسلىدە ئىجادىيەت تەھرىراتىنىڭ ئەزاسى ئىدى . ئۇ شۇ چاغدا ژۇرناللارنىڭ مۇقاۋىسىغا رەسىم سىزىشتا ۋە كىتابلارنىڭ قىستۇرما رەسىملىرىنى سىزىشتا ياپونىيىلىك لوگو خوگىبېرنىڭ ئەسەرلىرىگە تەقلىد قىلاتتى ، ھەتتا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئوغرىلاپ كۆچۈرەتتى .

⑯ « كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئوغا قاينايدۇ » — بۇ سۆز «نەسىرنامە . دايۇنىڭ پىلانى » دىن ئېلىنغان .

⑰ « دانىيە ھېكايىلىرى » — رۇشى تەرجىمە قىلغان ئاندىرسېن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ 11 پارچە ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن . تەرجىمە قىلغۇچى جىڭچياۋ دەپ ئىمزا قويغان . « شىمالىي ياۋرۇپا ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەجمۇئەسى » نىڭ 4 ـ سى قىلىنغان ، 1929 ـ يىلى 4 ـ ئايدا نەشىر قىلىنغانلىقى ھەققىدە ئېلان چىقىرىلغان . ئەمما نەشىر قىلىنمىغان . 1937 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئۇنىڭغا دەن چيۇ تەرجىمە قىلغان ئالتە پارچىسى قوشۇلۇپ ، « تىجارەت نەشرىياتى » تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغان .

⑱ « ئارتامانوۋلارنىڭ ئىشى » — ھازىر «ئارتامونوۋ ئائىلىسىنىڭ ئىشى » دەپ تەرجىمە قىلىنغان ، رۇشى تەرجىمىسىنىڭ سەرلەۋھىسى «چۇشكۇنلىشىش » دېيىلگەن ، جاۋ خۇاڭ دەپ ئىمزا قويۇلغان ، 1934 ـ يىلى 3 ـ ئايدا «تىجارەت



نەشرىياتى » تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغان .

⑲ «بوز يەر ئاچقۇچى » ئەدەبىيات ئايلىق ژۇرنىلى جياڭ گۇاڭسى تەھرىرلىگەن . 1930 ـ يىلى 1 ـ ئايدا شاڭخەيدە نەشىر قىلىنىشقا باشلىغان . 3 ـ سانىدىن باشلاپ « سولقانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقى » نىڭ ژۇرناللىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان ، 1930 ـ يىلى 5 ـ ئايدا 4 ـ ، 5 ـ بىرلەشمە سانىغىچە نەشىر قىلىنغاندىن كېيىن ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن مەنئى قىلىنغان .

⑳ « يۆ فېينىڭ قىسسىسى » — چىڭ دەۋرى كاڭشى يىللىرىدىكى قىسسە شەكلىدە يېزىلغان رومان بولۇپ ، جەمئىي 80 باپ ، ئۇنىڭ تېمىلىرىنى چيەن مەي تۈزۈپ تەرتىپكە سېلىپ چىققان . جىن فىڭ كۆپەيتىپ تۈزۈپ چىققان . بۇ كىتابنىڭ 6 ـ بابىدا جېڭجياڭ دېگەن جايدىكى ئىبادەتخانىدا داۋرۇي دېگەن بىر راھىب بولۇپ . ئۇ يۆ فېيغا ھېسداشلىق بىلدۈرگەنلىكى ئۈچۈن ، چىن خۈي ئۇنى تۇتۇشقا «ئۆي خىزمەتچىسى » خې لىنى ئەۋەتكەنلىكى ، راھىب ئىبادەتخانىنىڭ ئىچىدە « بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ تەبىر ئېيتىۋاتقان » ئىكەن : خې لىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ بىر ئايەت ئوقۇپلا ئۆلۈپ كەتكەنلىكى يېزىلغان . «غايىب بولۇپ كەتكەن » — بۇددا دىنى ئاتالغۇسى . بۇددا دىنىدا رىۋايەت قىلىنىشىچە : بەزى راھىبلار ئۆلۈش ئالدىدا بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ ئارمانسىز ئۆلۈپ كەتكىنىنى « غايىب بولۇپ كەتكەن » دەپ ئاتايدىكەن .

㉑ نىرۋانىي — بۇددا ئاتالغۇسى . بۇ سۆز ۋاپات بولۇش ، ئادا ـ جۇدا بولۇش دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ . بۇددا ياكى دانىشمەن سامگا (راھىب ) لارنىڭ ئۆلۈمى «نىرۋانىي » دەپ ئاتالغان ، بۇنىڭ ئىستېمال مەنىسى «ئۆلۈم »دېگەن سۆز .

㉒ رۇشى قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن ، ئاپتور 1931 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئائىلە تەۋەلىرى بىلەن خۇاڭلۇ كوچىسى خۇايۈەنجۇاڭ دېگەن جايغا بېرىپ يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ، 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ھۇجرىسىغا قايتىپ بارغان .

㉓ ۋاڭ يۈيخېنى دېمەكچى ، ئۇ جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ نىڭخەي ناھىيىسىدىن ، شۇ چاغدا شېنچاڭ سائەت دۇكىنىنىڭ خىزمەتچىسى ئىدى ، رۇشى بىلەن بىللە زابېي جىڭيۈن كوچىسى 28 ـ نومۇرلۇق قورادا ئولتۇراتتى . رۇشى تۈرمىدە تاماق ئاپىرىپ بەرگۈچى ئارقىلىق ئۇنىڭغا خەت ئەۋەتكەن ، ئۇ جۇجيەنرىن ئارقىلىق ئاپتورغا يەتكۈزۈپ بەرگەن .

㉔ ياپونىيىدىكى بىر ناخشىچى — شەنبىنچۇجىژ (1898 — 1967) نى دېمەكچى . «لۇشۈننىڭ كۈندىلىك خاتىرىلىرى » گە قارىغاندا ، 1932 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئاپتور بۇ شېئىرنى كىچىك پىلاكاتقا يېزىپ ، ئۇنىڭغا ئەۋەتىپ بېرىشنى نېيشەن كىتابخانىسىغا ھاۋالە قىلغان .

㉕ «شۆي پېيگىن» — بەي ماگىنىڭ ئاكىسى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئاۋىئاتسىيە مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولغان.

㉖ 28 ـ يانۋار ئۇرۇشىدا ئاپتورنىڭ تۇرغان جايى ئۇرۇش بولغان رايونغا يېقىن بولۇپ، 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئۇ بالا ـ چاقلىرى بىلەن ۋاقىتىنچە شىمالىي سىچۈەن كوچىسىدىكى نېيسەن كىتابخانىسىغا بېرىپ يوشۇرۇنۇپ تۇرغان. 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى نەنجىڭ كوچىسىدىكى نېيشەن كىتابخانىسىنىڭ شۆبە دۇكىنىغا كۆچۈپ بارغان. 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئۆز ھۇجرىسىغا قايتىپ بارغان.

㉗ شاڭ زىچى — شاڭ شىۋ، تەخەللۇسى زىچى، ۋېي — جىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدىب، ئۇ جى كاڭ، لۈي ئەنلەر بىلەن ياخشى ئۆتكەن. «ئۆتمۈشنى ئەسلەيمەن» — ئۇنىڭ جى كاڭ، لۈي ئەنلەر سىماجاۋ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن يازغان تەزىيە ماقالىسى بولۇپ، جەمئىي 156 خەت.



## جەنلۈ مۇناسىۋىتى بىلەن ①

پايتەختتە چىقىدىغان «ۋەتەن قۇتقۇزۇش» گېزىتىدە ② مۇنداق مەشھۇر سۆز بار ئىكەن:

«جەنلۈ مۇناسىۋىتى بىلەن دۈشمەنلەرنى ئېزىقتۇرۇپ ئىچكىرى كىرگۈزۈش ئۈچۈن بېيپىڭنى ۋاقىتىنچە تاشلاپ قويۇشقا توغرا كەلدى ... بۇنىڭغا جاڭ شۆلياڭ ③ قەتئىي مەسئۇل بولۇپ، بۇنىڭغا قارشى ھەرىكەتلەرنى قوراللىق تو-سۇشى لازىم. بۇ يولدا قان تۆكۈلسىمۇ مەيلى» («شاڭخەي گېزىتى» 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى كۆچۈرۈپ باسقان).

قان تۆكۈلسىمۇ مەيلىمىش! كاتتا جەنلۈچىلەر قالتىس باتۇر ئىكەنغۇ!

قان ھەقىقەتەن كۆپ تۆكۈلدى، ھازىر تېخىمۇ كۆپ تۆكۈلۈۋاتىدۇ، يەنە قانچىلىك تۆكۈلەركىنتاڭ. بۇلارنىڭ ھەممىسى قارشى ھەرىكەت قىلغۇچىلارنىڭ قېنى. نېمە ئۈچۈن تۆكۈلدى؟ جەنلۈ مۇناسىۋىتى بىلەنمىش.

بۇلتۇر شاڭخەيدە جەڭ بولغاندا، جەنلۈچىلەر: ④ «جەنلۈ مۇناسىۋىتى بىلەن، ئىككىنچى مۇداپىئە سېپىگە چېكىنىش كېرەك» دېيىشكەنىدى، شۇنىڭ بىلەن ئەسكەرلەر چېكىنگەنىدى؛ ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە: جەنلۈ مۇناسىۋىتى بىلەن «ئەگەر ياپونىيە ئەسكەرلىرى بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىزگە ئوق چىقارمىسا، بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز ئوق چىقارمىسۇن، بۇنىڭغا ئەمەلدارلارمۇ، ئەسكەرلەرمۇ بىردەك رىئايە قىلىشى شەرت» دېگەنىدى، شۇنىڭ بىلەن جەڭ توختىتىلغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، «ئىككىنچى مۇداپىئە سېپى» غايىب بولۇپ كەتتى، شاڭخەيدە يارىشىش كېڭىشى ⑤ باشلىدى، تەنپەن ئۆتكۈزۈلدى، ئىمزا قويۇلدى، ئىش تۈگىدى. شۇ چاغدىمۇ جەنلۈ مۇنا-

سىۋىتى بىلەن قان تۆكۈلگەن بولۇشى مۇمكىن . ھەربىي سىر بولغاچقا ، پۇخرالارنىڭ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىشى مۇمكىن ئەمەس ــ ئۆزىنىڭ ئىسسىق قانلىرىنى بەرگەنلەرنىڭ بۇنىڭدىن خەۋىرى بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار ئاللىقاچان تىلىدىن ئايرىلىپ قالغان . شۇ چاغدا دۈشمەنلەر نېمە ئۈچۈن «ئېزىقتۇرۇپ ئىچكىرى كىرگۈزۈل» مىگەن ؟

مانا ئەمدى بىلىۋاتىمىز : ئۇ چاغدا دۈشمەنلەرنىڭ «ئېزىقتۇرۇپ ئىچكىرى كىرگۈزۈل» مىگەنلىكىنىڭ سەۋەبى ھەرگىز ئۆز ۋاقتىدىكى جەنلۆچىلەرنىڭ قولىدىن ئىش كەلمىگەنلىكى ئەمەس ، قارشى ھەرىكەت قىلغۇچىلارنىڭ قانلىرىنىڭ «تولىمۇ ئاز» تۆكۈلگەنلىكىمۇ ئەمەس ، ئۇنىڭ باشقا سەۋەبىمۇ بار ئىكەن : ئەسلىدە ئەنگلىيە ئوتتۇرىغا چۈشۈپ سالا قىلغانىكەن ــ ئەنگلىيە : ھەي ياپونىيە ، سىلەرنىڭ قوشۇنۇڭلار شاڭخەيدىن ۋاقتىنچە چېكىنىپ كەتسۇن ، بىز ئەنگلىيە سىلەرگە تېخىمۇ ئوبدان ياردەم بېرەيلى ، مانجۇرىيە دۆلىتى ⑥ نى خەلقئارا ئىتتىپاق ⑦ ئىنكار قىلىپ قويمىسۇن ، ھازىرقى خەلقارا ئىتتىپاقنىڭ پالان ـ پوكۇن لايىھەلىرى ⑧ ، ئاقچى ـ كۆكچى ۋېيىۋەنلىرىنىڭ پوزىتسىيىسى ⑨ ئەنە شۇنداق بولۇۋاتىدۇ ، دەپ ، ياپونىيە بىلەن يەڭ ئىچىدە پۈتۈشۈپ قويغانىكەن . بۇ سۆز ئەملىيەتتە : سەن بۇ يەرگە ئىچكىرىلەپ كىرمە ، بۇ يەردە ھەممىمىز تەڭ ئۈلۈشۈپ ئالىدىغان ئولجا بار ، سەن ئاۋۋال شىمال تەرەپكە ئىچكىرىلەپ كىرىپ تۇر ، كېيىن بىر گەپ بولار ، دېگەن سۆز . ئىچكىرىلەپ كىرىشنى كىرمەكچى ، بىراق ئىچكىرىلەپ كىرىدىغان جايى ۋاقتىنچە باشقا .

دېمەك ، «دۈشمەنلەرنى بېيىپىڭغا ئىزىقتۇرۇپ ئىچكىرىلەپ كىرگۈزۈش» جەنلۆسى ھازىر زۆرۈر بولۇپ قاپتۇ . يەنە بىرقانچە قېتىم قان تۆكۈلۈشى تۇرغان گەپ .

ئەمەلىيەتتە ھازىر ھەممە تەييارلىقى تەپتەق بولۇپ قالدى : قونالغۇ پايتەخت ، ياندىش پايتەخت ⑩ نىمۇ ھازىرلاپ قويۇشتى ، تەۋەررۈك مەدەنىي ئاسارئەتىقىلەرنى كۆچۈرۈپ بولۇشتى ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ كۆچۈپ بولدى . مەيلى سېرىق چىراي ، ئاق چىراي



[illegible]

[illegible] بولۇڭلار ،

ئەندىشە قىلماڭلار .

2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى

[ئەسلەتمە]

## ئوقۇمىغانلار ئارماندا قالىدىغان غەلىتە ماقالە

### جۇ جىڭچى

كاتتا غوجاملار « خان سارىيىدىكى ئاسارئەتىقىلەر » نى قىممىتى «شەھەرگە تەڭ » بولۇپ ئۇنىڭدىن ئېشىپ چۈشىدىغانلىقى ، توشۇش ، پۇل قىلىش ئاسان بولغانلىقى ئۈچۈن جاندەك (ئەلۋەتتە ، پۇخرانىڭ جېنى ئەمەس ) قەدىرلەپ ، جەنۇبقا يۆتكەپ كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ . مۇشۇ ئەھۋالنىڭ ئۆزىمۇ سىلەرنىڭ ھەيران قېلىشىڭلارغا ، تەنە قىلىشىڭلارغا ئەرزىيدۇ ! ئەنە شۇنداق خىيال ئۈستىدە تۇرغان چېغىمدا ، پايتەختتىكى بىر گېزىتنىڭ « ئاسارئەتىقىلەرنى جەنۇبقا يۆتكەش » نى قوۋۋەتلەپ يازغان باش ماقالىسىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى ؛ ئۇ گېزىت شۇ باش ماقالىسىدە «قارشىلىقنى قورallىق توسۇش » كېرەك ، « قان تۆكۈلىسىمۇ مەيلى » ، «ھۆكۈمەتنىڭ ئۆز ئىناۋىتىنى ساقلاپ » ، « سىياسەتنى ئىزچىللاشتۇرۇشى » نى تەلەپ قىلىمىز ! دەپ تەكلىپمۇ بېرىپتۇ . بۇ ئېسىل ، ئۇلۇغ سۆزلەرنىڭ كۆمۈلۈپ قېلىشىغا كۆڭلۈم ئۇنىمىدى ، شۇنىڭ ئۈچۈن جاپاسىغا چىداپ ، ئەينەن كۆچۈرۈپ ، ھەممىڭلارغا تەقدىم قىلدىم :

« ... بېيپىڭدىكى تەشكىلاتلار ئاسارئەتىقىلەرنى جەنۇبقا كۆچۈرۈشكە قارشى تۇرۇپ ، جەنۇبقا كۆچۈرۈلسە بېيپىڭنىڭ كەلگۈسى گۈللىنىشىگە زىيانلىق ، دەيدۇ . بېيپىڭدىكى تەشكىلاتلار دۆلەت مەنپەئەتىنى زادىلا كۆزگە ئىلمايدىغان ئەنە شۇنداق شەخسىيەتچىل باھانىنى ئاغزىدىن چىقىرىشقا پېتىنىغان . بۇ بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ئۇچىغا چىققان شەرمەندىلىك ، ئۇلارچە بولغاندا ، بېيپىڭنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ، بىرقانچە مىڭ يىللىق ئاسارئەتىقىلەرنى دۈشمەنلەرنىڭ پۈتۈنلەي بۇلاپ كېتىش خەۋپىگە تەۋەككۈل قىلىش كېرەك ئىكەن . بۇ تولىمۇ كورلۇق بولسا كېرەك . ھۆكۈمەت جەنلۈ مۇناسىۋىتى بىلەن بېيپىڭنى ۋاقىتىنچە تاشلاپ قويۇپ ، دۈشمەنلەرنى ئىچكىرى كىرگۈزۈپ تۇرۇپ يوقىتىشى كېرەك . ئەگەر ئاسارئەتىقىلەرنى دۈشمەنلەر بۇلاپ ئېلىپ كەتسە ، ئېيتىپ باقسۇنچۇ ، كەلگۈسىدە بېيپىڭنى نېمە بىلەن گۈللەندۈرىمىز ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال كۆچۈرۈش كېرەك . ياپونلار يوقىتىلىپ ، بېيپىڭ تىنچلانغاندىن كېيىن ، يەنە قايتۇرۇپ كېلىش كېرەك . بېيپىڭدىكى تەشكىلاتلارنىڭ شەخسىيەتچىلىكى يىرگىنىشلىك ۋە شەرمەندىلىك ؛ يىراقنى كۆرەلمىگەنلىكى بىچارىلىك . ئۇلارنىڭ كۆچۈرۈشكە قارشى تۇرۇشتا كۆرسەتكەن يەنە بىر ۋەجىسى شۇكى ، ئۇلار ، ھۆكۈمەت ئاۋۋال زېمىنلىرىمىزنىڭ غېمىنى يېيىش كېرەك ، دەيدۇ . بۇ سۆز قارىماققا توغرىدەك تۇرسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە توغرا ئەمەس . چۈنكى ، بىر قىسىم زېمىننى دۈشمەنلەر قولىغا ۋاقىتلىق تاشلاپ بېرىپ ، شۇ يول بىلەن دۈشمەنلەرنى يوقىتىپ ، ئاندىن كېيىن يەنە قايتۇرۇۋالغانلىق جەھەتتىكى مىساللار قەدىمدە ، ھازىر جۇڭگودا ۋە چەت ئەللەردە كۆپ . مەسىلەن : 1812 – يىلىدىكى ئۇرۇشتا رۇسلار موسكۋانى تاشلاپ بېرىش بىلەنلا قالماستىن ، بەلكى ئوت يېقىپ كۆيدۈرۈۋېتىپ ، ناپولېئوننى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان ؛ ياۋرۇپا ئۇرۇشى ۋاقتىدا بېلگىيەمۇ ، سېرۋىيەمۇ ئۆزلىرىنىڭ بارلىق زېمىنلىرىنى دۈشمەنلەرنىڭ ئايىغى ئاستىغا تاشلاپ بېرىپ ، ئاندىن كېيىن قۇدرەتلىك نېمىسلارنى تارمار كەلتۈرگەن . چۈنكى دۈشمەنلەر زېمىننى پارچىلاپ بېرىش شەرتنامىلىرىگە ئىمزا قويمىسا ، دۈشمەنلەر شۇ يەرلەرنى ئىلىكىگە ئالالمايدۇ . خان سارىيىدىكى ئاسارئەتىقىلەرنى كۆچۈرمىسەك ، مۇبادا دۈشمەنلەر بېيپىڭنى بېسىۋېلىپ ، ئاسارئەتىقىلەرنى بۇلاپ ئەكەتسە ، جۇڭگو قايسى يول بىلەن قايتۇرۇۋالالىسۇن ؟ جۇڭگونىڭ مەدەنىي جەۋھەرلىرىنى دۈشمەنلەرگە ئۆلجا ئالدۇرۇپ قويساق ، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق رەسۋاچىلىق بولامدۇ ؟ ... ئاخىرىدا ھۆكۈمەتكە شۇنى تەۋسىيە قىلىمىزكى ، ھۆكۈمەت ئاسارئەتىقىلەرنى كۆچۈرۈش سىياسىتىنى بەلگىلىگەنىكەن ، ھەرقانداق توسقۇنلۇقلارغا ئۇچرىسىمۇ ، ئۇنى

ئىزچىللاشتۇرۇشى كېرەك؛ ئەگەر نادان، يىراققا كۆزى يەتمەيدىغان تەلۋىلەرنىڭ قارشى چىقىشى بىلەن ئۆز قارارىدىن يالتىيىپ قالسا، ھۆكۈمەتنىڭ ئابرويى قالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شۇنى تەشەببۇس قىلىمىزكى، جاڭ شۆلياڭ قەتئىي مەسئۇل بولۇپ، قارشى ھەرىكەتلەرنى قوراللىق توسۇسۇن، ئىلاجى بولمىغاندا، قان تۆكۈلسىمۇ مەيلى...».

«شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىدىن

### ئىزاھات

① بۇ ماقالە 1933 - يىلى 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى «شېنباۋ» گېزىتى، «ئەركىن پاراڭ» غا خې جياگەن ئىمزاسىدا بېسىلغان.

② «ۋەتەن قۇتقۇزۇش گېزىتى» — 1932 - يىلى 8 - ئايدا نەنجىندە گۇن دېبەي باش مۇھەررىرلىكىدە چىققان ئەكسىيەتچىل گېزىت بولۇپ، 1949 - يىلى 4 - ئايدا نەشردىن توختىغان. ماقالىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىللەر مەزكۇر گېزىتنىڭ 1933 - يىل 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىكى «خان سارىيىدىكى ئاسارىئەتىقىلەرنى كۆچۈرۈش ئۈچۈن ھۆكۈمەتكە مۇراجىئەت» سەرلەۋھىلىك باش ماقالىسىدىن ئېلىنغان.

③ جاڭ شۆلياڭ — يەنە بىر ئىسمى خەن چىڭ، لياۋنىڭ ئۆلكىسى خەبىيىڭ ناھىيىسىدىن. «18 - سېنتەبر» مەزگىلىدە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى، قوشۇمچە شەرقىي شىمال چېگرا مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى بولۇپ، جاڭ جيېشىنىڭ قارشى تۇرماسلىق بۇيرۇقىغا بىنائەن شەرقىي - شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكىدىن ۋاز كەچكەن. «18 - سېنتەبر» دىن كېيىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي ئىشلار كومىتېتى بېيجىڭ شۆبىسىنىڭ مۇۋەققەت مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان.

④ جەنلۆچى (ستراتېگىيىچى) — گومىنداڭ ھەربىي دائىرىلىرى كۆزدە تۇتۇلدۇ. 1932 - يىل 28 - يانۋار شاڭخەيدە ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، ئۇلار جۇڭگو قوشۇنلىرىغا ئارقا - ئارقىدىن چېكىنىشكە بۇيرۇق چۈشۈرگەن. بۇنى «ستراتېگىيىنى ئۆزگەرتكەنلىك»، «دۈشمەننى ئېزىقتۇرۇپ ئىچكىرى كىرگۈزۈش ئۈچۈن»، «مەغلۇپ بولغانلىق ئەمەس» دەۋالغان.

⑤ 28 - يانۋار ئۇرۇشى يۈز بەرگەندىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش تەلىپىگە



قارىماي، «قارشى تۇرماسلىق» سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، 19 - يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان. ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فرانسىيە قاتارلىق جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ئارىلىشىشى ئارقىسىدا ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا تېز پۈككەن ھالدا سۈلھىلىشىپ، 1932 - يىل 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى «شاڭخەي يارىشىش كېلىشىمى» نى ئىمزالىغان.

⑥ مانجۇرىيە دۆلىتى — ياپونلار شەرقىي شىمالنى بېسىۋالغاندىن كېيىن قۇرغان قورچاق ھاكىمىيەت. ئۇ 1932 - يىلى 3 - ئايدا چاڭچۈندە قۇرۇلۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەختتىن چۈشكەن پادىشاھى فۇيىنى «ھاكىمىيەت بېشىغا چىقارغان» 1934 - يىلى 3 - ئايدا ئۇ «مانجۇرىيە ئىمپېرىيىسى» گە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن فۇيى «پادىشاھ» بولۇپ قالغان.

⑦ خەلقئارا ئىتتىپاق — بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن 1920 - يىلى قۇرۇلغان ھۆكۈمەتلەر ئارىسىدىكى خەلقئارا تەشكىلات. ئۇ «خەلقئارا ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلقئارا تىنچلىق ۋە خەۋپسىزلىكنى قامداش» نى مەقسەت قىلىدۇ دەپ پەش قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئەنگلىيە، فرانسىيە قاتارلىق جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ كونترۇللۇقىدىكى ھەم تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قورال. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن بۇ ئىتتىپاق ئۆز - ئۆزىچە تارمار بولۇپ، 1946 - يىل 4 - ئايدا تارقالغانلىقىنى رەسمىي جاكالىغان. 18 - سېنتەبر ۋەقەسىدىن كېيىن ئۇ ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ جۇڭگوغا قىلغان تاجاۋۇزچىلىقىغا يان باسقان.

⑧ پالان - پۈكۈن لايىھىلەر — 1932 - يىلى 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى خەلقئارا ئىتتىپاقتىكى 19 دۆلەت كومىتېتىنىڭ ئالاھىدە يىغىنىدا ماقۇللانغان جۇڭگو - ياپونىيە ماجىراسىنى كېلىشتۈرۈش توغرىسىدىكى «قارار لايىھىسى» كۆزدە تۇتۇلدۇ. 1933 - يىلى 1 - ئايدا بۇ لايىھىگە ئاساسلىنىپ «تىرومىنىس لايىھىسى» گە ئۆزگەرتىلگەن. بۇ لايىھىلەردە ياپونىيىگە ئوچۇقتىن - ئوچۇق يان بېسىلغان. «مانجۇرىيە دۆلىتى» دىن ئىبارەت قورچاق ھاكىمىيەت يەڭ ئىچىدە ئېتىراپ قىلىنغان.

⑨ ئاقچى - كۆكچى ھەيئەتلەرنىڭ پوزىتسىيىسى — خەلقئارا ئىتتىپاقتىكى 19 دۆلەت كومىتېتىنىڭ ئەنگلىيە ۋەكىلى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى سىموننىڭ پوزىتسىيىسى كۆزدە تۇتۇلدۇ. ئۇ خەلقئارا ئىتتىپاق يىغىنىدا سۆزگە چىقىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ جۇڭگوغا قىلغان تاجاۋۇزىنى ئاقلىغان ۋە شۇ چاغدىكى جۇڭگو جامائەتچىلىكىنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىغان.

⑩ قونالغۇ پايتەخت — زۆرۈر تېپىلغاندا ھۆكۈمەتنىڭ ۋاقىتلىق تۇرىدىغان

جايى. ياندىش پايتەخت — پايتەختتىن باشقا يەنە قۇرۇلغان پايتەخت. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى نەنجىننى پايتەخت قىلغان. 1932 - يىلى 28 - يانۋار ئۇرۇشى ۋاقتىدا، 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئالدىراپ - تېنەپ «لوياڭغا كۆچۈپ بېرىپ ئىش قىلىش» نى قارار قىلغان. 3 - ئايدا گومىنداڭ 4 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 - ئومۇمىي يىغىنىدا قارار ماقۇللىنىپ، لوياڭنى قونالغۇ پايتەخت قىلىپ، شىئەننى ياندىش پايتەخت دەپ رەسمىي بېكىتكەن. شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى لوياڭدىن نەنجىنگە كۆچۈپ كەتكەن.



## «ئادەملەرنى خاتا ئۆلتۈردى» گە لوقما ①

ساۋ جۈيرېن ② ئەپەندىنىڭ «ئادەملەرنى خاتا ئۆلتۈردى» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىنى ئوقۇپ، ناھايىتى ھۇزۇرلاندىم، لېكىن كېيىن ئويلاپ قارىسام، ئاچچىقىغا پايلىماي قىلغان سۆزدەك تۇرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىرنەچچە ئېغىز لوقما سالغۇم كەلدى —

شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، يۈەن شىكەي ③ ئىنقىلابچىلارنى كۆپلەپ ئۆلتۈرۈۋەتتى، يۈەن شىكەينىڭ نەزەرى بىلەن قارىغاندا، بۇنداق ئۆلتۈرۈشنىڭ قىلچە خاتا بولغان يېرى يوق، چۈنكى يۈەن شىكەينىڭ ئۆزى ساختا ئىنقىلاب قىلىدىغان ئەكسىلئىنقىلابچى.

خاتالىق شۇ يەردىكى، ئىنقىلابچىلار ئالداندى؛ ئۇلار يۈەن شىكەينى شىمالنىڭ باش ۋەزىرلىكىدىن بىر موللاقلاپلا ئىنقىلابچى بولۇپ كەتتى دەپ ئويلاپ، ئۇنى مەسلەكداش قىلىۋېلىپ، كۆپچىلىكنىڭ قانلىرىنى تۆكتۈرۈپ، ئۇنى شۇ قانلار ئۈستىدە لەيلەتتۈرۈپ، زۇڭتۇڭلۇق تەختىگە چىقىرىپ قويىدى.

ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلاب ④ ۋاقتىدا ئۇ كۆرۈنۈشتە يەنە بىر موللاقلاپ، «خەلقنىڭ خىزمەتكارى» ⑤ دىن يالماۋۇزغا ئايلانغاندەك بولدى. ھەقىقەتتە ئۇنداق ئەمەس، ئۇ ئەسلى تەبىئىتىنى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلىدى، خالاس.

شۇنىڭ بىلەن قىرىش، چېپىش، ئۆلتۈرۈش ئەۋج ئېلىپ كەتتى. بېيجىڭ شەھىرى، ھەتتا مېھمانخانا، ساراي - دەڭلەرمۇ پايلاقچىلار بىلەن تولۇپ كەتتى؛ «ھەربىي مەمۇرىي قانۇن باشقارمىسى» ⑥ مۇ قۇرۇلدى، گۇمانلىق بولۇپ قولغا ئېلىنغان ياشلارنىڭ شۇ باشقارمىغا ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنىلا كۆرەتتۇق، ئۇلارنىڭ تىرىك قايتىپ چىققانلىقىنى كۆرمەيتتۇق؛ «ھۆكۈمەت ئاخباراتى» دىمۇ ئىنقىلابچىلارنىڭ: ئىلگىرى دوستلىرىمىنىڭ سايە قىلىشى بىلەن بۇ پارتىيىگە ئېزىپ كىرىپ قاپتىكەن-

مەن ، هازىر پەندىيات قىلدىم ، بۇندىن كېيىن بۇ پارتىيە بىلەن ئالاقەمنى ئۈزۈپ ، ئىچ ـ تېشىمنى پاكلاپ ، ياخشى ئادەم بولىمەن ، دەپ پارتىيىدىن چىققانلىقىنى ئېلان قىلغانلىقىنى هەر كۈنى كۆرۈپ تۇراتتۇق .

ئۇزۇن ئۆتمەيلا يۇەن شىكەي ئادەملەرنى خاتا ئۆلتۈرمىگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ ، پادىشاه بولۇش كويىغا چۈشتى .

بۇ ۋەقەلەرگە كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە 20 يىل بولۇپ قالدى ، هازىر 20 ياشلارغا كىرىپ قالغان ياشلار ئۇ چاغلاردا تېخى ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا سۈت ئېمىپ ياتاتتى ، ۋاقىت نېمىدېگەن تېز ئۆتكەن ـ هە !

لېكىن يۇەن شىكەي پادىشاه بولۇش كويىدا يۈرگەن تۇرۇقلۇق ، نېمىشقا ئۆزىنىڭ هەقىقىي رەقىبى بولغان كونا پادىشاه ⑦ نى ئاياپ قالىدۇ ؟ بۇ هەقتە كۆپ گەپ قىلىشنىڭ هاجىتى يوق ، هازىرقى جۇنفالار ئۇرۇشقا قارايدىغان بولساقلا ئەهۋالنى چۈشىنىۋالالايمىز . ئۇلار خۇددى پۇرچىقى پىشىشمايدىغاندەك ، ئىككى كاللا بىر قازاندا قاينىمايدىغاندەك جانبازلىق بىلەن سوقۇشۇۋاتىدۇ . لېكىن كېيىنچە ئۇلارنىڭ بىرى « چەتكە چىقسا » ، بىر ـ بىرى بىلەن ئەپلىشىپ قالىدۇ ؛ لېكىن ئىنقىلابچىلارنى بولسا ، شۇ ئىنقىلابچىلار جەڭگە كىرمىگەن بولسىمۇ ، ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ بوش قويمايدۇ . چۈنكى ، ئۇلار بۇنداق قىلىشقا پىشىپ كەتكەن .

شۇنىڭ ئۈچۈن ، مەن ئويلايمەنكى ، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ مۇشۇنداق ئەهۋالغا چۈشۈپ قېلىشىغا ئۇلارنىڭ « ئادەملەرنى خاتا ئۆلتۈرگەن » لىكى ئەمەس ، بىزنىڭ ئادەمنى خاتا چۈشەنگەنلىكىمىز سەۋەبچى بولماقتا .

ئاخىرىدا ، «ئوتتۇرا ياشتىن يۇقىرى ئادەملەرنى كۆپرەك ئۆلتۈرۈش كېرەك » دېگەن تەشەببۇسقىمۇ ئازراق لوقما سالماقچىدىم ، لىكىن ئۆزۈم ياشتا « ئوتتۇرا ياشتىن يۇقىرى » بولۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن ، گۇمانلىق بولۇپ قېلىشتىن هەزەر ئەيلەپ ، يەرگە قارىتىۋېلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالدىم .

4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

ئەسلى ماقالەمدە « ئەپلىشىپ قالىدۇ » دېگەن سۆزنىڭ ئاخىـ



رىدا « چەت ئەلگە چىقىدىغان چاغدا كاتتا ئۇزىتىش يىغىنى ئۆتكۈزۈشمۇ ئېهتىمال » دېگەندەك مەنىدىكى جۈملىلەر بار ئىدى . كېيىن شۇ جۈملىلەرنى چىقىرىپ تاشلىشىپتۇ .

4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئەسلەپ يازدىم

[ئەسلەتمە]

# ئادەملەرنى خاتا ئۆلتۈردى

ساۋ جۇيرېن

ئالدىنقى كۈنى مەلۇم بىر گېزىت مەلۇم بىر كىشىنىڭ چاڭچۈندىن
قايتىپ كەلگەن مېھماننىڭ سۆھبەتلىرى توغرىسىدىكى مۇنداق بايانىنى
بېسىپ چىقىرىپتۇ : ياپونلار قورچاق دۆلەتتە « ئەپيۇننى مەخسۇس
سېتىش » ۋە « پۇلنى بىرلىككە كەلتۈرۈش » توغرىسىدىكى ئىككى چوڭ
سىياسەتنى ئىجرا قىلىپ بولدى . ئىلگىرى چوڭ جاڭ ، كىچىك جاڭ
دەۋرىدە ھەممە ئادەم بۇ ئىككى ئىشنى رەتكە چۈشۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ،
دەپ ئويلايتتى ؛ ھازىر ئۇلار بىر دەمدىلا رەتكە چۈشۈرۈۋەتتى . شۇنىڭ
ئۈچۈن ھېلىقى كىشى ھەسرەت بىلەن مۇنداق دەپتۇ : « پېقىر شەرقىي
شىمال ئەربابلىرى بىلەن پۇل تۈزۈمىنىڭ مالىمان بولۇپ تۇرغانلىقىنىڭ
زىيانلىرى توغرىسىدا پاراڭلىشىپ قالغىنىمدا ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ، چې-
گىش بولۇپ كەتكەن مەسىلىنى ئوڭشاش تەس ، دېگەن ۋەجىنى
كۆرسىتەتتى . ياپونلار نېمىشقا بىر دەمدىلا ئوڭشاپ كەتتى ؟ 〈 ئىش
قىلالماسلىقتىن ئەمەس ، قىلماسلىقتىن قالىدۇ 〉 دېگەن ماقال بار ،
خەلقىمىزدىكى چوڭ ئىللەت ئەنە شۇ ! » .

ئۇ « مىللەت »لىكىدىلا قالىۋېرەمدۇ ؟ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ھالاك
بولۇشىمۇ ، جۇڭخۇا مىنگونىڭ گۇم بولۇشىمۇ ئەنە شۇ مەرەز سەۋەبچى
بولىدۇ . ھەرقانداق جەمئىيەت ، ھەرقانداق مىللەت چۈشكۈنلۈك دەۋرىگە
يەتكەندە ، ئۇنىڭ ھەممە نەرسىسى « ئوڭشاپ كەتكىلى بولمايدىغان
چىگىش » بولۇپ قالىدۇ ، شۇنىڭ ئۈچۈن « ئىنقىلاب » قىلماي بولمايدۇ .
ئىنقىلاب ــــ جەمئىيەتنى ئۈشتۈمتۇت ئۆزگەرتىش جەريانى . بۇ جەرياندا
ياخشى ئادەملەرمۇ ، يامان ئادەملەرمۇ ، ياخشىمۇ ئەمەس ياكى يامانمۇ ئەمەس



ئادەملەرمۇ ھەر ھالدا ئاز ـ تولا ئۆلتۈرۈلىدۇ . ئادەملەرنىڭ ئاز ـ تولا ئۆل-
تۈرۈلۈشى بىكارغىمۇ كەتمەيدۇ ، چۈنكى ئۇ جەمئىيەتنى پارچىلاش رولىنى
ئوينايدۇ ، كونا جەمئىيەت بىلەن يېڭى جەمئىيەتنى چوتلا ئىككى بۆلەككە
بۆلۈۋېتىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن رەزىل كۈچلەر ئۆز تەسىرىنى يېڭى
ئورگانىزمغا يۇقتۇرالمايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئىنقىلاب مۇناسىۋىتى بىلەن
ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ ئۆلچىمى بولۇش كېرەك ؛ ئوتتۇرا ياشتىن يۇقىرى
ئادەملەرنى ، كونا كۈچلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئادەملەرنى كۆپرەك
ئۆلتۈرۈش كېرەك . فرانسىيەدىكى زور ئىنقىلاب زور ۋەھىملىك دەۋردە
كونا كۈچلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلىغانلىقى ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت قازانغان .

لېكىن جۇڭگودا ھەرقاچان ئىنقىلاب بولغاندا ، ھامان ئادەتتىن
تاشقىرى ئىش قىلىپ كەلدى . بىرمۇنچە ياشلار ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە
قاتناشقانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن قۇربان بولۇپ كەتتى ؛ ئىنقىلاب داۋامىدا
كونا كۈچلەر ئۆزلىرىنى ۋاقتىنچە دالدىغا ئېلىۋالدى ، ئۇلارنىڭ بەزىسى
ئوتاپ تاشلانمىدى ؛ ئىنقىلاب مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن ، كونا
كۈچلەر خۇددى سۇ ئۇرغۇپ چىققاندەك ، يېڭىباشتىن يامراپ چىقىپ ،
يەنە ياشلارنى قۇربان قىلدى ، نۇرغۇن ياشلارنى ئۆلتۈردى . سۇن جۇڭ-
شەن ئەپەندى مىڭ مۇشەققەتتە ئون يىلدەك ئىنقىلاب قىلغانىدى .
شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى بىلەن چوڭ ھوقۇقنى يۈەن
شىكەي ئۆز قولىغا ئېلىۋېلىپ ، ئىنقىلابچىلارنى ھەر كۈنى دېگۈدەك
ئۆلتۈردى ، ھەتتا 15 ــ 16 ياشلىق بالىلارنىمۇ ئۆلتۈردى . بۇنداق ئىنقىلاب
پارچىلاش رولىنى ئويناش بۇ ياقتا تۇرسۇن ، بەلكى كونا كۈچلەرگە
پاسىۋان بولدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، مىنگو قۇرۇلغاندىن بۇيان ھەممىنى
غەمكىنلىك بېسىپ كەتتى ، چۈشكۈنلۈكتىن ئەسەر قالمىدى ، ھەرقانداق
ئىش توغرىسىدا ئىسلاھاتتىن ئېغىز ئېچىشقا ھاجەت قالمىدى ، ئىسلاھاتتىن
ئېغىز ئېچىلسا ، « چىگىش بولۇپ كەتكەن مەسىلىنى ئوڭشاش تەس »
دېگەن ۋەج كېلىپ چىقىدىغان بولدى . ئەنە شۇنداق رەزىل كۈچلەر تاكى
ھازىرغىچە ئۆز تەسىرىنى سىڭدۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ .

مۇشۇنداق غەيرىي تەبىي ئەھۋالغا « ئادەملەرنى خاتا ئۆلتۈردى »

دەپ ئات قويدۇم. مەن دائىم يار ــ بۇرادەرلىرىمگە مۇنداق دەيمەن: «قان تۆكمەيدىغان ئىنقىلاب يوق، لېكىن ‹قان تۆكۈش› تە ئادەملەرنىڭ قېنىنى خاتا تۆكمەسلىك كېرەك. فۇيى بالدۇرراق ئۆلتۈرۈلگەن بولسا، جېڭ شياۋشۈيدەك بىرنېمىلەر كۆپرەك ئۆلتۈرۈلگەن بولسا، دۆلەت ئۈچۈن زور ياخشىلىق قىلىنغان بولاتتى. ئەگەر 25 ياشتىن تۆۋەن ياشلار ئۆلتۈرۈلسە، تەتۈرلىك قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ دەرمانى كەتتۈرۈلسە، ‹دۆلەتنى يوقىتىپ، نەسلىنى قۇرۇتۇش› ئاقىۋىتىگە قېلىش مۇمكىن».

«ئەركىن پاراڭ»، 4 ــ ئاينىڭ 10 ــ كۈنى

### ئىزاھات

① بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 ــ يىلى 4 ــ ئاينىڭ 12 ــ كۈنى خې جياگەن ئىمزاسىدا «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ قوشۇمچە بېتى «ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

② شاۋ جۈيرېن (1972 ــ 1900) ــ جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ فۇجياڭ ناھىيىسىدىن. شۇ چاغدا جىنەن داشۆسىنىڭ پروفېسسورى ۋە «شاۋقۇن» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىگەن.

③ يۈەن شىكەي (1916 ــ 1859) ــ يەنە بىر ئىسمى ۋېتىن بولۇپ، خېنەن ئۆلكىسى شاڭچىن ناھىيىسىدىن: ئەسلى چىڭ خاندانلىقىدا شىمال مىللىتارىستلىرىنىڭ باشلىقى، چىڭ خاندانلىقىنىڭ ۋەزىرى بولغان. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن جۇڭخۇا مىنگونىڭ دازۇڭتۇڭلۇقىنى ئىگىلىۋالغان. 1916 ــ يىلى 1 ــ ئايدا پادىشاھلىق تۈزۈمىنى تىرىلدۈرۈپ، ئۆزىنى «خۇڭشيەن» پادىشاھى دەپ جاكارلىغان. شۇ يىلى 3 ــ ئايدا پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ لەنەت ياغدۇرۇشى ئارقىسىدا پادىشاھلىق تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. 6 ــ ئايدا كېسەل بىلەن ئۆلگەن.

④ ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلاب ــ يۈەن شىكەي شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ مېۋىلىرىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن تىرىلىش ئۈچۈن ‹جۇڭخۇا مىنگونىڭ ۋاقىتلىق قانۇنى› غا بۇزغۇنچىلىق سېلىپ، ئىنقىلابچىلارنى ئۆلتۈرگەن. 1913 ــ يىل 7 ــ ئايدا سۇڭ جۇڭشەن قوزغىغان يۈەن شىكەيگە جازا يۈرۈشى ئۇرۇشى ‹ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلاب› دېيىلگەن. ئەمما، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئىنقىلاب يۈەن



شىكەي تەرەپتىن مەغلۇب قىلىنغان. ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلاب مەغلۇب بولغاندىن كېيىن يۈەن شىكەي تېخىمۇ غالجىرلىشىپ، ئىنقىلابچىلارنى تۇتۇپ ئۆلتۈرگەن ۋە ‹توپىلاڭچىلارغا قوشۇلغانلارنىڭ ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلىش› توغرىسىدا ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىش پەرمانى ئېلان قىلىپ، ئىنقىلابىي كۈچلەرنى پارچىلىغان.

⑤ ‹خەلق خىزمەتكارى› ــ يۈەن شىكەي جۇڭخۇا مىنگونىڭ زۇڭتۇڭلۇقىنى تارتىۋالغاندا ئۆزىنى ‹خەلقنىڭ بىر ئەزاسى› دەۋالغان ۋە ‹زۇڭتۇڭ ئەزەلدىن خەلقنىڭ خىزمەتكارى› دېگەن گەپلەرنى قىلغان.

⑥ ‹ھەربىي مەمۇرىي قانۇن خىزمەتكارى› ــ يۈەن شىكەينىڭ ئىنقىلابچى ۋە ۋەتەنپەرۋەر خەلقلەرنى مەخسۇس قولغا ئېلىپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن تەسىس قىلغان ئىشپىيونلۇق ئورگىنى.

⑦ بۇ يەردە كونا پادىشاھ فۇيى (شۈەنتۇڭ) كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن نەنجىن ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى مەنچىڭ خاندانلىقى بىلەن تەنپەن ئۆتكۈزۈپ تەختتىن چۈشكەن مەنچىڭ پادىشاھىغا ئېتىبار بېرىپ، پادىشاھلىق نامىنى ساقلاپ قېلىشقا كېلىشكەن. يۈەن شىكەي پادىشاھلىق تۈزۈمىنى تىرىلدۈرگەندە ‹چىڭ خاندانلىقىغا ئېتىبار بېرىش شەرتلىرى مەڭگۈ ئۆزگەرتىلمەيدۇ› دەپ پەرمان چۈشۈرگەن.

# جۇڭگو خەلقىنىڭ ھايات چەمبىرى ①

« چۈمۈلىگىمۇ جان تاتلىق » دېگەن گەپ بار . جۇڭگودا پۇخرالار ئەزەلدىن ئۆزلىرىنى « چۈمۈلىدەك خەلق » دەپ ئاتىشىدۇ . مەن ئۆز جېنىمنى ۋاقتىنچە بولسىمۇ ئامان ساقلاش ئۈچۈن ، دائىم خاتىرجەمرەك جايغا كۆز سالىمەن ، باتۇر – غازىيلاردىن باشقا ئادەملەر ماڭا كۈلمىسە كېرەك .

شۇنداق بولسىمۇ ، زاھىرىي خاتىرىلەرگە ئانچە ئىشىنىپ كەتمەيمەن ، ئۇلارغا تولا چاغلاردا باشقىچە قارايمەن . مەسىلەن : گېزىتتە بېيپىڭدا ھازىر ھاۋا مۇداپىئەسىگە تەييارلىق كۆرۈلۈۋاتىدۇ ، دەپ يېزىلغىنىكەن . مەن ئۇنىڭغا ئانچە ئىشىنىپ كەتمىدىم ؛ ئاسارئەتىقىلەرنىڭ جەنۇبقا توشۇلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى كۆرۈپ ، دەرھال ، قەدىمىي شەھەر خەۋپ ئاستىغا چۈشۈپ قاپتۇ ، دېگەن ھېسسىياتقا كەلدىم ۋە شۇ ئاسارئەتىقىلەرنىڭ ئىزىنى ئىزلەپ ، جۇڭگودا جەننەتنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدىم . ھازىر تۈركۈم – تۈركۈم ئاسارئەتىقىلەرنى شاڭخەيگە ئەكىلىپ توپلاشتى ② ، بۇنىڭدىن مەلۇمكى ، ھەممىدىن خاتىرجەم جاي شاڭخەيدىكى كونسېسسىيە ئىكەن .

شۇنداق بولسىمۇ ، ئۆي ئىجارىسى قىممەتلەشمەي قالمايدۇ .

بۇ قىممەتلىك «چۈمۈلە خەلق » ئۈچۈنمۇ چوڭ زەربە ، شۇنىڭ ئۈچۈن باشقا جاينى تېپىش توغرا كېلىدۇ .

ئۇ يان ئويلاپ ، بۇيان ئويلاپ ، «ھايات چەمبىرى » نى تاپتىم . بۇ « چەمبەر » «ئىچكىرى جاي » مۇ ئەمەس ، «چېگرا ئۆلكە » ③ لەرمۇ ئەمەس ، شۇ ئىككى جاينىڭ ئوتتۇرىسى ، ھالقا ياكى چەمبەرگە ئوخشايدىغان جاي ؛ شۇ يەردە ئېھتىمال « × زاماندا جان ساقلىماق » ④ مۇمكىن بولسا كېرەك .

« چېگرا ئۆلكە » لەرگە ئايروپىلانلار بومبا تاشلاۋاتىدۇ . ياپونىيە گېزىتلىرىنىڭ خەۋەرلىرىگە قارىغاندا ، « قۇراللىق باسمىچى » لارنى يوقـ



تىپتىمىش ؛ جۇڭگو گېزىتلىرىنىڭ خەۋەرلىرىگە قارىغاندا ، خەلقنى قىرىۋېتىپتۇ ، يېزا بازارلىرىنى خارابىلىققا ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ . « ئىچكىرى جاي » لارغىمۇ ئايروپىلانلار بومبا تاشلىماقتا . شاڭخەي گېزىتلىرىنىڭ ئېيتىشىچە ، « كوممۇنىست باسمىچىلار » نى يوقىتىۋېتىپتىمىش ، ئۇلارنى بومباردىمان قىلىپ ، ئەبجىقىنى چىقىرىۋېتىپتىمىش ، « كوممۇنىست باسمىچىلار » نىڭ گېزىتلىرىدە نېمە دەۋاتقانلىقى بىزگە مەلۇم ئەمەس ، لېكىن ، قىسقىسى ، چېگرا ئۆلكىلەردە گۈمبا – گۈمباك ؛ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىمۇ گۈمبا – گۈمباك . بىر تەرەپنى باشقىلار بومباردىمان قىلىۋاتقان ، بىر تەرەپنى ئۆزلىرى بومباردىمان قىلىۋاتقان ، يەنى بومباردىمان قىلغۇچىلار باشقا – باشقا بولغان بولسىمۇ ، لېكىن بومباردىمان قىلىنغۇچىلار بولسا ئوخشاش بىر ، بۇ ئىككىلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغانلارنىڭ بېشىغا بومبا سەۋەن تاشلانمىسىلا ، « قىيما – چىيما » بولۇشتىن خالىي بولۇپ قالىدىغانلىقىدىن ئۈمىد بار ، شۇڭا مەن يەرنى « جۇڭگو خەلقىنىڭ ھايات چەمبىرى » دەپ ئاتايمەن .

يەنە تاشقىرىدىن بومباردىمان قىلىپ كىرىدىغان بولسا ، بۇ « ھايات چەمبىرى » تارىيىپ ، « ھايات سىزىقى » غا ئايلىنىپ قالىدۇ ؛ يەنە بېسىپ كىرىدىغان بولسا ، ھەممە ئادەم ھېلىقى بومباردىمان قىلىنغان « ئىچكىرى جاي » لارغا قېچىپ كىرىۋالىدۇ – دە ، بۇ « ھايات چەمبىرى » تۈگەپ ، « ھايات 0» ⑤ گە ئايلىنىپ قالىدۇ .

ئەمەلىيەتتە ھەممە ئادەم شۇنداق پەرەز قىلىشماقتا . بىر يىلدىن بۇيان ماقالىلەردە « مەملىكىتىمىز جۇڭگونىڭ يېرى كەڭ ، بايلىقى مول ، نوپۇسى كۆپ » دېگەن گەپلەرنىڭ ئانچە كۆپ ئۇچرىماس بولۇپ قالغانلىقى بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ . قايسى بىر ئەپەندى ئۆزىنىڭ نۇتقىدا ئۆز ئاغزى بىلەن : جۇڭگولۇقلار « ئاجىز ، ئۇششاق مىللەت » ، دەپتۇ تېخى .

لېكىن بۇ گەپكە دۆلەتمەن كاتتا ئادەملەر تەن بەرمەيدۇ ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئايروپىلانلىرى بار ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ « چەت ئەل » لىرىمۇ بار .

4 – ئاينىڭ 10 – كۈنى

## ئىزاھات

① بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى خې جياگەن ئىمزاسىدا «شىنباۋ » گېزىتىنىڭ قوشۇمچە بېتى « ئەركىن پاراڭ » غا بېسىلغان.

② ئاسارئەتىقىلەرنىڭ جەنۇبقا توشۇلغانلىقى — 1933 ـ يىلى 2 ـ ئاي بىلەن 5 ـ ئاي ئارىلىقىدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بېيپىڭدىكى خان ساراي مۇزېيى بىلەن تارىخ ـ تىل تەتقىقات ئورنى قاتارلىق ئورۇنلاردا ساقلانغان ئاسارئەتىقىلەردىن تەخمىنەن يىگىرمە مىڭ ساندۇقنى تۈركۈملەرگە بۆلۈپ، شاڭخەيگە توشۇپ، كونسېسسىيەدىكى ئامبارلارغا قويغان.

③ 〈ئىچكىرى جاي 〉— جياڭشى قاتارلىق رايونلاردىكى ئىشچى ـ دېخان قىزىل ئارمىيىسىنىڭ بازىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. 1933 ـ يىلى 2 ـ ئاي بىلەن 4 ـ ئاي ئارىلىقىدا جياڭ جيېشى 4 ـ قېتىملىق ئەكسىلئىنقىلابىي 〈قورشاپ يوقىتىش 〉نىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە 500 مىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ مەركىزىي ئىنقىلابىي بازىغا ھۇجۇم قىلغان ۋە ئايروپىلانلارنى ئىشقا سېلىپ بومباردىمان قىلغان. « چېگرا ئۆلكە » — شۇ چاغدىكى رېخې قاتارلىق جايلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. 1933 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ياپون قوشۇنلىرى چېندېنى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن يەنە لىڭكۇ، گۇبەيكۇ، شىفىڭكۇ قاتارلىق جايلارغا قىستاپ كېلىپ، ئايروپىلانلىرىنى ئىشقا سېلىپ، غالجىرلارچە بومباردىمان قىلغان. خەلق پاجىئەلىك ھالدا يارىدار بولغان ۋە ئۆلگەن.

④ ×〈زاماندا جان ساقلىماق 〉— بۇ گەپ جۇگې لياڭنىڭ « جەڭگە چىقىش باياناتنامىسىنىڭ بىرىنچىسى » دىن ئېلىنغان. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: « قالايمىقانچىلىق بولۇۋاتقان زاماندا، جان ساقلاشنى خالايمەن، بەگلىكلەرگە ئىلتىجا قىلىشنى خالىمايمەن ».

⑤ « ھايات 0 » دېگەن سۆز پاناھلانغۇدەك جاينىڭ پۈتۈنلەي يوقلۇقىنى دېمەكچى.



# ماقالە ۋە تېما ①

بىرەر تېما ئۈستىدە ئۇنداقسىغىمۇ، بۇنداقسىغىمۇ يازىۋەرسەك، گەپ ئاخىر تۈگەيدۇ؛ ئەگەر يەنە يېڭى پوسۇن چىقىرىدىغان بولساق، ماقالەڭ كىشىلەرگە ئادەم گېپى ئەمەس بىرنەرسە بولۇپ تۇيۇلىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئۆكسىتىپ قويماي يازىۋەرسەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتراپىڭدا دۇمباقچىلار ھە ـ ھۇ دەپ دۇمبىقىنى چالىۋەرسە، كىشىلەرنىڭ قۇلىقى پىشىپ قالىدۇ ـ دە، ئۇ ھالدا يەنە يازىۋېرەلەيسەن ۋە ئۇ نەرسىلىرىڭنىمۇ ئاقتۇرالايسەن. مەسىلەن، يېقىندىن بۇيانقى، « ئىچنى تىنچلاندۇرۇش ۋە تاشقىرىدىن مۇداپىئە قىلىش » ② دېگەن ئەڭ ئاساسىي تېمىنى ئالايلى، بۇ ھەقتە يېزىۋاتقانلار ھەقىقەتەن ئاز ئەمەس. ئىچنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن ئاۋۋال تاشقىرىدىن مۇداپىئە قىلىش كېرەك، دەۋاتقانلار بار؛ ئىچنى تىنچلاندۇرۇش بىلەن تەڭ تاشقىرىدىنمۇ مۇداپىئە قىلىش كېرەك، دەۋاتقانلار بار؛ تاشقىرىدىن مۇداپىئە قىلمىغاندا ئىچنى تىنچلاندۇرغىلى بولمايدۇ، دەۋاتقانلار بار؛ تاشقىرىدىن مۇداپىئە قىلغاندا ئاندىن ئىچنى تىنچلاندۇرغىلى بولىدۇ، دەۋاتقانلار بار؛ ئىچنى تېنچلاندۇرغاندا ئاندىن تاشقىرىدىن مۇداپىئە قىلغىلى بولىدۇ، دەۋاتقانلار بار؛ ئىچنى تىنچلاندۇرۇش تاشقىرىدىن مۇداپىئە قىلىشتىن زۆرۈر، دەۋاتقانلارمۇ بار.

بەس، شۇ ماقالىلەرمۇ ئەمدى يېتەر، ھەر ھالدا ناھايىتىغا يېتىپ قالغاندەك تۇرىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، يەنە يېڭى پاسون چىقىرىدىكەنسەن، كىشىلەرنى ئادەم گېپى ئەمەس دېگەن ھېسسىياتقا كەلتۈرۈپ قويىسەن؛ ھازىر مودا بولۇپ قالغان سۈپەت بېرىش ئۇسۇلى بىلەن ئېيتسام، « خائىن » دېگەن گۇمانغا قالىمەن. نېمە ئۈچۈن؟ يېڭى پاسوندا ماقالە يېزىشقا پەقەت « ئىچنى تىنچلاندۇرۇش كېرەك، تاشقىرىدىن مۇداپىئە كۆرۈشنىڭ ھا-

جىتى يوق » ، « ئىچنى تاشقىرىدىكىلەرنى چىللاش يولى بىلەن تىنچلاندۇرغان ياخشى » ، « تاشقىرى دېگەن سۆز ئىچى دېگەن سۆز ، ئەسلىدە مۇداپىئە كۆرۈشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى » دېگەن ئۈچ تۈرلۈك تېمىلا قالدى .

بۇ ئۈچ تۈرلۈك پىكىر بىلەن ماقالە يازساڭ تولىمۇ غەلىتە تۇرىدۇ ، لېكىن ئەمەلىيەتتە شۇنداق ماقالىلەر بار . بۇ ھەقتە جىن ، سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ۋەقەلەر ③ دىن دەلىل كەلتۈرۈشنىڭمۇ ھاجىتى يوق ، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە قارىساقلا كۇپايە قىلىدۇ . مانجۇلار خېلى بۇرۇندىن پەيتلەپ - ماراپ تۇرۇۋاتسا ، مەملىكەت ئىچىدىكىلەر خەلقنى خۇددى ئوت ئورغاندەك قىردى ، ④ نەزاپەتلەرنى ئۆلتۈردى ، دېمەك بىرىنچى تۈرلۈكنى يازدى ، لى زىچېڭ ⑤ بېيجىڭغا بېسىپ كىرگەندە ، دۆلەتمەن غوجاملار قۇلنى پادىشاھ قىلىشقا رايى بارماي ، « ئۇلۇغ چىڭ خاندانلىقى لەشكەرلىرى » نى تەكلىپ قىلىپ ، لى زىچېڭنى يوقاتتۇردى ، دېمەك ئۇلار ئىككىنچى تۈرلۈكنى يازدى . ئۈچىنچى تۈرلۈككە كەلسەم ، « چىڭ تارىخى » نى ئوقۇپ كۆرمىگەنلىكىم ئۈچۈن بىلمەيمەن ، لېكىن كونا تەمسىللەرگە قارىغاندا ، مۇنداق دېيىش توغرا كېلىدۇ : ئايسىن گور ⑥ ئۇرۇقىدىن بۇرۇن ، پادىشاھ شۇەنيۇەن ⑦ نىڭ قانچىنچى ئوغلىنىڭ ئەۋلادلىرى شىمال تەرەپتە ئىستىقامەت قىلىپ ، خەلقى ئالەمگە شەپقەت ياغدۇرۇپ ، شۇنىڭ بىلەن خەلقى ئالەمنى ئۆزىگە قارىتىلۋالغان ، قىسقىسى ، ئەسلىدە ھەممىمىزنىڭ زاتى بىر .

كېيىنكى زامانلاردىكى تارىخشۇناسلار بۇنداق سۆزنى بارلىق كۈچى بىلەن رەت قىلغان ؛ ھەتتا ھازىرقى مەشھۇر ئەربابلارمۇ ماكانسىز قاراقچىلارغا جان - جەھلى بىلەن ئۆچمەنلىك قىلماقتا . لېكىن بۇ كېيىنكى ۋە ھازىرقى گەپ ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى ، ئۇ چاغلاردا تايغانلار پاششاپ بولۇۋالغان ، ئاسراندىلار ھاكىم بولۇۋالغان ئەمەسمىدى ، ۋېي جۇڭشيەن ھايات تۇرۇپلا كۇڭزىنىڭ مازىرىغا پالاشمىغانمىدى ⑧ ؟ ئۇلارنىڭ چارە - تەدبىرلىرىگە ئەينى ۋاقىتتا ھەممە ئادەم بارىكاللا ئېيىشقانىدى .



ئىپتىدائىي چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا مانجۇلار ئىنقىلابنى جان - جەھلى بىلەن باستۇرۇشقا ھەرىكەت قىلغانىدى ، « دوستلارغا ھەدىيە قىلسام قىلىمەنكى ، قۇللىرىمغا بەرمەيمەن » ⑨ دېگەن شۇئارنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى ، بۇ شوئارنى ئاڭلىغان خەنزۇلار غەزەبتىن تېخىمۇ ئۆرتەنگەنىدى . ئەمەلىيەتتە خەنزۇلار شۇنداق قىلمىدىمۇ ؟ ۋۇ سەنگۇيىنىڭ چىڭ لەشكەرلىرىنى سەددىچىن دەرۋازىسىدىن تەكلىپ قىلىپ ئەكىرگەنلىكى ئۆزىنىڭ پايدا - زىيىنىنى ئويلىغاندا « ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلى ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ » غانلىقىنىڭ ئەمەلىي مىسالى ...

4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى

قوشۇمچە ئىلاۋە :

ئەسلى ماۋزۇسى « ئىچنى تىنچلاندۇرۇش ۋە تاشقىرىدىن مۇداپىئە كۆرۈش » ئىدى .

5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى

**ئىزاھات**

① بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 - يىلى 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى « شېنباۋ » گېزىتىنىڭ « ئەركىن پاراڭ » بېتىگە خې جياگەن ئىمزاسىدا بېسىلغان .

② 〈ئىچنى تىنچلاندۇرۇش ۋە تاشقىرىدىن مۇداپىئە كۆرۈش〉 — 1931 - يىلى 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى گومىنداڭنىڭ تاشقى ئىشلار بۇجاڭى گۇ ۋېيجۈننىڭ قەسەم بېرىپ خىزمەت تاپشۇرۇۋېلىش يىغىنىدا جياڭ جيېشى 〈 ئۆز قولى بىلەن يازغان يوليورۇقى 〉 دا 〈 تاشقىرىدىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىچنى تىنچلاندۇرۇش 〉 دېگەن ئەكسىيەتچىل يۆنىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان . 1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى جياڭ جيېشى نەنچاڭدا گومىنداڭ ھەربىي باشلىقلىرىغا يەنە 〈 ئىچنى تېچلاندۇرغاندىلا تاشقىرىدىن مۇداپىئە قىلغىلى بولىدۇ 〉 دەپ ، ئۆزىنىڭ كوممۇنىزمغا قارشى ۋەتەن ساتقۇچلۇق سىياسىتىنى ئاقلىغان . شۇ چاغلاردا بەزى گېزىت - ژۇرناللاردا 〈 ئىچنى تېچلاندۇرۇش ۋە تاشقىرىدىن مۇداپىئە كۆرۈش 〉 مەسىلىسى ھەققىدە يېزىلغان ماقالىلەر كەينى - كەينىدىن ئېلان قىلىنغان .

③ جىن ، سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ۋەقەلەر — غەربىي جىن

سۇلالىسىنى ھون ئاقسۆڭەكلىرى قۇرغان خاقانلىق يوقاتقان؛ شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنى نۇجېن مىللىتى قۇرغان جىن خاندانلىقى يوقاتقان؛ جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى موڭغۇللار قۇرغان يۈەن سۇلالىسى (يەنى چىڭگىزخان ھاكىمىيىتى) يوقاتقان.

④ خەلقنى خۇددى چوپ ئورغاندەك قىردى. ساپ ۋىجدان ئىگىلىرىنى ئۆلتۈردى — مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ھەرەم ئاغىسى ۋېي جۇڭشەنلەر دۆڭچاڭ كىمخابلىق قاراۋۇل تىنچىتىش مەھكىمىسى قاتارلىق ئىشپىيونلۇق ئاپپاراتلار ئارقىلىق خەلقنى دەھشەتلىك ئەزگەن ۋە قىرغان. ۋېي جۇڭشيەننىڭ شىرىكلىرى ئۆزلىرىگە قارشى كۆڭلى تۈز ئەمەلدارىنى، يەنى دۇڭلىنچىلارنى 《شاھانە تىزىم》، 《يوقلىما دەپتىرى》 دېگەندەك يوقلىما دەپتەرلىرىگە كىرگۈزۈپ، ئىسمى بويىچە ئۆلتۈرگەن. شۇ چاغدا ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدا مانجۇلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن نۇرغاچ (يەنى چىڭ تەيزۇ) مىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەنلى 44 - يىلى (1616 - يىلى) خانلىق تەختىگە چىقىپ، لەشكەر تارتىپ، مىڭ سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلىۋاتقانىدى.

⑤ لى زىچېڭ (1645 — 1606) — شەنشى ئۆلكىسى مىجى ناھىيىسىدىن، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ داھىيسى. 1629 - يىلى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. 1644 - يىلى 2 - ئايدا شىئەندە داشۇن دۆلىتىنى قۇرغان. شۇ يىلى 4 - ئايدا بېيجىڭنى ئىشغال قىلىپ، مىڭ سۇلالىسىنى ئاغدۇرغان كېيىن شەنخەيگۇەننى ساقلاپ ياتقان مىڭ سۇلالىسىنىڭ لەشكەر بېشى ۋۇسەنگۈي مانجۇ لەشكەرلىرىنى باشلاپ شەنخەيگۇەندىن ئۆتۈپ قوزغىلاڭچى قوشۇننى باستۇرغان. لى زىچېڭ مەغلۇب بولۇپ، بېيجىڭدىن چېكىنىپ چىقىپ، 1645 - يىلى خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ تۇڭشيەن ناھىيىسىدىكى جۇگۇن تېغىدا پومېشچىك قوراللىق قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

⑥ ئايسىن گور — چىڭ سۇلالىسى خان جەمەتىنىڭ پەمىلىسى. مانجۇ تىلىدا ئالتۇننى «ئايسىن»، مىللەتنى «گور» دەپ ئاتىغان.

⑦ شۈەنيۈەن — رىۋايەتتىكى خەنزۇ مىللىتىنىڭ تۇنجى بوۋىسى. «تارىخنامە»، بەش پادىشاھ تەزكىرىسى» دە «خۇاڭدى شاۋ دەننىڭ بالىسى، فامىلىسى گۇڭسۇڭ، ئىسمى شۈەنيۈەن» دەپ يېزىلغان.

⑧ ۋېي جۇڭشيەن (1627 — 1568) — خېجەنسۇنىڭ (ھازىر خېبېي ئۆلكىسىگە تەۋە جاي) دىن، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى تەنچى يىلىدا ھەممە ھوقۇقنى تارتىۋالغان ياۋۇز، ئۆز بېشىمچى ھەرەم ئاغىسى بولۇپ، دۆڭچاڭ نامىلىق ئىشپىيونلار ئىدارىسىنى باشقۇرۇپ، نۇرغۇن كىشىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان، شۇ



چاغدا ئۇنىڭ قولتۇغىغا كىرىۋالغانلار بەس - بەس بىلەن خۇشامەت قىلىشقان. «مىڭ يىلنامىسى. ۋېي جۇڭشيەن تەزكىرىسى» دە يېزىلىشىچە: «نائەھلىلەر ھەدەپ خۇشامەت قىلغان»، «ۋېي جۇڭشەننىڭ قولتۇغىغا ئارقا - ئارقىدىن كىرىپ ئۇنىڭ ئاسراندى بالىسى بولغان»، «تالىپ لۇ ۋەنلىن ۋېي جۇڭشيەننىڭ ھەيكىلى كۇڭزى ئىبادەتخانىسىغا قويۇلسۇن دەپ تەكلىپ بەرگەن».

⑨ «دوستلارغا ھەدىيە قىلسام قىلمەنكى، قوللىرىمغا بەرمەيمەن» — بۇ **گاڭ يىنىڭ سۆزى. گاڭ يى (1900 — 1834) مانجۇ كۆككىرغاق تۇغلۇقلىرىدىن،** ئۇ چىڭ سۇلالىسىدە ۋاڭ، بەگ، ۋەزىرلەردىن چىققان جاھىل ئۇنسۇر بولۇپ، ھەربىي مەخپىيەتلىك ئىشلىرى ۋەزىرى بولغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى يېڭىلىققا كۆچۈش. قانۇن ئۆزگەرتىش ۋاقتىدا، ئۇ دائىم كىشىلەرگە «ئائىلەمنىڭ تەئەللۇقاتلىرىنى دوستلىرىمغا ھەدىيە قىلسام قىلمەنى، قۇللىرىمغا بەرمەيمەن» دېگەن (لياڭ چىچاۋنىڭ «ۋۇشۇي سىياسىي ئۆزگىرىش خاتىرىسى» 4 - تومىغا قارالسۇن). ئۇنىڭ دوستلىرىم دېگىنى جاھانگىر دۆلەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

# ھەييارلىق سەنئىتى ①

شەرقىي جېجياڭنىڭ قايسىبىر يېرىدىكى ② چاڭچېلە ئارتىسلىرى ئىچىدە « مۇغەمبەر » دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل رول بار ، چىرايلىقراق قىلىپ ئېيتساق ، « ھەييار » دېگەننىڭ ئۆزى شۇ . ئۇنىڭ قىزىقچىغا ئوخشمايدىغان يېرى شۇكى ، ئۇ زوراۋانلىق قىلىشتىن تەپ تارتمايدىغان سەتەڭ بايۋەچچىلەرنىڭ رولىنى ئالمايدۇ ، ۋەزىرنى ھىمات قىلىپ ئۆكتەملىك قىلىدىغان دورغىلارنىڭ رولىغىمۇ چىقمايدۇ ، ئۇ پەقەت بايۋەچچىلەرنى قوغدايدىغان ئاتارمەنلەرنىڭ ياكى بايۋەچچىلەرنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ يۈرىدىغان چاپارمەنلەرنىڭ رولىنى ئورۇندايدۇ . قىسقىسى ، ئۇنىڭ مەرتىۋىسى قىزىقچىدىن ئۈستۈن . خۇلق - مىجەزى بولسا قىزىقچىدىنمۇ بەتتەر .

مالاينىڭ ③ رولىنى ، قېرىلارنىڭ رولىنى ئوينايدىغانلار ئورۇندايدۇ . مالاي ئاۋۋال پەند - نەسىھەت قىلىدۇ ، ئاخىر ئۆز خوجايىنى يولىدا جان بېرىدۇ ؛ كاززاپنىڭ رولىنى قىزىقچى ئورۇندايدۇ ، ئۇ يامانلىق قىلىپ ، ئاخىر ئۆز بېشىنى يەيدۇ . لېكىن ، ھەييارنىڭ ھۈنىرى باشقىچە بولىدۇ ، ئۇ تۇرقىدىن يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرگە بىرئاز ئوخشاپ كېتىدۇ ، ئۇنىڭ قولىدىن مۇزىكا چېلىشمۇ ، شاخمات ئويناشمۇ ، يېزىش - سىزىشمۇ كېلىدۇ ، ۋاقتى كەلگەندە ساقىيلىقمۇ قىلالايدۇ ، تېپىشماق تېپىش ئويۇنىنىمۇ ئوينالايدۇ ؛ لېكىن ئۇنىڭ پاناھ قىلىدىغىنى دۆلەتمەن ھوقۇقدار ، خارلايدىغىنى پۇخرا ؛ كىمىكى زۇلۇمغا ئۇچرىغان بولسا ، خۇشال بولۇپ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىدۇ ، كىمىكى تۆھمەتكە قالغان بولسا ، ئۇ ھايت - پايت دەپ ئۇنى قورقۇتۇپ قويىدۇ . لېكىن ئۇ ھەممىشە شۇ ھالدا تۇرىۋەرمەيدۇ ، كۆپ چاغلاردا يەنە سەھنە ئالدىدا ئولتۇرغان تاماشىچىلارغا قاراپ ، ئۆزىنىڭ بايۋەچچىسىنىڭ كەمچىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ : «قاراڭلار بۇ بىرنېمىنى ، مانا ئەمدى ئەدىبىنى يەدىغان بولدى !» ④ دەپ ، غەلىتە



قىلىق بىلەن بېشىنى چايقايدۇ .

مانا مۇشۇ ئاخىرقى قىلىقى ھەييارنىڭ خۇسۇسىيىتى . چۈنكى ئۇ مالايدەك كالۋا ئەمەس ، كاززاپتەك چاندۇرۇپمۇ يۈرمەيدۇ ، ئۇ زىيالىي . ئۇنىڭ ئۆزى پاناھ تارتىپ تۇرىدىغان مۇز تاغنىڭ مەڭگۈلۈك بولماسلىقىغا ، كېيىنكى كۈنلەردە باشقىلارغا گۇپپاڭچىلىق قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىدۇ ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆز خوجايىنى ئاش - نان بېرىۋاتقان ، ئۆز خوجايىنىنىڭ سايىسىدە گىدىيىپ يۈرۈۋاتقان چاغلىرىدىمۇ شۇ خوجايىنى — شۇ ئېسىلزادە بىلەن بىر قوۋم ئەمەستەك قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ .

ھەييارلار تەييارلىغان سەھنە ئەسەرلىرىدە بۇنداق رول بولمايدۇ ، ئەلۋەتتە ؛ ئۇلار بۇنى تەن ئالمايدۇ . قىزىقچىلار يەنى سەتەڭ بايۋەچچىلەر تەييارلىغان سەھنە ئەسەرلىرىدىمۇ بولماسلىقى مۇمكىن ، چۈنكى ئۇلار بىر تەرەپىنىلا كۆرۈپ ، يەنە بىر تەرىپىنى خىيالىغا كەلتۈرەلمەيدۇ . لېكىن ، مۇغەمبەرلەرنى بولسا پۇخرالار تازا ئوبدان بىلىدۇ ، شۇڭا ئۇلارنى تېپىكلەشتۈرۈپ ، رولغا كىرگۈزىدۇ .

جاھاندا دۆلەتمەن ھوقۇقدارلارلا بولىدىكەن ، ياۋۇز كۈچلەر بولماي قالمايدۇ ؛ ياۋۇز كۈچلەر بولىدىكەن ، مۇغەمبەرلىك بولماي قالمايدۇ ، مۇغەمبەرلىك سەنئىتىمۇ بولماي قالمايدۇ . بىرەر تۈرلۈك ژۇرنالنى ئېلىپ ، ئۇنى بىرەر ھەپتە ئوقۇيدىغان بولساق ، ئۇنىڭ بىردەم باھاردىن زارلىنىدىغانلىقىنى ، بىردەم ئۇرۇشنى مەدھىيىلەيدىغانلىقىنى ، بىردەم بىرنارد . شاۋ ⑤ نىڭ نۇتۇقلىرىنى تەرجىمە قىلىدىغانلىقىنى ، بىردەم نىكاھ مەسىلىسى توغرىسىدا سۆزلەيدىغانلىقىنى كۆرىمىز ؛ لېكىن شۇ ئارىلىقتا دۆلەتنىڭ ئىشلىرىغا نارازى بولغانلىقىنى مەردانىلىك بىلەن بىلدۈرۈپمۇ قويىدۇ ، مانا بۇ ئۇنىڭ ئاخىرقى ھۈنىرىنى ئىشلەتكەنلىكى .

بۇ ئاخىرقى ھۈنىرى بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ گۇپپاڭچى ئەمەسلىكىنى پەردىلەپ تۇرسىمۇ ، لېكىن پۇخرالار چۈشىنىپ بولغان ، شۇڭا ئۇنىڭ تېپى سەھنىدە ئاللىقاچان پەيدا بولۇپ قالغان .

ئىزاھات

① بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى فىڭ جيۇي (يەنى فېئودپۇش — فېئودالىزمنىڭ پۇشتى) دېگەن ئىمزا بىلەن « شېنباۋ » گېزىتىنىڭ « ئەركىن پاراڭ » بېتىگە بېسىلغان.

② بۇ يەردە « شاۋشىڭ چاڭچىلىسى » كۆزدە تۇتۇلغان.

③ « مالاي » — چاڭچىلىلەردە ئۆز خوجىسىغا ئىخلاس قىلىپ سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىدىغان ئادەم. « مالاي » ئوبرازى ئىجابىي قەھرىمان سۈپىتىدە تەرىپلىنىدۇ؛ بۇنداق رولنى « مويسىپىت ئارتىست » ئويناپ چىقىدۇ.

④ بۇ سۆز ئەسلىدە «شاۋ شىڭ چاڭچىلىسى » دىكى ئەنئەنىلىك سەھنە ئەسىرى « بەش گۈزەل » دىكى « باغدا ئېسىپ ئۇرۇش » دېگەن كۆرۈنۈشتىن ئېلىنغان، بىر خۇمسا بايۋەچچە باشقا بىراۋنىڭ قىزىنى ئېلىپ قېچىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ چاكارلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ بارغىنىدا تۇتۇلۇپ قالىدۇ، قىز ئىگىسى ئۇنى ئېسىپ قويۇپ ئۇرىدۇ. خۇمسا بايۋەچچە تارسىلداپ قامچا يەۋاتقاندا، قېرى چاكار تۆۋەندە ئويۇن كۆرۈۋاتقانلارغا قاراپ: « قاراڭلار ! بۇ بىرنېمىنى مانا ئەمدى پالاكەتچىلىككە قالىدىغان بولدى !» دەيدۇ.

⑤ گېئورگى بېرناد شاۋ (1856 — 1950) — ئەنگلىيەلىك دراماتورگ ئەدىبىي تەنقىدچى. ئۇ 1933 ـ يىلى جۇڭگوغا زىيارەتكە كەلگەن.



# جۇڭگو بىلەن گېرمانىيىنىڭ كىتاب كۆيدۈرۈشىنىڭ پەرقى ۋە ئوخشاشلىقى توغرىسىدا ①

گېرمانىيىدىكى گىتلېر ئەپەندىلەر كىتابلارنى كۆيدۈرۈۋىدى ②، جۇڭگونىڭ ۋە ياپونىيىنىڭ مۇلاھىزىچىلىرى بۇ ئەھۋالنى چىن شىخۇاڭغا ③ ئوخشىتىشىۋاتىدۇ. لېكىن، چىن شىخۇاڭغا ھەقىقەتەن ناھايىتى ئۇۋۋال قىلىشماقتا، ئۇنىڭ زىيان تارتقان يېرى ئىككى ئەۋلاد ھۆكۈم سۈرۈش بىلەنلا ھالاك بولۇپ كەتكەنلىكى ④؛ شۇنىڭ ئۈچۈن، بەزى گۈپپاڭچىلار ئۆزلىرىنىڭ يېڭى خوجايىنىنى دەپ، ئۇنىڭ غەيۋەت ـ شىكايىتىنى قىلماقتا.

دۇرۇس، چىن شىخۇاڭ كىتابلارنى كۆيدۈرۈۋەتكەن، كىتابلارنى كۆيدۈرۈشتە ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى كۆزلىگەن. لېكىن، ئۇ دېھقانچىلىق ۋە تېبابەتچىلىك كىتابلىرىنى كۆيدۈرمىگەن؛ ئۇ بىرمۇنچە غەيرىي ئىقلىملىق « مېھمان مەنسەپدار » ⑤ لارنى قوبۇل قىلىپ ئۆز خىزمىتىگە سالغان، نۇقۇل « چىن ئىدىيىسى » گىلا بېرىلىپ كەتمەي، ئەكسىچە ھەر خىل ئىدىيىلەرنىڭ جەۋھىرىنى قوبۇل قىلغان. چىن دەۋرىنىڭ ئادەملىرى كىچىك بالىلارنى قەدىرلەيتتى؛ چىن شىخۇاڭنىڭ ئانىسى جاۋ ئىقلىمىدىن بولغان ئايال ئىدى، جاۋ ئىقلىمى ئاياللارنى قەدىرلەيتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن « ئۆمرى كوتا چىن » نىڭ يادنامىلىرىدىمۇ ئاياللارنى ئاياغ ئاستى قىلغانلىقنىڭ ئالامەتلىرىنى كۆرگىنىمىز يوق.

لېكىن گىتلېر ئەپەندىلەر ئۇنداق ئەمەس، ئۇنىڭ كۆيدۈرگىنى ھەممىدىن ئاۋۋال « غەيرىي نېمىس ئىدىيىسى » دىكى كىتابلار؛ ئۇ غەيرىي ئىقلىملىق مېھمان مەنسەپدارلارنى قوبۇل قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان؛ ئاندىن قالسا، جىنس توغرىسىدىكى كىتابلارنى كۆيدۈردى، يەنى جىنسىي ئەخلاقنىڭ ئازادلىقىنى ئىلمىي يول بىلەن تەتقىق قىلىشنى يوقاتتى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئاياللار ۋە كىچىك بالىلارنىڭ قەدىمكىگە ئوخشاش ھالغا

چۇشۇپ ، يورۇقلۇقنى كۆرەلمەسلىكى چوقۇم . ئۇلار چىن شىخۇاڭنىڭ
يوللارنى ، ئىملانى ئوخشاش قىلىپقا چۈشۈرۈش ⑥ ... دېگەندەك ئىشلى-
رىنىڭ بىرىنىمۇ قىلالىغان ئەمەس .

ئەرەبلەر ئىسكەندەرىيە قەلئەسىگە بېسىپ كىرگەندە ئۇ يەردىكى
كۇتۇپخانىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن ⑦ . ئۇلار : ئەگەر ئۇ كۇتۇپخانىدىكى كى-
تابلاردا ئېيتىلغان گەپلەر « قۇرئان » دىكى بىلەن ئوخشاش بولىدىغان
بولسا ، « قۇرئان » كۇپايە قىلىدىغۇ ، شۇڭا ئۇلارنى قالدۇرۇش شەرت ئە-
مەس ؛ ئەگەر ئوخشاش بولمايدىغان بولسا ، كۇپۇرلۇق ، ئۇلارنى
قالدۇرۇش شەرت ئەمەس ، دېگەن پەتىۋانى چىقارغان . گىتلېر ئەپەندى-
لەرنىڭ بىۋاسىتە پىرى ئەنە شۇ ئەرەبلەر ؛ — گەرچە ئۇلار « غەيرىي
نېمىس » بولسىمۇ ؛ — ئۇلارنىڭ كىتاب كۆيدۈرۈشلىرىنى چىنىنىڭ كىتاب
كۆيدۈرۈشىگە ئوخشاتقىلى بولمايدۇ .

لېكىن نەتىجە كۆپ چاغلاردا قەھرىمانلارنىڭ مۆلچەرلىرىدىن باش-
قىچە بولۇپ چىقىدۇ . چىن شىخۇاڭ پادىشاھلىقنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە
ئەبەدىي داۋاملاشتۇرۇشنى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن قېرىشقاندەكلا ،
ئاران ئىككى ئەۋلادقا يەتكۇزەلىدى ، دېھقانچىلىق كىتابلىرى بىلەن
تىبابەتچىلىك كىتابلىرىنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتى ، چىندىن بۇرۇنقى بۇنداق
كىتابلارنىڭ ئۇنىڭغىچە بىرىمۇ قالغىنى يوق ئىدى . گىتلېر ئەپەندى
تەختكە چىقىش بىلەنلا كىتابلارنى كۆيدۈرۈپ ، يەھۇدىيلارنى قىرىپ ،
جاھانغا پاتماي كەتتى ، ھەتتا ئۇنىڭ بۇ يەردىكى سېرىق تەنلىك
ساقلاندىلىرىمۇ ⑧ بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ خۇشاللىقنى ئىچىگە پاتۇرالماي ،
ئېزىلگۇچىلەرنى ھە دەپ مەسخىرە قىلماقتا ، بۇ ھەقتە يېزىلغان تەنلىك
ماقالىلەرگە نەشتەردەك ئوقلىرىنى ئاتماقتا ، يەنى ئاشكارا ھالدا
ھومىيىشىپ : سىلەرگە زادى ئەركىنلىك كېرەكمۇ ، يوق ؟ ⑨ ئەركىن
بولمىغاندىن كۆرە ئۆلگەن تۈزۈك ئىدىغۇ ، ھازىر نېمىشقا بۇ يولدا جان
تىكمەيسىلەر ؟ دېيىشمەكتە .

مانا ھازىر ، ئىككى ئەۋلادقا بېرىش بۇ ياتقا تۇرسۇن ، پەقەت يېرىم
يىل بولغان بىر ۋاقىتتا ، گىتلېر ئەپەندىنىڭ مۇرىتلىرى ئاۋسترىيىدە



تەقىپ قىلىنىۋىدى ، پارتىيە ئىزنىكى (卐) مۇ ئۇچ رەڭلىك ئەتىر
گۇلگە ⑩ ئۆزگىرىپ كەتتى . ھەممىدىن قىزىقى شۇكى ، شۇئار تۇۋلاشقا
رۇخسەت قىلىنمىغاندى ، كۆپچىلىك ئادەملەر قولى بىلەن ئاغزىنى توسۇپ
تۇرۇۋالىدىغان ، يەنى « ئاغزىنى ئېتىۋېلىش ئۇسۇلى » نى قوللىنىدىغان
بولدى .

بۇ ھەقىقەتەن چوڭ بىر تەنە . بۇ تەنىنىڭ كىمگە قارىتىلغانلىقى
سورىمىسىمۇ چۈشىنىشلىك ، تەنىنىڭمۇ « چۈشتىكى جۆيلۈش »
ئەمەسلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ . سېرىق تەنلىك ساقلاندىلىرى بۇنىڭغا نېمە
دەيدىكىن تاڭ ؟

6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى

### ئىزاھات

① بۇ ماقالە دەسلەپتە 1933 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى « شېنباۋ »
گېزىتىنىڭ « ئەركىن پاراڭ » بېتىگە « رۇنيۇ » دېگەن تەخەللۇسى بىلەن بېسىل-
غان .

② 1933 ـ يىلى گىتلېر گېرمانىيىدە تەختكە چىقىپ ، دۆلەت باشلىقى
بولۇۋېلىپ « غەيرىي نېمىس ئىدىيىسى » دەپ ئاتالغان كىتابلارنى نەشر قى-
لىشنى ۋە تارقىتىشنى مەنئى قىلغان . 1933 ـ يىل 5 ـ ئايدا بېرلىن ۋە باشقا
شەھەرلەردە كىتابلارنى كۆيدۈرگەن .

③ چىن شىخۇاڭ (مىلادىدىن بۇرۇن 210 — 259 ـ يىللار ) — جەنگۇ
دەۋرىدىكى چىن بەگلىكىنىڭ پادىشاھى ، ئۇ مىلادىدىن 221 يىل ئىلگىرى
مەملىكىتىمىز بويىچە ھوقۇقنى مەركەزگە توپلىغان تۇنجى فېئودال خانلىقنى قۇ-
رۇغان . « تارىخنامە » دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا ، چىن شىخۇاڭ ئۆز ۋەزىرى
لى سىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن ، چىن دەۋرىدىن ئىلگىرىكى دېھقانچىلىق ، تىبا-
بەتچىلىك كىتابلىرىدىن باشقا قەدىمكىي كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن .

④ چىن شىخۇاڭ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئەبەدىي
قالدۇرۇش ئۈچۈن ، قەدىمدىن بۇيانقى تەۋررۈك سۈپەتلەرنى بىكار قىلىپ ، ھۆ-
كۈم سۈرگەن دەۋرىنى سان بىلەن ھېسابلاپ ، ئۆزىنى « شىخۇاڭ » (ئىپتىدائىي
پادىشاھ ) دەپ ئاتىغان . ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ، ۋەزىر لى سى ۋە ھەرەم بېگى جاۋ
گاۋ شاھزادە فۇسۇنى قەست بىلەن ئۆلتۈرۈپ ، چىن شىخۇاڭنىڭ 18 ـ ئوغلى

خۇخەينى پادىشاھ قىلىپ، ئۇنى چىن II دەپ ئاتىدى. چىن II تەختتە ئۈچ يىل (مىلادىدىن 209 — 206 يىل ئىلگىرى) ئولتۇردى، كېيىن جاۋ گاۋ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. چىن II تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە چېن شېڭ، ۋۇگۇاڭ، لىيۇ باڭ ۋە شياڭ جىلار ئىلگىرى - كېيىن قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. مىلادىدىن 206 يىل ئىلگىرى لىيۇباڭ شيەنياڭغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن، شۇنىڭ بىلەن چىن سۇلالىسى ھالاك بولغان.

⑤ جەنگو دەۋرىدە بىرەر بەگلىك باشقا بەگلىكلەردىن بولغان ئادەملەرنى خىزمەتكە قويسا، ئۇلار ( مېھمان مەنسەپدار ) دەپ ئاتىلاتتى، مەسىلەن، چىن شىخۇاڭنىڭ ۋەزىرى لى سى بولسا چۇ بەگلىكلىك ئادەم ئىدى.

⑥ جەنگو دەۋرىدە بەگلەر، ۋاڭ خوجىلار ئۆز ئالدىغا زېمىن تۇتاتتى، ئۇلارنىڭ تۈزۈملىرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايتتى، چىن شىخۇاڭ ئالتە بەگلىكنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ھارۋا يوللىرىنى ئوخشاش بىر قېلىپقا چۈشۈرگەن. ئىملانىمۇ ئوخشاش قېلىپقا چۈشۈرگەن، پۇل ۋە ئۆلچەملەرنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرگەن.

⑦ ئىسكەندەرىيە — مىسىردىكى ئەڭ چوڭ شەھەر، مىلادىدىن 305 — 30 يىل ئىلگىرى ئوتتۇرا دېڭىز بويىچە ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولغان. ئىسكەندەرىيە كۇتۇپخانىسى تورىمى سۇلتانلىقى دەۋرىدە قۇرۇلغان، ئۇنىڭدا كىتاب ناھايىتى مول ئىدى. مىلادىدىن 48 يىل ئىلگىرى رىملىقلار ئىسكەندەرىيە شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن يېرىمى كۆيدۈرۈلگەن، قالغان قىسمى ئەرەبلەر ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن كۆيدۈرۈلگەن.

⑧ سېرىق تەنلىك ساقلاندىلار — بۇ يەردە گىتلېرنى دورىغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

⑨ بۇ يەردە 1933 - يىلى 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شاڭخەيدىكى « ئۇلۇغ ئاخشام گېزىتى » نىڭ « مەشئەل » ناملىق ئەدەبىي بېتىگە فالۇ ئىمزاسى بىلەن بېسىلغان « زادى ئەركىنلىك كېرەكمۇ، يوقمۇ ؟ » دېگەنگە ئوخشاش ماقالىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

⑩ 1933 - يىلىنىڭ باشلىرىدا گىتلېر تەختكە چىققاندىن كېيىن دەرھال گېرمانىيە بىلەن ئاۋستىرىيىنى بىرلەشتۈرۈش ھەرىكىتىنى پائال يولغا قويغان. ئاۋستىرىيىدىكى فاشىستلار پارتىيىسىمۇ ئاۋستىرىيىنىڭ گېرمانىيىگە پاتراق قوشۇلۇپ كېتىشىنى ئارزۇ قىلغانىدى. شۇ چاغدا ئاۋستىرىيە زۇڭلىسى تولفىس فاشىستلارنىڭ قوشۇلۇش ھەرىكىتىگە قارشى تۇرۇپ، 5 - ئايدا دۆلەت بايرىقىدىن باشقا پارتىيىلەر بايراقلىرىنى ئېسىشنى مەنئى قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈرگەن، 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى



ئاۋستىرىيە دۆلەت سوتسىيالىستلار پارتىيىسىنى تارقىتىۋەتكەن، شۇ پارتىيىنىڭ ئىزناكلىرىنى ئېسىشنى مەنئىي قىلغان، فاشىستلار پارتىيىسىنىڭ بەزى ئەزالىرى 卐 دېگەن بەلگە ئورنىغا قارا، قىزىل ۋە ئاق رەڭلىك ئەتىرگۈلنى قوللانغان، بەزىسى شۇئار توۋلىغانىغا ئىشارەت ئورنىدا تىك تۇرۇپ، ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ، سول قولى بىلەن ئاغزىنى ياپقان.

## «ساختا ئەركىنلىكنامە» گە خاتىمە ①

«ئەركىن پاراڭ» غا ماقالە بەرگەنلىكىمنىڭ سەۋەبلىرىنى «مۇقەددىمە» مدە يازدىم. شۇنىڭ بىلەن، ئەسلى ماقالە تۈگىگەندى، لېكىن ئېلېكتىر چىراغ يورۇپ تۇرۇپتۇ، پاشىلار بىرئاز جىمىقىپ قاپتۇ، «ئەركىن پاراڭ» بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم سەۋەبىدىن چىققان بەزى ئۇششاق - چۈششەك گەپ - سۆزلەرنى «ئاخىرقى جوۋىسى» سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قايتا بىلەن قەلەمنى قولۇمغا ئالدىم.

بىر قاراش بىلەنلا بىلگىلى بولىدۇكى، مەن قىسقا مۇلاھىزىلەرنى ئېلان قىلغان چاغلىرىمدا ماڭا ھەممىدىن قاتتىق ھۇجۇم قىلغىنى «ئۇلۇغ ئاخشام» گېزىتى بولدى. بۇ ئۇنىڭ مەن بىلەن ئاتام زاماندىن تارتىپ ئاداۋىتى بولغانلىقىدىن بولغان ئەمەس، ئۇنىڭدىكى سۆزلەرنى نەقىل كەلتۈرگەنلىكىمدىن بولدى. لېكىن مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئاتام زاماندىن تارىپ ئاداۋىتىم بولغانلىقىدىنمۇ بولغان ئەمەس، مېنىڭ ئوقۇيدىغىنىم پەقەت «شېنباۋ» گېزىتى بىلەن «ئۇلۇغ ئاخشام» گېزىتى بولغانلىقىدىن بولدى. «ئۇلۇغ ئاخشام» گېزىتىنىڭ سۆزلىرى كۆپ چاغلاردا تولىمۇ غەلىتە تۇيۇلغاچقا، ئۇنىڭدىن نەقىل كەلتۈرۈپ ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىراتتىم. مانا ھازىر ئالدىمدا تاماكا ئوراپ كەلگەن، 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى چىققان كونا «ئۇلۇغ ئاخشام» گېزىتى تۇرۇپتۇ، بۇنىڭدا مۇنداق گەپلەر بار ئىكەن —

«پۇدۇڭلۇق ياڭ جياڭشېڭ، 41 ياش، قىياپىتى سەت، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەمبەغەل؛ ئۇ ئەزەلدىن تامچى ئىكەن. ئۇ سۇجۇلۇق شېڭ باۋشەننىڭ ئۆيىدە تامچىلىق قىلىۋاتقانىكەن، شېڭ باۋشەننىڭ ئەمدىلا 15 ياشقا كىرگەن، ناھايىتى ۋىجىك، سايىق بولۇپ كەتكەن شېڭ جىندى ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىكەن. تۈنۈگۈن ئاخشام سائەت سەككىزدە ياڭ جياڭشېڭ خۇڭكۇ رايونىنىڭ تيەنتۇڭ كوچىسىدا شېڭ جىندىنى ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭغا باسقۇنچىلىق قىپتۇ. ساقچىلار ياڭ جياڭشېڭدىن سورىسا، ئۇ ئۆتكەن يىل 28 - يانۋاردىن تارتىپ ئون نەچچە قېتىم باسقۇنچىلىق قىلغانلىقىنى قىلچە تانماستىن ئىقرار قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ساقچىلار شېڭ جىندىنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتۈپ كۆرسە، دوختۇرلار ئۇنىڭ قىزلىقىنىڭ يوقالغانلىقىنى ئېنىقلاپ بېرىپتۇ. بۈگۈن سەھەردە ياڭ جياڭشېڭنى 1 - ئالاھىدە رايونلۇق سوتقا ئەۋەتىپ بەرگەنىكەن، سوراقچى ليۇ يۈيگۈي سوراق قىپتۇ؛ پولتسىيە ئىدارىسىنىڭ ئادۋوكاتى ۋاڭ ياۋتاڭ: جاۋابكار 16 ياشقا توشمىغان قىزنى ئازدۇرغان، كېيىنكى بىرنەچچە قېتىمدا قىز جاۋابكارنىڭ ئۆيىگە ئۆزى بېرىپ تېپىشقان بولسىمۇ، قانۇن بويىچە يەنىلا باسقۇنچىلىق جىنايىتىگە ھېسابلاپ جاۋابكارلىققا تارتىش كېرەك، دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، قىزنىڭ ئاتىسى شېڭ باۋشەننى چاقىرتىپ سورىسا، ئۇ: دەسلەپتە بۇ ئىشتىن خەۋىرىم يوق ئىدى، ئالدىنقى كۈنى ئاخشىمى بىرەر سەۋەب بىلەن قىزىمغا كايىغاندىم، قىزىم شۇ چىقىپ كەتكىنىچە يوقىلىپ كېتىپ، تۈنۈگۈن سەھەردە قايتىپ كەلدى، قاتتىق سۈرۈشتۈرۈپ سورىسام، جاۋابكارنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالغانلىقىنى، جاۋابكارنىڭ ئازدۇرۇپ باسقۇنچىلىق قىلغانلىقىنىڭ ئۆتمۈشىنى سۆزلەپ بەردى، ئەنە شۇ چاغدىلا ئەھۋالنى چۈشىنىپ، جاۋابكارنى ياقىسىدىن تۇتقىنىمچە پولتسىيە ئىدارىسىگە ئېلىپ باردىم، دەپتۇ. ئاندىن كېيىن، شېڭ جىندى: جاۋابكار بۇلتۇر 2 - ئايدىن تارتىپ ئون نەچچە قېتىم باسقۇنچىلىق قىلدى، ھەر قېتىمدا جاۋابكار مېنى قىچقىرىپ ئاپاردى ۋە ئاتا - ئانامغا ئېيتماسلىقنى تاپشۇردى، دەپتۇ. ياڭ جياڭشېڭنى سوراق قىلسا، ئۇ: شېڭ باۋشەننىڭ قىزى ئىلگىرىدىن مېنى تاغام دەپ ئاتايتتى، باسقۇنچىلىق قىلغۇم كەلگەن بولسىمۇ لېكىن بۇ ئىشقا قولۇم بارمىدى، زادىلا ئۇنداق ئىش بولغىنى يوق؛ ئون نەچچە قېتىم دېگىنى مېنىڭ شېڭ باۋشەننىڭ قىزىنى ئون نەچچە قېتىم بىللە ئاچىقىپ تاماشا قىلدۇرغانلىقىمغا قارىتىلغان گەپ دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، سوراقچى ليۇ يۈيگۈي بۇ ۋەقەنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشنى زۆرۈر تېپىپ، جاۋابكارنى كېيىنچە سوراق قىلىش ئۈچۈن قاماپ قويۇپ تۇرۇشنى تاپشۇرۇپتۇ.»

بۇ بايانىدىن ئېنىق بولۇپ تۇرۇپتۇكى، شېڭ باۋشەن ياڭ جياڭشېڭ بىلەن «ئەركان» لىق مۇناسىۋىتىم بار دېگەن گەپنى قىلمىغان. ياڭ جياڭشېڭ بولسا، قىز مېنى «تاغا» دەپ ئاتايتتى، دېگەن؛ بۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ ئادىتى، جۇڭگولۇقلار ئۆزىدىن ئون ياشلار چامىسىدا چوڭراق بولغان ئادەملەرنى كۆپ چاغلاردا «تاغا»، «ئاتا» دەپ ئاتاي-

دۇ. لېكىن « ئۇلۇغ ئاخشام » گېزىتى قانداق ماۋزۇ قويغان؟ 4 – ۋە 1 – نومۇرلۇق چوڭ ھەرپ بىلەن مۇنداق ماۋزۇ قويغان —

« يولدا توسۇۋېلىپ، ياقىسىدىن سۆرىگىنىچە پولىتسىيە ئىدارىسىگە ئېلىپ بېرىپ ئەرز قىپتۇ، ئۆگەي تاغىسى تاغىسىنىڭ قىزىغا باسقۇنچىلىق قىپتۇ، قىز ئۇن نەچچە قېتىم باسقۇنچىلىق قىلىنغانلىقىنى ئېيتىپتۇ، ئەركەك ھەۋەسكە بېرىلمىگەنلىكىنى، تاماشا قىلدۇرغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. »

بايانىدا « تاغا » دېگەن سۆزنىڭ ئالدىغا « ئۆگەي » دېگەن سۆز قويۇلغان، نەتىجىدە « قىز » « تاغىسىنىڭ قىزى » غا ئايلانغان، شۇنىڭ بىلەن ياڭ جېڭشېڭمۇ شۇ مۇناسىۋەت بىلەن راۋا بولمايدىغان ئىشنى قىلغان يەنى « قەۋم – قېرىندىشىنىڭ نومۇسىغا تەگكەن » ياكى شۇنىڭغا يېقىنراق كېلىدىغان ئېغىر گۇناھنى ئۆتكۈزگەن ئادەم بولۇپ قالغان. جۇڭگونىڭ موللىلىرى ئىنسانلاردا ئىنساپ – تەۋپىقنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەنلىكىگە ھەسرەت چېكىدۇ، ئادەمزات ئارىسىدا شەرىئەتتىن چىققانلار توغرىسىدا ھېكايە چىقماي قالمىسۇن دەپ، بۇنداق ۋەقەلەرنى ئاتايىتەن قەلەم بىلەن ئايغىلاپ، پەس ئارزۇ – ھەۋەسلەرگە بېرىلىدىغان كىتابخانلارنى خۇماردىن چىقىرىشقا تىرىشىدۇ. ياڭ جياڭشېڭ تامچى، ئۇ بۇنداق ماقالىلەرنى كۆرمەيدۇ، كۆرگەن تەقدىردىمۇ ئېتىراز بىلدۈرۈشكە ئامالى يوق، شۇڭا موللىلار قانداق يازسا ئۆزىنىڭ مەيلى؛ لېكىن ئىجتىمائىي تەنقىدچىلەرنىڭ ئەيىبلەش ۋەزىپىسى بار. بىراق، ئەيىبلەش بۇ ياقتا تۇرسۇن، پەقەت بىرنەچچە جۈملە غەلىتە سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ قويغانغىلا، ئۇلارنىڭ « غوجام » لىرى، « ئاغلاقچى كۈچۈك » لىرى ② ئۆزلىرى خۇددى قورسىقىنى تاختا بېشىغا ئېلىپ قويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ بالا – چاقىلىرىدىن تارتىپ جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىۋاتقان جەڭگەرلىك ئادەملەردەك كاككىشىپ قاۋاپ كېتىشتى. دۇرۇس، گېزىتخانا باشلىقىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىمىز، لېكىن غوجىسىنىڭ يەنى « دوكا » سىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەلىگىنىمىز يوق؛ دوكا سودىگەرلەرنىڭمۇ ئىلكىدە ئەمەس، ھۆكۈمەتنىڭ ئىلكىدىمۇ ئەمەس دەيلى دېسەك، مەتبۇئات



ساھەسىدە ئۇنداق گېزىتنى تېپىش تەس. لېكىن بۇ سىرنى بۇ يەردە تەتقىق قىلمىغىنىمىزمۇ ياخشى.

« ئەركىن پاراڭ » غا دىققەت قىلىشتا « ئۇلۇغ ئاخشام گېزىتى » دىن قېلىشمايدىغانلار ئىچىدە « ئىجتىمائىي ئاخبارات » ③ مۇ بار. لېكىن بۇ ژۇرنال چۈشىنىشلىك يېزىشقا بولمايدىغان ياكى چۈشىنىشلىك يېزىشنى خالىمايدىغان ماقالىلەرنى ئىشلەتمەي، پەقەت جىڭ بىلەن جاسى ئۇماچتەك ئارىلاشتۇرۇلغان بايانلارنىلا ئىشقا سالىدۇ. مەسىلەن: « ئەركىن پاراڭ » نى ئىسلاھ قىلىشنىڭ سەۋەبلىرى توغرىسىدا ئېيتقانلىرىنىڭ جىڭ ياكى جا ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغىلى بولمىسىمۇ، لېكىن سىرىنى ئۇنىڭ 2 – جىلد 13 – سانى (2 – ئاينىڭ 7 – كۈنى نەشىردىن چىققان) دىن بىلىپ قالدىم —

## گەپنى « يىلنامە » ۋە « ئەركىن پاراڭ » دىن باشلايمىز

جۇڭگونىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىدە يېڭى ۋە كونا دېگەن پەرق ئەسلىدە يوق ئىدى، 4 – ماي ھەرىكىتى باشلانغان يىلى چېن دۇشيۇ « يېڭى باش » ژۇرنىلىدا بىر پاي توپ ئېتىپ، باشقا بىر تۇغنى تىكلەپ، ئەدەبىيات ئىنقىلابىنى تەشەببۇس قىلدى؛ خۇ شىجى، چيەن شۈەنتۇڭ، ليۇ بەننۇڭ قاتارلىق كىشىلەر ئۇنىڭ كەينىدىن ئەلەم چۆرۈپ دوست تارتتى. شۇ چاغدا جۇڭگو ياشلىرى تاشقى جەھەتتە چەت ئەللەرنىڭ جەبىر – زۇلمىدىن زارلىنىپ، ئىچكى جەھەتتە سىياسىي جەھەتتىن سىقىلىپ، ئۈمىدسىزلىنىپ ۋە تىت – تىت بولۇپ تۇرغانىدى، شۇڭا ياشلار پارلاق نىجاد يول تېپىش ئارزۇسى بىلەن ھەر خىل يېڭى پىكىر ئېقىملىرىنى قىزغىن ھىمايە قىلىپ، ئەدەبىيات ئىنقىلابىنى ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتۈردى. شۇندىن كېيىن جۇڭگودىكى ئەدەبىيات مۇنبىرىدە يېڭى بىلەن كونىنىڭ چەك – چېگرىسى خۇددى ئوتتۇرىدا كەڭ ھاڭ پەيدا بولغاندەك ئايرىلدى؛ بىراق كونا ئەدەبىيات مۇنبىرىنىڭ تەسىرى جەمئىيەتتە ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەچكە، ئۇنى دەرھال تەۋرىتىش قىيىن بولدى. شۇ چاغلاردا كونا ئەدەبىيات مۇنبىرىنىڭ مەشھۇر نەشر ئەپكارى « شەنبە » ئىدى. جاھاندىكى قۇيرۇقلىرىنى شىپاڭلىتىپ يۈرىدىغان ئەدىبلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك « شەنبە » داستىخىنىغا توپلانغان! « شەنبە » گە بېسىلغان ماقالىلەرگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ ئۇنىدىن توققۇزى « يار – ۋاپادارىم »، « ئاھ

جېنىم - ۋاي خېنىم » دېيدىغان ھېكايىلەر بولۇپ، مىللىي خۇسۇسىيەتنى چېكىگە يەتكۈچە خۇنۇكلەشتۈردى، چېرىكلەشتۈردى! قوشماق ئۆردەك، جۈپ كېپىنەكچىلەر ئەدەبىياتى دېگەن نەرسە ئەنە شۇ. ئۇلاردىن شۇي جېنىيا، ۋۇ شۇاڭرې، جۇ شۇجۈەن دېگەن كىشىلەر قوشماق ئۆدەك، جۈپ كېپىنەكلەرنى تەسۋىرلەشتە داڭق چىقارغان. جۇ شۇجۈەن بولسا « شەنبە » چىلەرنىڭ چاپارمىنى. شۇ چاغلاردا يېڭى ئەدەبىيات مۇنبىرى كونا كۈچلەرنىڭ چوڭ ماكانى بولغان « شەنبە » گە كۈچلۈك ھۇجۇم قىلغانىدى، شۇنىڭ بىلەن يېڭى كۈچلەرنىڭ قۇۋۋىتى ئاجىز بولغاچقا، كونا ئېقىمغا فېئوداللىق جەمئىيەت تىرەك بولۇپ تۇرغانلىقتىن ۋە شۇنداق ھىماتىنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن تەشۋىشى بولمىغاچقا، بىر - بىرىگە يول بەرمەي، ئۆز گېپىنى يورغىلىتىپ يۈرگەنىدى. كېيىن يېڭى ئېقىمدىكىلەرنىڭ ئەدەبىي تەتقىقات جەمئىيىتى، ئىجادىيەت تەھرىراتى دېگەندەك تەشكىلاتلىرى كەينى - كەينىدىن قۇرۇلدى، ئادەملىرى كۆپەيدى، تەسىرىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن « شەنبە » گە پەلەكنىڭ گەردىشى بىلەن ئاخىر « ئەجەل يەتتى!» لېكىن شەنبىچىلەرنىڭ قالدۇقلىرى ھازىرمۇ قۇتراۋاتىدۇ، ئۇلار تازىلىنىپ تۈگەيدىغاندەك ئەمەس، شاڭخەيدىكى چوڭ گېزىتلەردە ئەدەبىيات - سەنئەت تەھرىرلىكىنى ھازىرمۇ قوشماق ئۆردەكچىلەر، جۈپ كېپىنەكچىلەر دېگەن بىرنېمىلەر ئۆز چاڭگىلىدا تۇتماقتا. شۇنداق بولسىمۇ، يېقىندىن بۇيانقى نەشرىيات ساھەسىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، يېڭى گۈللەنگەن ئەدەبىيات - سەنئەت جەھەتتە نەشر قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ كۆپلۈكى كونا كۈچلەرنى باش كۆتۈرەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدى! شەنبىچى ئەدىبلەر ئەمدى بىر - بىرىگە « شەنبە » دېگەن نىشان بىلەن چاقىرىق قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى، چۈنكى ئۇلار كىرىپچىنى قويۇۋەتكەن كامايلەكتەك بوشىشىپ قالغان بىر ھالغا چۈشۈپ قالدى! كونا ئۇدۇمنى ساقلاپ كېلىۋاتقان « شېنباۋ » گېزىتى يېقىندا « ئەركىن پاراڭ » نىڭ تەھرىرى، « شەنبە » چىلەرنىڭ سەركىسى جۇ شۇجۈەننى ۋەزىپىسىدىن بوشىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى ئېقىمدىكى يازغۇچى لى لېيشۈېننى قويدى، بۇ ئەھۋال كونا كۈچلەر ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولۇپ، بۈگۈنكى يېڭى ئەدەبىيات مۇنبىرى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن توقۇنۇشنى پەيدا قىلدى. جۇ شۇجۈەن بىر تەرەپتىن كىچىك گېزىتلەرنى قۇترىتىپ، لى لېيشۈېنگە قارشى ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغىدى. جېڭ يىمېينىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكى بىلەن چىقىۋاتقان « ئالماس » ژۇرنىلىنىڭ جۇ شۇجۈەننىڭ « ئەركىن پاراڭ » دىكى ئەسلى ئورنىغا قايتىپ بېرىشى، لى لېيشۈېننىڭ « يىلنامە » گە مەسئۇل مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىشىنى تەشەببۇس قىلغانلىقىغىلا قارايدىغان بولساقمۇ كونا ئې-



قىمىدىكى ئەدىبلەرنىڭ ئاللىقاچان قولدىن كەتكەن ماكانىدىن مېھرىنى ئۈزەلمەيۋاتقانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. يەنە بىر تەرەپتىن، جۇ شۇجۈەننىڭ ئۆزى تەھرىرلەۋاتقان « يىلنامە » دە: تۈرلۈك قوشۇمچە بەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى بار، دەريا سۈيى قۇدۇق سۈيىنىڭ نەسىۋىسىگە چېقىلماسلىقى كېرەك، دېگەنلىكىدىنمۇ جۇ شۇجۈەننىڭ ئۆزىنىڭ ھازىرقى مەۋقەسىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىدىن دەككە - دۈككىدە بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. جۇ شۇجۈەن سۇجۇلۇق بولمىغان يەن دۇخېنى ئۆز ئىلكىدىكى، ساپ سۇجۇلۇقلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت تەشكىلاتى بولغان « يۇلتۇز » تەھرىراتىغا ئۆزىنىڭ مەۋقەسىنى مۇستەھكەملەش غەرىزى بىلەن زورمۇ زو ئۆز تەرىپىگە تارتقان. دېمەك، كونا ئېقىمدىكى كۈچلەرنىڭ مەغلۇب بولماسلىق يولىدا تىرىشىشىنى جۇ شۇجۈەن باشلاپ بەرگەن. مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، جۇ شۇجۈەننىڭ ئۆز مەۋقەسىدىن ئەنسىرىشىنىڭمۇ سەۋەبى بار، ئۇ ئادەتتە ماقالە تاللاش جەھەتتە تولىمۇ قاتتىق قوللۇق ۋە ئىچى تارلىق قىلاتتى، تونۇش ئادەملىرى ئەۋەتكەن ماقالىلەر بولىدىكەن، مەزمۇنىغا قاراپ ئولتۇرماستىن بېسىپ چىقىرىۋېرەتتى؛ نامسىز شاكىچىكلەر ياكى يات ئادەملەر ئەۋەتكەن ماقالە بولسا، ئۇلارنىڭمۇ مەزمۇنىغا قاراپ باقماستىن، تۇتاملاپ - پۇرلاپ، ئەخلەت ساندۇقلىرىغا ئەسىر قىلىپ تاشلايتتى. جۇ شۇجۈەن تەھرىرلىكىدە چىقىۋاتقان ژۇرنالدىكى ئادەملەر ئىچىدە بىرنەچچە ئىلتۇمارى بار ئادەملەر بولغاچقا، ئۇلار ماقالىلەرنى ئىچى تارلىق بىلەن ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ژۇرنالنىڭ مەزمۇنى ئېغىزغا ئالغۇسىز دەرىجىدە ئوساللىشىپ كەتكەن! باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا بارغانسېرى قاتتىق ھۇجۇم قىلىدىغان بولۇپ كەتكەن، مەسىلەن: شۇي شىياۋتيەننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكى بىلەن چىقىۋاتقان « قىزىل يوپۇرماق » مۇ جۇ شۇجۈەنگە بىرقانچە قېتىم قاتتىق پەشۋا بەرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، شى لياڭسەي باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا نارازى بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى ۋەزىپىسىدىن بوشىتىۋەتتى. شى لياڭسەينىڭ بۇ ھەرىكىتىگە جۇ شۇجۈەننىڭ ئۆزى تۇترۇق بولۇپ قالغانلىقىنى، يېڭى ئېقىمدىكىلەر بىلەن كونا ئېقىمدىكىلەرنىڭ بارغانسېرى كەسكىن تۇتۇشۇشىغا زامىن بولغانلىقىنى كىم بىلسۇن؟! كېيىنچە يەنە قىزىق تاماشىلار خېلى جىق چىقىشى مۇمكىن، كىتابخانىلار، قاراپ تۇرۇڭلار!

( ۋېيجى )

لېكىن 2 - جىلد 21 - ساندا (3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى نەشردىن چىققان ) ھاڭ - تاڭ بولۇپ، « كونا مەدەنىيەتنى قوغدىغۇچى قورغان »

نىڭ تەۋرەپ قالغانلىقىغا ھەسرەت چېكىشتى ——

## سولقانات مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ باش كۆتۈرۈشى

شۈي شۇ

سولقانات مەدەنىيەت ھەرىكىتى ھەر تەرەپتىن قاتتىق زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان، ئۆز ئىچىدىن پارچىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن يېقىندىن بۇيان يەنە بارا - بارا باش كۆتۈرۈۋاتقاندەك تۇرىدۇ. شاڭخەيدە سولقانات مەدەنىيەت گۇڭچەنداڭنىڭ «ھەمسەپەرلەر بىلەن ئالاقىلىشىش» لۇشيەنىنىڭ سايىسىدە ھەقىقەتەن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا بىرئاز جانلىنىپ قالدى. ژۇرنال جەھەتتە، ھەتتا تۈنجى نادىر ژۇرناللارمۇ سولچىللىشىپ كەتتى. خۇ يۈيجىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدە چىقىۋاتقان «شەرق ژۇرنىلى» ئەسلىدە جۇڭگو بويىچە تارىخى ھەممىدىن كونا، ھەممىدىن سالماقلىق ژۇرنال ئىدى؛ لېكىن ئۇنىڭ خوجايىنى ۋاڭ يۈنۋۇنىڭ پىكرىگە قارىغاندا، خۇ يۈيجى يېقىندىن بۇيان تولىمۇ سولچىللىشىپ كەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، خۇ يۈيجى كۆرۈپ بولغان ماقالىلەرنىڭ مەتبەئە نۇسخىلىرىنى ۋاڭ يۈنۋۇ يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ چىقىدىكەن. لېكىن ۋاڭ خوجايىن قىڭغىراق بىلەن توغرىغان، پالتا بىلەن چاپقان بولسىمۇ، «شەرق ژۇرنىلى» يەنىلا تولىمۇ سولچىللىقىدىن قالمىغاچقا، خۇ يۈيجىنىڭ ئىشىغا توپا سالماي بولماپتۇ، شۇڭا ئۇنىڭ ئورنىنى لى × ئالغان. يەنە «شىنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتى شەنبىچىلەردىن بولغان جۇ × نىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكى بىلەن چىقىدىغان چاغدا تولىمۇ چىرىكلىشىپ كەتكەنىدى، لېكىن ئۇمۇ ھازىر سولقاناتلار ئىتتىپاقىنىڭ قولىغا كىرىپ كەتتى. لۇشۈن بىلەن شېن يەنبىڭ ھازىر «ئەركىن پاراڭ» نىڭ ئىككى چوڭ تۈۋرۈكى بولۇپ قالدى. «شەرق ژۇرنىلى» تىجارەت نەشرىياتىغا، «ئەركىن پاراڭ» بولسا «شىنباۋ» گېزىتىگە قارايدۇ، تىجارەت نەشرىياتى بىلەن شىنباۋ گېزىتخانىسى كونا مەدەنىيەتنى قوغدىغۇچى قورغان، لېكىن بۇ ئىككى قورغان ھازىر تەۋرەشكە باشلىغاندەك تۇرىدۇ، قالغانلىرىنى ئەنە شۇنىڭدىن پەملەپ بىلىۋالغىلى بولىدۇ، ئەۋەتتە. بۇلاردىن باشقا، يەنە بىرنەچچە ئوتتۇرا دەرىجىلىك يېڭى باسمىخانىلارمۇ پۈتۈنلەي سولقانات يازغۇچىلارنىڭ قولىغا كىرىپ قالدى؛ مەسىلەن: گومورۇ، گاۋ يۈيخەن، دىڭ شياۋشيەن ۋە شېن يەنبىڭلەر بىردىن باسمىخانىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ، شۇلارغا تۈۋرۈك بولۇپ تۇرماقتا؛ بۇلارنىڭ ھەممىسى مەشھۇر قىزىل ئەرباب، باسمىخانىلارنىڭ خوجايىنلىرى ھازىر شۇلارنىڭ



سايىسىدا جان باقماقتا.

. . . . . .

ئۈچ ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، لۇشۈن بىلەن شېن يەنبىڭنى ④ «ئەركىن پاراڭ» نىڭ تۈۋرۈكى (3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى نەشىردىن چىققان 2 - جىلد 28 - ساندا)، دەپ ئېنىق ئېيتىشتى ——

## لى لىيۋېن مەدەنىيەت مەركىزىگە كىرمەپتۇ

«شىنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىنىڭ تەھرىرى لى لىيۋېن بولسا فرانسىيىدە ئوقۇغان، ئانچە ئاتىقى چىقمىغان يېڭى يازغۇچى. ئۇ «ئەركىن پاراڭ» نى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن بۇيان، «ئەركىن پاراڭ» نىڭ گەپ - سۆزلىرى ئۆزگىرىپ كەتتى، ئۇنىڭغا ماقالە يازىدىغانلارمۇ «يۇلتۇز» تەھرىراتىنىڭ «شەنبە» سىدىكى كونىچە ئەدىبلەر بولۇپ، ئۇلار سولقانات پرولېتار يازغۇچىلاردىن بولۇۋالدى. ھازىر «ئەركىن پاراڭ» نىڭ ماشايىخ قىلىۋالغىنى لۇشۈن بىلەن شېن يەنبىڭ. لۇشۈن «ئەركىن پاراڭ» دا «خې جياگەن» دېگەن ئىمزا بىلەن ھەممىدىن كۆپ ماقالە ئېلان قىلماقتا. لۇشۈن بىلەن شېن يەنبىڭنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا ئەسەرلەرنىڭ ئوندىن توققۇزىنى سولقانات يازغۇچىلار، مەسىلەن شى جېيسۇڭ، ساۋ جۈيرېن، لى خۇيىڭ قاتارلىق ئادەملەر يازغان. ئادەتتىكى ئادەملەر «ئەركىن پاراڭ» غا ماقالە بەرگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىنى جۇڭگو سولقانات مەدەنىيەت مەركىزي ئىتتىپاقى (قىسقارتىپ ئاتىلىشى مەدەنىيەت مەركىزى) غا تەۋە دەپ ئويلايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن لى لىيۋېننىمۇ مەدەنىيەت مەركىزىدىكى ئادەم دەپ گۇمان قىلىدۇ. لېكىن لى لىيۋېن ئەپەندى بۇنى رەت قىلىپ، مەدەنىيەت مەركىزىگە كىرگىنىم يوق، يۇقىرىدىكى ئادەملەر بىلەن پەقەت بۇرادەرچىلىك مۇناسىۋىتىملا بار، دەيدۇ.

(يى)

يەنە بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ ئىككىيلەننىڭ «چوڭ پىلانى» (5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى نەشىردىن چىققان 3 - جىلد 12 - ساندا) نى تېپىپتۇ.

## لۇشۈن بىلەن شېن يەنبىڭنىڭ چوڭ پىلانى

لۇشۈن ۋە شېن يەنبىڭ « شېنباۋ » گېزىتىنىڭ « ئەركىن پاراڭ » بېتىنى پاناھ قىلىپ تۇرۇپ ، ئوڭ ـ تەتۈر مۇقامىلىرىنى بازارغا سېلىۋەرگەندىن كېيىن ، ئاممىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋېلىپ ، مۇرادىدىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشۋالدى . لۇشۈن (؟) بىلەن شېن يەنبىڭنىڭ مۇددىئاسى بويىچە ئالغاندا ، بۇ ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ھەرىكىتىنى تىرىلدۈرۈشتە كارغا يارايدىغان سىناقلىرىدىن بىرى ، ئەلۋەتتە . ئاڭلىشىمچە ، ھازىر ئۇلارنىڭ تەشكىلات قۇرۇش ۋاقتى پىشىپ يېتىپ قاپتۇ .

بۇ ھەرىكەتكە قاتنىشىۋاتقان ماشايىخلار ئىچىدە شۇ ئىككىيلەندىن باشقا يۈي دافۇ ، جېڭ جېندو قاتارلىقلارمۇ بار . ئۇلار پىكىرلىشىش نەتىجىسىدە : جۇڭگو بويىچە ئەڭ دەسلەپكى مەدەنىيەت ھەرىكىتى تىل رىشتىسى تەھرىراتى ، ئىجادىيەت تەھرىراتى ۋە ئەدەبىي تەتقىقات جەمئىيىتىنى مەركەز قىلغانىدى ، بۇ تەھرىراتلار غايىب بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ، تىل رىشتىسى بىلەن ئىجادىيەتنىڭ ئادەملىرى تولىمۇ بەك تەبىقىلىنىپ كەتتى ، پەقەت ئەدەبىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ كۆپچىلىك ئادەملىرى مەسىلەن ۋاڭ تۇڭجاۋ ، يې شاۋجۈن ، شۈي جى قاتارلىق ئادەملەر — ھازىرمۇ بىر پىكىردە بولۇپ تۇرماقتا ، دېگەن قاراشقا كەلگەن . شېن يەنبىڭ بىلەن جېڭ جېندو ئەدەبىي تەتقىقاتچىلارنىڭ سەركەردىسى بولغاچقا ، شۇلارنىڭ يولى بويىچە ئىش قىلىش قارارىغا كەلگەن . يېقىندا ھەتتا تىيەنخەنمۇ ئۆز لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئەل بولۇشنى خالاپتۇ . تەشكىلات قۇرۇش ئىشى پىشىپ قالغان بولسا كېرەك ، بەلكىم مۇشۇ قىزىل ماي ئېيىدا ۋۇجۇدقا چىقىدىغاندەك تۇرىدۇ .

(نۇڭ)

بۇ خاتىرىلەرنىڭ تەھرىرى لى لېيۋېنگە زىيىنى يوق ؛ لېكىن « مەنىلىك سۆز » ⑤ دېگەن كىچىك گېزىتكە ئوخشاش يەنە بىر ژۇرنالنىڭ « ئەدەبىيات مۇنبىرى مارشى » سەرلەۋھىلىك ستونىدا مۇنداق خاتىرە بار :

« ساۋ جۈيرېن لى لېيۋېن ۋە باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن سولقاناتلار ئىتتىپاقىغا كىردى » (7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىكى 9 ـ سانىدا ).

بۇ ئىككى ژۇرنالنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنىڭ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق



بولغانلىقىغا خۇسۇسىي ئاداۋەتنىڭ بار ـ يوقلۇقى سەۋەب بولغانلىقى ئۆز ـ ئۆزىدىن چۈشىنىشلىك . لېكىن « مەنىلىك سۆز » تېخىمۇ ئۇستىلىق قىلغان : ئۇ پەقەت بىر جۈملە سۆز بىلەنلا ئىككى ئادەمنى قارىلاپ ، ئۇلارنى زۇلۇمغا ۋە دەرد ـ ئەلەمگە مەھكۇم بولۇشقا تېگىشلىك ئادەملەرگە ئايلاندۇرۇپ قويغان .

5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا « ئەركىن پاراڭ » ئۈستىدىكى زۇلۇم بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كەتتى ، مېنىڭ بەرگەن ماقالىلىرىمنى كېيىنچە بېسىپ چىقىرالمايدىغان بولۇپ قالدى . لېكىن ، مەن بۇنى « ئىجتىمائىي ئاخبارات » ۋە باشقىلارنىڭ ئەرز قىلغانلىقىدىن بولمىدى ، بەلكى شۇ ۋاقىت دەل ئېقىم مەسىلىلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىش مەنئى قىلىنغانلىقىدىن ، مېنىڭ قىسقا مۇلاھىزىلىرىم بولسا بەزىدە ۋەزىيەت توغرىسىدىكى غەزەپلىك سۆزلەر بىلەن يېزىلغانلىقىدىن بولدى ، دەپ ئويلىدىم . بۇ زۇلۇم « ئەركىن پاراڭ » غىلا كەلگىنى يوق ، شۇ چاغدىكى زۇلۇمنى ھۆكۈمەت ئىختىيارىدا بولمىغان گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا تارتقان بولسا كېرەك . شۇ چاغدا قوشماق ئۆردەكنىڭ ئۈزۈپ ئويىنىشى ۋە جۈپ كېپىنەكنىڭ ئۇچۇپ ئوينىشى توغرىسىدا يېزىلغان ماقالىلەر باب كېلەتتى . « ئەركىن پاراڭ » نىڭ ئىشى تەس بولۇپ قالغانىدى . 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئاخىر مۇنداق ئېلان چىقاردى —

## تەھرىر بۆلۈمىدىن

بۇ ئاي ، بۇ كۈنلەردە گەپ قىلىش تەس بولۇپ قالدى . قەلەم تەۋرىتىش تېخىمۇ تەس . بۇ سۆزدىن «بالا ـ قازا ۋە بەخت ـ سائادەت كۆرۈنۈپ كەلمەس ؛ ھەركىم ئۆزى تېپىۋالىدۇ » دېگەن مەنە چىقمايدۇ . ھەقىقەتتە « جاھاندا ھەر ئىشنىڭ ئۆز يولى بار » ، «رەئىيە » ، «مەمەدانلىق قىلماسلىق » كېرەك . كەمىنە تەھرىر مەملىكەت ئىچىدىكى ئەدىبلەرگە شۇنى سەمىمىيەت بىلەن تەۋسىيە قىلىدۇكى ، بۇندىن كېيىن گۈلشەن توغرىسىدا كۆپ يېزىڭلار ، كوت ـ كوت گېپىڭلارنى ئازايتىڭلار ، شۇنداق بولغاندا بۇنىڭ خاسىيىتىنى ئاپتورلارمۇ ، تەھرىرلەرمۇ كۆرەلەيدۇ . ئەگەر دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى توغرىسىدا ئاق ـ كۆك دەپ بىھۇدە سۆزلەپ يازىدىغان بولساڭلار ، ئۇ ماقالىلىرىڭلارنى ئەخلەت ساندۇغىغا

تاشلىۋېتەيلى دېسەك كۆڭلىمىز ئۇنىمايدۇ، گېزىتتىن ئورۇن بېرەيلى دېسەك مۇمكىن بولمايدۇ. دېمەك، تەھرىرىنىمۇ تەڭلىكتە قالدۇرىسىلەر، رەھىمسىزلىككە سەۋەب بولۇپ قالىسىلەر. زامانغا ئېقىپ ئىش قىلىدىغان ئادەم دانا بولىدۇ، دېگەن ماقال بار، دۆلىتىمىز ئىچىدىكى ئەدىبلەرنىڭ بۇنىڭدىن ۋاقىپ بولۇپ قېلىشىنى ئۆتۈنىمىز. قەلبىمىزنى چۈشىنىشىڭلارنى تىلەيمىز!

تەھرىردىن.

بۇ ھادىسە «ئىجتىمائىي ئاخبارات» جامائىيىتىنىڭ كۆڭلىگە ناھايىتى يېقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ 3 ـ جىلد 21 ـ سانى (6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى) دىكى «مەدەنىيەت ساھەسىدىكى سىرلىق خەۋەر» ستونىدا مۇنداق خاتىرە بار —

## «ئەركىن پاراڭ» نىڭ پوزىتسىيىدە بۇرۇلۇشى

«شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتى لى ليېۋېننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدە چىقىشقا باشلىغاندىن كېيىن، سولقانات يازغۇچى لۇشۈن، شېن يەنبىڭ ۋە قۇزغۇنىزىمچى ساۋ جۈيرېن قاتارلىق ئادەملەرنى ئاساسىي خادىملاردىن قىلىۋېلىپ، بىر مەزگىل ئوڭ ـ تەتۈر بىرنېمىلەرنى سۆزلەپ، مۇشتەرىلارنى ناھايىتى نارازى قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئازنىچى» لەرنى ھاقارەتلەپ، جاڭ روگۇ قاتارلىق ئادەملەرنىڭ چىشىغا تەگكەن؛ «بىكېرەكچى» لىك تەقلىدىتىدىكى سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، يەن لىڭفېڭ قاتارلىق ئادەملەر بىلەن ئاداۋەتلىشىپ قالغان؛ «زامان بىلەن مۇھەببەتنىڭ ئاچا يولى» غا پەشۋا بېرىپ، جاڭ زىپىڭچىلارنىمۇ رەنجىتكەنىدى. لى ليېۋېن «ئەركىن پاراڭ» غا مەسئۇل مۇھەررىر بولۇپ بىرنەچچە ئاي چىقىرىش نەتىجىسىدە بىر قورغان شەكىللەندى، بۇ قورغان تىجارەتنىزمچى «شېنباۋ» نىڭ كۆشەندىسى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شى لياڭسەي خوجايىن تاشقىرىدىمۇ ھەر خىل نارازى گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئالاھىدە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، گېپىمگە قۇلاق سالمىساڭلار شەرتنامىنى كېرەكسىز قىلىۋېتىمەن، دېگەن. ئاخىر، شېرىكلەر خوجايىنغا بويسۇنغان. شۇنىڭ بىلەن «كونا گەپ»، «سەتەڭلەر ئىشنى يىغىشتۇردى» دېگەنگە ئوخشاش ماقالىلەر يېقىندىن بۇيان كۆرۈنمەس بولۇپ كەتتى.

(ۋېن)



شۇندىن ئىلگىرى، يەنى 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 1 دە، دىڭ لىڭ ⑥ بىلەن پەن زىنيەن دېرەكسىز يوقىلىپ كەتتى، دېگەن ۋەقە كېلىپ چىققانىدى، ھەممە ئادەم ئۇلارنى يوشۇرۇن سۈيىقەستكە ئۇچرىدى، دەپ پەرەز قىلىشقانىدى. بۇ پەرەزمۇ كۈندىن ـ كۈنگە ئىسپاتلىنىپ تۇردى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئىغۋامۇ ناھايىتى كۆپىيىپ كەتتى. پالانى ئادەممۇ بىللە قەستكە ئۇچرايدىغاندەك تۇرىدۇ، دېگەن گەپلەرمۇ بار؛ ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ۋەھىمە سېلىش خېتىنى تاپشۇرۇپ ئاپتۇ، دېگەن گەپلەرمۇ بار. مەن ھېچقانداق خەت تاپشۇرۇۋالمىدىم، پەقەت بىر ئادەم مېنىڭ ئادرېسىمنى سۈرۈشتۈرۈپ نېيشەن كىتابخانىسىنىڭ ⑦ شۆبىسىگە ئۇدا 5 ـ 6 كۈن تېلېفون بېرىپتۇ. مېنىڭچە بۇ خەت ۋە تېلېفونلار قەستلىگۈچىلەرنىڭ قىلغان ئىشى ئەمەس، پەقەت ئەدىب دېگەن بىرنەچچە بىرنېمىلەرنىڭلا رەڭۋازلىقى؛ دېمەك بۇنداق ئادەملەر، تەبىئىيكى، «ئەدەبىيات مۇنبىرى» دىمۇ بار. لېكىن ئەگەر چاتاقتىن قورقىدىغان ئادەم بولسا، بۇ ئەرزىمەس رەڭۋازلىقمۇ رول ئويناپ قالىدۇ. 6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈندىكى «ئەركىن پاراڭ» غا «ئۆتەڭدىكى شېرىن سۆز» ⑧ دېگەن ماقالە بېسىلغاندىن كېيىن، تۆۋەندىكىچە سۆزلەر ئۇنىڭ ئاخىرىغا قىستۇرۇلغان، مانا بۇ سۆز ئەنە شۇ رەڭۋازلىقلارنىڭ كار قىلغانلىقىنىڭ دەلىلى بولسا كېرەك —

تەھرىردىن قوشۇمچە ئىلاۋە: زىجەن ئەپەندىنىڭ تۈنۈگۈن يازغان خېتىگە قارىغاندا، ئۇ ھازىر پۈتۈن كۈچى بىلەن مەلۇم بىر ئەسەر يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىۋېتىپتۇ، باشقا ئىشلارغا چولىسى تەگمەيدىكەن، «ئۆتەڭدىكى شېرىن سۆز» نى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇرىدىكەن.

«ئۇلۇغ ئاخشام» گېزىتى بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت جىمجىت بولۇۋېلىپ، ئەھۋالنى كۆزەتكەندىن كېيىن، ئاخىر 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى كەچقۇرۇندا ئۆزىنىڭ «مەشئەل» ناملىق قوشۇمچە ئەدەبىيات بېتىدىن پىللىدە يورىغان نۇردەكلا بىر شەپە چىقتى، ئۇ ناھايىتى قاتتىق قىيىدىغان:

## ئەركىنلىك زادى كېرەكمۇ ، يوق ؟

فالۇ

ئۇزۇنىدىن بۇيان تىلغا ئېلىنماي كېلىۋاتقان « ئەركىنلىك » مەسىلىسىنى
يېقىندا يەنە بەزىلەر ئالاھىدە ۋە كۆپ تىلغا ئالىدىغان بولۇپ قالدى . دۆلەتكە ئائىت
ئىشلار چوقىقا ئوخشايدۇ ، ئۇ ھەقتە ئېغىز ئاچقان ئادەمنىڭ تىلى كۆيىدۇ ، شۇڭا
بەزىلەر ئۇ ھەقتە ئېغىز ئاچماستىن ، ئىلگىرىكى پەيلىدىن يېنىپ ، « گۇلشەن »
توغرىسىدا سۆزلەيدىغان بولدى ، لېكىن « گۇلشەن » توغرىسىدا يازغانلىرى كۆڭ-
لىدىكىدەك بولمىغاچقا ، « ئەركىنلىك » كېرەك دېگەن سۆزنى ئاندا - ساندا
تۆتۈتلەيدىغان بولدى ، بىرنەچچە ئېغىز غوتۇلداپ قويۇش ھېچگەپ ئەمەس ، لې-
كىن گەپنىڭ ئاشكارىسىنى قىلىۋېتىش چاتاق بولسا كېرەك ، دەپ يەنە چوڭ
چاتاقلارغا قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلماقتا . دېمەك ، مەسىلىنى توغرىدىن توغرا ئوت-
تۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلىشمايۋاتىدۇ ، قىلىچ - نەيزىلىرىنى يۈزمۇ يۈز
پۇلاڭلىتىپ تەگلەشتىن قورقىدۇ ، شۇنىڭ ئۇچۇن سۆزنى باشقىلار قىرىنى تاپال-
مايدىغان قىلىپ ئەگىتىپ سۆزلەيدۇ ، ئۇڭ يۈزىنى تېپىۋالسا ، ئۇنى تەتۈر
يۈزى دەپ تۇرىۋالىدۇ ـــ بۇ ، ئەسلىدە « يۇمۇر » ماقالىلەردە قوللىنىلىدىغان
ئۇسۇل ئىدى .

كۆڭلىدە ئەركىنلىكنى ئارزۇ قىلىدۇ يۇ ، ئاغزىدا ئوچۇق ئېيتالمايدۇ ، دېمەك
ئاغزى كۆڭلىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ ، بۇنىڭدىن ئەنە شۇ ئېغىزنىڭ ئۆزىنىڭ
ئەركىن ئەمەسلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ . ئەركىن بولمىغاچقا ، كىنايە ، تەنە قىلى-
دۇ ، بىردەم «ئەركىنلىك كېرەك » دەيدۇ ، بىردەم « ئەركىنلىك كېرەك ئەمەس »
دەيدۇ ؛ بىردەمدىن كېيىن يەنە « ئەركىنسىز ئەركىنلىك » ۋە « ئەر-
كىن ئەركىنسىزلىك » كېرەك دەيدۇ ؛ بىر ئۇنداق ، بىر بۇنداق دەپ ، گول
ئادەملەرنى « نېرۋا ئاجىزلىقى » غا گىرىپتار قىلىپ ، مەسىلىنىڭ مەركىزىنى بىلەل-
مەيدىغان قىلىپ قويىدۇ . زادى ئەركىنلىك كېرەكمۇ ، يوق ؟ دېگەن گەپ ئوچۇق
ئېيتىلسا ، ھەممە ئادەم راۋان يولغا چۈشەلەيدۇ ، كولدۇرلاپ قېلىشتىن خالىي
بولالايدۇ ، چۈشىنىش ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم بولۇشتىن خالىي بولالايدۇ. مەندەك
بىر « مەدەنىي » بولمىغان ئادەمنىڭ پىكرىمچە ، گەپنىڭ لوندىسىنى قىلىش
كېرەك : « بىزگە ئەركىنلىك كېرەك ، ئەركىنلىك بولمايدىكەن ، جاننى تىكىپ



تۇتۇشۇش كېرەك !»

ئەسلىدە « ئەركىنلىك » ھېچقانچە بىر مەسىلە ئەمەس ئىدى ، كۆپچىلىك-
نىڭ تىلغا ئېلىشى بىلەنلا جىددىي مەسىلە بولۇپ قالغان . دېمەك مەسىلىنى ئۆزىمىز
جىددىيلەشتۇرۇۋالدۇق . ئەمدى ئەگەر قىلىچ - نەيزىلىرىمىزنى ئىشلەتمىسەك ، بۇ
زۇلمەتنى قانداقمۇ بۆسۈپ تاشلىيالايمىز ؟ تىكىپ - سۆكۈپ ئىش قىلىش ئانچە
ئەسقاتمايدۇ ، چوڭ مەسىلىلەرگە دال بولمايدۇ ؛ تەنە - كىنايە بولسا باشقا نەرسە
ئەمەس . بىز زېرەك زىيالىيلار تەنە - كىنايىنىڭ ھازىرقى دەۋردە ئۆز كۈچىدىن
قالغانلىقىنى بىلىمىزغۇ . لېكىن قىلىچ - نەيزىنى كۆتۈرۈپ چىقايلى دېسەك ، ئوڭ
تەرەپتىنمۇ ، سول تەرەپتىنمۇ پۈتلىكاشاڭغا ئۇچرايدىغاندەك تۇرىمىز . ھازىرقى
كۈندە پەننىي كەشپىياتلار كۆپەيمەكتە ، قىلىچ - نەيزە مىلتىق - زەمبىرەككە
يەتمەيدۇ ، ئەلۋەتتە . ئۆزىمىز چۆمۈلىدەك قەدىرسىز ئىكەنمىز ، ھاياتىمىزغا تارتى-
شىشنىڭ نېمە ھاجىتى ، بىز زەئىپ زىيالىيلارغا جاننى ئاياشنىڭ نېمە كېرىكى ؟!

دېمەك ، بۇ گەپچە ، ئەركىنلىك ھېچقانداق قەدىرلىك بىرنەرسە
ئەمەس ئىكەن ، سېنىڭ تىلغا ئېلىشىڭ بىلەنلا قەدىرلىك بولۇپ قالغان-
مىش . ۋەزىيەتكە ئەگىتىپ كىنايە قىلىشىڭ ئەسلىدىلا ھاجەتسىز ئىمىش .
ھازىر بۇ ئاپتور « گەپنىڭ لوندىسى » نى قىلىپ ، تەنىچىلەرنىڭ جان پىدا
قىلىشىنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ . بۇ ئاپتور كۆڭلى تۈز ، ئاغزى ئىتتىك ئادەم
ئىكەن ، ھازىر باشقىلارنىڭ كاساپىتى بىلەن « ئەركىنلىك كېرەكمۇ ،
يوق » لۇقىنىمۇ ئاڭقىرالماي قاپتۇ .

لېكىن 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى سەھەر سائەت 8.15 دە جۇڭگو خەلق
ھوقۇقىنى قوغداش ئىتتىپاقىنىڭ مائاۋىن رەئىسى ياڭ شىڭفو ⑨ سۇيى-
قەستكە ئۇچراپ ئۆلدى .

مانا بۇ ھەر ھالدا « جاننى تىكىپ » تۇتۇشقانلىق بولدى . فالۇ
ئەپەندى « مەشئەل » دە ئوچۇق گەپ قىلمايدىغان بولدى . پەق-
ەت « ئىجتىمائىي ئاخبارات » لا 4 - جىلد 1 - ساندا ( 7 - ئاينىڭ 3 -
كۈنى نەشىردىن چىققان ) سولقانات يازغۇچىلارنىڭ قورقۇنچاقلىقىنى
تەسۋىرلەپتۇ ـــ

## سولقانات يازغۇچىلار بىر ـ بىرلەپ شاڭخەيدىن كەتتى

شاڭخەيدىكى سولقانات يازغۇچىلار ، خۇددى ھەممىنى قىزىل رەڭ بىلەن بوياپ ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى سولقاناتقا قارىتىۋالدىغاندەك ، 5 ـ ئايدا بىرمەھەل شاۋقۇن ـ سۈرەن سالغانىدى . لېكىن 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ھالى باشقىچە بولۇپ قالدى : غەيرىي سولقانات يازغۇچىلارنىڭ قايتۇرما **ھۇجۇمغا ئۇچرىشى سەپلىرى تەقلىنىپ بولدى ، سولقاناتلارمۇ ئۆز ئىچىدىن** پارچىلاندى ، يېقىندا شاڭخەيدە سۈيىقەست بىلەن ئۇلتۇرۇش شاملى كۆچىيىش بىلەن تەڭ ئەدىبلەر چېچەنلىشىپ قالدى ، ئۇلار توخۇ بولسىمۇ ، ئايىغى ناھايىتى تېزلىشىپ كەتتى ، ئۇلار يازلىق سەيلىگە بارىمەن دېگەن باھانە بىلەن شاڭخەيدىن كېتىشتى . ئېنىق خەۋەرگە قارىغاندا ، لۇشۈن چىڭداۋغا ، شېن يەنبىڭ پۇدۇڭدىكى يۇرتىغا ، يۈي دافۇ خاڭجۇغا ، چېن ۋاڭداۋ يۇرتىغا كېتىپتۇ ؛ فېڭزى ، بەي ۋېي دېگەن بىرنېمىلەرمۇ كۆزدىن غايىب بولۇپ كەتتى .

( داۋ )①

شىخۇ كۆلى شائىرلار يازدا سەيلە قىلىدىغان يەر ، گۈلنىڭ بولسا باي غوجاملار يازدا سەيلە قىلىدىغان يەر . مەن ئۇ يەرلەرگە سەيلىگە بېرىش بۇ ياقتا تۇرسۇن ، ئارزۇ قىلىپ تەلپۈنۈشكىمۇ پېتىنالمايمەن . ياڭ شىڭفۇنىڭ ئۆلۈشى بىلەن باشقىلارمۇ ئىسسىقتىن قورقىدىغان بولۇپ كەتمىسە كېرەك . چىڭداۋمۇ ياخشى جاي ئىمىش ، لېكىن ئۇ يەر جىياۋشۇ لىياڭ شىچيو ⑩ مۇدەررىسلىك قىلغان مۇقەددەس جاي ، ماڭا ئۇ جايغا ھەتتا يىراقتىن كۆز تاشلاشمۇ نېسىپ بولغان ئەمەس . « داۋ »* ئەپەندىنىڭ كارامىتى بار ئىكەن ، ئۇنىڭ مېنىڭ غېمىمنى يەپ تەسەۋۋۇر قىلغان ۋەھىمىلىرى ئەمەلىيەتتە يوق گەپ . ئەگەر بولىدىغان بولسا ، بىر تۈركۈم لۈكچەكلەر بىرنەچچە تاپانچا بىلەنلا ئالەمنى سورىغان بولاتتى .

لېكىن ھىدلاش ئىقتىدارى ئالاھىدە ئۆتكۈردەك كۆرۈنگەن « مەنىلىك سۆز » ئۆزىنىڭ 9 ـ سانىدا (7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى نەشردىن چىققان ) باشقا بىر خەۋەرنى باستى ـــ

① (« داۋ » سۆزى « كارامەت » دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ . ـــ تەرجىمان .



## ئەركىن گۈلشەن

ۋەنشى①

لى لىيېۋېنىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدە چىقىۋاتقان « ئەركىن پاراڭ » « گۈلشەندىنلا گەپ ئۇرۇش ، ئازراق كوت ـ كوت قىلىش » نى جاكارلىغاندىن كېيىن ، يېڭى ئاپتورلارنىڭ ھەقىقەتەن گۈلشەندىن گەپ ئۇرۇپ يازغان ماقالىلىرىنىمۇ چىقارمايدىغان بولۇۋالدى . يېقىندىن بۇيان بېسىپ چىقىرىۋاتقانلىرى بىر بولسا پېشقەدەم يازغۇچىلارنىڭ تەخەللۇس بىلەن ئەۋەتكەن كىنايە ماقالىلىرى ، بىر بولسا ئۇلارنىڭ پايلاقچىلىرىنىڭ مەنىسىز ئاسارەتىقشۇناسلىق ماقالىلىرى . بۇ قېتىم كونا چاڭچىلىلەردىكى جاڭ ، دۇمباق مەسىلىسى ئۈستىدە مۇنازىرە قىلىپ ، « لوفۇ » دېگەن تەخەللۇس بىلەن ماقالە يازغان كىشى چېن زىجەن ئىكەن ؛ « خېرۇ » بولسا قاماقىقا چۈشۈپ چىققان خۇاڭ سۇ ئىكەن . ئۇلار ئەنە شۇ ئادەم ئەخمەق قىلىدىغان دەۋا بىلەن كۆز بوياپ بىرمۇنچە قەلەم ھەققى ئېلىۋاپتۇ .

بۇمۇ بىر خىل « كوت ـ كوت » بولسىمۇ ، لېكىن « ھەقىقەتەن گۈلشەندىن گەپ ئۇرۇش » ۋە « قاماقىقا چۈشۈپ چىققان » دېگەن سۆزلەر مېنىڭچە ناھايىتى قىزىق ئىشلىتىلگەن . ئەپسۇسكى ، « ۋەنشى »نىڭ ھىدىنى ماڭا ئوخشاش ئادەملەر پۇراپ بىلەلمىگەچكە ، ئۇنىڭ « يېڭى يازغۇچى » ياكى « پېشقەدەم يازغۇچى » ئىكەنلىكىنى پەرقلىيەلمىدىم .

« خاتىمە » مىنى بولدى قىلسامۇ بولاتتى ، لېكىن « جاڭ زىپىڭغا پەشۋا بېرىش » ⑪ دېگەن ۋەقەنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشۈمۇ كېرەك ئىكەن . «ئەركىن پاراڭ » دا بۇ يازغۇچىنىڭ ھېكايىسى بېسىلىۋاتاتتى . ئايىغى تۈگىمەستىنلا توختىتىپ قويۇلۇپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ، بەزى گېزىتچاقلار « جاڭ زىپىڭغا پەشۋا بېرىلىپتۇ » دەپ پۇر كەتتۈرۈۋەتتى . ئۆز ۋاقتىدا بۇ ھەقتە تەھرىر بىلەن تاكاللىشىپ يازغان ماقالىلىرىمۇ بولسا كېرەك . لېكىن مەن سەپسالماپتىمەن ، شۇڭا توپلاپ قويغانلىرىم يوق ، ھازىر قولۇمدا پەقەت « ئىجتىمائىي ئاخبارات » نىڭ 3 ـ جىلد 13 ـ سانى ( 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى نەشردىن چىققان ) غا بېسىلغان بىر پارچە ماقالە تۇرۇپتۇ ، بۇ ماقالىدە يېزىلىشىچە ، خۇددى تۆۋەندىكىدەك ، ئۇنىڭ باش

① («ۋەنشى » ـ « قوتۇرتاش » دېگەن مەنىدە . ـــ تەرجىمان .

جىنايەتكارمۇ مەن ئىكەنمەن —

## جاك زىپىگىنىڭ « ئەركىن پاراك » دىن سىقىپ چىقىرىلىشى سۈيگۈك

« ئەركىن پاراك » بۈگۈنكى كۈندە قولىدىن كەلگەنلىكى ئىشنى قىلىدىغان بىر ئورۇن ، « قاغا ـ قۇزغۇن » « ئاQ» نىڭ تەگىبىر ئېيتىش پەشتىقى ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆزىنىڭ ساپلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ، « ئۈچ تەرەپلىمە ، تۆت تەرەپلىمە ئىشقى مۇھەببەت » چى زىپىگىنى ئۆزىگە يېقىن يولاتمايدۇ .

لېكىن بەزىلەر : نېمىشقا ئىشقىۋاز ئاشىقلاردىن بولغان « گۇمراھ »① غا ، يەنى يۈي دافۇغا ئۇنداق مۇئامىلە قىلمايدۇ ؟ ئۇمۇ جاك زىپىگىغا ئوخشاشلا « ئىجادىيەت تەھرىراتى » دىن كېلىپ چىققانغۇ ؟ ئۇمۇ ئوخشاشلا « قەلەم قاش يارىم ، سېنىڭ ئىشقىڭدا كۆيىمەن » دەيدىغان مۇقاملارغا توۋلايدىغۇ ؟ دېگەن سوئالنى قويار . مەن ئېيتىپ بېرەي : ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ئۇنداق مۇئامىلە قىلمىدى . چۈنكى ، ئۇ — يۈي دافۇ — ئىشقىۋاز بولسىمۇ ، « سولقاناتلار ئىتتىپاقى » غا كىرەلەيدۇ ، « خەلق ھوقۇقىنى قوغداش ئىتتىپاقى » دىكى كاتتا ئادەملەر بىلەن تونۇش ، « ئەركىن پاراك » نىڭ ھازىرقى ئارقا تىرەك خوجايىنى لۇ (؟) موللام بىلەن يولداش ، ئۇ « قاغا ـ قۇزغۇن » « ئاQ» نىڭ ئىلپىتى بولۇپ قالغان .

« ئەركىن پاراك » نىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى لى ليۇۋېننىڭ جاك زىپىگىنى چەتكە قېقىشىنىڭ سەۋەبى كىتابخانلارنىڭ « زامان بىلەن مۇھەببەتنىڭ ئاچا يولى » دېگەن ماقالىگە نازارى بولغانلىقى ئىكەن ، شۇڭا ئۇنىڭغا پەشۋا بەرگەنىكەن . بۇ بىر باھانە ، ئەلۋەتتە . شېنباۋ گېزىتخانىسىنىڭ سەمرىپ كەتكەنلىكىدىن ۋۇجۇددىن ياغ تەپچىپ تۇرىدىغان خوجايىنىغا مىڭ ھەرپى 10 دوللارغا توختايدىغان بىرەر پارچە ماقالىنى بىرنەچچە مىڭ دوللارغا سېتىۋېلىپ ئەخلەت ساندۇقىغا پۇرلاپ تاشلىۋېتىش ھېچ گەپ ئەمەس ، لېكىن ماقالىسىنى سېتىپ جان بېقىپ كېلىۋاتقان جاك زىپىگىغا ئۆلۈم جازاسى ئېلان قىلغاندىنمۇ بەك ئېچىنىشلىق ، ئۇ تېخى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا يۈز كۆتۈرۈپ يۈرۈشى كېرەكقۇ !

ئۇنىڭ « ئەركىن پاراك » غا ماقالە يېزىشىمۇ بۇلتۇر 11 ـ ئايدا باشلانغان ، لى ليۇۋېن قايىسى بىر زىيارەت ئۈستىدە ئۇنى ماقالە يېزىشقا تەكلىپ قىلغان . لۇ(؟) ئەپەندى ئورۇننى سۈپۈرۈپ تازىلايمەن دېگەن تەقدىردىمۇ بىرئاز ئاياپ قويۇشى ، ئۇنداق قاتتىق قوللۇق قىلماسلىقى كېرەك ئىدى . گەپ شۇ يەردىكى ، لۇ ئەپەندى

① (گۇمراھ — ئازغىن ، يولدىن ئازغان ئادەم . — تەرجىمان .)



ئەدەبىيات ـ سەنئەت (؟) نى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتى مۇناسىۋىتى بىلەن بىرىنچى قەدەمدە بىر يولدا بولمىغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئاۋۋال يوقىتىۋەتمەكچى بولغان ، ئەلۋەتتە . شۇڭا زىلىڭ جىنكې ، جاك روگو ، جاك يېپىگلارنى « ئازنىچى » دەپ تەنقىد قىلدى . جاك زىپىڭ ئەقلىي ھوشى جايىدا بولغان بولسا ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ تۆشىكى يېنىدا شېرىن ئۇيقۇدا ئۇخلاپ ياتقانلىقىنى ، دەرھال كۆتىگە تېپىلىدىغانلىقىنى پەملەپ ئالالايتتى ! مىڭ ھەرپى 10 دوللارغا توختايدىغان قەلەم ھەققى ئۇنى ئۆزىگە خۇشتار قىلىۋېلىپ ، ئەنە شۇنداق چوڭ پالاكەتكە قالدۇردى . ئەلۋەتتە ، بىرەر ئادەمنى يوقىتىشتا قانچىكى زەردىلىك بولساڭ شۇنچە ياخشى ، ئۆلۈم جازاسى بەرسەڭمۇ ، قاماق جازاسى بەرسەڭمۇ مەيلى !

جاك زىپىڭ « ئەركىن پاراك » دىن سىقىپ چىقىرىلغاندىن كېيىن ، ئادەت بويىچە ئېيتقاندا ، بۇ دوغاپنى ھېچكىم سىگدۈرەلمەيتتى . بىراق جاك زىپىگىنىڭ قورقۇنچاقلىقى ھەممىگە مەشھۇر ، ئۇ ئۆزىنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنىڭ غېمى بىلەن بولۇپ قالغاچقا ، ئۇلارغا قارشى كۈرەش قىلالمايدۇ . ئۇلارنىڭ سەپلىرى تەقلىنىپ قالغان گۇرۇھىغا قارشى كۈرەش قىلىشقا تېخىمۇ پېتىنالمايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ رەسۋا بولۇپ يۈرمەي دەپ ، « جۇڭخۇا » گېزىتىنىڭ « كىچىك تۆھپە » بېتىدە ماغدۇرسىز بىر پاي ئوق ئېتىپ قويدى .

ھازىر ھەممە ئىش بېسىقىپ كەتتى . ئۇنىڭ ئورنىنى « تۇرۇپ چامغۇرنىڭ بۇرۇتلىرى » ئالدى ، شېن يەنبىڭ يېڭىدىن تەشكىللىگەن ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىن ئۆلگە ئېلىش ئۆمىكى «ئەركىن پاراك » غا كۆپلەپ كۆچۈپ كېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ .

يەنە ، « ئەركىن پاراك » دا زىلىڭ جىنكىنىڭ ⑫ « نەزم ئازادلىقى » غا ھۇجۇم قىلىنغانىدى ، «ئىجتىمائىي ئاخبارات» نىڭ 3 ـ جىلد 22 ـ سانى (6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى نەشىردىن چىققان ) دا ئېيتىشچە ، ئۇنىڭغىمۇ مەن زامىن بوپتۇمىشمەن . مانا قاراڭلار —

## زىلىڭ جىنكې قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتمەكچى

لۇشۈن قاتارلىق ئادەملەرنىڭ ھۇجۇمى دەستىدىن زىلىڭ جىنكې ناھايىتى پۇچىلىنىپ كەتكەنىدى ، شۇڭا ئۇ ھەرقاچان قايتۇرما ھۇجۇم قىلىش كويىدا يۈرمەكتە ، بىراق كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئاجىز بولغاچقا مەقسەت ـ مۇرادىغا يېتەلمەيۋاتىدۇ ! شۇنداق بولسىمۇ لۇشۈن قاتارلىق ئادەملەرگە سولقاناتلار ئىتتىپاقى

ھىمات بولۇپ تۇرغانلىقىنى ، ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ھە ـ ھۇ دېيىشىپ مەدەت
بېرىدىغان ئادەملىرىنىڭ كۆپ بولغانلىقىنى ، ئۇلارغا يەككە ـ يېگانە قارشى تۇر-
غىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ ، ئۆز تەرىپىگە ئادەم تارتىشقا كىرىشتى ؛ لۇشۈن
قاتارلىق ئادەملەر تەرىپىدىن خورلانغانلار بۇنى تېخىمۇ قارشى ئالماقتا . يېقىندا ئۇ
جاڭ زىپىڭ ، خۇخۇەيشېن ، جىڭ فېڭ ، لۇڭ يۈيشېڭ قاتارلىق ئون نەچچە
ئادەمنى ئۆز تەرىپىگە تارتىپ ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبەت يىغىنى ئۇ-
يۇشتۇرۇپ ، « يېڭى دەۋر » كىتابخانىسىنى ماكان قىلدى ، ئۇلار مەخسۇسلا
سولقانات يازغۇچىلارغا قارشى يېرىم ئايلىق ژۇرنال چىقارماقچى ، بۇ ژۇرنال مۇشۇ
ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا نەشر قىلىنىشى مۇمكىن .

(رۇ)

شۇ كۈنلەردە ئەسلىشىمچە ، زېڭ جىنكې توغرىسىدا مەخسۇس
ماقالە يازمىغان بولساممۇ ، لېكىن « غەزەلىياتنىڭ ئازادلىقى » (مۇشۇ
توپلامدىكى 15 ـ ماقالە ) دا ئاز ـ پاز توختىلغانىدىم . ئېھتىمال شۇنى
« خورلاش » دېگىلى بولسا كېرەك . خۇ خۇەيشى [13] بىلەن ئالاقەم
بولمىغان بولسىمۇ ، «ئەركىن پاراڭ » دا ئۇنىڭ « موزى بولسا ھىندىستان-
لىق ئادەم » دېگەن سۆزىنى مەسخىرە قىلغانىدىم . جاڭ فېڭ بىلەن لۇڭ
يۈيشېڭچۇ ؟ ئەسلىشىمچە ئۇلار بىلەن قىلچە رابىتىم يوق . بۇ ھەق-
تىكى گۇمان « شاۋقۇن » [14] نىڭ 2 ـ جىلد 26 ـ سانى (7 ـ ئاينىڭ 8 ـ
كۈنى نەشردىن چىققان ) نى كۆرگىنىمدىن كېيىن يېشىلدى ـــ

## « ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبىتى » تېگىل بولدى

جۇيرېن

« ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبىتى » [15] دېگەن گەپ نەزمىچى زېڭ
جىنكېنىڭ قايتۇرما ھۇجۇم قىلىدىغان ناشىر ئەپكارى دېگەن سۆز ؛ تېگىل بولدى
دېگەن سۆز ياغدۇرغان مېھىر ـ شەپقەتلىرى تەگدى دېگەن سۆز . پىقىر سۆھبەتكە
داخىل بولمىغان بولساممۇ ، ياغدۇرغان مېھرى ـ شەپقەتلىرىنىڭ تېگىل
بولغانلىقىنىڭ ئۆتمۈشىنى يازاي .
ماۋزۇنى يېشىپ بولدۇم ، ئەمدى ئەسلى مەسىلىگە ئۆتەي .
بىر كۈنى جىنەن داشۆسىگە دەرس ئۆتۈش ئۈچۈن بارغانىدىم ، دەم ئېلىش



بۆلۈمىنىڭ ئۈستىلىدە ھەشەمەتلىك بىر پارچە تەكلىپ قەغىزى تۇرۇپتۇ ، ئۇنى
ئېچىپ ھۆرمەت بىلەن ئوقۇپ قارىسام ، « يېڭى دەۋر » ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ تەكلىپ
قەغىزى ئىكەن . بۇ تەكلىپ قەغىزى بەختىمنىڭ ئوڭلىقىدىن كەلگەن بولسا كې-
رەك ! بۇنى تېپىلماس تەۋەررۈك بىلىپ ، قاتلاپلا يانچۇغۇمغا سالدىم .
« يېڭى دەۋر » مېھمان چاقىرىپتۇ ـ دە ، « ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبىتى »
دۇنياغا كەپتۇ ، قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش سېپىمۇ ۋۇجۇدقا چىقىپتۇ . بۇنى
گېزىتلەر تەنتەنە بىلەن خاتىرىلەپ يېزىپتۇ ، ئادەملەرنىڭ ئىسىملىرىنىمۇ چىقىرىپ-
تۇ . ئالدىنقى كۈنى مۇئەللىم جاڭ فېڭنى ئۇچرىتىپ ، ئەھۋالنى سوراپ باقسام ،
ئۇ : « سۆھبەت ـ پۆھبەت دېگەن نېمىسىنى كىم بىلسۇن ؟ بالدۇرراق خەۋەردار
قىلىپمۇ قويماپتىكەن ، قول قويۇپ بېرىپتىمەن ، ئەتىسى گېزىتتە شۇ قول قوي-
غانلارنىڭ ھەممىسىنى تەشەببۇسكار دەپ يېزىپتۇ » دېدى . تۈنۈگۈن لۇڭ يۈيشېڭ
ئەپەندى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم ، ئۇ : « شاڭخەي دېگەن يەردە كۈن كەچۈرمەك
ھەقىقەتەن تەس بولۇپ قاپتۇ ، ئۇلار مېنى كەلگىن ، پاراڭلىشايلى دەپ تەكلىپ
قىلىۋەردى ، بېرىپ ئازغىنا چاي ـ گېزەكلىرىگە داخىل بولۇپ قويغۇنۇمغىلا مەنمۇ
شۇ قاتارغا ھېساب بولۇپ قاپتىمەن ؛ ئېلان خىراجىتىنى تۆلىيەلىسەم كاشكى »
دېدى . مەن : « خەقنىڭ چېيىنى ئىچكەندىن كېيىن ، ئەلۋەتتە شۇ خەقنىڭ ئادىمى
بولۇپ قالىسەن ـ دە !» دېدىم .
بەختىمگە يارىشا ، مەن بارمىدىم ، چېيىنى ئىچمىدىم ، شۇڭا بۇلغىنىشتىن
ساقلىنىپ قالدىم . ياغدۇرغان مېھىر ـ شەپقەتلىرى تېگىل بولدى ، رەخمەت ،
ھەشقاللا !

لېكىن بۇ « ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبەت يىغىنى » نىڭ ناشىر
ئەپكارى بولغان « ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبىتى » نىڭ بىرىنچى سانىغا
ئون نەچچە يازغۇچىنىڭ ئىسمى قاتار يېزىلىپتۇ ، ئۇ 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى
نەشردىن چىقتى . ئۇنىڭدىكى ماقالىلەرنىڭ بىرى مەخسۇسلا ماڭا قارىتىپ
يېزىلىپتۇ ـــ

## نېيشەن كىتابخانىسىدا

بەي يۈيشيا

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن مەن يەنە بىر بۇرادىرىم بىلەن بىللە شاڭخەي
شىمالىي سىچۈەن رەستىسىدە تاماشا قىلىپ كېتىۋېتىپ ، شۇ رەستىنىڭ ئاخىرىغا

بىرىپ قالدۇق . مەن خۇڭكۇ باغچىسىنى ئايلىنىپ چىقايلى دېدىم ، بۇرادىرىم بولسا ئاۋۋال نېيشەن كىتابخانىسىغا كىرەيلى ، يېڭى كىتاب كەلدىمىكىن قاراپ باقايلى ، دېدى . شۇنىڭ بىلەن نېيشەن كىتابخانىسىغا كىردۇق .

نېيشەن كىتابخانىسى ياپونىيىلىك سەرگەردان نېيشەن ۋەنزاۋ ئاچقان كىتابخانا . ئۇ كۆرۈنۈشتە كىتابپۇرۇشلۇق قىلىدۇ ، ئەمەلىيەتتە ياپونىيە ھۆكۈمىتىگە ئىشپىيونلۇق قىلىدۇ . ئۇ ھەرقاچان جۇڭگولۇقلار بىلەن نېمە گەپ قىلىشقان بولسا ، دەرھال ياپونىيە كونسۇلخانىسىغا مەلۇم قىلىپ تۇرىدۇ . بۇ ئاللىقاچان « ئاشكارا سىر » بولۇپ قالغان ، نېيشەن كىتابخانىسى بىلەن ئاز - تولا باردى - كەلدى قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىگە مەلۇم .

مەن بۇرادىرىم بىلەن كىتاب - ژۇرناللارنىڭ ۋاراقلاپ كۆرۈپ تۇراتتىم . نېيشەن بىزنى كۆرۈپ ، دەرھال ئالدىمىزغا كېلىپ سالاملاشتى ۋە بىزنى ئورۇنغا تەكلىپ قىلدى ، ئادەتتىكىچە پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق . نېيشەن كىتابخانىسىغا كېلىپ تۇرىدىغان جۇڭگولۇقلارنىڭ تولىسى ئەدىب ئىدى ، نېيشەنمۇ جۇڭگونىڭ مەدەنىيىتىدىن ئاز - تولا خەۋىرى بار ئادەم ئىدى . ئۇ دائىم جۇڭگولۇقلار بىلەن پاراڭلاشقىنىدا جۇڭگىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە پاراڭلىشاتتى ، لېكىن جۇڭگونىڭ سىياسىي ئەھۋالى توغرىسىدا ئانچە ئېغىز ئاچمايتتى ، جۇڭگولۇقلارنىڭ گۇمانلىنىپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلسا كېرەك .

« جۇڭگونىڭ ھەرقانداق ئىشىغا ئانچە چۈمپۈتۈپ كەتمەسلىك كېرەك ، ئەسەرلىرىمۇ شۇنداق . ‹ ئۇ قاردەك ئاقارغان چاچلىرى ئۈچ مىڭ غۇلاچ كېلەتتى › دېگەن تەمسىللىرى ئۆتۈپ كەتكەن يالغان گەپ ! بۇنىڭغا زادىلا چىنپۈتمەسلىك كېرەك . جۇڭگونىڭ باشقا مەسىلىلىرىنىمۇ شۇنداق پەرەز قىلىش مۇمكىن ... ھا - ھا - ھا ! »

نېيشەنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قىلچىلىكمۇ چېۋىنىمىزغا ئالمىدۇق ، شېئىرنى يەن ئۇسۇلى بىلەن باھالىغىلى بولمايدۇ . نېيشەن بولسا جيۇجۇنىڭ بۇلۇڭ - پۇچمىقىدىن چىققان كىچىككىنە بىر سودىگەر ، ئىشپىيون ؛ بىز ئۇنىڭغا كۈلۈپ قويۇش يولى بىلەن جاۋاب بەرگەندىن باشقا ، ئۇنىڭ بىلەن گەپ تالىشىپ ئولتۇرمىدۇق . بۇندىن ئاز ۋاقىت ئىلگىرى « ئەركىن پاراڭ » دا خې جياگەن ئەپەندىنىڭ بىر پارچە ماقالىسىنى ئوقۇغانىدىم . ئۇنىڭدا يېزىلغانلىرى نېيشەنىڭ ھېلىقى سۆزلىرىنىڭ دەل ئۆزى شۇ ، دېمەك ، ئاتالمىش « نوپۇزلۇق مۇتەپەككۇر » . ئاتالمىش « ئەدەبىيات مۇنبىرىنىڭ سەركەردىسى » شۇنچىلىك ماقالىنىمۇ « ئۆز قورسىقىدىن چىقىرىپ » يازمىغانىكەن !

نېيشەن بىز بىلەن خېلى كۆپ پاراڭلاشتى ، « ۋەتەننى ئاۋئاتسىيە يولى



بىلەن قۇتقۇزۇش » قاتارلىق مەسىلىنىمۇ تىلغا ئالدى ، ئۇ مەسىلىلەرنىڭ بەزىسىنى خې جياگەن ئەپەندى كۆچۈرۈۋېلىپ ، « ئەركىن پاراڭ » دا ئېلانمۇ قىلغان . بىز ئۇنىڭ سۆزلىرىگە زورمۇ زو ھەدەپ قويغاندىن باشقا ھېچقانچە گەپ قىلمىدۇق ، ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدۇق . چۈنكى ، نېيشەنىڭ قانداق بىرنەرسە ئىكەنلىكىنى بىلەتتۇق ، ئۇنىڭدىن نىجاتلىق تىلىگىنىمىزمۇ يوق ، باشپاناھلىق تىلىگىنىمىزمۇ يوق ، بۇندىن كېيىنمۇ ھەرگىز نىجاتلىق ، باشپاناھلىق تىلىمەيمىز .

مەن بۇرادىرىم بىلەن نېيشەن كىتابخانىسىدىن چىقىپ ، خۇڭكۇ باغچىسىغا تاماشا قىلىپ كەتتىم .

بىر ھەپتە ئۆتمەيلا ( 7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ) « ئىجتىمائىي ئاخبارات » ( 4 - ئاينىڭ 2 - سانى ) گۇپپاڭچىلىق قىلدى ۋە « سولقاناتلار ئىتتىپاقى » ⑯ غىمۇ تىل تەگكۈزدى . ئۇنىڭدا « لۇشۈن » دەپ يېزىشنىڭ ئورنىغا قەستەن خاتا قىلىپ « ماۋدۇن » دەپ يېزىپتۇ ، بۇنىڭدا باشقىلارنى ئوخشاش بىر ئادەم يېزىپتۇ دېگەن گۇمانغا كەلتۈرۈپ قويمايلى دەپ ، ئويلىغان بولسا كېرەك —

## نېيشەن كىتابخانىسى ۋە سولقاناتلار ئىتتىپاقى

« ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبىتى » ئۆزىنىڭ 1 - سانىدا ، ياپونىيىلىك سەرگەردان نېيشەن ۋەنزاۋ شاڭخەيدە كىتاب دۇكىنى ئاچقان بولۇپ ئىشپىيونلۇق قىلىدۇ ، دەپتۇ . بۇ راست ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بولۇپمۇ سولقاناتلار ئىتتىپاقى بىلەن ئالاقىسى بار . ئەسلىشىمچە گومورو خەنكۇدىن شاڭخەيگە قېچىپ كەلگىنىدە نېيشەن كىتابخانىسىنىڭ بالىخانىسىغا يوشۇرۇنغانىدى ، كېيىن يەنە شۇ نېيشەن كىتابخانىسىنىڭ پاراخوت بېلىتى ئېلىپ بېرىشى بىلەن ياپونىيىگە ئۆتۈپ كەتكەنىدى . ماۋدۇنمۇ بېشىغا كۈن چۈشكەندە نېيشەن كىتابخانىسىنى بىردىنبىر پاناھ جاي قىلىۋالغانىدى . لېكىن ، بۇ كىتابخانىنىڭ رولى زادى نېمە ؟ جۇڭگودا كوممۇنىست باسمىچىلارنىڭ بولغانلىقى ياپونىيە ئۈچۈن پايدىلىق ؛ شۇڭا ، جۇڭگودىكى باسمىچىلارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا ياپونىيە ژۇرناللىرى تەكشۈرۈپ يازغان ماقالىلەر جۇڭگونىڭ ئۆزىنىڭ بىلىپ يازغانلىرىدىنمۇ كۆپ ، بۇنداق ماتېرىياللارنىڭ تەڭ يېرىمىنى بېشىغا كۈن چۈشكەندە نىجاتلىق ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن كوممۇنىست ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر تېپىپ بەرگەن ؛ تەڭ يېرىمىنى بولسا گۇڭچەنداڭنىڭ ئۆزى ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن سۇڭلاپ بەرگەن ؛ تېتىقسىز ئەدىبلەر

ئۇچىدە ئۇششىپيونلۇقتا سىتىلغان ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس . ئاڭلىشىمىزچە شۇنداق ئۇششپيونلۇق ئورگانلىرى قاتارىدا ، نىيشەن كىتابخانىسىدىن باشقا ، « كۈندىلىك ئاخبارات » تەھرىراتى ، مانجۇرىيە تۆمۈر يولىنى تەكشۈرۈش ئىدارىسى قاتارلىق ئورگانلارمۇ بار ئىكەن ؛ مەشھۇر ئۇششپيونلار قاتارىدا ، نىيشەن ۋەنزاۋدىن باشقا ، تيەنجۇڭ ، شياۋداۋ ، جۇڭسۇن ۋە باشقىلارمۇ بار ئىكەن .

(شنۋەن)

**بۇ ئىككى پارچە ماقالىدە ئىككى خىل نەيرەڭ بار : بىرى ، ئىلگىرىكى تۆھ**مەتخورلارنىڭ ھەممىسى ، سولقانات يازغۇچىلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن رۇبلى ئېلىۋاتىدۇ ، دېيىشكەنىدى ؛ ھازىر ياپونىيىنىڭ ۋاستىلىك ئۇششپيونلىرىغا ئۆزگەرتىۋېلىشىپتۇ . يەنە بىرى ، ئىلگىرىكى پاش قىلغۇچىلار : باشقىلارنىڭكىنى كۆچۈرۈۋالغۇچىلار كىتابنى ئاساس قىلماي قالمايدۇ ، دېيىشكەنىدى ، ئەمدى باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىۋالدىغان ، مەخسۇسلا ئۆزىنىڭ قۇلىقىغا سۆيۈنىدىغان بولدى ، دەپتۇ . نىيشەن كىتابخانىسى توغرىسىدىكى گەپكە كەلسەم ، ئۈچ يىلدىن بۇيان ھەقىقەتەن پات ـ پات ئۇ يەرگە بېرىپ تۇرۇۋاتىمەن ، كىتاب تاللايمەن ، سۆھبەتلىشىمەن ، ئۇ يەردىن شاڭخەيدىكى بەزى ئاتالمىش ئەدىبلەرگە قارىغاندا نىسپىي خاتىرجەممەن ، چۈنكى نىيشەننىڭ تىجارەت قىلىدىغانلىقىغا ، پۇل تېپىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىغا ، لېكىن ئۇششپيونلۇق قىلمايدىغانلىقىغا ئىمانىم كامىل . ئۇنىڭ كىتابپۇرۇشلۇق قىلىشتىن مەقسىتى پۇل تېپىش ، لېكىن ئۇ ئادەم قېنىنى ساتمايدۇ ؛ بۇنى ئۆزىنى ئادەم قاتارىدا ساناپ كەلگەن ، ئەمەلىيەتتە ئىتچىلىكمۇ بولالمايدىغان ئەدىبلەر تىرىشىپ ئۆگىنىشى كېرەك !

لېكىن بۇنىڭغا قورسىقى كۆپىدىغانلارمۇ بار ئىكەن ، 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى نەشىردىن چىققان « ئەركىن پاراڭ » دا مۇنداق بىر ماقالە بېسىلدى —

## « ئەدىبلەر تاپسىز①بولىدۇ » توغرىسىدا

گۇ چۈنفەن

مەن ئۆزۈمنىمۇ ئاتالمىش « ئەدىب » لەر « قاتارى » دا تۇرۇۋاتىمەن دەپ

---

① تاپ — يول ، ئىز دېگەن مەنىدە ؛ تاپسىز ـ يولسىز ، يولدىن چىقىپ كەتكەن دېگەن مەنىدە ، — تەرجىمان .



ھېسابلاپ يۈرگەن بولسامۇ ، لېكىن « ئەدىبلەر تاپسىز بولىدۇ » دېگەن سۆزگە يېقىندىن بۇيان خېلىلا قوشۇلىدىغان بولۇپ قالدىم . «ئادەملەرنىڭ نىيەت ـ ئىقبالى بۇرۇنقىغا يەتمەيدۇ» ، «زامانە كۈندىن ـ كۈنگە بەتتەرلىشىپ كەتتى» دېگەن ئاھ ـ ھەسرەتلەرنىمۇ پۈتۈنلەي «تەرىقەتچى ئەپەندى » لەرنىڭ ئاھ ـ زارى ، دەپ قارىمايدىغان بولدۇم . دەرھەقىقەت ھازىرقى كۈندە « ئادەملەرنىڭ نىيەت ـ ئىقبالى» ناھايىتى قورقۇنچلۇق دەرىجىدە زەھەرلىشىپ كەتتى ، بولۇپمۇ ئاتالمىش «ئەدىب» لەر يوقنى ئويلاپ تاپىدىغان ، ئويلىغىنىنى قىلىدىغان بولۇپ قالدى ، ئۇلارنىڭ سۇيىقەست بىلەن دىل خەستە قىلىش ، پىتنە ـ ئىغۋا بىلەن قارىلاش ، ئاشكارا چېقىمچىلىق قىلىش ، دوستلىرىغا خىيانەت قىلىش ھېسابىغا شان ـ شۆھرەت قازىنىش ، بىراۋلارغا سېتىلىپ ئۇنىڭ قانىتى ئاستىغا كىرىۋېلىش دېگەندەك رەزىللىكلىرىنى ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ . يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۆزىنى ئۆزى ماختاپ ، « تالانت » ۋە « يازغۇچى » بولۇۋېلىپ ، باشقىلارنىڭ تۆكۈرۈۋەتكەن خەپرۈك ـ بەلغەملىرىنى ئوغرىلاپ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى مەزە قىلىپ ھوزۇرلىنىش ھادىسىلىرىمۇ يوق ئەمەس ، « قىلمىغان شەرمەندىچىلىكى ۋە يامانلىقى يوق » ، مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق پاكىتلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ ، « ئەدىبلەر تاپسىز بولىدۇ » دېگەن سۆزنىڭ خېلى راست ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلالايمىزمۇ ؟ (تەبىئىيكى ، ئەدىب بولغانلىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى تاپسىز كېلىدۇ دەۋاتقىنىم يوق) « زامان ، ئادەملەرنىڭ نىيەت ـ ئىقبالى » توغرىسىدا ئاھ ئۇرمىساق بولامدۇ ؟

ئەلۋەتتە ، بۇ تەسىرات ئاساسسىزمۇ ئەمەس . پاكىتى بىلەن ئېيتىدىغان بولسام ، ئىلگىرى زېڭ پالانى دېگەن ئادەم ئۆزىنىڭ « نەزمىنىڭ ئازادلىقى » دېگەن بىرنېمىسىنى « پۇستان نېمەمگە قويىدۇم » ، « شىشخال ئويناش كېرەك » دېگەن سېسىق گەپلەر بىلەن ئوتتۇرىغا قويغاندا ، بىراۋ ئۇنى « شاللاق يىگىت » ، « ئىشق سەۋدايىسى » دەپ ئەيىبلىگەنىدى ، زېڭ پالانىمۇ ئۆزىنى ئاقلاش يولىدا ئاغزى بېسىلماي ۋاتىلدىغانىدى . ھازىرچۇ ، يېڭى پاكىتلار زېڭ پالانىنىڭ شاللاق يىگىت بولۇش بىلەنلا قالماستىن ، بەلكى ئىچىدە ئوغا قايناپدىغان زەھەرلىك چايان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى ، ئۇ « سۇي ۋەنچيۇ » دېگەن نام بىلەن ئۆزىنى ماختاپ كۆككە كۆتۈردى ( سۇي ۋەنچيۇنىڭ 2 ـ ئايدا شۇ گېزىتكە بەرگەن ئېلانىغا قاراڭ ) ، ھەتتا بىر ماشىنكىچى ياپون ئايال بىلەن بىر ئوتتۇرا مەكتەپ مۇئەللىمگە « ئايال شائىر » ، « ئالىي مەكتەپ جياۋ شۇسى » دېگەن نامنى چاپلاپ ، ئۆزىنى بولۇشىچە ماختاتتۇردى ؛ ئۇ كىچىك گېزىتلەرگە ئەڭ رەزىل ۋاستىلەر بىلەن ماقالە بېرىپ ، ئۆز دوستلىرىنى × × × دەپ قارىلىدى ۋە ئۇلارنىڭ ئاد-

رېسلىرىنى ئاشكارا ئېلان قىلىپ، دوستلىرىغا ئاشكارا خىيانەت قىلدى (« جۇڭگو ۋە چەتئەل گېزىت - ژۇرناللىرىدىن خەۋەر » نىڭ 5 - سانىغا قارالسۇن) . يۈركىنىڭ شۇنداق يوغانلىقىنى، ئىچىدە شۇنداق ئوغا قايىنايدىغانلىقىنى، شۇنداق تېتىقسىزلىقىنى كۆرۈپ، بۇ ئىشلارغا ئار ۋە نومۇسىنى بىلىدىغان « ئادەم » — بولۇپمۇ « ئەدىب » — نىڭ قولى بارىدىغانلىقىغا ھەقىقەتەن ئىشەنگۈم كەلمىدى . لېكىن زېڭ پالانى شۇلارنى ئويلاپ تاپقان ۋە ئويلىغىنىنى قىلغان؛ مەن ئويلايمەنكى، زېڭ پالانىنىڭ شىر يۈرەكلىككە قايىل بولمايدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك .

ئاڭلىشىمچە، زېڭ پالانى تېخى ياش ئادەم ئىكەن، ئۇنىڭ ئۆگىنىش، ئوقۇش پۇرسىتىمۇ يوق بولمىسا كېرەك . ئەگەر زېڭ پالانى لاپ ئۇرۇش، خوشامەتچىلىك قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلغان كۈچىنى، زەھەرخەندىلىك ۋە تۈلكىلىك قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلغان زېھنىنى بىر ئاز ئەمەلىي ئىلىم - بىلىم ئېلىش ئۈچۈن سەرپ قىلغان بولسا، تېخىمۇ كۆپ نەپ ئالغان بولماسمىدى ؟ لېكىن زېڭ پالانىنىڭ ھەرقاچان خوشامەتچىلىك، پىتنىخورلۇق بىلەن شۇغۇللانغانلىقى بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ نائەھلى بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ياشلىقىنى ھارام كەتكۈزۈۋاتقانلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

يەنە ئەسلى سۆزۈمگە قايتىپ كېلەي، ئالىي تەلىم ئالغان ئادەملەرنىڭمۇ ئۆزىنى ئوبدان تۇتالىشى ناتايىن . مەسىلەن، مەخسۇسلا ئۈچ تەرەپلىمە ئىشقى مۇھەببەت ھېكايىلىرى يېزىش بىلەن داڭق چىقارغان ۋە شۇ يول بىلەن پۇل تېپىپ بېيىغان جاڭ × × ئىككى گەپىنىڭ بىرىدە ئۆزىنىڭ ياپونىيىدىكى مەلۇم مەكتەپنى ئوقۇپ پۈتتۈرگەنلىكىگە تەمەننا قىلاتتى، ئۇمۇ يېقىندا خۇددى ئىچىدە ئوغا قايناپ تۇرىدىغان « ئېرى تاشلىۋەتكەن ئايال » غا ئوخشاش، بەزى گېزىتچاقلاردا ۋارقىرايدىغان، جارقىرايدىغان بولۇپ قالدى، ئۇ باشقىلارغا سۈيىقەست بىلەن پەشۋا بېرىۋاتىدۇ، پىتنە - ئىغۋا بىلەن نىزا پەيدا قىلىۋاتىدۇ، باشقىلارنى زورمۇزور بۇخارىنغا ياكى لېنىنغا ئوخشىتىپ، ئۇلارغا بوھتان قىلىۋاتىدۇ، ئەگەر قولىدىن كەلسە، باشقىلارنى ئۆرەككە ئىتتىرىپ خۇماردىن چىققۇسى بار، ئۇنىڭ تەبىئىتىنىڭ پەسلىكىنى، ۋاستىلىرىنىڭ قەبىھلىكىنى دۇنيادا كۆرۈلۈپ باقمىغان، دېيىش مۇمكىن . ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ئالىي تەلىمنىڭ نېمە كېرىكى بولسۇن ؟ يەنە، يېقىندا نەشىردىن چىققان مەلۇم بىر تېتىقسىز ژۇرنالغا « بەي يۈيشيا » ئىمزالىق « نېيشەن كىتابخانىسىدا » دېگەن بىر پارچە ماقالە بېسىلدى، ئۇنىڭدا ئاشكارىدىن - ئاشكارا؛ مەلۇم بىر ئادەم دائىم نېيشەن كىتابخانىسىغا بارىدۇ، ئۇ نېيشەن كىتابخانىسىدىن باشپاناھلىق تىلىگەنىكەن، دېيىلگەن . مۇشۇنداق ئاشكارا



چېقىمچىلىقمۇ شۇنداق تائىپىدىكى ئادەملەرنىڭ ئۆز ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇپ قىلغان نەيرەڭلىرى بولسا كېرەك .

لېكىن، ئۇلار ھەرقانداق پىتنىخورلۇق قىلسىمۇ، ھەرقانچە سۈيىقەست، ھىيلە - مىكىر ئىشلەتسىمۇ، چېچەن ئادەملەر بىر قاراپلا سىرىنى بىلىۋالالايدۇ؛ دېمەك ئۇلار زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ئۆزلىرىنىڭ پەسكەشلىكىنى ۋە رەزىللىكىنىلا ئاشكارىلاپ قويىدۇ، خالاس .

شۇنداق بولسىمۇ، مەن ئويلايمەنكى، « تاپلىق » « ئەدىب » لەر بۇنداق نائەھلىلەرگە ھازىرقىدەك پەرۋاسىزلىق قىلىۋەرمەسلىكى كېرەك، يەڭلىرىنى تۇرۇپ، بېلىنى چىڭ باغلاپ، ئۇلارنى ئەدەبىيات مۇنبىرىدىن سۈرۈپ چىقىرىشى كېرەك، تولىمۇ ئېپلاسلىشىپ كەتكەن جۇڭگو ئەدەبىيات مۇنبىرىنى سۈپۈرۈپ تازىلاش يولىدا ئىشلىشى كېرەك !

بۇنىڭ كاساپىتى « ئەركىن پاراڭ » غىمۇ تەگدى، ئەتىسى نەشىردىن چىققان « يېڭى ئىقىم مەسىلىسى گېزىتى » ⑰ دە ماۋزۇسى چوڭ ھەرپلەر بىلەن بېسىلغان مۇنداق بىر ئېلاننى كۆردۈم —

## جاڭ زىپىڭنىڭ ئېلانى

« شېنباۋ » گېزىتىنىڭ 5 - كۈنىدىكى سانىنىڭ « ئەركىن پاراڭ » بېتىگە چىققان « ‹ ئەدىبلەر تاپىسىز بولىدۇ › توغرىسىدا » سەرلەۋھىلىك ماقالىنىڭ ئاخىرىدىكى سۆزلەر ماڭا قارىتىلغان بولسا كېرەك . مەن ھېچقاچان ۋە ھېچقانداق جايدا ئىسىم - فامىلەمنى ئۆزگەرتكەن ئادەم ئەمەس، بەزىدە باشقا تەخەللۇس ئىشلەتكەن بولسامۇ، لېكىن ئېلان قىلغان ماقالىلىرىمنىڭ ھەممىسىگە ئۆزۈم جاۋابكار — بۇ، ئېلان قىلىپ قويۇشۇم زۆرۈر بولغان ئىشلارنىڭ بىرى . بەي يۈيشيا دېگەن بۆلەك ئادەم : « نېيشەن كىتابخانىسىدا » مۇ يامان دېگۈدەك ئەسەر ئەمەس، لېكىن ئۇنى مەن يازغان ئەمەس، ئۇنى تەن ئالمايمەن — بۇ ئېلان قىلىپ قويۇشۇم زۆرۈر بولغان ئىشلارنىڭ ئىككىنچىسى . مەن ماقالىلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىشەنچىم بىلەن يازىمەن، سىياسىي تەشەببۇسلىرىمدا ۋە خەلقئارا ۋەزىيەت توغرىسىدىكى تەتقىقاتلىرىمدا سەۋەنلىك ياكى باشقىلارنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى بۇزۇپ قويىدىغان قۇسۇرلار بولسا، ئۇلارنى تۈزىتىشتىن باش تارتمايمەن : « پىتنە - ئىغۋا پەيدا قىلىش، ساختا خەت يېزىش ۋە پىكىردە ئوخشاش بولمىغان ئادەملەرنى مەيلىچە قارىلاش » لارغا ئەزەلدىن قارشىمەن — بۇ، ئېلان قىلىپ

قويۇشۇم زۆرۋر بولغان ئىشلارنىڭ ئۈچىنچىسى. مېنىڭ كاپىتالىست نەشرىياتچىلاردىن ئارقا تىرىكىم يوق؛ بىرەر مۇھەررىرلىك ۋەزىپىسىنى قولغا كەلتۈرۈۋېلىپ، شۇنىڭ بىلەن تەمەننا قىلىش ۋە شۇ يول بىلەن «بۆھتان قىلىش، پىتنە - ئىغۋا قىلىش، ساختا خەت يېزىش» دېگەندەك رەزىللىكلەرنى قىلىش مەقسىتىدە ئاچام ياكى سىڭلىمنى چوڭ سودىگەرگە توقاللىققا بەرگىنىمۇ يوق. سىياسىي ئەھۋال، خەلقئارا ۋەزىيەت توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىمنى ئېلان قىلغۇم كەلگەن بولسىمۇ تېخى ئېلان قىلغىنىم يوق، شۇنداق ماقالىلىرىمنى قوبۇل قىلىدىغان ژۇرنال بولسا، ماقالە بېرىشكە تەييارمەن. لېكىن شۇ ژۇرنالدىكى باشقا ماقالىلەرگە مەن جاۋابكار ئەمەس — بۇ، ئېلان قىلىپ قويۇشۇم زۆرۋر بولغان ئىشلارنىڭ تۆتىنچىسى. بۇندىن كېيىن ئومۇمەن كاپىتالىستلارنى يۆلەنچۈك قىلىپ تۇرۇپ، ماڭا بۆھتان قىلىدىغان ژۇرناللا بولىدىكەن، مەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئىتىنىڭ كاڭشىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، دەپ قارايمەن، جاۋاب يازمايمەن، بۇنىڭدىن ۋاقىپ بولۇپ قىلىڭلار.

مېنى ھېسابقا ئالمىغاندا، گەپلەرنىڭ تولىسىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» نىڭ مۇھەررىرى لى لېيۋېنگە قارىتىلغانلىقى بۇنىڭدىن ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «يېڭى ئېقىم مەسىلىلىرى گېزىتى» نىڭ ئىككىنچى كۈنى چىققان سانىدىمۇ ئۇنىڭغا يارىشا بىر ئېلان بېسىلىپ چىقتى —

## لى لېيۋېننىڭ ئېلانى

پېقىر لى لېيۋېن بۇلتۇر ياۋرۇپادىن قايتىپ كەلگەندىن بۇيان شاڭخەيدە تۇرۇۋاتىمەن، «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ باش جىڭلىسى شى لياڭسەي ئەپەندى بىلەن ئاتا - بوۋىمىزدىن تارتىپ رابىتىمىز بولغاچقا، پات - پات ئۇنى يوقلاپ بېرىپ تۇرىمەن. پېقىر لى لېيۋېن ھېچقانداق پارتىيە - گۇرۇھقا كىرمىگەنلىكىم، ياۋرۇپادا تۇرغان چېغىمدا مەخسۇسلا ئەدەبىيات ئوقۇغانلىقىم ئۈچۈن شى لياڭسەي ئەپەندى مېنى شېنباۋ گېزىتخانىسىدا «ئەركىن پاراڭ» نى تەھرىرلەپ چىقىرىشقا قويغانىدى. ئەپسۇسكى، ئۈچ تەرەپلىمە ئىشق - مۇھەببەت ھېكايىلىرىنى يازغۇچى سودىگەر جاڭ زىپىڭ ئۆزىنىڭ رومانلىرىنى گېزىتتە بېسىپ چىقىرىشنى توختىتىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن داغ - ھەسرەتتە ئۆرتىنىپ، يېقىنقى ئىككى ئايدىن بۇيان



چوڭ - كىچىك گېزىت - ژۇرناللاردا پىتنە - ئىغۋا، بۆھتان ۋە تۆھمەتلەرنى قىلىپ كەلدى، ئۇنىڭ بۇ يولدا قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىدى. ئۇنىڭ ۋاسىتىلىرى ۋە مەقسەتلىرىنىڭ تولىمۇ پەس - رەزىللىكىنى پېقىر لى لېيۋېن بىر قاراپلا بىلگەنلىكىم ئۈچۈن ھازىرغىچە زادىلا جاۋاب قايتۇرمىغانىدىم. لېكىن جاڭ زىپىڭ ئەپەندى تۈنۈگۈن «كۆك نۇر» ستونىدا بىر ئېلان چىقىرىپ، دارىتىلما گەپلەر بىلەن قولىدىن كەلگىنىچە بۆھتان قىپتۇ. ئۇنىڭ شۇ ئېلانىدىكى «ئاچام ياكى سىڭلىمنى چوڭ سودىگەرگە توقاللىققا بەرگىنىم يوق» دېگەن سۆزنى كىمگە قاراتقانلىقىنى بىلمەيمەن. جاڭ زىپىڭ ئەپەندى ئۆز ئېلانىنى «ئەركىن پاراڭ» غا قاراتقانىكەن، پېقىر لى لېيۋېن «ئەركىن پاراڭ» نىڭ مۇھەررىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئەھۋالنى ئىزھار قىلىپ، كۆپچىلىكنىڭ گۇمانىنى يېشىۋېتىشكە توغرا كەلدى. پېقىر لى لېيۋېننىڭ پەقەت ئىككىلا سىڭلىسى بار: چوڭى يىگىۋەن، ئۇ ياتلىق بولماي تۇرۇپلا ئۆلۈپ كەتكەن؛ ئىككىنچىسى يۈيۈەن، ئۇ ھازىر چاڭشادا مەلۇم بىر مەكتەپتە ئوقۇيدۇ، ئۇمۇ ياتلىق بولمىغان، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى خۇنەندىن بىر قەدەم نېرى چىقىپ باققىنى يوق. ئەمدى ئۆزۈمنىڭ بىلىدىغانلىرىمنى ئېيتسام، شياڭتەنلىك لى ئۇرۇقىدىن بولغان ئاچا - سىڭىللاردىن مەيلى يېقىن بىر تۇغقان ياكى يىراق تۇغقان بولسۇن باشقىلىرىغا توقال بولغىنى يۇق، «چوڭ سودىگەر» لەر بىلەن تۇرمۇش قۇرغىنىمۇ يوق. جاڭ پالانىنىڭ سۆزى چىن قەلبىدىكى نادامىتىمۇ (چوڭ سودىگەرلەرگە توقاللىققا بەرگۇدەك ئاچا - سىڭلىسىنىڭ بولمىغانلىقىدىن ھەسرەت قىلغىنىمۇ) ياكى ئەسەبىيلىك كېسىلى تۇتۇپ قېلىپ، غالجىر ئىتتەك قاۋىغىنىمىمۇ، بۇنى پېقىر لى لېيۋېن بىلمەيمەن.

شۇندىن كېيىن، يەنە بىرنەچچە ئېلان چىقىپ، ئاۋارىچىلىكتىن قېچىپ، ئۇلارنى بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرۈپ ئولتۇرمىدىم. قىسقىسى: «ئاچا - سىڭلىسىنى چوڭ سودىگەرگە توقاللىققا بەرگەن» كىم؟ دېگەن مەسىلە خېلى مۇھىم مەسىلە، لېكىن بۇ مەسىلىنى «ئىسىم - فەمىلىسىنى ئۆزگەرتىپ باقمىغان» نوچى جاڭ زىپىڭنىڭ ئۆزىدىنلا سوراپ كۆرگەندە ئاندىن بىلگىلى بولىدۇ.

لېكىن جۇڭگودا ھەقىقەتەن زېغىر تەشتى ئادەملەرمۇ يوق ئەمەس، دەرۋەقە كىمدۇر بىرى تومۇزدا ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىشتىن قوقماي، جىنرۇدىكى «پەلەككە تەلمۈرۈپ ئۆلتۈرىدىغان كىچىك دېھقانىنىڭ رۇزغارى» دېگەن دەرگاھقا بېرىپ، جاڭ زىپىڭدىن سوراپ كۆرۈپتۇ. بۇ

ھەقتىكى « زىيارەت خاتىرىسى » « جۇڭگو ۋە چەتئەل كىتاب ـ ژۇرناللىرىدىن خەۋەر » [18] نىڭ 7 ـ سانىغا ( 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى نەشرىدىن چىققان ) بېسىلغان . تۆۋەندىكىسى « توقال » توغرىسىدىكى مەسىلىنىڭ بىر قىسمى —

## ئېلاندىكى گۇمان

يۇقىرىدىكى گەپلەر پەقەت داۋاملىق بېسىش ۋە بېسىشنى توختىتىپ قويۇشنىڭ ئۆتمۈشى توغرىسىدىلا بولدى . ئۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇنى ئېلاندىكى بىرنەچچە گۇماننى يېشىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدىم .

— ئېلانىڭىزدىكى بىرمۇنچە گەپلەرنى باشقىلار چۈشەنمەيدىكەن ، ماڭا سۆزلەپ بەرسىڭىز قانداق ؟

— قايسى سۆز ؟

— « ئاچا ـ سىڭلىسىنى سودىگەرگە توقال قىلىپ بەرگەن » دېگەن سۆز بىرەر ئادەمگە دارىتىلغانمۇ ؟

— ئۇ لى ليېۋېنىڭ خۇدۇكسىرىگەنلىكىدىن كېلىپ چىققان ؛ مەن ئەسلىدە ئېلاندا باشقا بىر ئادەمنى كۆزدە تۇتقان .

— ئۇ ئادەم كىم ؟

— ئۇنى ئاشكارىلىغىلى بولمايدۇ ، — ئۇ ئاشكارىلىغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقاچقا ، سۈرۈشتۈرۈپ سوراشقا ئەپسىز بولدى .

— يەنە بىرى ، « سىياسىي ئەھۋال ، خەلقئارا ۋەزىيەت توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىمنى ئېلان قىلغۇم كەلگەن بولسىمۇ ، تېخى ئېلان قىلمىدىم » دېگەن سۆزىڭىز نېمە مەنە بېرىدۇ ؟

— ئۇ مېنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىن باشقا سىياسىي قاراشلىرىم توغرىسىدىكى گەپ ، ئۇلار تەسىراتقا ئوخشاش بىر نەرسىلەر .

— ئۇنداق بولسا ئۇلار « يېڭى دەۋر » دىكى « پەلەككە تەلمۈرۈپ ئولتۇرىدىغان كىچىك دېھقانىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى » گە ئوخشاش بىرنەرسىلەر (« يېڭى دەۋر » نىڭ 7 ـ سانىغا قارالسۇن ) مۇ ؟ — دەپ سۆز ئارىلىدىم .

— ئۇ لۇشۈنگە قارىتىلغان تەنقىد . مېنىڭ ئېيتىۋاتقىنىم سىياسىي ئەھۋال توغرىسىدىكى قاراشلىرىم ، شۇنداق قاراشلىرىم « ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبىتى » دە بار . ( « ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبىتى » نىڭ 1 ـ جىلد 1 ـ سانى-



دىكى « ئەتىگەندىن پېشىنگىچە » گە قارالسۇن .)

— لۇشۈنگە قارىتىلغان قانداق تەنقىد ؟

— بۇ باشقا بىر مەسىلە ، مېنىڭچە بۇ ھەقتە يازمىغىنىڭىز ياخشى .

مانا بۇ « نىيىتى يامان ئادەمنىڭ كۆز نۇرى خۇنۇك بولىدۇ » [19] دېگەن گەپنىڭ دەل ئۆزى . بىرنەچچە قۇر تەسۋىر بۇ ئەدىبنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسىنى سۈرەتلەپ بەرگەن . « ئىجتىمائىي ئاخبارات » نىڭ ئۇنى « پەس ئادەم » دېيىشتىكى غەرىزى جەمئىيەتنىڭ « ئاجىز ـ بىچارىلەرگە مەدەت بېرىدۇ » غان ھېسسىياتىنى قازىنىش « بۇنىڭغا ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ . لېكىن ئېلاندا ئېيتقانلىرىغىمۇ ، جۇڭگو ئەدەبىياتىدىكى مىساللار بويىچە ، چىنپۇتۇپ كەتمەسلىك كېرەك (ئەگەر بەي يۈيشيا ئەپەندى « مەلۇم بىر كۈنى » يەنە « نېيشەن كىتابخانىسىغا بېرىپ بىر دەم ئولتۇرسا » ، يەنە خوجايىنىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىشى چوقۇم ) ، چۈنكى ئۇ ئۆز « فامىلىسىنى ئۆزگەرتمىگەن » دىن كېيىنمۇ ، « بەزىدە باشقا تەخەللۇسنى ئىشلەتكەن بولسامۇ » دېگەن . « لېكىن ئېلان قىلغان ماقالىلىرىمنىڭ ھەممىسىگە ئۆزۈم جاۋابكار » دەپ تۇرۇقلۇق ، « بۇ ھەقتە يازمىغىنىڭىز ياخشى » دېگىنى نېمىسى ؟ « بۇ ھەقتە يازمىغىنىڭىز ياخشى » دېگەنىكەن ، مېنىڭ ھەققىمدە قىلغان سۆزى توغرىسىدا مەنمۇ چوڭقۇرراق بىرنەرسە دېمەي تۇراي .

قەلەمنى بىر تەۋرىتىش بىلەنلا ئىككى مەسىلىنى تەڭ يازغىلى بولمايدۇ ؛ ئىلگىرى « ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبىتى » نىڭ تۆرىسى ، « ئازاد نەزمىچى » زېڭ جىنكې ئەپەندىنى ھەقىقەتەن بىكارچى قىلىۋەتكەنىدىم . لېكىن ، بۇ ئەھۋالنى يېزىش ھېچقانچە ئىش ئەمەس . ئۇ « قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە ھازىرلىنىش » تىن باشقا ، « چېقىمچىلىق » نەيرىڭىنىلا ئىشلەتمەكتە .

سۇي ۋەنچيۇ [20] ئەپەندى ئەسلىدە بۇ نەزمىچى بىلەن ئىلپەت ئىدى ، لېكىن ئازغىنا چاتاق سەۋەبى بىلەن بۇ نەزمىچى قەدىناس دوستىغا بۆھتان قىلىپ ، كىچىك بىر گېزىتكە يوشۇرۇن ئىمزالىق ماقالە

ئەۋەتكەنىكەن، بەختكە قارشى ئۇنىڭ ئورگىنالى خۇددى قىرىشقاندەكلا سۇي ۋەنچيۇ ئەپەندىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن سۇي ۋەنچيۇ ھېلىقى ئورگىنالنى سېنكىغا ئالدۇرۇپ، «جۇڭگو ۋە چەتئەل گېزىت ـ ژۇرناللىرىدىن خەۋەر» (5 ـ سان) گە راسا كېلىشتۇرۇپ بېسىپ چىقىرىپتۇ ——

## سۇي ۋەنچيۇ دۆلەتچىلەر قاتارىغا كىرىپتۇ

«ئۇلۇغ ئاخشام» گېزىتىنىڭ كۆتلەش مۇھەررىرى سۇي ۋەنچيۇ ياپونىيەدىن قايتىپ كېلىپلا بىزنىڭ ھەققەمسايىمىز زو شۇنشېڭنىڭ 68 ـ نومۇرلۇق ئۆيىدە ئولتۇردى، كېيىن زو شۇنشېڭ بىلەن ۋاڭ زاۋشى ئۇنى «ئۇلۇغ ئاخشام گېزىتى» گە خىزمەتكە تونۇشتۇرغان. يېقىندىن بۇيان ئۇ دۆلەتچىلىكنى ۋە گۋاڭدۇڭ تەرەپىنى بارلىق كۈچى بىلەن تەشۋىق قىلىۋېتىپتۇ، كېچىسى بولسا تانسىخانىلاردا ياكى پاھىشىخانىلاردا قونۇپ قالىدىكەن.

جىنايىتى، ئادرېسى ئېنىق بولسا قولغا ئېلىش ناھايىتى ئاسان. شۇنىڭ بىلله، مۇنداق كىچىككىنە ئەيىبلىرىمۇ تېپىلغان: بۇ نەزمىچى «سۇي ۋەنچيۇ» دېگەن ئىسىم بىلەن ئۆزىنىڭ شېئىرلىرىغا كىرىش سۆز يېزىپ، ئۆزى يازغان كىرىش سۆزدە ئۆزىنىڭ شېئىرىنى راسا ماختىغان. [21] يېنىك ـ ئېغىر كېسەللەرنىڭ تەرەپ ـ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ كېلىشى ئارقىسىدا، بۇ نازۇك ـ ناتىۋان شائىر ھەم نەزمىچى بەرداشلىق بېرەلمەي، ياقىغا چىقماقچى بولۇپ، شۇ چاغدىكى ئەدەبىيات مۇنبىرى گويا «ئېلان دەۋرى» گە كىرىپ قالغاندەك، «يېڭى ئېقىم مەسىلىلىرى گېزىتى» (7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى) دە يەنە بىر ئېلان بەردى ——

## زېڭ جىنكېنىڭ ئېلانى

پېقىر يېقىندا شاڭخەيدىن ساياھەتكە بارماقچىمەن ۋە يازغۇچىلىق ئىشىدىن قول ئۈزمەكچىمەن. بۇندىن كېيىن باشقىلارنىڭ ماڭا قىلغان بۆھتان ۋە تۆھمەتلىرىگە پىسەنت قىلمايمەن. بۇ ئاي ـ بۇ كۈنلەردە كۈچلۈكلەرنىڭ دۇمباللىشىغىلا



يول بار ئىكەن، ئاجىزلارنىڭ دات ـ پەريات قىلىشىغا يول يوق ئىكەن، مەن بۇنىڭغا نېمە دېيەلەيمەن؟! مەن ئۆزۈمنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىمنى، قارشىلىق كۆرسىتىشكە قادىر ئەمەسلىكىمنى ئىقرار قىلىمەن؛ باتۇرلارنىڭ غەلىبە كۈلكە ساداسى ئىچىدە بۇ ئەدەبىيات مۇنبىرىدىن ئۆزۈمنى ئاستا تارتماقچىمەن. ئەگەر كىمكى مېنى «قورقۇنچاق» دەپ مەسخىرە قىلىدىكەن، مەن ئۇنى مېنى «باتۇر» دەپ ھۆرمەتلىدى، دەپ قارايمەن. بۇنىڭدىن ۋاقىپ بولۇپ قېلىڭلار.

مانا، ئىش تۈگىدى. لېكىن، مېنىڭچە بۇ ماقالە قىزىق يېزىلغان، بولۇپمۇ ئاخىرقى ئىككى ئېغىز سۆزى تېخىمۇ قالتىس.

مەن يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرگەن «〈ئەدىبلەر تاپسىز بولدۇ〉 توغرىسىدا» دېگەن ماقالە ئەمەلىيەتتە مۇشۇ زېڭ جىنكې بىلەن جاڭ زىپىڭنىڭ بىرلەشمە سۆزى ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ بۇ ۋەقەنىڭ تېخىمۇ يامانلىشىپ كېتىشىگە كۆزۈم يەتكەچكە قىسقىچە بىر مۇلاھىزە يېزىپ، «ئەركىن پاراك» غا ئەۋەتكەنىدىم. ۋاقىت خېلى ئۆتۈپ كەتتى، بېسىلىپ چىقمىدى، ئورگىنالنى قايتۇرۇۋېلىپ قارىسام، ھەممىلا يېرى مەتبەئە سىياھلىرى تەگكەن قولنىڭ ئىزى بىلەن كىرلىشىپ كېتىپتۇ، بۇ ئۇ ماقالىنىڭ تىزىلغانلىقىنىڭ، كېيىن ئۇنى كىمدۇر بىراۋنىڭ چىقىرىۋەتكەنلىكىنىڭ دەلىلى. بۇنىڭدىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇكى، «ئاچا ـ سىڭىلسىنى چوڭ سودىگەرلەرگە توقاللىققا بەرمىگەن» بولسىمۇ، «كاپىتالىست نەشرىياتچى» لار يەنىلا شۇنداق مەشھۇر جانابقا «ئارقا تىرەك» بولماقتا. لېكىن بەزى بىراۋلار لۇشۈن مەشھۇر جانابنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇپ، دەرھال بىرەر قىزىل قالپاق كىيىپ قالمىسۇن، دېگەن ئەندىشىگە كېلىپ، مېنىڭ ھاياتىمنى ئاسراپ قېلىش نىيىتى بىلەن باسماي قويىدىمۇ، بۇنىڭغىمۇ بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ. مېنىڭ ھېلىقى ماقالەم مانا مۇنداق ——

## «ئەدىبلەر تاپسىز بولدۇ» غا رەددىيە

«ئەدىب» دېگەن نىشان كىشىلەرنى ناھايىتى ئاسان ئالدىيالايدۇ. ھازىرقى كۈندە ئاتالمىش «ئەدىب» لەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى خورلىشى ھەتتا جەمئىيەتنىڭ

ئەدىبلەرنى خورلىشىدىنمۇ ئېشىپ چۈشمەكتە . بەزى مۇھاكىمىچىلەر ھەتتا
« ئادەم » نىڭ قولى بارمايدىغان ئىشلارنى قىلغان ئادەمنى كۆرسە ، ئۇنى «
تاپسىز » ، « تاپتىن چىققان » دەيدۇ ؛ « ئالجىغان » دېيىشتىن ئايىنىدۇ ، « بىچا-
رىلىكى » نى ئەپۇ قىلىدۇ . ئەمەلىيەتتە ئۇ ئادەملەر ئەسلىدە چېچەنلىكتە ئۇچىغا
چىققان بىدىك ؛ ئۇلارنىڭ ئىلگىرى قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسى « ھايانكەش-
لىك » تىن باشقا نەرسە ئەمەس ؛ ھازىر قىلىۋاتقانلىرىمۇ « تاپسىز » لىق
ئەمەس ، بەلكى « تاپنى ئۆزگەرتىش » يولىدىكى ھەرىكەت .
تولىمۇ پەس ـ چاكىنا ئۈچ تەرەپلىمە ئىشق ـ مۇھەببەت ھېكايىلىرىنى بىر-
ئاز سېتىش ئىمكانىيىتى بولغان بولسىمۇ ، ئۇلار ئۆز تىجارىتىنىڭ كاساتلىشىپ
قالغانلىقى ئۈچۈن « تاپنى ئۆزگەرتىش » كە مەجبۇر بولۇپ قالغان . كېچىلەردە
كوچا بويلىرىدا ماڭىدىغان بولساق ، بەزى كىچىك ئەبگالارنى ئۇچرىتىپ قالىمىز ،
ئۇلار قاراڭغۇدا ئالدىمىزغا غايىبتەك پەيدا بولۇپ كېلىپ : « جاھان رەناسى① كې-
رەكمۇ ؟ جاھان رەناسى كېرەكمۇ ؟ جۇڭگو رەناسى كېرەك بولسىمۇ بار ، شەرق
رەناسى كېرەك بولسىمۇ بار ، غەرب رەناسى دېسىڭىزمۇ بار ، قانداق ، كېرەكمۇ ؟»
دەپ سورايدۇ . ئۇلارنىڭ بازىرى ئانچە كاسات ئەمەس . دائىم چۈشىدىغانلار
شاڭخەيگە يېڭى كەلگەن ياشلار ۋە سەرالىقلار . لېكىن ئۇلارمۇ كۆپ بولسا تۆت ـ
بەش قېتىم بارىدۇ ، بىرنەچچە قېتىم شۇنداق دۇكاننى كۆرگەندىن كېيىن بىزار
بولىدۇ ، ھەتتا ھۆ قىلغۇسى كېلىدۇ ، « جۇڭگونىڭمۇ ، شەرقنىڭمۇ ، غەربنىڭمۇ
بار » دەپ ھەرقانچە بازارغا سالساڭمۇ بىكار . ئۇنىڭ ئۈستىگە زاماننىڭ ئۆتۈشى
بىلەن كىتابخانىلاردىمۇ ئۆزگىرىش تۇغۇلدى ، كىتابخانىلارنىڭ بىر قىسمى ئۇنداق
بىر نەرسىلەرنى ئوقۇمايدىغان بولدى ؛ يەنە بىر قىسمى بولسا توپتوغرا بېرىپ تانسا
ئوينايدىغان ، جالاپ ئوينايدىغان بولۇپ كەتتى ، چۈنكى بۇلارغا خەجلىنىدىغان
پۇل قول شەھۋەتپەرەسلىكى ھېكايىلىرى توپلىمىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن كېتىدىغان
پۇلغا قارىغاندا ئاز كېتىدۇ . مانا بۇ ئەھۋال ئۈچ تەرەپلىمىچىلەرنىڭ ھالىنى
خارابلاشتۇرۇپ قويىدى . بەزى ئادەملەر ئېسىل ـ كاتتا ئىمارەت سېلىۋالسىلا
قانائەت تاپىدۇ ، دەپ ئويلىماسلىقىمىز كېرەك ، ئۇ ، ھەربىر ئوغلى ئۈچۈن ئاز دې-
گەندە ئون مىڭ كويچەن پۇلمۇ ھازىرلاپ قويۇشقا مەجبۇر .
شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ پەيلى بۇزۇلغان . لېكىن ئۇنىڭغا « ئۈچ تەرەپ »
تىن نىجات يولى تېپىلمىدى ، شۇڭا ئۆز قاياشلىرىدىن بىر تۈركۈم ئادەم بىلەن
تىل بىرىكتۈرۈپ ئۇلتۇرۇش قىلدى ، كىچىك گېزىت چىقىرىپ ، پىتنە ـ ئىغۋا

① رەنا ـــ بۇ سۆز بۇ يەردە «پاھىشە» دېگەن مەنادا قوللىنىلغان . ـــ تەرجىمان .



تاراتتى ؛ خۇددى ئۇلارنىڭ كاتتا ـ چوڭ ئەسەرلىرىگە نەزەر سالىدىغان
ئادەملەرنىڭ چىقمىغانلىقىغا پەقەت بىرنەچچە ئادەمنىڭلا ئەھلى ئالەمنىڭ كۆزىنى بىر
قول بىلەن توسۇپ قويغانلىقى زامىن بولغاندەك ، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ دوست ـ يار-
لىرىغىمۇ خىيانەت قىلدى . لېكىن ئۇنى مۇشۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىدۇ ، دەپ سەۋەن
چۈشىنىپ قالماڭلار . ئۇ چېچەنلىكتە ناھايىتىغا يەتكەن ، ئەمەلىيەتتە ئۇ شۇنىڭ
بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ ، ئۇنىڭ ھازىرقى قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى يەنىلا « ھا-
يانكەشلىك » . يەنى « ئۈچ تەرەپ » تىن تاپقان تىرىكچىلىك يولىدىن ئىبارەت .
قىسقىسى ، ئۇ ھازىر مۇشۇنداق تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغاندىلا بىرئاز پۇل تا-
پالايدۇ .
مەسىلەن ، ئېيتايلى ، بەزى « 3 ـ خىل ئادەم » لەرمۇ « ئىنقىلابىي ئەدىب »
بولۇۋېلىپ ، باسمىخانا ئېچىپ ، گومورونىڭ بىرمۇنچە نەشر ھەققىنى پۇھ دېمەي
موك سالغانىدى ، ئۇلار ھازىر ئولتۇرۇۋاتقان زامانىۋى ئىمارەتلەرنىڭ بىر قىسمىمۇ
گومورونىڭ قان ـ تەرلىرى بەدىلى بىلەن زىننەتلەنگەن بولسا كېرەك . ئۇلار
ئەمدى نەدىمۇ شۇنداق ئوقەت قىلالىسۇن ؟ ئۇلار ھازىر شېرىكلىشىپ تۇرۇپ سولقا-
ناتلارغا ھۇجۇم قىلغاندا ، ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنى بىلىدىغان ئادەملەر ئۈستىدىن
پىتنە ـ ئىغۋا قىلىپ ، ئۇلارنى ئورىغا ئىتتەرگەندە ، ئاندىن ، ئۆزلىرى پاك ـ توغرا
يازغۇچى بولالايدۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چېقىمچى ماقالىلىرى بىلەنمۇ خېلى كۆپ پۇل
تاپالايدۇ .

ئىلگىرىكى ئانالىزىم ھېكايىلىرى ئەۋرەتكە ئائىت بىرنېمىلەر ئىدى ،
لېكىن بۇ يول ئاقمىدى ، ئۇلارغا يۈكسىلىش توغرا كەلدى ، بىراق بۇنىڭدا
ئۇلارنىڭ ـــ بولۇپمۇ ئۆزلىرىنىڭ قەدىناس يار ـ بۇرادەرلىرىنىڭ ـــ بې-
شىغا خەۋپ چۈشەتتى . بۇنداق يۈكسىلىش پۈتۈنلەي « تاپسىز » بولۇپ
كەتكەن ئەدىبلەرنىڭ قانداقمۇ قولىدىن كەلسۇن ؟!

يۇقىرىقى سۆزلىرىمنىڭ بىرنەچچە يېرى ، تەبىئىيكى ، زېڭ جىنكې
ۋە جاڭ زىپىڭ دېگەندەك بىرنېمىلەرگە بىرئاز دارىتىلغاندەك تۇرىدۇ . لې-
كىن ئىلگىرى « جاڭ زىپىڭغا پەشۋا بېرىلگەن » لىكى ھەقىقەتەن مېنىڭ
پىكرىم ئەمەس . بۇ يازغۇچىنىڭ كاتتا ئەسەرلىرىنى مەن ئۆزۈم ئوقۇماي-
مەن ، بۇنىڭ سەۋەبلىرى ناھايىتى ئاددىي . مېنىڭ مېڭەمگە ئۈچ تەرەپ ،
تۆت تەرەپ دېگەندەك بىرمۇنچە تەرەپ كېرەك ئەمەس . ئەگەر بىرەر ياش

مېنىڭدىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇسام بولامدۇ دەپ سورايدىغان بولسا ، مەن ئۇنى ئوقۇماسلىققا دەۋەت قىلىمەن ، بۇنىڭ سەۋەبىمۇ ناھايىتى ئاددىي . ئۇنىڭ مېڭىسىگىمۇ ئۈچ تەرەپ ، تۆت تەرەپ دېگەندەك بىرمۇنچە تەرەپنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق . ئەگەر ئۇنىڭ ئۆزى بالا ـ ۋاقىلىرىنى بېقىشقا مەجبۇر بولمىغان تەقدىردىمۇ ماقالە يېزىپ قەلەم ھەققى ئالسا ، نەشر قىلدۇرۇپ پۇلغا ساتسا ، بۇنىڭ بىلەنمۇ كارىم يوق ، بۇنىڭ سەۋەبىمۇ ناھايىتى ئاددىي : مەن ئۇنىڭ ئۈچ تەرەپ ، تۆت تەرەپ دېگەندەك ئاخىرى ئۈزۈلمەيدىغان بىرمۇنچە تەرەپلىرىنى ئەزەلدىن خىيالىمغا كەلتۈرۈپ باققان ئەمەسمەن .

لېكىن شۇنداق كۆپ تەرەپلىمچىلەر مېنى « جاڭ زىپىڭغا پەشۋا بېرىش » كە ئەقىل كۆرسەتتى ، دەپتۇ . ئۇلار شۇنداق گەپنى قىلغانىكەن ، مەن ئۇلارنىڭ ئىچ ـ قارنىنى X نۇرى (رېنتگېن ) بىلەن ئاشكارىلىۋېتىمەن .

« خاتىمە » منى ئەمدى راستتىن تاماملىشىم كېرەك ئىدى ، بىراق ، سەۋر قىلاي ، يەنە بىرئاز قالدى ـ قۇتتىنىڭمۇ قالدى ـ قۇتتىسى بار ئىكەن . چۈنكى ، يىغىپ قويغان ماتېرىياللار ئىچىدە بىر پارچە كارامەت ماقالە تۇرۇپتۇ . بۇنى زايە قىلىۋەتسەم ناھايىتى ئېسست كېتىدۇ ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردە ساقلىنىپ تۇرسۇن .

بۇ ماقالە 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىكى « ئۇلۇغ ئاخشام » گېزىتىنىڭ « مەشئەل » بېتىگە بېسىلغان ——

## يېڭى ئۆلىمالارنىڭ غەيرىي رەسمىي قىسسىسى

ليۇسى

### بىرىنچى قىسسە

توغ كۆتۈرۈپ چىقىپ ، قۇرۇق بارگاھ تىكلىشى ،
لەشكەر تارتىپ ، تىلسىم سەپ تۈزۈشى

ئەلقىسسە ، كارل بىلەن ئىلئىچ بىر كۈنى ئەرشتە جۇڭگو ئىنقىلابى توغرىسىدىكى مەسىلىلەرنى مۇزاكىرىلىشىۋېتىپ ، زېمىنغا شۇنداق بىر قاراپتىكەن ، قارىسا جۇڭگو ئەدەبىيات مۇنبىرىنىڭ دەشت ـ باياۋىنىدا قىيا ـ چىيا بىلەن گەردە نامايان بوپتۇ ؛ سولقاناتلارنىڭ مۇداپىئە رايونىدا بىر سەركەردە بىر نەۋكەرنى ئىز باستۇرۇپ قوغلاپ يۈرۈپتۇ ، جەڭ دۇمباقلىرى ياڭراپ كېتىپتۇ ، نەرە تارتىلىپتۇ . شۇ ئەسنادا ھېلىقى سەركەردە ئاغزىدىن ئاق تۇمان چىقارغانىكەن ، كارل بۇ تۇماننىڭ ھىدىنى پۇراش بىلەنلا ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ ، ئىلئىچ دەرغەزەپ بولۇپ جوزىغا مۇشتلاپ : «زەھەرلىك گاز ، زەھەرلىك گاز!» دەپ توۋلاپتۇ ـ دە ، كارلنى قولتۇقلىغىنىچە بەدەر تىكىۋېتىپتۇ . ئەسلىدە زېمىندىكى جۇڭگو ئەدەبىيات مۇنبىرىنىڭ دەشت ـ باياۋىنىدا ، سولقاناتلارنىڭ مۇداپىئە رايونىدا يېقىندا بىر يېڭى قۇرۇق بارگاھ تىكلەنگەنىكەن ، ئۇنىڭغا ئۇششاق بۇرژۇئا ئىنقىلابىي ئەدەبىياتىنىڭ توغى قادالغانىكەن ، پرولېتارىيات ئەدەبىيات ـ سەنئەت قورغىنىدىكىلەر مەككارلارنىڭ قۇترىتىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەدىبىنى بېرىش ئۈچۈن لەشكەر تارتىپ كەلگەنىكەن .

شۇ كۈنى نۇرغۇن لەشكەر دەۋرەپ كەلگەندە ، يېڭى تىكلەنگەن قۇرۇق بارگاھنىڭ تۆرىسى ھەم ئەمەلدارى ۋە ھەم ئەسكىرى بولغان ياڭ سۇنرېن قەلەم نەيزىسىنى كۆتۈرۈپ ، ئېتىنى چاپتۇرۇپ ئالدىغا چىقىپتۇ ، قارىسا جەڭ دۇمباقلىرى ياڭراپ كېتىپتۇ ، نەرە تارتىلىپتۇ ، ھەممىسىنىڭ ئالدىدا قىلىچىنى يالىڭاچلاپ ـ ئوينىتىپ ، ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقىنى سەركەردە لۇشۈن ئىكەن . ياڭ سۇنرېن ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ : « ھۆرمەتلىك سەركەردەم ، ئايرىلغاندىن بۇيان سالامەت تۇرغاندۇرلا ؟» دەپتۇ . سەركەردە لۇشۈن ئىلىك ئالماستىن ، ئېتىنى چاپتۇرۇپ ، قىلىچىنى ئوينىتىپ ، توپتوغرا ئېتىلىپتۇ ، ياڭ سۇنرېن قەلەم نەيزىسىنى قالقان قىلىپ توسۇپ ، يەنە :« سەركەردەم ، گەپلىرى بولسا ئېيتسىلا ، تىغ تەڭلەشنىڭ نېمە ھاجىتى ؟ كەمىنە نەۋكەرلىرى بىر بايراق كۆتۈرۈپ چىقىپ ، ئۆز ئالدىمغا قۇرۇق بارگاھ تىكلىدىم ؛ بۇ ئىشتا ئالدىراپ قالغانلىقىم ئۈچۈن ، يولىيورۇقلىرىنى سوراپ مۇراجىئەت قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىدىم ، مېنىڭ مۇددىئايىم جانابلىرىدىن يۈز ئۆرۈش ئەمەس ، پەقەت ئۆز ئالدىمغا ئىش تۇتۇش . بۇ نىيىتىم خۇدايىمغىمۇ ، بەندىلەرگىمۇ ئايان . ھۆرمەتلىك سەركەردەم ، سولقانات سەركەردىلەرنى كۆز ئالدىلىرىغا كەلتۈرۈپ باقسىلا ، ئۇلار قۇرۇق گەپكە بېرىلىپ كەتتى ، ھاكاۋۇرلىشىپ كەتتى ، سېلۆنىمۇ تەتقىق قىلمايۋاتىدۇ ، قورالمۇ تەييارلىمايۋاتىدۇ . ئەھۋال شۇنداق بولسا ، جەڭ توغرا كەلگەندە قوشۇن رەتلىك بولالمايدۇ ، جەڭگە كىرگەندە مىلتىقنى سۆرەپ بەدەر قاچىدۇ ؛ ئەگەر مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا ، ئابرويىنى قانداقمۇ ساقلاپ قالغىلى بولار ؟ ھۆرمەتلىك سەركەردەم ، ئىنتىزامنى

رەتكە سىلىشقا چولىلىرى تەگمەيۋاتسا ، مالال بولۇپ يىراقتىن لەشكەر تارتىپ
كەپتىلا ، ئىنقىلابىي ئاما ئالدىدا تولىمۇ يەرگە قاراپ قالارلىمكىن !» دەپتۇ .
سەركەردە لۇشۈن يەنە زۇۋان سۈرمەي ، كۆزلىرىنى جامدەك قىلىپ ، بۇرۇتلىرىنى
تەتۈرسىگە دىڭگايتىپ ، ئاغزىدىن ئاق تۇمان چىچىپتۇ . نەۋكەر ياڭ سۇنرېن
سەركەردىنىڭ زەھەرلىك گاز چاچىدىغانلىقىنى بايقاپ ، هايت - هۇيت دېگۈچە
گازدىن ساقلىنىش نىقابىنى تارتىۋاپتۇ . ھىسسىياتنىڭ رولىغا ھېچنېمە دېگىلى بول-
مايدۇ ؛ قايىسىنىڭ يولۇق ، قايىسىنىڭ يولسىز ، خۇدايىمنىڭ ئۆزىلا بىلىدۇ !
سەركەردىنىڭ نەۋكەرنى زەھەرلىك گاز بىلەن بۇرۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتەلەيدىغان
ياكى ئۆلتۈرۈۋېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولسىڭىز ، كېيىنكى قىسسىگە قاراڭ .

ئەتىسىلا تەھرىرنىڭ بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم ، ئۇ خەتتە
ئومۇمەن : لىيۇ سى ئىمزالىق بىر كىشى (« ئەپەندىم ، ئۇنىڭ خېتىنىڭ
مەزمۇنىنى ئوقۇپ كۆرسىڭىز ، ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر
قىلىشىڭىز مۇمكىن » ) ناھايىتى قىزىق بىر ماقالە ئەۋەتىپتۇ ، ماۋ-
زۇسى « يېڭى ئۆلىمالارنىڭ غەيرىي رەسمىي قىسسىسى » ئىكەن ؛ لېكىن بۇ
ماقالىدە شەخسلەرنىڭ نامىنى بۇلغايدىغان گەپلەر يوق ئىكەن ، بۇنى
بېسىپ چىقىرىش قارارىغا كەلدۇق ، ئەگەر رەددىيە بېرىدىغان ماقالە بول-
سا ، ئۇنىمۇ بېسىپ چىقىرىمىز ، دېگەن گەپلەر بار ئىكەن . گېزىت -
ژۇرناللارنى ۋاقتىنچە جەڭ مەيدانىغا ئايلاندۇرۇپ بىر قۇر قىزىتىۋېتىش
گېزىت - ژۇرنال چىقىرىدىغان ئادەملەرنىڭ ناھايىتى ئومۇملاشقان
چارىسى . يېقىندىن بۇيان مەن تېخىمۇ « جاھانساز » بولۇپ قالدىم ، ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە هاۋا مانا مۇشۇنداق ئىسسىق ، شۇنىڭ ئۈچۈن تەرگە
چۆمۈپ ئۇلار بىلەن بىللە موللاق ئېتىپ يۈرمەيمەن . قىزىق ماقالىگە
«رەددىيە» بېرىشنىڭ ئۆزىمۇ كام ئۇچرايدىغان غەلىتە ئىش . « شەخس-
لەرنى نامىنى بۇلغايدىغان گەپ » بولغان تەقدىردىمۇ ماڭا
ئۆزۈمنىڭمۇ « كونا ئۆلىمالارنىڭ غەيرىي رەسمىي قىسسىسى » دىن بىرنى
يېزىپ ، «كارل بىلەن ئىلئىچ » [22] نىڭ سۆزلىرىنىڭ راست ۋە
يالغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرمەكتىن باشقا ئامال يوق . لېكىن مەن
رەممال ئەمەسمەن ، «جەننەت»نى نەدىن بىلەي ؟ «ليۇسى» — بۇ



ياڭ سۇنرېن ئەپەندى [23] « پرولېتارىيات ئىنقىلابى ئەدىبى » بولۇپ
تۇرغان چاغدىلا ئىشلەتكەن تەخەللۇسى ، بۇنى ماقالىنىڭ مەزمۇنىنى
كۆرمەي تۇرۇپمۇ بىلگىلى بولىدۇ . ئۇ تېخى يېقىندىلا « ئۇششاق بۇرژۇئا-
زىيە ئىنقىلابىي ئەدەبىياتى » دېگەن بايراق ئاستىدا شۇنداق شېرىن
چۈشلەرنى كۆرۈپ ، ئۆزىنى شۇنداق سۈپەتلىگەنىدى . پەلەكنىڭ چارخى
ئادەملەرنى ھەقىقەتەن ئەنە شۇنداق رەھىم قىلماستىن يەنجىپ
تاشلىۋېتەلەيدۇ . لېكىن ، بەختكە يارىشا ، ئەنە شۇنداق بىر يەنە
جىلىش نەتىجىسىدە ، خەن شىخېڭ ئەپەندى [24] بۇ «نەۋكەر» نىڭ «ئاق
كۆكۈل» لۈكلۈكىنى ئۆز زۇۋانىدىن بىلىپ قاپتۇ .
بۇ ، ئەسەرنىڭ بىرىنچى قىسسىسى ؛ ئۇنىڭ داۋامىنىڭ بارلىقى تە-
بىئىي . مېنىڭ « رەددىيە » بېرىش نىيىتىم زادىلا يوق ، شۇنداق بولسىمۇ
شۇ « ئاق كۆكۈل » لۈك ئەدەبىياتنى كۆرگۈم بار ئىدى ، ئەپسۇسكى
شۇندىن كېيىن كۆرۈنمىدى . مانا هازىر بىر ئايدىن ئېشىپ كەتتى ،
«كارل بىلەن ئىلئىچ» نىڭ «جەننەت» تىكى ، «سەركەدە» بىلەن
«نەۋكەر» نىڭ دوزاختىكى ئەھۋالىدىن بىرەر خەۋەر ئاڭلىمىدىم .
لېكىن « ئىجتىمائىي ئاخبارات » (7 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىكى 4 - جىلد 3 -
سانى ) نىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇ خەۋەرنى يەنە « سولقاناتلار ئىتتىپاقى »
توسۇپ قويۇپتىمىش —

## ياڭ سۇنرېن B A گۇرۇھىغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ

سولقانات ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈپ ، ئۇششاق مۇلۇكدارلارنىڭ جەڭگىۋار
بايرىقىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ يېزىۋاتقان ياڭ سۇنرېن B A گۇرۇھىنىڭ چاپارمىنى
شۇي شياڭنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋېتىپتۇ ۋە شۇ گۇرۇھقا كىرىپ ھەرىكەت قىلىۋېتىپتۇ .
ئىلگىرى « ئۇلۇغ ئاخشام » گېزىتىدە ليۇسى ئىمزاسى بىلەن بېسىلغان « يېڭى ۋەلى
- ئەۋلىيالار شەجەرىسى » دېگەن ماقالىنى ئەنە شۇ ياڭ سۇنرېن يازغان ، ئۇ ماقا-
لىدە لۇشۈنگە قاتتىق كىنايە قىلىنغان ، لېكىن ئۇ ماقالىنىڭ داۋامى بېسىلماي
توختاپ قالدى . ئاڭلىشىمىزچە سولقاناتلار ئىتتىپاقى ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپتۇمىش .
(يۈي)

سولقاناتلار ئىتتىپاقى « كىنايە » بىلەن يېزىلغان بىرەر پارچە نەرسىنى شۇنچە يامان ئېلىپ كېتەرمىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە « سولقاناتلار ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇششاق مۈلۈكدارلارنىڭ جەڭگىۋار بايرىقىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ يېزىۋاتقان ياك سۇنرىن » غا « ئاگاھلاندۇرۇش » بەرگەنمىش. غەلىتى ئىش دېگەن مانا شۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، « 3 ـ خىل ئادەم » لەر سولقانات نەزەرىيىچىلەرنىڭ خۇنخور تەنقىدلىرى تۈپەيلىدىن « ئۆزىگە سادىق سەنئىتى » نى يازالماپتىكەن [25]، ھازىر بۇ « ئۇششاق مۈلۈكدارلارنىڭ جەڭگىۋار » باتۇرلىرىمۇ سولقاناتلار ئىتتىپاقىنىڭ ئاگاھلاندۇرغانلىقى تۈپەيلىدىن « جەڭ » قىلالماس بولۇپ قاپتۇمىش. مەن ئويلايمەنكى، يەنە بىرئاز ۋاقىت ئۆتسە، دۆلەت زېمىنىنى پارچىلاپ بەرگەن، خەزىنىدىكى پۇللارنى ئۆز يانچۇقىغا سېلىۋالغانلارنىڭ جىنايەتلىرى، يېغىلىق ۋە سۇ ئاپەتلىرى، ئاسارىئەتىقىلەرنىڭ غايىب بولۇپ كەتكەنلىكى، دۆلەتمەنلەرگە ئاغرىق چاپلاشقانلىقى ـــ مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى سولقاناتلار ئىتتىپاقىنىڭ، بولۇپمۇ لۇشۈننىڭ جىنايىتى بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ.

ئەمدى جياڭ گۇاڭسى ئەپەندى [26] ئېسىمگە چۈشتى.

بۇ ئىش ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتتى، بۇنىڭغا تۆت ـ بەش يىل بولۇپ قالدى، جياڭ گۇاسى ئەپەندى «قۇياش» تەھرىراتىنى [27] تەشكىللەپ، « ئىجادىيەت » تەھرىراتى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، مېنى قورشاپ يوقىتىش مەقسىتى بىلەن « نەۋكەر » لىرىنى باشلاپ كەلگەندە، بىر پارچە ماقالە يازغانىدى، ئۇنىڭدا ئومۇمەن: لۇشۈن ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ باقمىغاچقا، جاھانغا پاتماي قالغانىدى، مانا ئەمدى تېتىتىپ قويۇش كېرەك، دېگەن گەپلەر بار ئىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ گەپلىرى خاتا، مەن مۇھاكىمە ماقالىلەرنى يېزىشقا باشلىغاندىن بۇيان ھۇجۇمغا ئۇچرىمىغان ۋاقتىم بولمىدى، مۇشۇ ئۈچ ـ تۆت ئاي ئىچىدە « ئەركىن پاراڭ » توغرىسىدا ئەنە شۇنداق كۆپ ماقالىلەر چىقتى، مېنىڭ نەقىل كەلتۈرگەنلىرىم ئازغىنا بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت. ئۇنىڭدىن



ئىلگىرىمۇ شۇنداق ئىدى، لېكىن ئۇ ماقالىلەر خۇددى يۇلتۇز ساقىغاندەك غايىب بولۇپ كەتتى، باشقىلارنىڭ نەزىرىدىنمۇ قالدى. بۇ نۆۋەت قولۇمدا بىرنەچچە خىل گېزىت ـ ژۇرنالنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقىنى غەنىيمەت بىلىپ، شۇ ماقالىلەرنىڭ بىر قىسمىنى « خاتىمە »مدە نەقىل كەلتۈردۈم. بۇ ئەمەلىيەتتە يالغۇز ئۆزۈمگىلا چوغ تارتقانلىقىم ئەمەس، كۈرەشنىڭ ئاخىرى بولمايدۇ، كونا دەستەكنى كۆتۈرۈپ چىقىدىغانلار يەنە بولۇپ تۇرىدۇ، باشقىلارنىڭ ھۇجۇملىرىغا قارشى تۇرۇشتىمۇ مۇشۇنداق ئۇسۇلنى ئىشلىتىدىغانلار بولىدۇ؛ ئەلۋەتتە، ئۇ چاغدا ھۇجۇم قىلىنغان ئادەملەرنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىشىدۇ. كەلگۈسىدىكى كۈرەشچان ياشلار مۇشۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ قالغىنىدا، مۇشۇ خاتىرىنى ئۇچرىتىپ قالسا، مەن ئويلايمەنكى، ئۇلار چوقۇم چېھرىسىنى ئېچىپ خۇش بولىدۇ، دۈشمەن دېگەن نەرسىنىڭ قانداق بىرنەرسە ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنىۋالالايدۇ.

نەقىل كەلتۈرۈلگەن ماقالىلەرنىڭ خېلى كۆپ بىر قىسمى ئىلگىرىكى « ئىنقىلابىي ئەدەبىياتچى » لارنىڭ قولىدىن چىققان بولسا كېرەك. لېكىن ئۇلار ھازىر باشقا تەخەللۇسنى قوللانماقتا، ئۇلارنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسىمۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدۇ. بۇنداق بولۇشىمۇ مۇقەررەر. ئىنقىلابىي ئەدەبىياتچى ئىنقىلابنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىشىغا، قانات يېيىشىغا ئۆزىنىڭ ئەدەبىياتى بىلەن مەدەت بېرىش ئارزۇسىدا بولماي، ئۆزىنىڭ « ئەدەبىيات »ىنى ئىنقىلابنىڭ سايىسىدە بازارغا سالىدىغان بولسا، ئىنقىلاب ئەۋج ئېلىۋاتقان چاغدا، ئۇ شىرنىڭ تېنىگە چاپلاشقان سالجا [28] بولۇپ قالىدۇ، ئىنقىلاب مۈشكۈلچىلىككە ئۇچرىغان چاغدا بولسا، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى « ئاق كۆڭلى » نى تېپىۋېلىپ، ياكى « ۋاپادار» [29] دېگەن نام بىلەن، ياكى « ئىنسانپەرۋەر» دېگەن نام بىلەن ۋە ياكى « مۈشكۈلچىلىككە ئۇچراپ تۇرۇۋاتقان ئىنقىلابچىلاردىنمۇ بەكرەك ئىنقىلابچى » دېگەن نام بىلەن سەپتىن چىقىپ كېتىدۇ، ياخشىراقلىرى جىم بولۇۋالىدۇ، يامانراقلىرى پەستە كۈچۈك بولۇپ قالىدۇ. بۇ مېنىڭ « زەھەرلىك گاز »ىم ئەمەس، ھەممىمىز كۆرۈپ تۇرغان

پاكىت !

1933 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چۈش ۋاقتىدا يېزىلدى .

## ئىزاھات

① « ساختىا ئەركىنلىكنامە » ـــ ئاپتورنىڭ 1933 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە « شىنباۋ ئەركىن پاراڭ » غا بەرگەن فېلىيەتونلىرىنىڭ توپلىمى ؛ 1933 ـ يىلى 10 ـ ئايدا شاڭخەيدىكى « كۆك نۇر » باسمىخانىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ، جەمئىي 43 پارچە ماقالە ( ئېلان قىلىنغىنى 37 پارچە ماقالە بولۇپ ، بۇنىڭدىن 36 پارچىسى كىرگۈزۈلگەن . بۇلاردىن باشقا يەنە يەتتە پارچىسى ئېلان قىلىنمىغان ) . بۇ ماقالە توپلام بېسىلىشتىن ئىلگىرى يېزىلغان « خاتىمە » بولۇپ ، ئايرىم ئېلان قىلىنمىغان .

« ساختىا ئەركىنلىكنامە » توغرىسىدا ، لۇشۈن مۇشۇ كىتابىنىڭ « مۇقەددەمە » سىدە مۇنداق دېگەنىدى : « بۇ قىسقا مۇلاھىزىلەرنىڭ بەزىلىرى شەخسىي تەسىراتلىرىمدىن كېلىپ چىققان ، بەزىلىرى ئېقىم مەسىلىلىرىنىڭ نەشتەردەك سانجىشىدىن پەيدا بولغان . لېكىن مەنىسى ئىنتايىن ئاددىي . گەپ ـ سۆزلەرمۇ بەزىدە ناھايىتى تۇتۇق . 〈 ئەركىن پاراڭ 〉نىڭ سەپداشلىرىمنىڭ ژۇرنىلى ئەمەسلىكىنى ، 〈 ئەركىن 〉دېگەن سۆزنىڭ ياپتا گەپ ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم . شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇ يەردە چېپىپ يۈرۈشنى خالىمىدىم . مەن ئۇنىڭغا بىرىنچىدىن دوستلارنىڭ سۆزىنى يەردە قويماسلىق ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ قالغانلارغا چۇقان سېلىپ بېرىش مەقسىتى بىلەن ماقالە بەرگەنىدىم ، بۇمۇ ئۆزۈمنىڭ كونا بىر مىجەزى . لېكىن مېنىڭ قاملاشمىغان بىر يېرىم شۇكى ، ئېقىم مەسىلىلىرى ئۈستىدىن سۆز ئاچقىنىمدا يۈز ـ خاتىرە قىلىپ ئولتۇرمىدىم ، كونا ئىللەتلەر ئۈستىدىن سۆز ئاچقىنىمدا تىپىنى قولدىن بەرمىدىم ، ۋەھالەنكى ، كېيىنكى ئۇسۇلۇم ۋەزىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيتتى » . لۇشۈننىڭ بۇ فېلىيەتونلار توپلىمىغا « ساختىا ئەركىنلىكنامە » دەپ نام بەرگەنلىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە نەشتەر سانجىشتىن ئىبارەت .

بۇ ماقالە 30 ـ يىللارنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىكى ئىدىيە ، مەدەنىيەت سېپىدىكى « قورشاپ يوقىتىش » بىلەن « قورشاپ يوقىتىش » قا قارشى .

② 〈غوجام 〉 ، 〈ئاغلاقچى كۈچۈك 〉 دېگەنلەر ئەكسىيەتچىل ئەدىبلەرنىڭ ئاپتورغا قاراتقان ھاقارىتى بۇ ھەقتە ئاپتورنىڭ « ئۆزىنىڭ يېغىدا ئۆزىنىڭ گۆشىنى قورۇش » نىڭ قوشۇمچە ئىلاۋىسى « جۇڭگولۇقلارنىڭ يېغىدا جۇڭگولۇقلارنى قورۇش » سەرلەۋھىلىك ماقالىسىگە قاراڭ .

③ « ئىجتىمائىي ئاخبارات » ـــ ژۇرنال ، 1932 ـ يىل 10 ـ ئايدا شاڭخەيدە چىقىشقا باشلاپ ، ئىلگىرى ـ ئاخىر ئۈچ كۈنلۈك ، 10 كۈنلۈك ، يېرىم ئايلىق بولۇپ نەشر قىلىنىپ ، 〈 يېڭى نۇر 〉كىتابخانىسى تەرىپىدىن سېتىلغان . 1935 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن ئېتىبارەن « جۇڭگو ۋە چەت ئەل مەسىلىلىرى » گە ئۆزگەرتىلىپ ، 1937 ـ يىل 10 ـ ئايدا نەشردىن توختىغان .

④ شېن يەنبىڭ ـ تەخەللۇسى ماۋدۈن . جېجياڭ ئۆلكىسى تۇڭشياڭ ناھىيىسىدىن ، يازغۇچى ، ئەدەبىي ئوبزورچى ، جامائەت ئەربابى ، ئەدەبىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇھىم ئەزاسى ، « ئايلىق ھېكايە ژۇرنىلى » نىڭ باش مۇھەررىرى . « چىرىتىش » ، « تۈن يانغاندا » قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى .

⑤ « مەنىلىك سۆز » ـــ ھەپتىلىك ژۇرنال . 1933 ـ يىل 5 ـ ئايدا شاڭخەيدە چىقىشقا باشلىغان .

⑥ دىڭ لىڭ ـ خۇنەن ئۆلكىسى لىڭلى ناھىيىسىدىن ، يازغۇچى ، ئۇنىڭ « زۇلمەت ئىچىدە » دېگەن ھېكايىلەر توپلىمى ۋە « سۇ »ناملىق پوۋېستى بار . فەن زىنيەن (1972 ـــ 1893 ) ـــ جياڭسۇ ئۆلكىسى يىشىڭ ناھىيىسىدىن . پەيلاسوپ ، ئۇلار 1933 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى شاڭخەيدە بىللە قولغا ئېلىنغان .

⑦ نېيشەن كىتابخانىسى ـــ ياپونىيىلىك نېيشەن ۋەنزاۋ تەرىپىدىن شاڭخەيدە ئېچىلغان كىتابخانا . نېيشەن ۋەنزاۋ (1959ـــ1885 ) ـــ 1927 ـ يىل 10 ـ ئايدا لۇشۈن بىلەن تونۇشقان . كېيىن دائىم بېرىش ـ كېلىش قىلىشقان . لۇشۈن ئۇنىڭ كىتابخانىسىدىن ئالاقىلىشىش ئورنى سۈپىتىدە پايدىلانغان .

⑧ « ئۆتەڭدىكى شېرىن سۆز » ـــ پارچە خاتىرىلەر ، چېن زىجەن يازغان . 1933 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن باشلاپ ، « شىنباۋ گېزىتى . ئەركىن پاراڭ » دا ئېلان قىلىنغان .

⑨ ياڭ شىڭفۇ (1933 ـــ 1893 ) ـــ ئەسلى ئىسمى چۈەن ، جياڭشى ئۆلكىسى چىڭجياڭ ناھىيىسىدىن . ئۇ ئىلگىرى ئىتتىپاقداشلار جەمئىيىتىگە قاتناشقان ، ئامېرىكىغا بېرىپ ئوقۇغان . ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن شەرقىي ـ جەنۇپ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ، مەركىزىي تەتقىقات ئورنىنىڭ باش خادىمى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان . 1932 ـ يىلى 12 ـ ئايدا سۇڭ چىڭلىڭ ، سەي يۈەنپېي ، لۇشۈنلەر بىلەن جۇڭگو خەلق ھوقۇقىنى قوغداش ئىتتىپاقىنى تەسىس قىلىپ ، جياڭ جيېشىنىڭ فاشىستىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرغان . 1933 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شاڭخەيدە گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى تەرىپىدىن يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەن .

⑩ لياڭ شىچيۇ ـــ جېجياڭ ئۆلكىسى خاڭشەن (بۇگۈنكى يۈخاڭ ) ناھە-

يىسىدىن ، يېڭى ئايچىلارنىڭ مۇھىم ئەزالىرىدىن بىرى . ئەينى ۋاقىتتىكى چىڭداۋ داشۆسىنىڭ پروفېسسورى .

⑪ 〈جاڭ زىپىڭغا پەشۋا بېرىش 〉 — جاڭ زىپىڭ (1959 — 1893 ) گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى مىشەن ناھىيىسىدىن . ئىلگىرى ئىجادىيەت تەھرىراتىنىڭ ئەزاسى بولغان . ئۈچ تەرەپلىمە ئىشق ـ مۇھەببەت ھېكايىلىرىنى ناھايىتى كۆپ يازغان . ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە چۈشكۈنلىشىپ خائىن بولۇپ كەتكەن . ئۇنىڭ « زامان بىلەن مۇھەببەتنىڭ ئاچا يولى » دېگەن رومانى 1923 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ « شىنباۋ گېزىتى . ئەركىن پاراڭ » دا داۋاملىق بېسىلغان . ئىككىنچى يىل 4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى « ئەركىن پاراڭ » تەھرىر بۆلۈمى نامىدا چىقىرىلغان بىر ئېلاندا : 〈 جاڭ زىپىڭ ئەپەندىنىڭ ، زامان بىلەن مۇھەببەتنىڭ ئاچا يولى ، دېگەن رومانى گېزىتىمىزگە بىرنەچچە ئايدىن بۇيان بېسىلىپ كەلگەنىدى . تەھرىر بۆلۈمىمىز يېقىندىن بۇيان كىتابخانلارنىڭ بۇ روماندىن زېرىككەنلىكىنى بىلدۈرۈپ يازغان خەتلىرىنى تاپشۇرۇپ ئالدى . گېزىتىمىز كىتابخانلارنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىپ ، بۇ ئەسەرنى بېسىشنى ئەتىدىن باشلاپ توختىتىدۇ 〉 دېيىلگەن . شۇ چاغدا شاڭخەيدىكى گېزىتچاقلارنىڭ ھەممىسى بۇ توغرىدا خەۋەر تارقاتقان . بۇ ماقالىدە نەقىل كەلتۈرۈلگەن 〈 ئىجتىمائىي ئاخباراتتىن 〉 باشقا ، شۇ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى « خەۋەر » گېزىتىگە « ئەركىن پاراڭدا جاڭ زىپىڭغا پەشۋا بېرىلدى » دېگەن ماقالىچاق بېسىلغان .

⑫ زىڭ جىنكې (1971 — 1901) — جياڭشى ئۆلكىسى تەيخې ناھىيىسىدىن .

⑬ خۇ خۇيشىن ( 1938 ـ 1886 ) ـ ئەنخۇي ئۆلكىسى جىڭشەن ناھىيىسىدىن . ئۇ « شەرق ژۇرنىلى » نىڭ 25 ـ جىلد 8 — 1928 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ) ۋە 16 ـ ( شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ) ساندا ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ « موزى بولسا ھىندىستانلىق » ، « يەنە موزىنى ئاقلايمەن » نى ئېلان قىلغان . قارىسىغىلا ؛ موزى ھىندىستانلىق ، ئۇنىڭ تەلىماتى بۇددىزمنىڭ بىر تارمىقى دېگەن . 1933 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى « ئەركىن پاراڭ » غا شۈەن (ماۋدۇن) تەخەللۇسىدا « ئازاد قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى ؟ » دېگەن ماقالە بېسىلغان . ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن : « بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى بىر ئەپەندى موزىنىڭ ھىندىستانلىق ئىكەنلىكىنى 〈 بايقاپ ، گويا راستتەك نۇرغۇن دەلىللەش ئېلىپ بارغان . 〉 خۇ خۇيشىن بۇ گەپلەرنى 〈 غەرەزلىك مەسخىرە قىلىش 〉، 〈شەخسنىڭ ئابرويىغا داغ چۈشۈرگەنلىك 〉 » دەپ تونۇپ ، « ئەركىن پاراڭ » غا خەت يېزىپ سۈرۈشتە قىلغان .



⑭ « شاۋقۇن » — ھەپتىلىك ئەدەبىي ژۇرنال . 1931 ـ يىل 8 ـ ئايدا ساۋ جۇيرېننىڭ مۇھەررىرلىكىدە شاڭخەيدە چىقىشقا باشلىغان . 1933 ـ يىلى 11 ـ ئايدا نەشىردىن توختىغان . مەزكۇر ژۇرنالنىڭ بىرىنچى جىلد 21 ـ سانىدىن باشلاپ مۇقاۋىسىگە قاغا ـ قۇزغۇنلارنىڭ دولقۇن بىلەن ئېلىشقان رەسىمى ۋە « ياشانغانلار كۆرگەندە بېشىنى لىڭشىتىدۇ ، ياشلار كۆرگەندە دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىدۇ . مانا بۇ بىزنىڭ قاغا ـ قۇزغۇنىمىز »دېگەن بېغىشلىما بېسىلغان . ئالدىنقى نەقىللەردىكى « قاغا ـ قۇزغۇنىمىز» توغرىسىدىكى سۆزلەر مانا مۇشۇنى كۆرسىتىدۇ .

⑮ « **ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبىتى** » — يېرىم ئايلىق ژۇرنال . زىڭ جىنكې قاتارلىقلارنىڭ مۇھەررىرلىكىدە 1933 ـ يىلى 7 ـ ئايدا شاڭخەيدە نەشر قىلىنىشقا باشلاپ ، جەمئىي تۆت سان چىقىرىلغان . « يېڭى دەۋر نەشرىياتى » تەرىپىدىن تارقىتىلغان .

⑯ « سولقاناتلار ئىتتىپاقى » — يەنى سولقانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقى ، جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلابىي ئەدەبىي تەشكىلات . 1930 ـ يىلى 3 ـ ئايدا شاڭخەيدە قۇرۇلغان . 1935 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدا ئۆزلۈكىدىن تارقالغان . لۇشۈن ، شايەن ، فېڭ شۆفېڭ ، فېڭ نەيچاۋ ، جۇياڭ قاتارلىق كىشىلەر بۇ تەشكىلاتنىڭ رەھبىرىي ئەزالىرى ئىدى .

⑰ « يېڭى ئېقىم مەسىلىسى گېزىتى » — 1907 ـ يىلى 12 ـ ئايدا شاڭخەيدە چىقىشقا باشلىغان . دەسلەپكى نامى « ئېقىم مەسىلىلىرى گېزىتى » بولۇپ ، كېيىن « جامائەت پىكرى گېزىتى » گە قوشۇۋېتىلىپ ، « جامائەت پىكرى ئېقىم مەسىلىلىرى گېزىتى » گە ئۆزگەرتىلگەن . 1911 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئۇنىڭ نامى « يېڭى ئېقىم مەسىلىلىرى گېزىتى » ئۆزگەرتىلگەن . دەسلەپ چىققاندا بۇرژۇئا ئىسلاھاتچىلىرىنىڭ گېزىتى بولۇپ ، شىڭخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن ، شىمالىي مىللىتارىست دۆەن چىرۇينى ھىمايە قىلىدىغان سىياسەتۋازلار گۇرۇھىدىكى تەتقىقاتچىلار مەزھىپىنىڭ گېزىتىگە ئايلانغان ، 1927 ـ يىلدىن كېيىن ، شى لياڭسەي تاپشۇرۇپ ئالغان ، 1935 ـ يىلدىن كېيىن گومىنداڭ مالىيە زومىگىرى كۇڭ شاڭشى سېتىۋالغان . 1949 ـ يىلى 5 ـ ئايدا شاڭخەي ئازاد بولغاندا نەشىردىن توختىغان . بۇ يەردە كۆچۈرۈلگەن ئېلان 1933 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى مەزكۇر گېزىتنىڭ قوشۇمچە بېتى « كۆكنۇر » غا بېسىلغان .

⑱ « جۇڭگو ۋە چەتئەل كىتاب ـ ژۇرناللىرىدىن خەۋەر » — 1933 ـ يىل 6 ـ ئايدىن باشلاپ نەشر قىلىنغان . بۇ ھەپتىلىك ژۇرنالدا كىتاب ـ ژۇرناللارنىڭ ئېلانلىرى ئاساس قىلىنىپ ، ئەدەبىيات مۇنبىرى خەۋەرلىرىمۇ قوشۇمچە بېسىلغان . بۇ ژۇرنال باۋ كېخۇانىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە چىقىرىلىپ ، « جۇڭگو ـ چەتئەل

نەشرىياتى » تارقاتقان . كېيىن « جۇڭگو ۋە چەتئەل مەدەنىيىتىدىن خەۋەرلەر » گە ئۆزگەرتىلگەن .

⑲ « نىيىتى يامان ئادەمنىڭ كۆز نۇرى خۇنۇك بولىدۇ » — بۇ ، مېڭزىنىڭ سۆزى بولۇپ ، تولۇق تېكىستى مۇنداق :« ھەرقانداق ئادەمنى كۆزەتكەندە ، ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ كۆزىگە قاراش كېرەك ، چۈنكى ئۇنىڭ كۆزى ئۇنىڭ نىيىتىنىڭ يامانلىقىنى يوشۇرالمايدۇ ! نىيىتى توغرا ئادەمنىڭ كۆزى روشەن بولىدۇ . نىيىتى بۇزۇق ئادەمنىڭ خۇنۇك بولىدۇ » .

⑳ سۈي ۋەنچيۇ — شەندۇڭ ئۆلكىسى گەنچېڭ (ھازىر خېنەننىڭ فەنشەن ناھىيىلىرىگە قوشۇۋېتىلگەن ) دىن ، ئەينى ۋاقىتتىكى « ئۇلۇغ ئاخشام گېزىتى » نىڭ ئەدەبىي بېتى « مەشئەل » نىڭ باش مۇھەررىرى .

㉑ زېڭ جىنكې سۈي ۋەنچيۇ دېگەن نام بىلەن ئۆزىنىڭ شېئىرلىرىغا كىرىش سۆز يازغان — بۇ ، 1933 - يىل 3 - ئايدا زېڭ جىنكې ئۆزىنىڭ « ئىككى يۇلتۇز » ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلدۇرغاندا سۈي ۋەنچيۇ نامىدا « كىرىش سۆز ئورنىدا » نى يېزىپ چىقىپ ، ئۆزىنى راسا ماختىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . سۈي ۋەنچيۇ بۇ ئىشنى ئىنكار قىلغاندىن كېيىن ، زېڭ جىنكې گېزىتتە ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن ئېلان چىقىرىپ ، « كىرىش سۆز ئورنىدا » نى جانابىي سۈي ۋەنچيۇدىن كەلگەن خەتتىن كۆچۈرۈۋالغانىدىم ، دېگەن .

㉒ كارىل بىلەن ئىلىئچ — كارىل — ماركس ، ئىلىئچ — لېنىن .

㉓ ياڭ سۇنرېن (1955 — 1901 ) — گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى چاۋئەن ناھىيىسىدىن . 1925 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىگە ، 1928 - يىلى قۇياش تەھرىراتىغا قاتنىشىپ ، 1932 - يىلى ئاسىيلىق قىلغان . 1933 - يىلى 2 - ئايدا ئۇ « كىتاب كۆرۈشتىن خاتىرىلەر » ژۇرنىلىنىڭ 3 - جىلد 1 - سانىدا « پارتىيە تۇرمۇشى ئاكوپلىرىدىن چىقىپ كېتىشىم » سەرلەۋھىلىك ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ ، ئىنقىلابنى ئىنتايىن زەھەرخەندىلىك بىلەن ھاقارەتلىگەن . ئۇ ، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئىنقىلابىي ئەدەبىيات - سەنئەت ھەرىكىتىنى پارچىلاش ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ، شۇ يىلى 2 - ئايدا « ھازىرقى زامان » ژۇرنىلىنىڭ 2 - جىلد 4 - سانىدا « ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابىي ئەدەبىياتىنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىشىم » دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ ، « 3 - خىل ئەدەبىيات - سەنئەت » نى تەرغىپ قىلغان .

㉔ خەن شېخېڭ — تيەنجىنلىك ، « سولقانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقى » غا قاتناشقان . كېيىن ، « 3 - خىل كىشىلەر » گە ئايلىنىپ كەتكەن . ياڭ سۇنرېن « پارتىيە تۇرمۇش ئاكوپلىرىدىن چىقىپ كېتىشىم » ۋە « ئۇششاق بۇرژۇئازىيە



ئىنقىلابىي ئەدەبىياتىنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىشىم » دېگەن ماقالىلىرىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن ، ئۇ « كىتاب ئوقۇشتىن خاتىرىلەر » ژۇرنىلىنىڭ 3 - جىلد 6 - سانى (1933 - يىل 6 - ئاي ) دا « ئەدەبىيات - سەنئەت ۋەزىيىتىگە باھا . ئۇششاق بۇرژۇئا ئىنقىلابىي ئەدەبىيات بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىشىم » سەرلەۋھىلىك ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ ، ياڭ سۇنرېننى بىر سەممىي - سادىق كىشى ، ئۆزىنىمۇ ئالدىمايدىغان ، تەشكىلاتنىمۇ ئالدىمايدىغان سەممىي - سادىق كىشى ، ئۇنىڭ سۆزلىرى « پۈتۈنلەي ھەقىقەتنى ئىزلىگۈچى زىيالىينىڭ ئەدەبىيات ھەققىدىكى نۇتقى » دېگەن .

㉕ سۇۋېن « ھازىرقى زامان » ژۇرنىلىنىڭ بىرىنچى جىلد 6 - سانى (1932 - يىل 10 - ئاي ) دا ئېلان قىلغان « 〈 3 - خىل كىشىلەرنىڭ چىقىش يولى » دېگەن ماقالىسىدە : 〈 يازغۇچى مۇبادا ئۆزىگە سادىق بولىدىغان بولسا ... ئۇ ئۆزىدىن ئۆزىدە يوق نەرسىنى تەلەپ قىلالمايدۇ . ئەمما ، نەزىرىيىچىلەر يەنىلا ھەدەپ مۇقام تۇۋلاپ ، ئاپتوردىن ئۇنىڭدا يوق نەرسىنى تەلەپ قىلىدۇ ، ئالداشقا جۈرئەت قىلالمىغان يازغۇچىلار ئۆزلىرىدە بار نەرسىلەرنى ئاچىقىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقىلار تەلەپ قىلغان نەرسىنىمۇ ئاچىقالمايدۇ . شۇنىڭ بىلەن قانداق قىلىش كېرەك ؟ — قەلەمنى تاشلاش كېرەك 〉 دەپ يازغان .

㉖ جياڭ گۇاڭسى (1931 — 1901) — يەنە بىر ئىسمى جاڭ گۇاڭچى ، ئەنخۇي ئۆلكىسى لۇئەن ناھىيىسىدىن . يازغۇچى ، قۇياش تەھرىراتىنىڭ غوللۇق ئەزاسى . ئۇنىڭ « يېڭى چۈش » ناملىق شېئىرلار توپلىمى ، « قىسقا ئىشتانلىقلار پارتىيىسى » ناملىق پوۋېستى ، « دالا شاملى » قاتارلىق رومانلىرى بار .

㉗ قۇياش تەھرىراتى — 1928 - يىلى جياڭ گۇاڭسى ، چيەن شىڭسۇڭ (ئايىڭ ) قاتارلىقلار شاڭخەيدە تەسىس قىلغان ئەدەبىي تەشكىلات . ئۇلار ئىنقىلابىي ئەدەبىياتنى تەشەببۇس قىلىپ ، ئىلگىرى - ئاخىر « قۇياش ئايلىق ژۇرنىلى » ، « دەۋر ئەدەبىيات - سەنئىتى » ، « دېڭىز بورىنى ھەپتىلىك ژۇرنىلى » ، « يېڭى ئېقىم » قاتارلىق ژۇرنال ۋە « قۇياش تەھرىراتى مەجمۇئەسى » قاتارلىقلارنى نەشر قىلغان . 1930 - يىلى « سولقانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقى » قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن تارقاپ كەتكەن .

㉘ شىرنىڭ تېنىگە چاپلاشقان سالجا — بۇ سۆز ئەسلىدە بۇددىستلارنىڭ تەمسىلى بولۇپ ، راھىبلار ئىچىدىكى بۇددا قانۇنلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلارغا قارىتىلغان . بۇ يەردە ئىنقىلاب لاگېرىغا كۆز بوياپ كىرىۋالغان پۇرسەتپەرەسلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

㉙ « ۋاپادار » — بۇ يەردە ياك سۇنرېن كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ «پارتىيە
تۇرمۇشىنىڭ ئاكوپلىرىدىن چىقىپ كېتىشىم » سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە : « ئارقامغا
يېنىپ ئۆز ئەھۋالىمغا نەزەر سالسام ، ئاتام قېرى ، ئائىلىمىز كەمبەغەل ، ئۇكىلىرىم
گۆدەك ، ئۆمرۈمنىڭ يېرىمى رىيازەتتە ئۆتتى . ھېچبىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىنىم
يوق . ئىنقىلاب قاچان مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەركىنتاڭ . ئائىلەمدىكىلەر ھازىر ئاچ —
يالىڭاچلىقتا تۇرماقتا ؛ كەلگۈسىدە ئىنقىلاب مۇۋەپپەقىيەت قازانغان تەقدىردىمۇ ،
غەرىبىي خۇنەن ، غەربىي خۇبېي سوۋېت رايونىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ پەرەز قىلىد-
غان بولسام ، مېنىڭ ئائىلەمۇ ئاچارچىلىقنىڭ قۇربانى بولۇشتىن ، قەلەندەرگە
ئايلىنىشتىن خالىي بولالمايدىغاندەك تۇرىدۇ . جان بولسىلا ھەممە نەرسە تەييار
دېگەندەك ، ئۆز غېمىمنى يېگىنىم تۇزۇك ئىكەن ! كېسەل يېتىپ تۇرۇپ ، ئۇنداق
ئويلاپ ، بۇنداق ئويلاپ ، ئاخىر ئۆز ئەقلىم بىلەن بىر قارارغا كېلىپ ، جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىن چىقىپ كەتتىم »دېگەندى .



# جۇڭگو ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى پىغان ①

نازاكەتلىك تالىپلار ئىچىدىمۇ ناھايىتى ئاسانلا كۆز يېشى قىلىد-
غان ئادەملەر بار ، ئۇلار جۇڭگونىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرى يېقىندىن بۇيان
خۇددى جۇنفالارنىڭ ئۆز ئالدىغا زېمىن تۇتۇۋالغىنىغا ئوخشاش مالىمانلى-
شىپ كەتتى ، دەپ ئۆزىنى توختىتالماي ، بولۇپمۇ بۆھتان —
تۆھمەتلەردىن زارلىنىپ ، « داد — پەريات » چەكمەكتە .

ئەمەلىيەتتە ئەسەر يېزىپ ئۇنى « مەشھۇر غارلارغا كۆمۈپ قويۇپ
ساقلايدۇ » غان دەۋر كېتىپ قالدى ، ھازىر « مۇنبەر» بار ، بۇ « مۇنبەر »
كۆرەشتىن ، ھەتتا تىل — ھاقارەت ۋە تۆھمەت — بۆھتاندىن خالىي ئە-
مەس . مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى ئەھۋالنى مىسالغا ئالاي
دېسەم ، ئۇ تولىمۇ كونا ، ئۇنى تىلغا ئېلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق ؛
چىڭ خاندانلىقى دەۋرىدىمۇ جاڭ شىزەي بىلەن يۈەن زىسەي ② ، لى
چۇنكې بىلەن جاۋ ۋېيشۇ ③ خۇددى ئوت بىلەن سۇدەك چىقىشال-
مايتتىكەن ؛ ئۇلاردىن كېيىنرەك بولغان ئەھۋاللارنى ئالساق ، « خەلق
گېزىتى » بىلەن « يېڭى خەلق مەجمۇئەسى » ئوتتۇرىسىدا كۈرەش
بولغان ④ ، «يېڭى ياش » چىلار بىلەن پالانى — پۇكۇنچىلەر ⑤
ئوتتۇرىسىدىمۇ ناھايىتى كەسكىن كۈرەش بولغان . بۇ كۈرەشلەر ئۆز ۋاق-
تىدا بىگانە ئادەملەرنى ھەسرەتلەندۈرمەي قالمىغان دەمسىز ؟! لېكىن غالىب
بىلەن مەغلۇبنىڭ ئېنىقلانغانلىقى ، زامانىنىڭ ئاستىلاپ ئۆتۈشى بىلەن ،
جەڭدە پەيدا بولغان قان داغلىرى يامغۇردا پاكپاكىز يۇيۇلۇپ تۈگىگەندىن
كېيىن ، كېيىنكى ئەۋلادلار ئىلگىرىكى چاغلاردا ئەدەبىيات مۇنبىرى تىنچ
بولسا كېرەك ، دەپ ئويلايدۇ . چەت ئەللەردىمۇ ئەھۋال شۇنداق ، بىز
ھازىر ئومۇمەن ۋېكتور ھيۇگو بىلەن گىرخارت خائوپتماننىلا مەشھۇر
ئەدىب دەپ بىلسەك كېرەك ، لېكىن ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ سەھنە
ئەسەرلىرى سەھنىلەشتۈرۈلگەندە ، كۈلۈپتىلا ئادەم تۇتۇش ، ئادەم ئۇرۇش

ۋەقەسى يۈز بەرگەنىكەن؛ تەپسىلىيرەك يېزىلغان ئەدەبىيات تارىخلىرىدا شۇ چاغدىكى ئۇرۇش ـ جېدەللەرنىڭ تەپسىلاتىمۇ بار ⑥ .

دېمەك، مەيلى جۇڭگودا، چەت ئەللەردە بولسۇن، مەيلى قەدىمكى زاماندا ۋە ھازىر بولسۇن، ئەدەبىيات مۇنبىرىدە نازاكەتلىك تالىپلارنى «غەمكىن» قىلىدىغان بەزى مالىمانلىق يوق ئەمەس. لېكىن، بىرمۇنچە ئاتالمىش ئەدىبلەر ۋە ماقالىلەر ئاخىر يوقىلىپ كېتىدۇ؛ ياشاپ تۇرۇشقا مۇناسىپ بولغانلىرى بولسا ئەدەبىيات مۇنبىرىنىڭمۇ ھەر ھالدا پاكىز جاي ئىگەللىكىنى ئىسپاتلاپ ھايات ياشاۋېرىدۇ. لېكىن مالىمانچىلىقنى بەزى پىغانچىلار كۆپەيتىپ قويىدۇ، ئۇلار تەكشۈرۈپ، تەھلىل قىلىپ كۆرمەستىن، «ئۇنىڭدىمۇ ئەيىب بار، بۇنىڭدىمۇ ئەيىب بار» دېگەن پەتىۋانى تېپىپ، يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى «بىر جاڭگالنىڭ بۆرىسى» گە چىقىرىۋېتىدۇ. بۇنداق بولغاندا، مالىمانچىلىق مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ. لېكىن، پەلەك ھەمىشە شۇنداق بولۇۋەرمەيدۇ، ئاينىڭ ئون بەشى قاراڭغۇ بولسا، ئون بەشى ئايدىڭ بولىدۇ. ئويلاپ كۆرەيلى، لىن چىڭنەننىڭ ئەدەبىيات ئىنقىلابىغا ھۇجۇم قىلغان ھېكايىسىنىڭ ⑦ ئوتتۇرىغا چىققىنىغا ھېچقانچە ۋاقىت بولمىدى، قېنى ھازىر نەگە كەتتى؟

پەقەت يېقىندىن بۇيان تۆھمەتخورلۇق ناھايىتى ئاجايىپ نەيرەڭلەر بىلەن ئەۋج ئالماقتا، لېكىن شۇنداق بولسىمۇ قەدىمكى زامانلاردىكىدىنمۇ يامان ئەمەس، بۇنىڭغا چىڭ خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا كەڭ ئەۋج ئالغان يېزىق زىندانى توغرىسىدا ⑧ ھازىرمۇ تۈگەپ كەتمىگەن گەپ ـ سۆزلەر دەلىل بولۇپ تۇرۇپتۇ. بۇنداق نەيرەڭلەرنى ئىشلىتىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىنىلا ئەمەلىيەتتە ئەدىب دېگىلى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئوندىن توققۇزى ئېتى ئۇلۇغ سۇپۇرسى قۇرۇق، سەللىسى يوغان ئىمانى يوق ئوغرىلار؛ ئۇلارنىڭ ئىچىدە گايىدا قەلەم ئىشى بىلەن شۇغۇللانغان ئادەملەر قالسىمۇ، لېكىن بۇلار ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ ئەسلى ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزلىرىنىڭ زاۋال تاپقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەدەبىيات مۇنبىرى ھەرگىزمۇ بۇنداق ئادەملەرنىڭ سەۋەبى بىلەن مالىمانلىشىپ كەتمەيدۇ، ئەكسىچە تېخىمۇ سۈپسۈزۈك، تېخىمۇ روشەن



بولىدۇ.

تارىخنىڭ چاقى ھەرگىز ئارقىسىغا يانمايدۇ، ئەدەبىيات مۇنبىرى توغرىسىدا پىغان بىلەن ئاھ ئۇرماسلىق كېرەك. پىغان ئۆزىنى چىكارىگەر قىلىۋېلىپ، ئەدەبىيات ـ مۇنبىرىگە ھەق ـ ناھەقنى ئايرىماستىن تۇرۇپلا جان كۆيدۈرگەنلىكتىن ياكى زاۋال تاپقان لاگىردا ئولتۇرغانلىقتىن كېلىدۇ.

8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

### ئىزاھات

① بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى «شېنباۋ، ئەركىن پاراڭ»غا ئەسلى «پىغانىنىڭ كېرىكى يوقلۇقى توغرىسىدا» دېگەن سەرلەۋھە بىلەن بېسىلغان.

② جاڭ شۆچېڭ (1738 ـــ 1801) ـــ يەنە بىر ئىسمى جاڭ شىزەي؛ جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ خۇيجى (ھازىرقى شاۋشىڭ) ناھىيىسىدىن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخچىسى. يۈەن زىسەي (1716 ـــ 1797) ـــ يەنە بىر ئىسمى يۈەن مى. جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ چيەنتاڭ (ھازىرقى خاڭجۇ) ناھىيىسىدىن چىڭ سۇلالىسى شائىرى. 1797 ـ يىلى يۈەن مى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، جاڭ سۆچېڭ «دىڭجى خاتىرىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە، يۈەن مىنىڭ ئۆز شېئىرلىرىدا ئىچكى دۇنيانى تەسۋىرلەشنى تەرغىپ قىلغانلىقىغا ۋە ئايال تالىپلارنى قوبۇل قىلغانلىقىغا قارشى چىقىپ، ئۇنىڭغا «شەرمەندە ئادەم؛ ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلىپ، ئايال تالىپلارنى ئازدۇرغان» دەپ ھۇجۇم قىلغان. ئۇ «ئاياللار توغرىسىدا بىلىم»، «ئاياللار توغرىسىدا بىلىمگە خاتىمە»، «مەدرىسىدە نەزمىلەرنى كۆچۈرگەندىن كېيىن» دېگەندەك ئەسەرلىرىدىمۇ يۈەن مىگە ھۇجۇم قىلغان.

③ لى چۇنكې (1829 ـــ 1894) ـــ يەنە بىر ئىسمى لى سىمىن؛ جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ خۇيجى ناھىيىسىدىن؛ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى ئەدىب. جاۋزىچيەن (1829 ـــ 1884) ـــ يەنە بىر ئىسمى جاۋ ۋېيشۇ؛ جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ خۇيجى ناھىيىسىدىن؛ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى خەتتات. لى چۇنكې «يۈيمەنتاڭ خاتىرىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە جاۋزىچيەننى «تەلۋە»، «بىمەنە، نائەھلى» دەپ ئاتىغان.

④ بۇ يەر چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى تۈگمېنخۇينىڭ نەشر

ئەپكارى « خەلق گېزىتى » بىلەن لياڭ چىچاۋنىڭ ئىلكىدىكى « يېڭى خەلق مەجمۇئەسى » نىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاب بىلەن پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇن ھەققىدە مۇنازىرىلەشكەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

⑤ بۇ يەردە « يېڭى ياش » چىلار بىلەن شۇ چاغدىكى يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە قارشى تۇرغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

⑥ ۋىكتور ھيۇگو (1802 — 1885) — فرانسىيە ئەدىبى . ئۇنىڭ «پاجىئەلىك دۇنيا» قاتارلىق رومانلىرى بار . گېرخارت . خائۇپتمان — گېرمانىيە دراماتورگى . 1889 - يىلى 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى خائۇپتماننىڭ سەھنە ئەسىرى « قۇياش چىقىشتىن ئىلگىرى » بېرلىندىكى ھۆررىيەت تىياتىرىدا قويۇلغان . بۇلار ئىككى گۇرۇھنىڭ جىددىي كۈرىشىنى قوزغىۋەتكەن . ھىمايە قىلغۇچىلار بىلەن قارشى تۇرغۇچىلار كۇلۇپتىلا مۇشتلىشىپ كەتكەن .

⑦ لىڭ چىڭنەن — تەرجىمان . ئۇ « 4 - ماي » دەۋرىدە يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە قارشى تۇرۇپ ، « دەردمەن » ، «مىسكىنجىننىڭ چۈشى » ناملىق ئىككى پارچە ھېكايە يېزىپ ، مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە دارىتىپ ھۇجۇم قىلغان .

⑧ بۇ يەردە مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ مىللىي زۇلۇم سىياسىتىنى يولغا قويۇپ ، خەنزۇ خەلقىنىڭ قارشىلىقىنى ۋە مىللىي ئىدىيىسىنى تۈگىتىش ئۈچۈن « يېزىق زىندانى » لىرىنى كۆپەيتكەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ .



## فېليەتون بوھرانى ①

بۇندىن بىر - ئىككى ئاي ئىلگىرى قايسىبىر گېزىتتە بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا يېزىلغان بىر ماقالىنى كۆرگەنلىكىم چالا - پۇچۇق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ . شۇ ماقالىدە ئېيتىلىشىچە ، ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم « ئويۇق بېزەكلىرى » توپلاشتا داڭدار ئادەم ئىكەن . ئاپتور ئۆز ماقالىسىنىڭ ئاخىرىدا ، بۇ ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن جۇڭگودا « ئويۇق بېزەكلىرى » نى توپلايدىغان ئادەملەرنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىدىغان بولدى ، دەپ ئاھ ئۇرۇپتۇ .

ئېسىت - ھەي ، شۇ چاغدا ئانچە كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ، شۇ كۈنكى گېزىتنىڭ ۋە شۇ بېزەك توپلىغۇچىنىڭ ئىسمى ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ .

ھازىرقى ۋاقىتتىكى يېڭى ياشلار ، ئېھتىمال ، « ئويۇق بېزەكلىرى » دېگەن نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئانچە بىلمىسە كېرەك . لېكىن ، ئەگەر كونا ئائىلىدىن كېلىپ چىققان ، ئىلگىرى قەلەم ئىشى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان بولسا ، ئانچە خارابلىشىپ كەتمىگەن ، كېرەكسىز نەرسىلىرىنى رەزگىچىلەرگە سېتىۋەتمىگەن بولسا ، ئۆيىنىڭ بىرەر بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا تاشلاپ قويغان بوقچا - بوغۇنچىلىرى ئىچىدىن كۆرگۈ ئەينەكنىڭ ھەل ياكى سىر بىلەن گۈل چېكىلگەن كىچىككىنە تۈنىكە ياپقۇچلىرى ، ئەينەكتەك سىلىق بولۇپ كەتكەن چىرايلىق سۈزۈك تاش ، بامبۇكتىن نەقىش قىلىنغان ھەيكەل ، قەدىمكى قاش تېشىدىن ئويۇپ ياسالغان ھايۋان ، مىستىن قۇيۇلغان ۋە لېكىن داتلىشىپ كۆكىرىپ كەتكەن ئۈچ پۇتلۇق پاقا تېپىلىپمۇ قالىدۇ ، « ئويۇق بېزەكلىرى » دېگىنىمىز ئەنە شۇ . ئىلگىرىكى چاغلاردا بۇ نەرسىلەر ئويۇق - تاكچىلارغا تىزىپ قويۇلغاندا ، ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە يارىشا چىرايلىق ئاتلىرى بار ئىدى ، مەسىلەن ، ھېلىقى ئۈچ پۇتلۇق پاقىنى « پاقا دۆۋەت » دەپ ئاتىشاتتى ، بۇنى « ئويۇق بېزەكلىرى » نى

توپلىغۇچىلارنىڭ كەنجىلىرى بىلەتتى . هازىرچۇ ، بۇ توپلىغۇچىلار شۇ بېزەكلەرنىڭ شەرىپى بىلەن بىللە يوقىلىپ كېتىدىغان بولدى .

ئۇنداق بېزەكلەر كەمبەغەللەردە ھەرگىز بولمايدۇ ، ئەلۋەتتە . لېكىن ، كاتتا مەنسەپدارلارنىڭ ، بايلارنىڭ بېزەكلىرىمۇ ئەمەس ، چۈنكى بۇلارنىڭ تۇتىدىغىنى ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى تىزىش يولى بىلەن ياسالغان گۈل تەشتەكلىرى ، رەڭگارەڭ بوياقلار بىلەن ئىشلەنگەن گۈللۈك لوڭقا ، بۇلار پەقەت دۆلەتمەن جانابلارنىڭ « ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش » ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان نەرسە . بۇنداق دۆلەتمەن جانابلارنىڭ تاشقىرىدا ئاز دېگەندە نەچچە ئون قوشلۇق مۇنبەت يەر - سۇيى ، جاي - زېمىنىدا بىرنەچچە ئېغىز ئېسىل ئايۋان ئۆيى بولىدۇ ؛ شاڭخەيگە كېلىپ تۇرغان چاغلىرىدىمۇ تۇرمۇشى راھەتتە ئۆتىدۇ ، چۈشكەن سارىيىدىمۇ چوڭ ئايۋان ھۇجرىسى بولىدۇ . ھۇجرىسىدا يېزىق ئۈستىلى ، كارىۋىتىنىڭ بېشىدا ئەپيۈن چىرىغى بولىدۇ ، ئۇلار خۇماردىن چىققاندىن كېيىن كۆڭلىنى ئارام تاپتۇرۇپ ، كۈنىنى ھۇزۇر - ھالاۋەتتە ئۆتكۈزىدۇ . لېكىن ، بۇنداق ماكانلارنى ھازىر دۇنيانىڭ رەھىمسىز ئېقىن دولقۇنلىرى خۇددى مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان دەريادىكى قېيىقتا ئوخشاش لەپپەڭشىتىپ ، ئۇ ياقتىن - بۇ ياققا ئۇرۇپ - سوقۇپ چايقىماقتا .

« ئويۇق بېزەكلىرى » دېگەن نەرسە ھەتتا « مەمۇرچىلىق دەۋرى » دىمۇ ئانچە مۇھىم بىر نەرسە ئەمەس ئىكەن . چوڭلۇقى ئاران بىر پىڭفاڭ سۇڭ كېلىدىغان پىل چىشى تاختىسىغا « لەنتىڭ شىپاڭى قەسىدىسىگە مۇقەددىمە» ② نىڭ تولۇق نەقىش قىلىنغانلىقى ھازىرقى كۈندىمۇ « بەدىئىي ئەسەر » دەپ دەپ ئاتالماقتا ؛ لېكىن ئەگەر ئۇنى ئۇزۇن سېپىلنىڭ بېشىغا ئېسىپ قويىدىغان ياكى يۇنگاڭ غارىدىكى ③ ئېگىزلىكى 17 مېتر كېلىدىغان چوڭ بۇتنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويىدىغان بولسىڭىز ، ئۇ ھەتتا كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە كىچىككىنە بىرنەرسە بولۇپ قالىدۇ ، ھەتتا جان كۆيدۈرىدىغان ئادەملەر زوق بىلەن كۆرسىتىپ بەرگەن تەقدىردىمۇ ، تاماشىچىلارغا كۈلكىلىك بىر ئەھۋال بولۇپ تۇيۇلىدۇ . بوراندا قۇم - تۇپراق ئادەملەرنىڭ يۈزىگە ئۇرۇپ تۇرغان ، بۆرە



ۋە يولۋاسلار توپ - توپ بولۇپ ھۇۋلاپ يۈرگەن چاغلاردا ، ئەنبەر - ياقۇت مارجانلىرى جۇلا قىلىپ تۇرغان بېزەكلەرنى ، سەدەپ - زۇمرەت كۆزلۈك ئۈزۈكلەرنى تاماشا قىلىپ كۆرۈشكە ھەپسىلە قىلىدىغان ئادەم بولسا كاشكى . شۇنىڭ ئۈچۈن شۇ زاماندىكى ئادەملەر كۆزگە چىرايلىق كۆرۈنىدىغان نەرسىلەرنى ئارزۇ قىلغان تەقدىردىمۇ ، ئۇلارنىڭ زۆرۈر تاپىدىغىنى بوران - قۇم ئىچىدە چوخچىيىپ تۇرىدىغان مۇستەھكەم ۋە بۈيۈك بىنا ؛ بۇلارنىڭ نەپىس بولۇپ كېتىشى ھاجەت ئەمەس ؛ ئۇلار كۆڭلىگە ياقىدىغان نەرسىلەرنى ئارزۇ قىلغان تەقدىردىمۇ ، ئۇلارنىڭ زۆرۈر تاپىدىغىنى ئۆتكۈر ۋە جانغا ئەسقاتىدىغان خەنجەر ھەم نەيزە ، بۇلارنىڭ ئېسىل بولۇپ كېتىشى ھاجەتسىز .

تەسۋىرىي سەنئەت جەھەتتە « ئويۇق بېزەكلىرى » گە خۇشتار بولىدىغان شېرىن چۈشلەرنىڭ ئاللىقاچان بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ھېلىقى گېزىتتىكى ماقالىنىڭ ئاپتورى توغرىدىن توغرا بىلسە كېرەك . شۇنداق بولسىمۇ ، ئەدەبىيات جەھەتتە « ئويۇق بېزەكلىرى » — « فېلىيەتون » — گە بولغان تەلەپ بارغانسېرى ئەۋج ئالماقتا ، تەلەپكارلار بولسا ئەنە شۇنداق « فېلىيەتون » نىڭ ياردىمى بىلەن ئاز - تولا پىغان ئۇرۇپ ، دەردى - ھالىمىزنى بايان ئەيلەپ ، ئۇرغۇپ تۇرغان يۈرەك - باغرىمىزنىڭ تىغىنى بارا - بارا گاللىتالايمىز ، دەپ ئويلايدۇ . بۇ ئەھۋال خۇددى بەزىلەرنىڭ باشقىلار « ئالتە سۇلالىنىڭ ئىبرەتنامىلىرى توپلىمى » ④ نى ئىخلاس بىلەن ئوقۇشنى ئارزۇ قىلغانلىقىغا ، لېكىن ئۆزىنىڭ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ كەلكۈنىگە غەرق بولۇپ كەتكەندە سۇنىڭ ئۈستىگە سەل - پەل چىقىپ تۇرغان دەرەخ سېخىغا يامىشىپ قالغانلىقىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغانلىقىغا ئوخشايدۇ .

لېكىن شۇنداق بىر ۋاقىتتا سەئيى قىلىش ۋە كۈرەش قىلىش كېرەك بولىدۇ .

فېلىيەتونمۇ سەئيى ۋە كۈرەش قىلىش يولى بىلەنلا ھايات تۇرالايدۇ . جىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇرۇق گەپلەر ⑤ ئۆز سۇلالە — دەۋرى بىلەن تەڭلا يوقالدى . تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى چاغلىرىدا شې-

ئىر - نەزمىنىڭ دەۋرى كېتىپ قېلىپ، فېلىيەتون گۈللىنىپ كەتتى. لېكىن لۇيىشۈننىڭ ⑥ «غەيۋەتنامە» ناملىق ئەسىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئىسيان ۋە غەزەپ بىلەن تولغان؛ پې رىشيۇ ⑦ بىلەن لۇگۇيمېڭ ئۆزلىرىنى دەرۋىش دەپ ئويلىغان، باشقىلارمۇ دەرۋىش دەپ ئاتىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار «پې موللىنىڭ ئەسەرلىرى توپلىمى» ۋە «لىزي دىيارىنىڭ مەجمۇئەسى» دېگەن ئەسەرلىرىدە رېئال دۇنيانى ئۇنتۇپ قالمىغان، بۇ فېلىيەتونلارنى قارا پاتقاق ئىچىدە پارقىراپ تۇرغان نۇر ۋە نەشتەر دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى فېلىيەتونلار ⑧ خارابلىق بولسىمۇ، لېكىن پۈتۈنلەي تەبىئەت - گۈلشەن لىرىكىسى ئەمەس، ئۇلاردا ئۆكتە، كىنايە، ھۇجۇم، قارشىلىق بار. بۇ ئۇسلۇب مانجۇ تۆرىلىرىنىڭ تىنتاك تومۇرىغىمۇ تەگكەن، شۇڭا ئۇلار يامانغا يانتاياق بولىدىغان لەشكەر باشلىقلىرىنىڭ بىرمۇنچە قىلىچلىرىنى، گۇپپاڭچى ئەدىبلەرنىڭ قەلەملىرىنى ئىشقا سېلىپ، چيەنلۇڭ يىللىرىدا بۇنداق ئۇسلۇبنى ئاران باستۇرۇۋېتەلىگەن. ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن «ئويۇق بېزەكلىرى» كېلىپ چىقتى.

«ئويۇق بېزەكلىرى» نىڭ ئانچە راۋاج تاپالماسلىقى تەبىئىي ئىدى. «4 - ماي ھەرىكىتى» دەۋرىدە يەنە قانات يېيىپ كەتتى، نەسرىي فېلىيەتون مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، ھېكايە، سەھنە ئەسەرلىرى ۋە غەزەللەردىنمۇ ئېشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ مەزمۇنىدا تىركىشىش ۋە كۈرەش بار ئىدى، لېكىن كۆپۈنچە ئەنگلىيىنىڭ پارچە خاتىرە (Essay) دېگەن ئۇسلۇبىدىن ئۈلگە ئالغاچقا، ئاز - پاز يۇمۇر ۋە لىرىكا ھەم بار ئىدى؛ يېزىلىشىمۇ گۈزەل ۋە نەپىس ئىدى؛ بۇنداق يېزىشتىن مەقسەت كونا ئەدەبىياتقا نامايىش قىلىپ، كونا ئەدەبىيات ئۆزىنىڭ ئارتۇقلۇقى دەپ ھېسابلىغان ماھارەتنىڭ جانلىق تىل - ئەدەبىياتنىڭمۇ قولىدىن كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئىدى. كېيىنكى يولنىڭ تېخىمۇ ئېنىق تىركىشىش ۋە كۈرەش تەرىپىگە يۈز تۇتقانلىقى روشەن ئىدى، چۈنكى ئۇ يول ئەسلىدە «ئەدەبىيات ئىنقىلابى» ۋە «ئىدىيە ئىنقىلابى» دىن بىخ سۈرۈپ چىققانىدى. لېكىن، ئېسىل ئادەملەر قولىغا ئېلىپ - سىلاپ



بەھرىلەنسۇن، ياشلارمۇ ئۇنى قولىغا ئېلىپ - سىلاپ كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ قارامىلىقىنى تاشلاپ ئېسىل سۇپەتلىك بولۇپ قالسۇن دېگەن مەقسەت بىلەن ھازىر كونا ئەدەبىياتقا ئۇيغۇن كېلىدىغان تەرەپلىرىنى — لىرىكىلىكىنى، گۈزەللىكىنى، نەپىسلىكىنى — ئالاھىدە تەرغىپ قىلىشىپ، ئۇنى «ئويۇق بېزەكلىرى» گە ئايلاندۇرماقچى بولۇشۇۋاتىدۇ.

ھالبۇكى، ھازىر ئويۇقلار قالمىدى. ئەپيۇن ئاشكارا سېتىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەپيۇن چىراغلىرى مەنئى قىلىندى، ئەپيۇن چېكىش ئانچە ئاسان ئەمەس. جەڭ مەيدانلىرىدىكى ياكى ئاپەت تەگكەن جايلاردىكى ئادەملەر بەھرىلەنسۇن دېسىڭىز، ھەممىگە مەلۇمكى، بۇ تېخىمۇ غەلىتە چۈش كۆرگەنلىك بولۇپ قالىدۇ. ئۇنداق بېزەكلەر (بۇ يەردە فېلىيەتون دېگەن مەنەدە. — ت) شاڭخەيدە چاي، مەي سورۇنلىرىدا، گېزىتچاقلار بىلەن كۆمۈلۈپ كەتكەن بوتكىلاردا تولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە بۇ ئەھۋال خۇددى قاشلىرىنى ئويىنىتىپ جىلۋە بىلەن خېرىدار ئىزلەيدىغان ئايالларنىڭ تار - خالىي كوچىلاردا ئۆز تىجارىتىنى ئاقتۇرالماي، نائىلاج ئۇپا - ئەڭلىك بىلەن ئۆزىگە پەرداز بېرىپ، كېچىلەردە چوڭ كوچىلاردا چېكىپ دەسسەپ - غىپىلداپ يۈرگىنىگە ئوخشاش بىر ئىش.

فېلىيەتون ئەنە شۇنداق قىلىپ بۆھرانغا يولۇقتى. مېنىڭ بۆھران دېگىنىممۇ، خۇددى تىببىي ئىلمىدىكى «كرىزىس» (Krisis - يەنى سەكرات) ۋاقتى دېگەنگە ئوخشاش، ھايات بىلەن ماماتنىڭ چېگرىسى، ئۇ مۇشۇ چېگرىدىن تۇپتوغرا ئۆلۈمگە بېرىپمۇ قالىدۇ، مۇشۇ چېگرىدىن مېڭىپ سەللىمازا بولۇپمۇ قالالايدۇ. بېھۇش قىلىدىغان ئەسەرلەر بېھۇش قىلغۇچى ۋە بېھۇش قىلىنغۇچىلار بىلەن بىللە يوقىلىدۇ. ھايات بەخش ئەسەرلەر كىتابخانلار بىلەن بىرلىكتە كۈرەش قىلىپ، ھاياتلىققا يول ئېچىپ بېرەلەيدىغان خەنجەر، نەيزە بولۇشى كېرەك؛ لېكىن، تەبىئىيكى، ئادەملەرگە خۇرسەنلىك ۋە راھەت بېغىشلاپ بېرەلىشى ۋە لېكىن «ئويۇق بېزەكلىرى» بولۇپ قالماسلىقى، كىشىلەرنى ھەرگىزمۇ تەسەللى بىلەن غەپلەتكە چۆكۈرۈپ قويماسلىقى كېرەك؛ ئۇنىڭ كىشىلەرگە بېغىشلىغان

خۇرسەنلىكى ۋە راھىتى دەرماندىن ، مەشغۇلات ۋە جەڭ ئالدىدىكى ھازىر-
لىقتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك .

8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى

### ئىزاھات

① بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 ـ يىلى 10 ـ ئايدا « ھازىرقى زامان »
ژۇرنىلىنىڭ 3 ـ جىلد 6 ـ سانىغا بېسىلغان .

② «لەنتىڭ شىپاگى قەسىدىسىگە مۇقەددىمە » — جىڭ دەۋرىدە ياشىغان
ۋاڭ شىجى يازغان ، پۈتۈن ماقالە 320 نەچچە خەت .

③ يۈنگاڭ — يۈنگاڭ غارىنى دېمەكچى ، سەنشى داتۇڭدىكى ۋۇجۇ
تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدە ، شىمالىي ۋېي دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە قۇرۇل-
غان . ھازىر ئاساسىي غاردىن 53 ى ، تاش ئويما بۇت ، پەرىزات قاتارلىقلاردىن 51
مىڭدىن كۆپرەك ھەيكەل ساقلىنىپ قالغان ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئېگىز بۇت 17
مېتىر كېلىدۇ .

④ « ئالتە سۇلالىنىڭ ئىبرەتنامىلىرى توپلىمى » — ئالتە سۇلالىنىڭ
جۇپلۇك يېزىش ئۇسلۇبىدا يېزىلغان ئەسەرلىرى توپلىمى ، جەمئىي تۆت توم ،
چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان شۈي ليەن تۈزگەن .

⑤ قۇرۇق گەپلەر ـ ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدىكى ۋېي خېيەن ،
شاخۇشۈەن ، ۋاڭ بى قاتارلىقلار لاۋزى ـ جۇاڭزى ئىدىيىسى ئارقىلىق رايىش ئۆلۈ-
مالارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىزاھلىغان . غايىبقا چوقۇنۇپ ، جاھاندىن كېچىپ ،
مەخسۇس سىرلىق ھېكمەتلەرنى بازارغا سېلىش بىلەن شۇغۇللانغان . بىلىمدارلار
ئۇلارنى بەس ـ بەس بىلەن دورىغان ، ئۇ بىر كەيپىيات بولۇپ شەكىللىنىپ
قالغان ، بۇلار « قۇرۇق گەپلەر » دەپ ئاتالغان ، « قۇرۇق پاراڭ » ، «سىرلىق
سۆزلەر » دەپمۇ ئاتالغان . جىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ۋاڭ يەن قاتارلىق
كىشلەرنىڭ تەشەببۇس قىلىشى ئارقىسىدا ، تېخىمۇ ئەۋج ئالغان .

⑥ لويىڭ (833 — 909) — تەخەللۇسى جاۋجيەن ، يۈكاڭ (ھازىرقى
جېجياڭغا تەۋە ) دېگەن جايدىن . تاڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۆتكەن
ئەدىب ، ئۇنىڭ 10 توملۇق « ئا . ب توپلىمى » ، بەش توملۇق « غەيۋەتنامە » قا-
تارلىق ئەسەرلىرى بار .



⑦ پى رىشيۇ (834 — 883) — تەخەللۇسى شىمېي ، شاگياڭ (ھازىرقى
خۇبېيغا تەۋە ) دېگەن جايدىن . تاڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۆتكەن ئەدىب ،
دەسلەپتە لۇمىنشەن تېغىغا يوشۇرۇنغان ، خۇاڭ ساۋ قوزغىلاڭچى قوشۇنىغا قاتناش-
قان . ئۇنىڭ « پى موللىنىڭ ئەسەرلىرى توپلىمى » دېگەن ئەسىرى بار . لۇگويمىڭ
(؟— تەخمىنەن 881) تەخەللۇسى لۇۋاڭ ، گۇسۇ (ھازىرقى جياڭسۇنىڭ سۇجۇ
دېگەن يېرى ) دىن . تاڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى ئەدىب . لىزېدا يوشۇ-
رۇنۇپ تۇرغان . « لىزې مەجمۇئەسى » دېگەن تۆت توم ئەسىرى بار .

⑧ مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى فېلىيەتونلار — مىڭ سۇلالىسىنىڭ
ئاخىرقى يىللىرىدىكى يازغۇچى يۈەن خۇڭداۋ ، جۇڭ شىڭ ، جاڭ دەي قاتارلىق
كىشلەرنىڭ فېلىيەتونلىرىنى دېمەكچى .

## قىتىغۇرلۇقنىڭ ھېكمىتى ①

جۇڭگو ئادەملىرى ئىچىدە غەلىتە - ئاجايىپ كۆرۈنۈشلەرنى، قىتىغۇرلۇق - شەيتانلىقنى ياخشى كۆرىدىغان، كونا دەرەخنىڭ پارقىرشىنى بۇغدايىنىڭ چېچەكلىشىدىن ياخشى كۆرىدىغانلار كۆپ، ئەمەلىيەتتە بۇغدايىنىڭ چېچەكلىگەنلىكىنى زادىلا كۆرمىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، غەلىتە تۇغۇلغان بالىلار، ئاجايىپ قىياپەتلەر گېزىت - ژۇرناللار ئۈچۈن ياخشى ماتېرىيال بولۇپ، بىئولوگىيە ساۋاتلىرىنىڭ ئورنىنى ئالىدىغان بولۇپ قالدى. يېقىندىن بۇيان چىقىۋاتقان ئېلانلارغا قارىسام، ئىككى باشلىق ئېلانغا ئوخشايدىغان ئىككى بېشى، تۆت قولى بار بالا تۇغۇلۇپتۇمىش، دۇۋىسۇنىدىنمۇ يەنە بىر پۇت ئۆسۈپ چىققان ئۈچ پۇتلۇق ئوغۇلمۇ بار ئىكەن. ئاجايىپ تۇغۇلغان بالىلار، غەلىتە قىياپەتلىك ئادەملەرنىڭ تۇغۇلۇشى تەبىئىي، شۇنداق بولسىمۇ تەڭرىنىڭ ئىقتىدارى چەكلىك؛ تۇغۇلغانلار ھەرقانچە غەلىتە، ئاجايىپ بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمەن بىر چەكتىن خالىي بولالمايدۇ: بەزى قوشكېزەك بالىلارنىڭ دۈمبىسى تۇتاش، قورسىقى، بېشى تۇتاش بولۇشى مۇمكىن، لېكىن بېشى كۆتىدە بولماس؛ قەددى - قامىتىدىن ئالغاندا پۇتىنىڭ بارماقلىرى قوشماق، ئاچا بارماق، پۇتى ياكى قولى كەم، كۆپ ئەمچەكلىك بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئىككى پۇتىدىن باشقا، خۇددى «ئىككىنى سېتىۋېلىپ بىرىنى باشقىلارغا بېرىۋەتكەن» دەك، يەنە بىر پۇت ئۆسۈپ چىقماس. دېمەك قىتىغۇرلۇقتا تەڭرى ھەقىقەتەن ئادەمگە يېتىشەلمەيدۇ.

لېكىن ئادەم قىتىغۇرلۇقتا تەڭرىنى بېسىپ چۈشسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئىقتىدارىمۇ چەكلىك بولىدۇ. چۈنكى قىتىغۇرلۇقنىڭ ھېكمىتى شۇ يەردىكى، ئۇ ئاشكارا ئېيتىۋېتىشتىن ھەزەر ئەيلەيدۇ، يەنى پەردىلەشنى زۆرۈر تاپىدۇ. چۈنكى ئاشكارا ئېيتىۋەتسە، قىتىغۇرلۇقى ئېچىلىپ قالىدۇ، چەكلىنىپمۇ قالىدۇ، دېمەك پەردىلىك قىلغاندەك چوڭقۇر مەنىلىك بولماي



قالىدۇ، تەسىرىمۇ غۇۋالىشىدۇ. «پايدا بار يەردە زىيان بار» دېگەن گەپ بار، مېنىڭ «چەكلىك» دېگەن سۆزۈمنىڭ مەنىسى ئەنە شۇ.

چىڭ خاندانلىقى دەۋرىدىكىلەرنىڭ خاتىرىلىرىدە لو لياڭفېڭ ② نىڭ «شەيتانلار سۈرىتى» دائىم تىلغا ئېلىنىدۇ، ئۇ خاتىرىلەردە شەيتانلىق تولىمۇ كېلىشتۈرۈپ تەسۋىرلەنگەن. كېيىنكى چاغلاردا شۇ سۈرەتنى «مەدەنىيەت» نەشرىياتى بېسىپ چىقىرىپتۇ، قارىسام بىر تازا ئاۋاق، **بىر پاكا ھەم سېمىز، بىر كۆپتەك ئىششىپ كەتكەن نەرسىنىڭ قى**ياپىتى ئىكەن، غەلىتە دېگۈدەك يوق ئىكەن، يەنە ھېلىقى خاتىرىلەردىكىدەك قىزىقارلىق ئەمەس ئىكەن. ھېكايىلەردە جىن - شەيتانلارنى تەسۋىرلەشكە كۆپ ئەجىر قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن كىشىنى ئەجەبلەندۈرەلمەيدۇ، مېنىڭچە ھەممىدىن قورقۇنچلۇقى جىن خاندانلىقى دەۋرىدىكىلەر تەسۋىرلىگەن يۈزىدە بەش ئەزاسى يوق، خۇددى تۇخۇمغىلا ئوخشايدىغان سوقۇچاق تاغ جىنى ئىكەن ③. چۈنكى بەش ئەزا، قانداقلا بولمىسۇن، بەش ئەزا - دە، ھەرقانچە ئەجەپ قىلىپ، ئۇنى مۇدھىشلەشتۈرىمەن دېگەن تەقدىردىمۇ بەش ئەزانىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس. ھازىر ئۇ ھېچنەرسىگە ئوخشاتقىلى بولمايدىغان دومىلاق - سوقىچاق بىرنەرسە قىلىپ قويۇلسا، ئوقۇغۇچىلارمۇ ئۇنىڭ ئاجايىبلىقىدىن چۆچۈشى مۇمكىن. شۇنداق بولسىمۇ بۇنىڭ «نۇقسان» لىرى شۇكى، تەسىرات غۇۋالىشىپ قالىدۇ. بىراق، «يۈزى سۆزۈن، ھۆڭگۈل چىش»، «ئاغزى - بۇرنىدىن قان قۇيۇلۇپ تۇرىدۇ» غان كالۋا قىلىپ تەسۋىرلىگەندىن كۆرە كۆپ دانالىق بولىدۇ.

جۇڭخۇا مىنگونىڭ ئادەملىرى جىنايەتنى ئېلان قىلىشتا كۆپىنچە 10 ماددىلىق قىلىپ ئېلان قىلىدۇ، لېكىن نەتىجىدە تولىسى بىكار بولۇپ چىقىدۇ. قەدىمدىن تارتىپ يامان ئادەملەر كۆپ چىققان، لېكىن ئۇلارنىڭ جىنايىتى 10 ماددىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، بۇنىڭ بىلەن باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىش، ھەتتا باشقىلارغا ئىبرەت قىلىش مۇمكىن ئەمەس. لو بىڭۋاڭ مەلىكە ۋۇ زېتيەنگە نەپرەت قىلىپ بېيىت يازغىنىكەن ④، ئۇ «ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن ھەسەتتىن قول ئۈزمىدىڭ، قاشلىرىڭنى قەلەم

قىلىپ باشقىلارغا يول قويمىدىڭ، كۆزلىرىڭدىن ياش قۇرۇتمايسەنۇ، تەلىڭنى غەيۋەتتىن يىغمىدىڭ، قاشلىرىڭ بىلەن جىلۋە قىلىپ، پادىشاھنى ئىشىق دامىڭدىن بوشاتمىدىڭ » دېگەن جۈملىلەرنى ئىشلەشتە خېلى ئەجىر قىلغان بولسا كېرەك، لېكىن مەلىكە ۋۇ زېتيەن بېيىتنى ئوقۇپ شۇ جۈملىلەرگە كەلگەندە، مىيىقىدا كۈلۈپ قويغانمىش. شۇنداق، شۇنداق بولماي قانداق بولاتتى؟ ئاشكارا ئەزان چىللاپ تۇرۇپ لەنەت - نەپرەت قىلىدىغان ماقالىلەرنىڭ قۇدرىتى قۇلاقنى يېقىپ سۆزلەيدىغان كۇس - كۇس گەپنىڭ قۇدرىتىگە يەتمەيدۇ، چۈنكى بىرى ئاشكارا، يەنە بىرى بولسا سىرلىق. ئەگەر لو بىڭۋاڭ جامائەتنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، باشلىرىنى چايقاپ، « ناھايىتى يامان، تولىمۇ يامان » دېگەن بولسا، يامان دېيىشنىڭ ئەمەلىي مىساللىرىنى ئېيتمىسا، ئۇنىڭ ئونۇمى يازغان ماقالىسىنىڭكىدىن ئۈستۈن تۇرغان بولاتتى. « قويۇن » چى ئەدىب گاۋ چاڭخۇڭ ⑤ ماڭا ھۇجۇم قىلغاندا، يامانلىقلىرى كۆپ، ئەگەر ئاشكارا ماقالە يېزىپ ئېلان قىلىۋېتىدىغان بولسام، تەختى - بەختى بىلەن يەكسان بولىدۇ دېگەنىدى، لېكىن ئېلان قىلمىدى، ئۇ قىتىغۇرلۇقنىڭ يولىنى ئوبدان بىلىدىكەن. لېكىن چوڭراق ئۈنۈمنىڭ بولماسلىقىمۇ سىرنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە پەيدا بولىدىغان « غۇۋا » لىقنىڭ كاساپىتى.

بۇ ئىككى مىسالنى چۈشەنگەندە، ئەلگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشنىڭ ئۇسۇلى — كۆپچىلىككە قانۇن بارلىقىنى ئېيتىپ قويۇش ۋە لېكىن قانداق قانۇن ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئېيتماسلىقتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. چۈنكى، ئېيتىپ قويسا، سۆزنى ئوتتۇرىغا چىقارغان بولىدۇ، سۆزنى ئوتتۇرىغا چىقارغاندىن كېيىن، ئۇنى ھەرىكىتى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئىمكانىيىتى تۇغۇلىدۇ، شۇڭا سىرلىق بولغىنى ياخشىمىش. سىرنىڭ سۈرى ئادەمنى دىل خەستە قىلىدۇ، سىرنىڭ ھېكمىتى ئادەمدە ئۈمىد پەيدا قىلىدۇ — قەھەتچىلىك بولغاندا كېسەل بولۇپ قالىدىغان، جەڭ بولغاندا بېيىت توقۇيدىغان ئەھۋال ئەلگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەر بۇنىڭ سىرىنى چۈشەنمەي، بۇنى ئەلگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشنىڭ كارامىتى بولسا كېرەك، دېگەن خىيالغا كې-



لىپ قالىدۇ؛ — لېكىن بۇنىڭ « نۇقسان » لىرى شۇكى، كىشىلەر ئادەتتە غۇۋالىق ئىچىدە تۇرۇپمۇ، ھېكمەت دېگىنى ئەمەلىيەتتە قىلچە ئامالسىزلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىكەنلىكىنى دېگەن گۇمانغا كېلىپ قالىدۇ.

قىتىغۇرلۇقنىڭ ھېكمىتى بار، ئۈنۈمىمۇ بار، لېكىن چەكلىك؛ شۇنىڭ ئۈچۈن قىتىغۇرلۇق بىلەن زور ئىشلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنلەر قەدىمدىن تارتىپ بولغان ئەمەس.

11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى

ئىزاھات

① بۇ ماقالە دەسلەپتە « شېنباۋ » ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 1934 - يىلى 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى نەشردىن چىققان 3 - جىلد 1 - سانىغا «لوفۇ» دېگەن تەخەللۇس بىلەن بېسىلغان.

② لولياڭفېڭ (1733 — 1799) ئىسمى لوپىن، تەخەللۇسى دۇنفۇ، جياڭسۇ ئۆلكىسى گەنچۈەن (ھازىرقى دۇجياڭ ) دېگەن يەردىن. چىڭ دەۋرىنىڭ رەسسامى. «شەيتانلار سۈرىتى » — جەمئىيەتنىڭ ئەھۋالىدىن تەنە قىلىنغان رەسىم، شۇ چاغدا نۇرغۇن ئەدىبلەر بۇنىڭغا ئاساسەن شېئىر يازغانىدى.

③ بۇ يەردە ئېيتىلغان تاغ جىنى ھەققىدىكى ۋەقە جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىدا ياشىغان گوجىسەننىڭ « ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلار ھەققىدە خاتىرىلەر » دە: «لىيۇشۇەن دېگەن بىر ئادەم بولۇپ، يۇيچىڭ شەھىرىدە تۇرىدىكەن، بىر كۈنى قاراڭغۇ چۈشكەندە تۇيۇقسىزدىن قارا كىيىم كىيگەن بىر ئادەمنىڭ كەلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قاپتۇ. چىراغ يېقىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۇنىڭ يۈزىدە بەش ئەزاسى يوق ئىكەن. يۈزىمۇ ناھايىتى سەت ئىكەن » دەپ خاتىرىلەنگەن.

④ لوبىڭۋاڭ (تەخمىنەن 640 — ؟) يىۋۇ (ھازىرقى جېجياڭغا تەۋە ) دېگەن يەردىن. تاڭ دەۋرىنىڭ شائىرى. ئۇ شۈي جىڭيېغا ئەگىشىپ ۋۇزېتيەنگە قارشى تۇرغان، «سۈي جىڭيېنىڭ ئورنىدا ۋۇزېتيەننى ئېيىپلاشنامىسى » دېگەن ئەسىرى بار. « يېڭى تاڭ سۇلالىسى، سالنامىلىرى، لوبىڭۋاڭ تەرجىمىھالى » دا: ئۇ « شۈي جىڭيېنىڭ ئورنىدا ئېيىپنامە يېزىپ، ۋۇزېتيەن خانىشنىڭ جىنايەتلىرىنى ئېيىپلىگەن، خانىش مىيىقىدا كۈلۈپ قويغان » دەپ خاتىرىلەنگەن.

⑤ گاۋ چاڭخۇڭ — سەنشى يۈشيەن ناھىيىسىدىن. 1924 - يىلى بېيجىڭدا ئەدەبىي تەشكىلات - « قويۇن » تەھرىراتى ئۇيۇشتۇرغان، 1926 - يىلى 10 - ئايدا

شاگـخـەيدە «قۇيۇن » ھەپتىلىك ژۇرنىلى نەشر قىلىنغان ، ئۇ دائىم شۇ ژۇرنالدا لۇشۈن ھۇجـۇم قـىلـدىغان ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان . بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرۈلگەن سـۆز «قـۇيـۇن » نىڭ 17 ـ سانى (1927 ـ يىل 1 ـ ئاي ) دىكى « تاشقا ئايلانغانلار دۇنـياسىدىن چىقىپ كەتتىم » سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدىن ئېلىنغان . ئەسلى سۆزى مۇنداق :«باشقا ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى ، مەسىلەن «قۇيۇن » تەھرىراتىنىڭ نـالە ـ زارغا تولغىنلىق بىلەن جاۋاب بەرمىگەنلىكىنى ئالسام ، لۇشۈننى جىسمانىي ۋە مـەنىۋى جـەھەتـتـىن كـېسەلگە گىرىپتار قىلىش بىلەنلا قالماستىن ، بەلكى ئۇنى تـەختى ـ بەختى بىلەن يەكسان قىلىۋېتىدۇ ! بىز بولساق ياشلارمىز ، بىزدە خەيرخاھلىق كۆپ ، شۇڭا بىز ھەرگىز ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەيمىز ».



# ياڭ سۇنرېن ئەپەندىنىڭ ئوچۇق خېتىگە ئوچۇق خەت ①

« مـەدەنـىـيەت پويىزى » ② ئۆز ئادىتىنى بۇزۇپ ، مېنىڭ ئۇستىلىمنىڭ ئۇستىگە يېتىپ كەلدى ، ئۇ 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى يولغا چىققان 3 ـ سـانـى ئىكەن . بۇنىڭ خاسىيىتى بىلەن يېقىندىن بېرى مۇشۇنداق بىر ژۇرنـالـنـىـڭ پـەيـدا بـولـۇپ قالغانلىقىنى بىلىۋالدىم ھەم ياڭ سۇنرېن ③ ئەپـەنـدىـنـىڭ ماڭا يازغان ئوچۇق خېتىنى كۆردۈم ، ئۇ جاۋاب بېرىشىمنى تـەلـەپ قـىـلـىـپـتـۇ تـېـخـى . مـۇنداق ئوچۇق خەتلەرگە جەزمەن جاۋاب بـېـرىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى ، چۈنكى ئۇ ئوچۇق بولغاندىن كېيىن ، ئەمەلىيەتتە ، كۆپچىلىك ئوقۇسۇن ، دېگەن مەقسەت بىلەن يېزىلغان ، مېنىڭ ئوقـۇشـۇم بـولسا ، ئىككىنچى گەپ . خەير ، مەن جاۋاب بەرسەممۇ بېرەي ، بـىـراق ، مـەنـمۇ كـۆپچىلىك ئوقۇسۇن ، دېگەن مەقسەت بىلەن يازىمەن . بـولـمـىـسـا ، تـوپتوغرا ئۆزىگىلا ئەۋەتسەم ئىش تۈگىمەمتى ؟ يۇقىرىقىدەك سـەۋەبـلـىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ، جاۋاب قايتۇرۇشتىن بۇرۇن ، ئالدى بىلەن ، ئەسلى خەتنى تۆۋەندىكىچە قايتا كۆچۈرۈپ كۆرستەي ـــ

لۇشۈن ئەپەندى :

لـىـشـۇ ئەپـەنـدى (لـى يـۇرەن ئەپـەنـدىـنـىڭ تەخەللۇسىمۇ ياكى ساۋجـۈيـرېـن ئەپـەندىنىڭ تەخەللۇسىمۇ ، بۇنى بىلمىدىم ) نىڭ « ساختا ئەركـىنلىكنامىنى ئوقۇغاندىن كېيىن » دېگەن ماقالىسىنى ئوقۇسام ، ئۇنىڭ ئاخىرىدىراق مۇنداق گەپ بار ئىكەن :

« لـۇشـۈنـنـىـڭ 〈 ساختا ئەركىنلىكنامە 〉 سىنى ئوقۇۋېتىپ ، لۇشۈن ئەپـەنـدىـنـىـڭ تـاماق يېيىشىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى ، ئۇ تاماقنى چاينىغاندا ماكاشلاپ چايناپتتى ، ھەتتا چايناشتا قىينالغانلىقىدىن كۆكرەك قـەپـىـزىمۇ كۆتۈرۈلۈپ ـ كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى ، لۇشۈن ئەپەندى قېرىپتۇ ! شـۇ چاغدا ، ئىختىيارسىز ھالدا ، ئىچىم سىرىلىپ كەتتى . بۇرۇن دادامنىڭ قېرىلىق تۇرقىنى كۆرگىنىمدە شۇنداق كەيپىياتتا بولغانلىقىم ئېسىمدە . شۇ

كۈنى ، لۇشۈن ئەپەندىنىڭ قىرىلىق تۇرقىنى كۆرۈپ يەنە شۇنداق بولدۇم . بۇ هال ئاللىقاچان نىيىتى بۇزۇلۇپ ياندا قاراپ تۇرغان ۋېي يەن تۇڭگۇل ، هەتتا سىمايىدەك بىرنېمىلەرنىمۇ خۇشال قىلدۇ .»(بۇ ئاخىرقى جۈملە ئەسلى تېكىستتىن سۆزمۇ سۆز ئەينەن كۆچۈرۈۋېلىندى ، بۇ ھەقىقەتەن كارامەت يېزىلغان !) . بۇ ئەھۋال كىشىنى ئىختىيارسىزلا ئىككى خىل ئويغا : بىرى — هۆرمەتلىك لۇشۈن ئەپەندىمىز قېرىپ كېتىپتۇ ؛ يەنە بىرى — بىزنىڭ هۆرمەتلىك لۇشۈن ئەپەندىمىز قانداقىسىگە جۇگېلياڭ بولۇپ قالغاندۇ ؟ « ئاللىقاچان نىيىتى بۇزۇلغان ۋېي يەن » ئەپەندىمنىڭ «يېنى» غا نەدىن كېلىپ قالغاندۇ ؟ پرولېتارلار ئاممىسى قاچان ئادۇغا ئايلىنىپ قالغاندۇ ؟ دېگەن ئويلارغا سالىدۇ .

بىرىنچى ئوي مېنى قاتتىق تەشۋىشكە سالدى ! هۆرمەتلىك لۇشۈن ئەپەندىمىز قېرىپتۇ ، بۇ ، كىشىنى نەقەدەر ئالاقزادە قىلىدىغان ئىش ـ هە ! ئېسىمدە قېلىشىچە ، « چۇقان » بېيجىڭدە تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغان چاغدا (ئالاھەزەل بۇندىن ئون يىل بۇرۇن ) ، مەن ئۇنى ئوقۇپ چىقىپ ، كۈچلۈك هۆرمەت بىلەن تونۇشتۇرۇپ ۋە مەدھىيىلەپ ماقالە يېزىپ ، جاڭ دۇڭسەن ئەپەندىنىڭ مۇھەررىرلىكىدە چىقىدىغان « ئىلىم چىرىغى » دا ئېلان قىلغانىدىم ، ئۇ چاغدا سىزگە بولغان هۆرمىتىم « ئىجادىيەت » تەھرىراتىدىكى تۆت جانابقا بولغان هۆرمىتىمدىنمۇ ئېشىپ چۈشەتتى . كېيىن ، 1928 ـ يىلى جانابىڭىز « تىل رىشتىسى » گە ماقالە يېزىپ ، بىزنى سۆكتىڭىز ، ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى زادىلا ئايىماي بەس ـ مۇنازىرە قىلىشقان بولساقمۇ ، بىراق ، بەس ـ مۇنازىرە ئۆز يولى بىلەن بارىدىغان ئىش بولغاچقا ، سىزگە بولغان هۆرمىتىم يەنىلا باشتىكىدەك ساقلىنىۋەردى . 1930 ـ يىلى كۈزدە مەن جانابىڭىزنىڭ 50 ياشقا كىرگەنلىكىڭىزنى تەبرىكلەش ئولتۇرۇشىغا تەبرىكلىگۈچىلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئىشتىراك قىلغان ، بەلكى جانابىڭىز بىلەن ناھايىتى سەممىي پاراڭ سېلىشقان ، بۇنىڭدىن ئۆزۈمنى ناھايىتى بەختلىك هېس قىلغانىدىم . سولقانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ بىر يىغىنى ياپونىيىلىك بىر يولداشنىڭ ئۆيىدە ئېچىلىۋاتقاندا ، مەن جانابىڭىز بىلەن يەنە دىدار



كۆرۈشۈپ ، بەكمۇ خۇرسەن بولغانىدىم . بىراق ، بۇ يىل مەن گۇڭچەنداڭدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، ئىككى ياندىن هۇجۇمغا ئۇچرىغان ۋاقتىمدا ، « سەنئەت خەۋەرلىرى » بىلەن « نەشرىيات خەۋەرلىرى » جانابىڭىزنىڭ مېنى « پوش ـ پوش » دېمەكچى بولغانلىقىڭىز ، ئەسىرىڭىزگە « بېيپىڭدىكى بەش لېكسىيە ۋە شاڭخەيدىكى ئۈچ پوش ـ پوش » دەپ نام بەرمەكچى بولغانلىقىڭىز ، ماڭا « پوش ـ پوش دېيىش يولى بىلەن هۇجۇم قىلماقچى » بولغانلىقىڭىز ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنى لياڭ شىچيۇ ، جاڭ روگۇلار بىلەن بىر تاياقتا هەيدىمەكچى بولغانلىقىڭىز توغرىسىدا خەۋەر تارقاتتى . تەبىئىيكى ، بۇ مېنى رەنجىتتى . مەن «يېڭى ئۆلىمالارنىڭ غەيرىي رەسمىي قىسسىسى — بىرىنچى قىسسە » دىكى جانابىڭىزنى مەيدانغا چۈشۈپ ئېلىشقاندا قىلىچ ئىشلىتىدۇ دېگەن سۆز قايتۇرما هۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئىپتىلغان كىنايىدىنلا ئىبارەت . ماقالىدىكى نەقىللەر جانابىڭىزنى هۆرمەتلەش تۇيغۇسى ۋە پوزىتسىيىسى بىلەن ئېلىنغان . ماقالەمدىن پەقەت سىزنىڭ ماڭا « پوش ـ پوش » دەپ هۇجۇم قىلماقچى بولغانلىقىڭىز دۈشمەننى خاتا تونۇپ قېلىشتىن خالىي بولالمىغان بولسا كېرەك ، دېگەنلا مەنە چىقىدۇ . « ئىككى يەردىن مەكتۇپ » دېگەن بۇيۇك ئەسىرىڭىزنى هۆرمەت بىلەن ئوقۇغاندىن كېيىن ، ئۇنى تونۇشتۇرۇپ يازغان ماقالەمنىمۇ سىزنى ئىنتايىن هۆرمەت قىلىدىغان ئىبارىلەر بىلەن يازغانىدىم ، ئۇنىڭدا تىل ـ هاقارەتكە ياتىدىغان سۆز زادىلا يوق ئىدى ، بىراق جانابىڭىز « مېنىڭ چېچەك چەكتۈرۈشۈم » دېگەن ماقالىڭىزدە ، ئۇقۇشماسلىق بولغاندەك ، ماڭا هە دېگەندىلا ئىككى ـ ئۈچ تال تەنە ئوقى ئېتىپسىز . بىراۋ ماڭا قېرىپ قاپتۇ دەپ هۇجۇم قىلدى ، دەپ ئالاھىدە تىلغا ئېلىپسىز . مەن جانابىڭىزنى قېرىپ قاپتۇ ، دېگەن ئويدا بولغىنىم يوق ، ئۇنىڭ ئۈستىگە هېلىقى ماقالەمدىمۇ جانابىڭىزغا قېرى دەپ هۇجۇم قىلغىنىم يوق ، سىز ئۆزىڭىز قېرىپ قالدىم ، دېگەن ئويدا بولۇۋاتقان ئوخشايسىز . بېرنارد شاۋنىڭ يېشى سىزنىڭكىدىنمۇ چوڭ ، چېكە چاچلىرى سىزنىڭكىدىنمۇ ئاپئاقتۇ . بېرنارد شاۋ قېرىمىغان يەردە ، سىز نېمىشقا مۇنداق قېرىدىم ، دېگەن ئويدا بولىسىز ؟ مەن ئەزەلدىن جا-

نابىڭىزنى قېرىپتۇ دېگەن ئويدا بولغان ئەمەس ئىدىم، جانابىڭىزنى ياش يىگىتتەك ياپياش تۇرۇۋاتىدۇ، دەپلا ئويلىغان، بەلكى جانابىڭىزنىڭ مەڭگۈ ياش يىگىتتەك ياپياش تۇرۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىپ كەلگەنىدىم.
لېكىن، لىشۇ ئەپەندىنىڭ ماقالىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، مەن تەشۋىشكە چۈشتۈم، ھەيران بولدۇم، جانابىڭىز راستتىنلا قېرىغان ئىكەنسىز. لىشۇ ئەپەندى جانابىڭىزنىڭ قېرىغانلىقىڭىزنى كۆرۈپ، خۇددى ئۆز پەدەرىنىڭ قېرى تۇرقىنى كۆرگەن چاغدا يۈز بەرگەن كەيپىياتقا ئوخشاش « ئىچى سىرىلىپ » كېتىپتۇ، مەنمۇ ياشانغان دادامنى ھەمىشە ياد ئېتىپ تۇرىمەن، لېكىن مەندە، خەق ماڭا ھۇجۇم قىلغاندەك « ۋاپادار ئوغۇل » بولۇش ئويى يوق، پەقەت تۇغما خىسلەت تۈپەيلىدىن، بەزىدە ھاياجانلىنىپ كېتىپ، ياد ئەيلەپ قېلىشتىن خالىي بولالماي قالىمەن، شۇڭا مەن لىشۇ ئەپەندىنىڭ ماقالىسىنى ئوقۇغىنىمدا، دادامنى ئەسلەپ كەتمىدىم. ئەمما، جانابىڭىزنىڭ قېرىغانلىقىڭىزدىن تەشۋىشكە چۈشتۈم ۋە ھەيران بولدۇم. بىزنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدىكى قەدىرلىك پېشقەدىمىمىز قېرىغانلىقى ئۈچۈن، فىزىئولوگىيە جەھەتتىكى سەۋەبلەر بىلەن ئۆز ئىشىنى توختىتىدۇ دەپ تەشۋىشلەندىم ۋە ھەيران بولدۇم. مۇشۇنداق قەدىرلەيدىغان روھىي ھالەت ۋە كۆزقاراش ئېتىبارى بىلەن، مەن بۇ يىل جانابىڭىز توغرىسىدىكى يامان تەسىراتلىرىمنى تارمار قىلىمەن، جانابىڭىزنىڭ ماڭا تەلىم بېرىشىڭىزنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمەن. بىراق، ئەستايىدىل پوزىتسىيە قوللىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، «پوش – پوش» دېيىشتە، تەنە ئوقى ئېتىشتا ئېھتىيات قىلغايسىز، قارشى تەرەپ قايىل بولسۇن.
ئىككىنچى ئوي مېنى ... بۇ لىشۇ ئەپەندىگە تەئەللۇق ئىشى بولغاچقا، بۇنى سۆزلەپ تىنىچ قۇلىقىڭىزنى ئاغرىتقۇم كەلمىدى.
مۇبادا، بۇ خېتىمنى جاۋاب قايتۇرغىچىلىكى بار، دەپ قارىسىڭىز، جاۋابىڭىزنى بۇ يەردىكى « مەدەنىيەت پويىزى » مۇھەررىرىنىڭ ئېلان قىلىشى ئۈچۈن ئەۋەتىپ بېرەرسىز، يا بولمىسا، ماقالە يېزىپ، مېنى قاتتىق پىپەن قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئېلان قىلىش ئۈچۈن نەگىلا ئەۋەتسىڭىز، مېنىڭچە، قارشى ئالىدۇ.



سەمىمىي ھۆرمەت بىلەن سالام يوللايمەن ۋە سالامەتلىك تىلەيمەن.

ھۆرمەت بىلەن: ياڭ سۇنرېندىن
1933 - يىلى 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى

ئاخىرىدا بىر ئېغىز سۆزنى قوشۇپ قوياي، بۇ خەتنى جۇۋاينىمەكلەر مېنى، سىز قەلەم ئارقىلىق دەۋالىشىپ چەرەندىگە ئايلىنىپ قالدى، دەپ تىللىغاندىن كېيىن، جانابىڭىز ناماقۇل بولۇپ ...« كاتتا ئادەم » بولۇش ئويى بىلەن ئەمەس، پۈتۈنلەي سەمىمىيەت بىلەن يازدىم.
سۇنرېندىن.

تۆۋەندىكىسى ئەمدى مېنىڭ جاۋاب خېتىم. سالام خەت شەكلىدە يازغانلىقىم ئۈچۈن، قائىدە بويىچە مۇنداق باشلايمەن —

سۇنرېن ئەپەندى:
جانابىڭىزنىڭ ماڭا يازغان خېتىڭىزنىڭ جاۋاب قايتۇرغۇچىلىكى يوق. مەن جانابىڭىزنى «قايىل» قىلىش ئۈمىدىدە ئەمەس، جانابىڭىزمۇ مېنىڭ پىپەن قىلىشىمغا موھتاج ئەمەس، چۈنكى يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيانقى ماقالىلىرىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ ئوبرازىنى بەكمۇ ئېنىق سۈرەتلەپ بەردى. تەبىئىي، مەن « جۇۋاينىمەك » لەرنىڭ جۆيلۈشلىرىگە ھەرگىز ئىشەنمەيمەن: بىراق، جانابىڭىزغىمۇ ئىشەنمەيمەن.
مەن جانابىڭىزنىڭ سۆزلىرىنى پۈتۈنلەي خاۋازىلارچە قاۋىغانلىق، دېمەكچى ئەمەسمەن. ئېھتىمال، سىز ئۆزىڭىزنى مەڭگۈ سەمىمىي ھېسابلايدىغاندۇرسىز. بىراق، تېز ئاينىپ كەتكەنلىكىڭىز، پۈتۈن ئېسى - يادىڭىز بىلەن ئۆزىڭىزنى دالدىغا ئېلىپ يۈرۈشلىرىڭىز، دۇدۇقلاپ، ئۆز سۆزىڭىزدە تۇرمىغانلىقىڭىز ئارقىسىدا، سۆزلىرىڭىز ئاخىر سەپسەتىگە ئايلىنىپ قالدى، شۇڭا ئاڭلىغۇچىلارنىڭ نەزىرىدىمۇ ئۆز ۋەزنىنى يوقاتتى. مۇشۇ خېتىڭىزنى ئالساق، ئەگەر سەل - پەل ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز سورىغان بولسىڭىز، يېزىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى.

سىز ئالدى بىلەن مېنىڭ « قانداقسىگە جوگي لياڭ ④ بولۇپ
قالغان » لىقىمنى سوراپسىز . مانا بۇ قىزىق سوئال . لىشۇ ئەپەندىنى مەن
كۆرگەن ، ئۇ ساۋ جۈيرىن ئەپەندى ئەمەس ؛ لى يۈرەن ⑤ ئەپەندىمۇ ـ
يوق ؟ بۇنى ئېنىق ئېيتالمايمەن ، چۈنكى يۈرەن ئەپەندىنى مەن بۇرۇن
كۆرمىگەن . « قانداقسىگە جوگي لياڭ بولۇپ قالغان » مەن ؟ باشقىلارنىڭ
گەپ ـ سۆزلىرىگە مەن جاۋاب بېرەلمەيمەن ، جاۋاب بېرىشمىنىڭمۇ ها-
جىتى يوق ؛ بولمىسا ، كۆن بويى جاۋاب بېرىش بىلەنلا بولۇشۇمغا توغرا
كېلىدۇ . مېنى « ئادەملەرگە چۈشكەن مىتە » ⑥ دېيىشكەنلەرمۇ بولدى .
« نېمىشقا ؟» ــ مەن ھەممىسىنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەردىم . لېكىن مې-
نىڭ بىلىشىمچە ، ۋېي يەنىنىڭ ⑦ نىيىتى جوگي لياڭ ئۆلگەندىن كېيىن
ئۆزگەرگەن ، مەن تېخى ھايات ، جوگي لياڭنىڭ تاجىسى ماڭا ياراش-
مايدۇ ، دېمەك ، « پرولېتارلار ئاممىسى قاچان ئادۇ ⑧ غا ئايلىنىپ
قالغاندۇ ؟» دېگەن سوئالمۇ ئورۇنسىز بولۇپ چىقىدۇ . ئەگەر « ئۈچ پادى-
شاھلىق ھەققىدە قىسسە » نى ياكى ۋۇجى خۇي ئەپەندىنىڭ سۆزلىرىنى
ئۇنتۇمىغان بولسىڭىز ، بۇ قۇرۇق گەپلەرنى ئاغزىڭىزدىن چىقارمىغان
بولاتتىڭىز . خەلق ئادۇ دەپ ، كىتابتىمۇ يېزىلمىغان ، باشقىلارمۇ
دېمىگەن ، ئەمدى خاتىرجەم بولۇڭ . لېكىن جانابىڭىز « ئۇششاق بۇرژۇئا-
زىيە ئەدەبىيات ئىنقىلابى » ⑨ بايرىقى ئاستىدا تۇرۇۋېتىپمۇ يەنىلا
« پرولېتارلار ئاممىسى » دەپ يۈرسىڭىز ، بۇ خەتلەرگە كۆزىڭىز
چۈشكەندە خىجىل بولمامسىز ياكى مەسخىرىگە قېلىشىڭىزنى ھېس قىل-
مامسىز ؟ بۇ سۆزلەرنى ئەمدى يەنە ئېغىزغا ئالماڭ ، بولامدۇ ؟
ئاندىن قالسا ، جانابىڭىز مېنىڭ قېرىغانلىقىمدىن « ئالاقزادە »
بولۇپ كەتكەنلىكىڭىزنى ئېيتىپسىز ، « ئالاقزادە » بولۇشىڭىزمۇ ناھايىتى
ئەجەبلىنەرلىك . مەن ئۆلمەسنىڭ دورىسىنى ئىچكىنىم يوق ، تەبىئەتنىڭ
قانۇنىيىتى مېنى سۆزسىز قېرىتىۋېرىدۇ ، بۇ قىلچىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئە-
مەس ، ئۆزىڭىزنى بىرئاز تۇتۇۋالغىنىڭىز ياخشى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، مەن
كېيىن تېخى ئۆلىمەن ، بۇمۇ تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى ، ئالدىنئالا ئېيتىپ
قويااي ، ھەرگىز « ئالاقزادە » بولۇپ كەتمەڭ ، بولمىسا ، بارا ـ بارا



نېرۋىڭىز ئاجىزلىشىپ ، بارغانسېرى ئاغزىڭىزغا كەلگىنىچە قۇرۇق گەپ
قىلىدىغان بولۇپ قالىسىز . مەن قېرىغان ، ئۆلگەن تەقدىردىمۇ ، يەر
شارىنى ھەرگىز گۆرگە ئالغاچ كەتمەيمەن ، ئۇ تېخى ياش ، مەۋجۇت بو-
لۇپ تۇرىۋېرىدۇ ، ئۈمىد كېلەچەكتە . جانابىڭىزنىڭ بايرىقىنى ھازىر
ئۇنىڭغا قادىسىڭىزمۇ بولىۋېرىدۇ . بۇنىڭغا مەن كېپىل ، خاتىرجەم ئىشلە-
ۋېرىڭ .
ئەمدى « ئۈچ پوش ـ پوش » مەسىلىسىگە كېلەيلى . بۇ ــ بار
گەپ . لېكىن ، خەۋەرلەردە بېسىلغىنى بىلەن بىرئاز ئوخشاشمايدۇ . ئۇ
چاغدا ، بىر ئاشخانىدا گەپتىن گەپ چىقىپ ھەممىمىز بىرنەچچە كىشىنىڭ
ماقالىسى ئۈستىدە سۆزلىشىپ قالغانىدۇق ، مەن ، دەرۋەقە ، بۇ نەرسىلەرنى
پوش دەپ قويساقلا كۇپايە ، ئۇلار رەددىيە بېرىشكە ئەرزىمەيدۇ ، دېگەنى-
دىم . ئاشۇ بىرنەچچە ماقالە ئىگىلىرىنىڭ ئىچىدە جانابىڭىزمۇ بار . مەن
جانابىڭىزنىڭ ھېلىقى دەبدەبىلىك « ئىقرار » ⑩ ىڭىزدا دېھقانلارنىڭ ئاق
كۆڭۈل ، ئۇششاق بۇرژۇئا زىيالىيلىرىنىڭ ئارىسالدى ۋە شەخسىيەتچى
ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئېيتىپ تۇرۇپمۇ ، يەنە ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابىي
ئەدەبىياتى بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ، ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز
كاچاتلىغانلىقىڭىزنى دېمەكچى بولغانىدىم . شۇنداق بولسىمۇ ، بۇ گەپ-
لەرنى دېمىگەنىدىم . تارقىلىپ كېتىۋىدۇق ، ئىش تۈگىگەنىدى . ئەمما
ئېغىزىدىن ئېغىزغا كۆچۈپ تارقىلىپ كەتتىمۇ ياكى شۇ چاغدا مۇخبىر
داخىل بولغانمۇ ، بىلمىدىم . ئارىدىن كۆپ ئۆتمەيلا گېزىتتە داۋراڭ بىلەن
بېسىلىپ چىقتى . ھەم مۇشتەرىلارغا پەرەز قىلىپ تېپىش تەۋسىيە قى-
لىندى . يېقىنقى بەش ـ ئالتە يىلدىن بۇيان ، مەن توغرۇلۇق ناھايىتى
كۆپ نەرسىلەر بېسىلدى ، مەيلى مېنى يامانلىغان ياكى ياخشى تەرىپمنى
قىلغان بولسۇن ، مەيلى يالغان بولسۇن ياكى راست بولسۇن ، ھېچقايسىسى
بىلەن كارىم بولمىدى ، چۈنكى مېنىڭ ئادۋوكات تەكلىپ قىلىش ، دائىم
ئېلان باستۇرۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان نۇرغۇن پۇلۇم يوق ،
تۇرلۇك گېزىت ـ ژۇرناللارنى ئالا قويماي ئوقۇپ چىقىدىغان ۋاقتىممۇ
يوق . مۇخبىرلارنىڭ مۇشتەرىلارنى غۇلغۇلىغا سېلىۋېتىش مەقسىتىدە بەزى

كۆپتۈرۈش ۋاستىلىرىنى ئىشلىتىدىغانلىقىمۇ ھەممەيلەنگە ئايان ، ھەتتا
پۇتۇنلەي ئۆيدۇرۇپمۇ چىقىرىدۇ . مەسىلەن ، جانابىڭىز تېخى « ئىنقىلابىي
ئەدەب » بولۇپ تۇرغان چاغلىرىڭىزدا ، « كىچىك مۇخبىر » تەخەللۇسى
بىلەن بىر گېزىتتە مېنى نەنجىڭدىكى مەركىزىي پىرقە بۆلۈمىنىڭ ئەدەبىـ
يات مۇكاپاتىنى ئېلىپ ، كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ ، بالىسىنىڭ تۇغۇلغان
كۈنىنى تەبرىكلىدى ، شۇنىڭ بىلەن كۆتىمگەن يەردىن ، يۇي دافۇ ئەـ
پەندى ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئوغلىنى ئەسلەپ قىلىپ ، كۆڭلى بۇزۇلۇپ
كەتتى [11] ، دەپ يازغانىدىڭىز . بۇنى ، ھەقىقەتەن ، شۇنداق
قاملاشتۇرۇۋەتكەنىدىڭىزكى ، ھەتتا تۇغۇلغىنىغا بىر يىل بولمىغان بوۋاقـ
نىمۇ مېنىڭ قاتارىمدا زەھەرلىك تىل بىلەن ھاقارەتلىگەنىدىڭىز . لېكىن ،
بۇ پاكىت پۈتۈنلەي « ئىجادىيەت » تەھرىراتىدىن چىققان ، بۇنى مەن بىـ
لىمەن ، دافۇ ئەپەندى بىلىدۇ ، مۇخبىر ھەم يازغۇچى بولغان سىز ياك
سۈرىيىن ئەپەندىمۇ ، ئەلۋەتتە ، بىلمەيسىز ئەمەس .
شۇ چاغدا مەن ئۈن چىقارمىدىم . نېمىشقا ؟ ئىنقىلابچى مەقسەتكە
يېتىش يولىدا ھەرقانداق ۋاستىنى قوللانسا ، مەن ئۇنى دۇرۇس قىلدى ،
دەپ قارايمەن . شۇڭا ، مېنىڭ گۇناھىم ناھايىتى ئېغىر بولۇپ ، ئىنقىلابىي
ئەدەبىياتنىڭ تۇنجى قەدىمىدە مېنى ئوپېراتسىيە قىلىش زۆرۈر بولۇپ
قالغان تەقدىردىمۇ ، چىشىمنى چىشلەپ چىداشلىق بېرەلەيمەن ، ئۆلمەي
قالسام ، ئوت ـ چۆپ ئارىسىغا داجىپ كىرىپ ، يارامدىكى قان داغلىرىنى
قويماي يالىۋېتىمەنكى ، ھەرگىز باشقىلارغا جاپا سېلىپ دورا سۈرگۈزمەيـ
مەن . لېكىن ، ئادەم ئەۋلىيا ئەمەس ، ئاۋارىچىلىك ئۇچۇن ھاياجانلىنىپ
كېتىدىغان ۋاقىتلارمۇ بولىدۇ ؛ دۇرۇس ، مەن جانابىڭىز « لار » نى
سۆكتۈم ، بۇ ماقالىلەرنى كېيىن « ئۈچ بىكار » توپلىمىغا كىرگۈزدۈم ،
ئازراقمۇ قىسقارتمىدىم ، لېكىن بۇنى جانابىڭىز « لار » پىتنە ۋە ھۇجۇم
بىلەن تولغان ماقالىلىرىڭىزلارنىڭ سانىغا سېلىشتۇرغاندا ، ئوندىن
بىرىگىمۇ يەتمەيدىغۇ ؟ بولا ئەمەس ، مەن لىكسىيلىرىمدىمۇ بەزىدە يې
لىگفېيك ئەپەندى ئۈستىدىن ياكى جانابىڭىزنىڭ ئۈستىدىن كۈلدۈم ،
جانابىڭىزلار « ئالدىنقى پوس » نامى بىلەن جەسۇرانە قىياپەتتە مەيدانغا



چۈشكەن چاغدا ، مەن ماتەم تۇغىنىڭ نەزىر چالىدىغان قۇربانلىق مېلى
ئىدىم . بىرنەچچە نۆۋەت ئېلىشمايلا ، ئالدىنقى سەپتىن ئۆملەپ ـ پاپىلاپ
تىكىۋەتكەن چاغلىرىڭىزدا بولسا ، مەن كۈلكەمنى زادىلا باسالماي قالغۇدەك
بولغانىدىم . مەن سىنىپىي مەيدانىم جەھەتتىدىنمۇ ، شەخسىي مەيدانىم
جەھەتتىدىنمۇ بىر كۈلۈۋېلىشقا ھەقلىق ئىدىم . لېكىن مەن ھېچقاچان كۆـ
رەڭلەپ ، « ۋىجدان » ياكى « پرولېتارىيات ئاممىسى » دېگەن ناملاردىن
پايدىلىنىپ ئۆز رەقىبلىرىمگە **زۇلۇم سالمىدىم . سۆزۈمنىڭ ئاخىرىدا** ،
ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا بەزى شەخسىي ئاداۋەتلەر بولغانلىقى ئۇچۇن
مۇشۇنداق بولۇۋاتىدۇ ، دەپ جەزمەن ئېيتىپ كەلدىم . ئەپەندىم ، مۇـ
شۇنداق يول قويسامۇ تېخى كۇپايە قىلمامدۇ ؟
لېكىن ، مېنىڭ جاۋابكارلىقىم بولمىغان خەۋەر جانابىڭىزنى
« رەنجىتىپ » قويۇپتۇ . شۇنداق بولسىمۇ ، ئادەتتىن تاشقىرى زور ئېتىبار
بىلەن ، « يېڭى ئۆلىمالارنىڭ غەيرىي رەسمىي قىسسىسى » [12] دا تېخى
ماڭا بىر قىلىچ ھەدىيە قىلىپسىز . قائىدە بويىچە مەن سىزگە رەھمەت
ئېيتىشىم كېرەك ، لېكىن ، ئەمەلىيەتتە ، خۇددى كاتتا زىياپەت بولمىغىنىغا
ئوخشاش ، مېنىڭ قىلىچىم يوق ، بىرلا قەلىمىم بار ، ئۇنىڭ ئېتى —
«ئالتۇنغا بەرگۈسىز » . ئۇ — كىچىككىمدىن تارتىپ تۇتۇپ ئۆگىنىپ
قالغان ، بەش پۇڭغا بىرنى بېرىدىغان ئەرزان قەلەم . مەن ، دەرۋەقە ، ئەشۇ
قەلەم بىلەن جانابىڭىزنىڭ چىشىغا تېگىپ قويدۇم . بۇ پەقەت مۆرىتى
كەلگەندە بىرەر تەمسىلنى ئېلىپلا ئىشلەتكەنگە ئوخشاش توغرا كېلىپ
قالغان بىر ئىش . بۇنىڭدا ئالاھىدە ئىنتىقام ئېلىۋالاي ، دېگەن يامان نىيەت
يوق . ئەمما ، جانابىڭىز ماڭا « ئۈچ پاي تەنە ئوقى » ئېسىپ قويۇپسىز .
بۇنى سىزدىن كۆرگۈلى بولمايدۇ ، چۈنكى بۇ پەقەت چېن يۈەن
جياۋشۈنىڭ توقى ـ لەنتى [13] . مەيلى ، مەن ئىنتىقام ئېلىۋاتقانمۇ
بولاي ، لېكىن ، يۇقىرىقى سەۋەبتىن ، مەنمۇ تېخى « ياخشىلىققا يامانلىق »
قىلىدىغانلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ كېتىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكىنىم
يوق .
« بېيپىڭدىكى بەش لېكسىيە ۋە شاڭخەيدىكى ئۈچ پوش ـ پوش »

دېگىنىڭىزگە كەلسەم ، ئەمەلىيەتتە ، ئۇنى تاھازىرغىچە يازغىنىم يوق ، بىي-
پىڭدە بىر پارچە « بەش لېكسىيە » ناملىق كىتاب نەشر قىلىنىپتۇ . لېكىن
ئۇنى مەن يازمىغان ، ئۇ كىتابنى مەنمۇ كۆرمىدىم . بىراق ، غۇلغۇلا
چىققاندىن كېيىن ، كەلگۈسىدە تەۋەككۇل دەپلا يازىۋېتەمدىمەن ، بۇنىڭ-
غىمۇ بىرنېمە دېيەلمەيمەن . مۇبادا يېزىپ قالسام ، ئۇنىڭغا « بەش لېكسىيە ،
ئۈچ پوش ـ پوش تۇپلىمى » دەپ نام بەرگۈم بار . لېكىن ، كېيىنكى
يېرىمى دەل گېزىتتە ئېيتىلغان ئۈچ كىشىدىن ئىبارەت بولۇشمۇ ناتايىن .
جانابىڭىز لىياڭ شىچيۇ ، جاڭ روگۇ ئەپەندىلەر بىلەن بىر سەپتە
تۇرۇشتىن نومۇس قىلىدىغاندەك تۇرىسىز ، مېنىڭچە ، بىر سەپتە تۇرسى-
ڭىزمۇ ھېچقانداق ئاھانەت چەكمەيسىز ، پەقەت جاڭ روگۇ ئەپەندىلا بىرئاز
چېنىپ قالىدۇ ، بەكمۇ پۇچەك ، ھەتتا « پوش » دېگۈچىلىكمۇ يوق ،
ئۇنىڭ ئورنىغا بىرىنى سەپلەيدىغاندەك تۇرىمەن .
جانابىڭىز توغرىسىدا مۇشۇ تاپتىكى ئوي ـ پىكرىم بويىچە يازسامۇ
ھېچقانداق يامان يېزىلمايدىغاندەك تۇرىسىز . مېنىڭچە ، سىز ئىنقىلاب
مەيدانىدىكى بىر يايمىچى بولسىڭىزمۇ ، لېكىن مەككار سودىگەر ئەمەسسىز .
مەن ئېيتقان مەككار سودىگەرلەرنىڭ بىر خىلى ــ گومىنداڭ بىلەن
گوڭچەنداڭ ھەمكارلاشقان دەۋردىكى كاتتىلار ، ئۇلار شۇ چاغدا سوۋېت
ئىتتىپاقىنى كۈيلىگەن ، كوممۇنىزمنى مەدھىيىلىگەن ، ھەممىگە ئۇلگۈرۈپ
تۇرغاندى ، « پارتىيىنى تازىلاش » باشلىنىشى بىلەنلا ، ئۆز قولىنى كوم-
مۇنىست ياشلارنىڭ ، كوممۇنىست دەپ گۇمان قىلىنغان ياشلارنىڭ قېنى
بىلەن يۇيۇپ ، كاتتىلىقىدا قالىۋەردى ، زامان ئۆزگەرسىمۇ ، ئۇلارنىڭ
كاتتىلىقى ئۆزگەرمىدى ؛ يەنە بىر خىلى ــ ئىنقىلابنىڭ باتۇرلىرى ، ئۇلار
زالىم بەگلەرنى ئۆلتۈرۈپ ، ئاغدۇرۇپ ، ناھايىتى ئاكتىپلىق كۆرسەتكە-
نىدى ، بىر مۇدۇرۇپ چۆشۈش بىلەنلا ، « يامانلىقتىن قول ئۈزۈپ ،
ھەقىقەتكە قايتقانلار » دېگەن ئاتاقنا كىرىۋېلىپ ، « باندىت » لارنى
تىللاپ ، سەپداشلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ، يەنە ئوخشاشلا ئاكتىپلىق كۆرسەتتى ؛
مەسلىكى ئۆزگەردىيۇ ، باتۇرلۇقىنى تاشلىمىدى . جانابىڭىزچۇ ، « ئىقرار »
ىڭىزغا قارىغاندا ، ئىنقىلاب قىلىش ـ قىلماسلىقىڭىز ئىنقىلاپ قىلىپ جاپا



چەككەن ياكى راھەت كۆرگەنلىكىڭىزگە باغلىق ئىكەن ، سىزدە بەزى
ساختىپەزلىكنىڭ ئەھۋاللىرىنىڭ بارلىقىدا شەك يوق ؛ لېكىن ، سىز
تەتۈرىسىگە ئۆرۈلۈپلا چوڭ سودىلارنى قىلماپسىز ، پەقەت ئىنقىلابچىلار-
دىن ياخشىراق كۈن كەچۈرۈش ئۈچۈنلا « 3 ـ خىل ئادەم » گە ئايلىنىشقا
پۈتۈن كۈچىڭىز بىلەن تىرىشىۋېتىپسىز . سىز ئىنقىلابىي فرونتتىن قايتىپ
كەلگەنىكەنسىز ، ئۆزىڭىزنى ئاقلاپ ، « 3 ـ خىل ئادەم » بولۇپ
تۇرىۋېرىش ئۈچۈن ھامان ئانچە ـ مۇنچە توۋا قىلىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ ،
بۇ ، ھۆكۈمرانلار ئۈچۈن ، ئەمەلىيەتتە ، خېلى پايدىلىق . شۇنداق تۇرۇق-
لۇقمۇ ، « ئىككى ياندىن ھۇجۇم » غا ئۇچرىغانلىقىڭىزغا كەلسەك ، ئۇ
تەرەپتىكىلەر جانابىڭىزنىڭ يۈزىنى بەك كىچىك كۆرۈپ قالغان ئوخشاي-
دۇ ، بۇ ، بانكا خىزمەتچىلىرىنىڭ كىچىك سەرراپخانا خادىملىرىنى كۆزىگە
ئىلمىغىنىغا ئوخشاش ، جانابىڭىز بۇنىڭدىن ئەلەم چەككەن بولسىڭىزمۇ ،
لېكىن « 3 ـ خىل ئادەم » لەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشەنمەيدىغانلار يالغۇز
سولقاناتلارلا ئەمەسلىكىنى ئۆز تەجرىبىلىرىڭىز بىلەن ئىسپاتلاپ
بەردىڭىز ، بۇمۇ ناھايىتى زور تۆھپە .
للا گەپ قىلغاندا ، جانابىڭىز مەغلۇپ بولغان ھېسابلانمايسىز ،
سىز ئۆزىڭىز « ئىككى ياندىن ھۇجۇم » قىلىشقا ئۇچراۋاتىمەن ، دېگەن
ئويدا بولۇۋاتىسىز . لېكىن دەرھال ئادەم ئۆلتۈرۈشكە ھوقۇقلا بولمىغان
كىشىلەردىن كىم ھازىر باشقىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىماپتۇ ؟!
تۇرمۇشىڭىز ، ئەلۋەتتە ، جاپالىقتۇر ، شۇنداقتىمۇ ، ئۆلتۈرۈلگەن ، نەزەر-
بەنت قىلىنغان كىشىلەرنىڭكىدىن ، ھەقىقەتەن ، ئاسمان ـ زېمىن پەرق
قىلىدۇ ؛ ماقالىلىرىڭىزنىمۇ خالىغان ئورۇندا ئېلان قىلالايسىز ، قامال قى-
لىشقا ، زۇلۇمغا ، مەنئى قىلىشقا ئۇچراۋاتقان ئاپتورلارغا
قارىغاندىمۇ كۆپ ئەركىن ـ ئازادىسىز . ئەمدى كاتتىلارغا ، با-
تۇرلارغا سېلىشتۇرغاندا ، تۇرمۇشىڭىز تېخى بەك ناچار ، ئەلۋەتتە ، بۇ ،
جانابىڭىزنىڭ مەككار سودىگەر بولمىغانلىقىڭىزدىن بولغان . سىزنىڭ چې-
كىۋاتقان دەرد ـ ئەلەملىرىڭىز ، شۇنداقلا سىزنىڭ ياخشى يېرىڭىز ئەنە
شۇ .

گەپنى بەك كۆپ قىلىۋەتتىم ، ئەمدى توختىتاي . قىسقىسى ، مەن يەنە باشتىكىگە ئوخشاشلا ، پىتنە ئويدۇرۇش ، يالغان گەپ قىلىش بىلەن جانابىڭىزغا ئالاھىدە ھۇجۇم قىلىۋېلىشنى خالىمايمەن ، ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن ، باشقا بىر خىل پوزىتسىيە قوللىنىشىمۇ ناتايىن . مەن سىزنىڭ « رەنجىش » لىرىڭىز بىلەن ياكى « ھۆرمەت » قىلىشلىرىڭىز بىلەن قىلچىمۇ ھېسابلاشمايمەن . جانابىڭىزنىڭ « فىزىئولوگىيە جەھەتتىكى سەۋەبلەر بىلەن ئۆز ئىشىمنى توختىتىدىغان » بولغانلىقىم ئۈچۈن مېنى ئەپۇ قىلماسلىقىڭىزنى ئۆتۈنىمەن ، بەختلىك بولۇڭ .

ئالاھىدە جاۋاب يازدىم ، سىزگە تىنچ ـ ئامانلىق نېسىپ بولسۇن .

لۇشۈن .

1933 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى .

ئىزاھات :

① بۇ ماقالە توپلامغا كىرگۈزۈلۈشتىن ئىلگىرى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنمىغان .

② « مەدەنىيەت پويىزى » ـــ ئەدەبىي سەنئەت خاراكتېرلىك بەش كۈنلۈك ژۇرنال ، فاڭ خەنجاڭ ، چېن نۈەن بىرلىشىپ تەھرىرلىك قىلغان ، 1933 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شاڭخەيدە نەشر قىلىنىشقا باشلاپ ، 1934 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى 12 ـ سانغىچە چىقىرىلغاندىن كېيىن توختىتىلغان .

③ ياڭ سۇنرېن ( 1901 ـ 1955 ) ـــ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى چاۋئەن ناھىيىسىدىن ، 1925 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قاتناشقان ، 1928 ـ يىلى « قۇياش » تەھرىراتىغا قاتناشقان ؛ 1932 ـ يىلى ئىنقىلابتا ئاسىيلىق قىلغان .

④ جۇگې لياڭ ( 181 ـ 234 ) ـــ تەخەللۇسى كۇڭمىڭ ، لاڭيايانگدۇ ( ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ يىنەن دېگەن يېرى ) دىن . ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدىكى سىياسىچى ، ھەربىي ئالىم ، باش ۋەزىر ، « ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە » دە ، ئۇ يۇكسەك ئەقىل ـ پاراسەتكە ئىگە ۋە تەدبىرلىك ، تىپىك شەخس قىلىپ تەسۋىرلەنگەن .

⑤ لى يۈەن ـ يەنى ساۋيى . جېجياڭ پۇجياڭ ناھىيىسىدىن ، ساۋجۇيرىنىڭ ئىنىسى ، ئۇنىڭ « 〈 ساختا ئەركىنلىكنامە 〉نى ئوقۇغاندا » دېگەن ماقالىسى « دولقۇن ساداسى » نىڭ 2 ـ جىلد 40 ـ سانىغا (1933 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ



كۈنى ) بېسىلغان .

⑥ « ئادەملەرگە چۈشكەن مىتە » ـــ بۇ « جەمئىيەت ئاخباراتلىرى » نىڭ 5 ـ جىلد 13 ـ سانىدىكى (1933 ـ يىل 11 ـ ئاي ) « شىن » دەپ ئىمزا قويۇلغان « 〈 ساختا ئەركىنلىكنامە 〉نى ئوقۇغاندىن كېيىن » دېگەن ماقالىدە لۇشۈننى تىللىغان سۆز .

⑦ ۋېي يەن (؟ـــ 234) ئۈچ پادىشاھلىقنىڭ يىياڭ (ھازىر خېنەنگە تەۋە) دېگەن يېرىدىن ، شۇ پادىشاھلىقنىڭ سەركەردىسى . «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە » نىڭ 105 ـ بابىدا قەيت قىلىنىشىچە : «جۇگې لياڭ ۋېي يەننىڭ كاللىسىنىڭ ئارقىسىدا بىر ئاسىيلىق ئۇستىخىنىنىڭ بارلىقىنى بىلىۋېلىپ ، ھەر قېتىم ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتمەكچى بوپتۇ ؛ ئەمما ئۇنى باتۇرلۇقىنى كۆزدە تۇتۇپ قالدۇرۇپ قويۇپتۇ » . جۇگې لياڭ ئۆلگەندىن كېيىن ، چاڭ سى ، ياڭ يى جۇگې لياڭنىڭ ھايات ۋاقتىدا تۈزگەن تەدبىرى بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتكەنىكەن .

⑧ ئادۇ ـ ئۈچ پادىشاھلىق شۇ پادىشاھلىقنىڭ كېيىنكى پادىشاھى ليۇچەننىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى ، تارىخنامىلەردە قەيت قىلىنىشىچە ۋە « ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە » دە تەسۋىرلىنىشىچە ئۇ بىر قاپاقباش ، ئىقتىدارسىز ئادەم ئىكەن .

⑨ « ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ئەدەبىيات ئىنقىلابى » ـــ ياڭ سۇنرېن « ھازىرقى زامان » نىڭ 2 ـ جىلد 4 ـ سانى (1933 ـ يىلى 2 ـ ئاي ) دا ، « ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ئەدەبىيات ئىنقىلابىنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرەيلى » دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ : « پرولېتارىيات ئەدەبىياتىنىڭ بايرىقىنى تىكلىدى ھەمدە مۇستەھكەم قورغانغا ئىگە بولدى ، بىزمۇ كەڭ ئۇششاق شەھەر ئاھالىلىرى ۋە دېھقانلار ئاممىسىنى ئويغىتىش خىزمىتى ئۈچۈن ، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابىي ئەدەبىياتىنىڭ تۇغىنى تىكلەپ ، يولداشلارغا چاقىرىق قىلىپ ، قوشۇنىمىزنى رەتلىك قىلىپ ، لاگېرىمىزنى مۇستەھكەملىشىمىز لازىم ... بىزمۇ ئەدەبىياتنىڭ سىنىپىيلىقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ، بەلكى مەلۇم سىنىپنىڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزى تەئەللۇق بولغان سىنىپنىڭ مەنپەئەتىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنىمۇ ئېتىراپ قىلىمىز . بىز ئۇششاق بۇرژۇئا يازغۇچىلىرىمىز ، بىزمۇ نۆۋەتتىكى ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ئاھالىلىرى ۋە دېخانلار ئاممىسىنىڭ ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كۈرەشلەرنى ھىمايە قىلماقتىمىز » دېگەن .

⑩ « ئىقرار » ـــ ياڭ سۇنرېننىڭ ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلغان «پارتىيىلىك تۇرمۇشنىڭ ئاكوپلىرىدىن ئادا ـ جۇدا بولدۇم» دېگەن بىر پارچە ماقالىسى (1933 ـ يىلى 2 ـ ئايدا شاڭخەي « كىتاب ئوقۇش مەجمۇئەسى » نىڭ 3 ـ جىلد 1 ـ سانىغا بېسىلغان ) نى دېمەكچى . ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن : « ئارقامغا بۇرۇلۇپ ، ئۆ

زۇمگە نەزەر سالسام ، ئاتام ياشنىپ قالدى ، ئائىلەم كەمبەغەل ، ئىنىلىرىم گۆدەك ، ئۆمرۈمنىڭ يېرىمىدا لەيلەپ يۈرۈپ ھېچ ئىشنى باشقا ئاچىقالمىدىم ، ئىنقىلاب قاچان مۇۋەپپەقىيەت قازىنار ، ئائىلەمدىكىلەر ھازىر ئاچارچىلىق ئىچىدە كۈن كەچۈرۈۋاتىدۇ ، كەلگۈسىدە ئىنقىلاب مۇۋەپپەقىيەت قازانغان تەقدىردىمۇ ، خۇنەن ـ غەربىي خۇبېي سوۋېت رايونىنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندىمۇ ، يەنىلا ئاچارچىلىق ئىچىدە قەلەندەر بولۇشتىن خالىي بولغىلى بولمايدىكەن . جان بولسا جاھان دەپتىكەن ، ھازىرچە ئۆز ئائىلەمنى باقاي دەيمەن . كېسەللىكتە كۆپ باش قاتۇرۇپ ، ئاخىر ئەقلىم مېنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىدىن ئايرىلىش قارارىغا كەلمەكچى ».

⑪ بۇ يەردە ياك سۇنرېننىڭ 1930 ـ يىلى ئۆز ئىلكىدىكى « جانلىق تىل گېزىتى » نىڭ 1 ـ سانىدا « ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى سەرۋاز » دېگەن تەخەللۇسى بىلەن ئېلان قىلغان « لۇشۈن كاتتا توي ئۆتكۈزدى » دېگەن ماقالىسىنى دېمەكچى . ئۇنىڭدا لۇشۈنغا مۇنداق دەپ پىتنە ـ ئىغۋا ئويدۇرۇپ تۆھمەت قىلىنغانىدى : « بۇ چاغدا لۇشۈن دەل ھازىرقى گومىنجىڭفۇ مائارىپ ۋازارىتى ھۇزۇرىدىكى ئالىي مەكتەپ ئىدارىسىنىڭ مۇكاپاتىنى ئالغانىدى . شۇنىڭ بىلەن بۇ توينى ئۆتكۈزەلىدى . . . بۇگۈن لۇشۈننىڭ تويىغا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى ئاتاقلىق كىشىلەر ، مەشھۇر ئۆلىمالار ، چوڭ ـ كىچىك ئەدىبلەر ، ھېلىقى يۇي دافۇ ئەپەندى ئەسلىدە ئەنخۇي داشۆسىنىڭ مەسئۇلى ئىدى ، بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ نەنچىڭ قەسرىسىدىن كېچىلەپ كېمىگە چۈ يېتىپ كېلىپتۇ . يۇي دافۇ ئەپەندى بۇلتۇر بىر ئوغۇل تاپقان ، شۇ كۈنى يۇي خېنىم بىلەن كىچىك ئوغلىنى تويىغا بىللە ئېلىپ كېلىپتۇ ، توي ئادەتتىن تاشقىرى قىزىپ كېتىپتۇ . رومكا ئۈچ مەرتىۋە كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن ، يۇي دافۇ ئەپەندى ئالدى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ تەبرىك سۆزى سۆزلەپتۇ ، كۆپچىلىك لۇشۈننى تەبرىكلەپ بىر رومكىدىن هاراق تۇتۇپتۇ ، لۇشۈن كەمتەرلىك بىلەن سۆز قىلىپ ، بوۋاقنىڭ كەلگۈسىدە ئەجدىھا بولىدىغان ياكى پىستە بولىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ . ھەر قايسىلىرىنىڭ بۈگۈن ئۈنچىۋالا مۇبارەكلەپ كېتىشلىرى ھاجەتسىز ، دەپتۇ . سورۇندا ئولتۇرغان شىپىر غوجام ، ئاپپاق خېنىملار بىردىنلا چوقۇم لۇڭئېر ( ئەجدىھا) بولۇپ قالىدۇ ! دەپتۇ . بۇ سۆز يۇي دافۇ ئەپەندىنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىپ قويۇپتۇ . چۈنكى ئالدىنقى يىلى بەختكە قارشى ۋاپات بولۇپ كەتكەن ئوغلىنىڭ ئىسمى لۇڭئېر ئىكەن ».

⑫ « يېڭى ئۆلىمالارنىڭ غەيرىي رەسمىي قىسمى » — بۇ ياك سۇنرېننىڭ ئىسمىنى لىيۇسى دەپ ئۆزگەرتىپ لۇشۈنگە ھۇجۇم قىلىپ يازغان ماقالىسى ، 1933 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىكى « ئۇلۇغ ئاخشام گېزىتى ، مەشئەل » گە بېسىلغان . بۇنىڭدا لۇشۈننىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدە قىلغان پىپەنىنى «قولىغا قىلىچ ئې-



لىپ»، « ھەق ـ ناھەقنى ئايرىماي » « قالايمىقان چاپقان » دەپ تۆھمەت قىلغان .

⑬ چېن يۈەن جياۋشۇنىڭ تۈفى دەپ تۈكۈرۈپ لەنەت ئوقۇشى — چېن يۈەن 1926 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى « سەھەر گېزىتىنىڭ قوشۇمچە بېتى » دە « بىكار پاراڭنىڭ بىكار پارىڭىدىن بولغان بىكار پاراڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان بىرنەچچە پارچە خەت » نى ئېلان قىلغان ، ئۇنىڭدا لۇشۈننى « ئۇنىڭ ئوق ئاتمايدىغان ماقالىسى يوق » دەپ ھاقارەتلىگەن .

## جۇڭگودىكى بەزى ئىشلار توغرىسىدا ①

### 1. جۇڭگودىكى ئوت توغرىسىدا

ئاڭلىشىمچە، گىرېكلەر ئىشلىتىۋاتقان ئوتنى خېلى بۇرۇنلا فرومېتى ② ئاسماندىن ئوغرىلاپ چۈشكەنىكەن. ئەمما، جۇڭگودا ئۇنداق بولماپتۇ. جۇڭگودا ئۇنى سۈيرېنشى ③ تاپقان ياكى كەشپ قىلغانىكەن. ئۇ ئوغرى بولمىغانلىقتىن، تاغنىڭ چوققىسىغا باغلاپ قويۇپ، بۈركۈتكە چوقۇتىدىغان بالا ـ قازادىنمۇ قۇتۇلۇپ قالغانىكەن. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ فرومېتىدەك داڭقمۇ چىقارمىغان، ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا چوقۇنمىغان.

جۇڭگودىمۇ ئوت ئىلاھى بار، ئەمما سۈيرېنشى ئەمەس بەلكى خالىغىنىچە ئوت قويىدىغان غەلىتە بىر نەرسە.

سۈيرېنشى ئوتنى تاپقان ياكى كەشپ قىلغاندىن بۇيان، كىشىلەر ناھايىتى مەززىلىك داڭقان شورپىلىرىنى ئىچەلەيدىغان، كېچىلىرى چىراغ ياندۇرۇپ قويۇپ ئىشمۇ قىلالايدىغان بولغان. بىراق بۇرۇنقى دانىشمەنلەرنىڭ «پايدا بار يەردە زىيان بار» دېگىنىدەك، ئوت ئاپەتلىرىمۇ پەيدا بولۇشقا باشلىغان، قەستەن ئوت قويۇپ، يۇچاۋسى ④ كەشپ قىلغان ئۇۋا ـ رۇزغارلارنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغان قالتىس قەھرىمانلارمۇ كېلىپ چىققان.

ئاق كۆڭۈل سۈيرېنشىمۇ ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ دەرد ـ ئەلىمى يەتكەن بولسىمۇ، كېيىن زامان شىېن نۇڭسىغا ⑤ تەۋە بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن شىېن نۇڭسىنى بۈگۈنگە قەدەر كىشىلەر ئېسىدە ساقلاپ كەلمەكتە. ئوت ئاپىتىنى كەشپ قىلغۇچىنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكى مەلۇم بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھامان پىرى بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر ئومۇملاشتۇرۇپ، ئوت ئىلاھى دەپ ئاتاپ،



ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇنىڭ سۈرىتىگە قارىسىڭىز، چىرايى قىزىل، بۇرۇت ـ ساقاللىرىمۇ قىزىل؛ بىراق ئۇنىڭ ھەققىگە ئاتاپ نەزىر ـ چىراغ قىلغاندا بارلىق قىزىل نەرسىلەرنى تەرك ئېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېشىل نەرسىلەرنى قويۇش پەرز ئىكەن. ئۇ ئېھتىمال ئىسپانىيە كالىسىغا ⑥ ئوخشاش قىزىل نەرسىنى كۆرگەندە مۆگرەپ چىچاڭلاپ قورقۇنچلۇق ھەرىكەتلەرنى قىلسا كېرەك.

دېمەك، كىشىلەر ئۇنىڭ ھەققىگە ئاتاپ نەزىر ـ چىراغ قىلىدۇ. جۇڭگودا ئەنە شۇنداق ياۋۇز ئىلاھلارمۇ ئاز ئەمەس.

لېكىن ئىنسانىيەت دۇنياسى، ئەكسىچە، ئەنە شۇلارنىڭ سەۋەبىدىن قىزىپ كېتىۋاتىدۇ. تاۋاپ قىلىش سەيلىسىنى ئالساق پەقەت ئوت ئىلاھىغا تاۋاپ قىلىش سەيلىسىلا بار، سۈيرېنشىغا تاۋاپ قىلىدىغان سەيلە يوق. ئەگەر ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ قالسا، ئاپەتكە ئۇچرىغانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئوت ئاپىتىگە ئۇچرىمىغان قوشنىلىرى ئوت ئىلاھىنىڭ ھەققىگە نەزىر ـ چىراغ قىلىپ شۈكۈر ئېيتىدۇ. ئاپەتكە ئۇچرىغان تۇرۇغلۇق يەنە شۈكۈر ئېيتىش بىرئاز غەلىتە ئىشتەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن ئەگەر نەزىر ـ چىراغ قىلمىسا ئىككىنچى قېتىم يەنە ئوت ئاپىتىگە ئۇچراپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىكەن، شۇڭا شۈكۈر ئېيتىش خاتىرجەمرەك بولىدىكەن. يالغۇز ئوت ئىلاھىغىلا ئەمەس، بەزىدە ئادەملەرگىمۇ شۇنداق قىلىش، مېنىڭچە قايىدە ـ يوسۇنلارنىڭ بىر خىلى بولسا كېرەك.

ھەقىقەتتە، ئوت قويۇش ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئىش، شۇنداق بولسىمۇ ئوچاققا ئوت يېقىشقا قارىغاندا تېخىمۇ پەيزىلىك بىر ئىش بولسا كېرەك. چەت ئەللەردىكى ئىشلاردىن خەۋىرىم يوق، جۇڭگونى ئالىدىغان بولسام، مەيلى ھەرقانداق تارىخنى تەكشۈرۈپ كۆرەيلى، ئوچاققا ئوت ياققان ۋە چىراغ ياققانلارنىڭ تەزكىرىسىنى تاپقىلى بولمايدۇ. جەمئىيەتتە ئوچاققا ئوت يېقىشقا، چىراغ يېقىشقا ھەرقانچە ماھىر بولغان ئادەملەرنىڭمۇ داڭق چىقىرىشىغا قىلچىمۇ ئۈمىت باغلىغىلى بولمايدۇ. چىن شىخۇاڭ كىتابلارنى كۆيدۈرۈش بىلەن تا ھازىرغىچە مەشھۇر ئادەم بولۇپ كەلمەكتە، ھەتتا گىتلېرنىڭ كىتابلارنى كۆيدۈرگەنلىكىنىڭمۇ نەمۇنىسى

قىلىنماقتا. ئەگەر گىتلېرنىڭ خوتۇنى ئېلېكتر يېقىشقا، بولكا پىشۇرۇشقا ماھىر بولغان بولسا، تارىختىن ئۇنىڭ نەمۇنىسى تېپىش قىيىن بولسا كېرەك. ئۇنداق ئىشلار دۇنياغا داڭق چىقىرالمايدۇ.

ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىش ئىشىنى، سۇڭ دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ خاتىرىلىرىگە قارىغاندا، موڭغۇللار باشلاپ بەرگەنىكەن؛ چۈنكى ئۇلار چېدىرلاردىلا ئولتۇرۇپ، ئۆي ـ ئىمارەتلەردە ئولتۇرۇشنى بىلمىگەنلىكتىن، بارغانلا يېرىدە ئوت قويغانىكەن. لېكىن بۇ يالغان گەپ. موڭغۇللار ئىچىدە خەنزۇچىنى بىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز. شۇڭلاشقا ئۇلار بۇ يالغان گەپلەرنى تۈزىتىپ ئولتۇرمىغان. ئەمەلىيەتتە چىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا شياڭ يۈي ئوت قويۇش بىلەن داڭق چىقارغان؛ ئۇ ئافاڭگۇڭ ئوردىسىنى كۆيدۈرۈۋېتىش بىلەن ئالەمگە مەشھۇر بولۇپ كەتكەن؛ ئۇ ھازىرمۇ چاڭچىلە سەھنىلىرىدە پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ، ھەتتا ياپونىيىدىمۇ داڭقى بار. لېكىن، ئوت قويۇلۇشتىن ئىلگىرىكى ئافاڭگۇڭ ئوردىسىدىكى چىراغ ياققۇچىلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى كىمنىڭ ئېسىدە قالغان؟

ھازىر پارتلاتقۇچى بومبا، كۆيدۈرگۈچى بومبا دەيدىغان بىرنېمىلەر ياسالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايروپىلانلارمۇ ناھايىتى تەرەققىي قىلىپ كەتتى. نام چىقىرىش توغرا كەلسە، ئۇنىڭ يولى تېخىمۇ ئاسانلىشىپ كەتتى. مۇبادا ئوت قويۇشتا بۇرۇنقىلاردىن ئاشۇرۇۋەتسە، ئۇ كىشى تېخىمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ. يىراقتىن قارىغاندا، ئۇ بەئەينى مەسىھنىڭ ئۆزى بولۇپ قالىدۇ [7]، ئۇنىڭ قويغان ئوتلىرىنىڭ يورۇقىنى كىشىلەر نۇر دەپ ئويلىشى مۇمكىن.

## 2. جۇڭگودىكى ھىدايەت توغرىسىدا

ئالدىنقى يىلى جۇڭلى جىيىشەنىڭ [8] «چىن ۋە چىن خەلقىغە خەت» دېگەن كاتتا ئەسىرىنى ئوقۇش نېسىپ بولۇپ قالدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ شۇ ئەسىردە: جۇ پادىشاھلىقىنىڭمۇ، خەن پادىشاھلىقىنىڭمۇ تاجاۋۇزچىلىق خۇسۇسىيىتى بار ئىدى، چىن [9] خەلقى ئۇلارنى



ناخشىلارغا قوشۇپ مەدھىيىلىدى ۋە ئۇلارنى ئالقىشلىدى. ھەتتا شىمال تەرەپتىكى يۈەن ۋە چىڭنىمۇ ناخشىلارغا قوشۇپ مەدھىيىلىدى ۋە ئۇلارنى ئالقىشلىدى. ئەشۇ تاجاۋۇزچىلىقنىڭ دۆلەتنى خاتىرجەم قىلىدىغان كۈچ ـ قۇۋۋىتى، خەلقنىڭ تىرىكچىلىكىنى ئاسرايدىغان ئەمەلىيىتى بولىدىغانلا بولسا، ئۇ چىن خەلقى ئارزۇ قىلغان ھىدايەت بولۇپ قالىدۇ» دەپ، چىن خەلقىنىڭ شۇنداق غەپلەتكە پېتىپ قالغانلىقىدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن.

ئۇ «خەت» مانجۇرىيىدە چىقىدىغان بىر ژۇرنالغا تەرجىمە قىلىپ بېسىلغانىدى. بىراق، ئۇ ژۇرنال جۇڭگوغا كىرمىگەنلىكى ئۈچۈن ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭغا جاۋاب بولغۇدەك بىرەر ماقالە كۆزگە چېلىقمىدى. پەقەت ئالىم خۇشىنىڭ ئۆتكەن يىل شاڭخەي گېزىتلىرىدە بېسىلغان سۆھبىتىدە: «جۇڭگونى بويسۇندۇرۇشنىڭ بىرلا ئۇسۇلى بار، يەنى تاجاۋۇزچىلىقنى پۈتۈنلەي توختىتىپ، ئۇنىڭ ئەكسىچە جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ قەلبىنى بويسۇندۇرۇش كېرەك» [10] دېگەن گەپلەر بار. بۇ گەپنىڭ تاسادىپىي گەپ ئىكەنلىكىدە سۆز يوق، لېكىن، بۇ گەپ كىشىنى ھېلىقى خەتكە بېرىلگەن جاۋاب بولسا كېرەك، دېگەن ھېسسىياتقىمۇ كەلتۈرىدۇ.

جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ قەلبىنى بويسۇندۇرۇش كېرەك — بۇ، ئالىم خۇشىنىڭ جۇڭگودىكى ھىدايەت دېگەن نەرسىگە بەرگەن تەبىرى. لېكىن مېنىڭچە، خۇشى ئۆزىنىڭ بۇ گېپىگە بەلكىم ئۆزىمۇ ئىشەنمىسە كېرەك. جۇڭگودا، ھەقىقەتتە ئۈزۈل ـ كېسىل ھىدايەت بولۇپ باقمىغان؛ بۇنى «تارىخ مەستانىسى ۋە ئاسارئەتىقشۇناسلىق مەستانىسى» بولۇپ قالغان ئالىم خۇشى بىلمەي قالماس.

دۇرۇس، جۇڭگودىمۇ يۈەن، چىڭ پادىشاھلىقلىرىنى ناخشىلارغا قوشۇپ مەدھىيىلىگەن كىشىلەر بولغانىدى. لېكىن ئۇ ئوت ئىلاھىغا شۇكۈر ئېيتىدىغان ئىشلار جۈملىسىگە كىرىدىكى، ھەرگىز پۈتۈنلەي قەلبىمۇ بويسۇندۇرۇلغانلىقىنىڭ دەلىلى ئەمەس. ئەگەردە ناخشىلارغا قوشۇپ مەدھىيىلىمىسەڭلار تېخىمۇ خارلىنىسىلەر دەپ بېشارەت بېرىلىدىغان بولسا، ئۇ

هالدا مەلۇم دەرىجىدە خارلاپ تۇرۇپمۇ، كىشىلەرنى ناخشىلارغا قوشۇپ مەدھىيىلەيدىغان قىلىش مۇمكىن بولغان بولاتتى. بۇندىن تۆت ـ بەش يىل ئىلگىرى، مەن ئەركىنلىكنى تەلەپ قىلىدىغان بىر تەشكىلاتقا قاتناشقانىدىم. ⑪ شۇ چاغدا شاگختەي مائارىپ ئىدارىسىنىڭ جۇيجاگى چې دىجىيىڭ ئەپەندى قەھر ـ غەزەپ بىلەن: سەنمىنجۇيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرۇپمۇ نارازى بولۇۋاتامسەن؟ ھازىر بىرىلىپ تۇرغان كىچىككىنە ئەركىنلىكنىمۇ يىغىشتۇرۇۋالىمەن ھېلى، دېگەنىدى. دەرۋەقە راستىنلا يىغىشتۇرۇۋالدى. بۇرۇنقىدىنمۇ ئەركىنسىزلىك ھېس قىلغان چاغلىرىمدا بىر تەرەپتىن چېن ئەپەندىنىڭ ھىدايەتنى مۇكەممەل ئۆزلەشتۈرگەن بىلىمگە قايىل قالسام، يەنە بىر تەرەپتىن بەزى چاغلاردا، سەنمىنجۇيىنى مەدھىيىلىسەم بوپتىكەن، دېگەن خىيالغىمۇ كېلىپ يۈردۈم، بىراق كېچىككەنىدىم.

جۇڭگودىكى ھىدايەت (ئادىللىق) ⑫ زالىملىققا قارىمۇ قارشى بىر نەرسىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككىسى بىر تۇغقان؛ ھىدايەتتىن ئىلگىرى ياكى كېيىن چوقۇم زالىملىق كېلىپ چىقىدۇ. خەلقنىڭ مەدھىيىلەشتىن غەرىزى زالىملىقنىڭ يەڭگىللىتىلىشىنى ياكى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇلماسلىقىنى ئارزۇ قىلىش.

تارىخشۇناسلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، خەن سۇلالىسىنىڭ بوۋىسى ئەجدىھار نەسلىدىن ئىكەن. لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇ بىۋاك بىر ئادەم ئىدى ⑬. ئۇنى تاجاۋۇزچى دېيىش ئېھتىمال ئانچە توغرا بولماس، جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋۇۋاڭ ⑭ جۇڭگوغا بويسۇندۇرغۇچى سۈپەت بىلەن كىرگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يىلڭ سۇلالىسى بىلەن ھەتتا مىللەت جەھەتتىمۇ ئوخشاش ئەمەس ئىدى؛ ھازىرقى زامان تىلى بىلەن ئېيتقاندا، تاجاۋۇزچى دېگەن ئەنە شۇ. بىراق شۇ زامانلاردىكى ئاممىنىڭ سادالىرىدىن ھازىر ساقلىنىپ قالغانلىرىمۇ يوق. كۇڭزى بىلەن مېڭزى ⑮ ھىدايەتنى ھەقىقەتەن ئىنتايىن كۈچەپ تەرغىپ قىلىشقانىدى، لېكىن بۇ جانابلار جۇ سۇلالىسىنىڭ پۇخرالىرى بولۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى بىرقانچە دۆلەتلەرنى ساياھەت قىلغان، قۇترىغان؛



دېمەك ئۇلار ئەمەلدار بولۇشنى مەقسەت قىلغان بولۇشى ئېھتىمال. چىرايلىقراق ئېيتسام، ئۇلار «تەرىقەتلىرىنى يولغا قويۇش» نى مەقسەت قىلغان؛ ئەمەلدار بولۇۋالساق، تەرىقەتلىرىمىزنى يولغا قويۇش تېخىمۇ ئاسانراق بولىدۇ، جۇ سۇلالىسىنى مەدھىيىلىسەك ئەمەلدار بولۇش تېخىمۇ ئاسان بولىدۇ، دەپ ئويلىغان. لېكىن، باشقا خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ھىدايەتنىڭ پىرى ۋە مۇتەخەسسىسى بولغان جۇ پادىشاھى ھۇجۇمغا ئۆتىدىغان چاغدا، بويى بىلەن شۇچى ئۇنىڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ تۇرۇپ، بۇ ئىشتىن قولىمىزنى تارتمىساق بولمايدۇ، دەپ مەسلىھەت بەرگەندە ⑯ جۇ پادىشاھى ئۇلارنىڭ قولىدىن تىزگىننى تارتىۋالغان؛ يىن سۇلالىسىنىڭ لەشكەرلىرىمۇ جۇ لەشكەرلىرىنىڭ قېنىنى سوقىنىڭ تېشىنى لەيلىتىۋەتكۈدەك تۆكۈۋەتمىسەك ھېساب ئەمەس ⑰، دەپ قارشىلىق كۆرسەتكەن. كېيىن، يىلڭ سۇلالىسىنىڭ خەلقى ئىسيان كۆتۈرگەندە، بۇلارنى «تەرسا» ⑱ دېگەن ئالاھىدە نام بىلەن ئاتاپ، ھىدايەت ئالىمىدىكى خەلق قاتارىدىن چىقىرىۋەتكەن بولسىمۇ لېكىن ھىدايەتنىڭ يىغىرى ئېچىلىپ قالغان. تەرسالار ھۇلىسىز قىلىپ قويغان ھىدايەتتىن ئۆزگىلىپ كېتەي.

رايىش موللىلار بىلەن مۇنەججىملەر ⑲ — جۇڭگونىڭ ئۆزىگە خاس مەخلۇق، مۇنەججىملەرنىڭ يۈكسەك غايىسى ئەزىزانىلىك، رايىش موللىلارنىڭ بولسا ھىدايەت. بىراق، ئەپسۇسكى بۇ غايىنىڭ ھەر ئىككىلىسى جۇڭگودا ئەمەلدە كۆرۈلۈپ باقمىغان، تارىختىكى كۆپ زامانلاردىن بۇيانقى پاكىتلارنىڭ ئىسپاتلاپ بېرىشىچە، ئەگەردە ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا ھەقىقىي ھىدايەت بولغان دېيىلسە، ئۇ قۇرۇق گەپ بولىدۇ؛ ھازىرمۇ بار دېيىلسە ئۇ يېڭى دورىدىن ئىبارەت. مېڭزى جۇ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ياشىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ زالىملىق توغرىسىدا گەپ قىلىشنى ئار ـ نومۇس دەپ بىلگەن ⑳. ئەگەر ئۇ ھازىرقى زاماندا ياشىغان بولسا، ئىنسانلارنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنىڭ راۋاج تاپقانلىقى ئۈچۈن، ھىدايەت توغرىسىدا گەپ قىلىشنى نومۇس دەپ بىلگەن بولاتتى.

## 3 . جۇڭگودىكى تۇرمە تۇغرىسىدا

مەن ئويلايمەن، كىشىلەر ھەقىقەتەن پاكىت تۇپەيلىدىن يېڭىباشتىن ئەقىل ـ ھوشىنى تاپىدۇ، ئەھۋالمۇ شۇنىڭ بىلەن يۈز بېرىدۇ، ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. سۇڭ سۇلالىسىدىن تارتىپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغىچە بولغان نۇرغۇن يىللار ئىچىدە، ئادەملەرنى مەخسۇس پەيغەمبەر ـ ئەۋلىيالار ئورنىدا ئەمىر ـ مەرۇپ قىلىدىغان «بەدىئىي نىزام» [21] بويىچە مۇشكۇل ماقالىلەرنى يازدۇرۇش يولى بىلەن مەنسەپدارلىققا ئېلىش ئۇسۇلى قوللىنىلغانىدى، بۇ ئۇسۇلنىڭ خاتالىقى فرانسىيە بىلەن ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن [22] ئاندىن مەلۇم بولدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ خاتالىقنى تۈزىتىش ۋاستىسى سۈپىتىدە غەربكە ئوقۇغۇچى چىقىرىلدى، ھەربىي قورال ياساش زاۋۇتلىرى قۇرۇلدى [23]. بۇنىڭ كۇپايە قىلمايدىغانلىقى ياپونلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا [24] مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن بىلىندى، شۇ چاغدا ھە دەپ مەكتەپ ئېچىشقا تۇتۇش قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن، ئوقۇغۇچىلار ھەر يىلى غەلىيان كۆتۈردى. چىڭ سۇلالىسى ئاغدۇرۇلغان، ھاكىمىيەتنى گومىنداڭ قولغا ئالغان ۋاقىتتىن ئېتىبارەن، بۇ خاتالىق يەنە ھېس قىلىنىپ، بۇنى تۈزىتىشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە تۇرمىلەرنى كەڭ كۆلەمدە سېلىشتىن باشقا نەرسە قالمىدى.

جۇڭگودا، تەۋەررۇكلەردىن بولۇپ قالغان مىللىي تۇرمىلەر ئاللىقاچانلا ھەممە يەرلەردە بار ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە ئەجنەبىي، يەنى ئاتالمىش مەدەنىي تۇرمىلەرمۇ ياسالدى، ئۇلارنى شۇ يەرلەرگە ساياھەت قىلىپ كەلگەن چەتئەللىكلەرنى كۆرسۇن، دەپ ياسىغان؛ بۇ، چەتئەللىكلەر بىلەن ئۆزئارا باردى ـ كەلدى قىلىش ئۈچۈن، مەدەنىي ئادەملەرنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى ئۆگىنىشكە ئاتايىتەن ئوقۇغۇچى چىقارغانغا ئوخشاش بىر ئىش. ئەنە شۇنىڭ خاسىيىتى بىلەن مەھبۇسلارغا قىلىنىدىغان مۇئامىلىمۇ ياخشىلىنىپ



قالدى، ئۇلارنىڭ يۇيۇنۇشىغا ئىمكانىيەت تۇغۇلدى، ئۇلارغا بەلگىلىك مىقداردا تاماق بېرىلىدىغان بولدى، دېمەك تۇرمە ئەكسىچە راھەت بىر جايغا ئايلاندى. بۇنىڭدىن ئىككى ـ ئۈچ ھەپتە ئىلگىرى ھۆكۈمەت مېھىر ـ شەپقەت قىلىش ئۈچۈن، مەھبۇسلارنىڭ ئاشلىقىنى قىسىپ قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، دەپ ئېلانمۇ چىقاردى. شۇنىڭدىن كېيىن، تېخىمۇ راھەتلىنىپ كەتتى.

ئەمدى كونىچە تۇرمىلەردىن گەپ ئاچساق، كونىچە تۇرمىلەر بۇددا دوزاقلىرىغا تەقلىد قىلىنغانلىقتىن، ئۇ تۇرمىلەرنىڭ مەھبۇسلارنى قاماش بىلەنلا قالماستىن، ئۇلارنى ئازابلاش ۋەزىپىسىمۇ بار. ئۇ تۇرمىلەر بەزىدە مەھبۇسلارنى بالا ـ چاقىلىرىدىن پۇل ئېلىپ، ئۇلارنى ھەددىدىن تاشقىرى كەمبەغەللەشتۈرۈۋېتىش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتەيدۇ، شۇنداق بولسىمۇ كۆپچىلىك ئادەملەر شۇنداق قىلىشقا تېگىشلىك دەيدۇ. ئەگەردە كىمىكى قارشى تۇرىدىغان بولسا، ئۇ مەھبۇسلارغا يان باسقان بولۇپ، گېزەندە [25] دېگەن گۇمانغا قالىدۇ. لېكىن مەدەنىيلىكتە قالتىس ئېشىپ كەتتى، بۇلتۇر مەھبۇسلارنىڭ جىنسىي تەلەپلىرىنى ھەل قىلىۋېلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، مەھبۇسلارنى ھەر يىلى بىر قېتىم ئۆيىگە قويۇپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلغان ناھايىتى ئىنسانپەرۋەر ئەمەلدارلارمۇ چىقتى. ئەمەلىيەتتە ئۇمۇ مەھبۇسلارنىڭ جىنسىي تەلەپلىرىگە ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلغان ئەمەس. ئۇ بۇ تەشەببۇسنىڭ ئەمەلدە جارى بولمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ، شۇڭا ئۆزىنىڭ ئەمەلدار سۈپىتىدە مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈنلا داۋراڭ سېلىپ قويغان. شۇنداق بولسىمۇ ئەپكار ئامما ناھايىتى قايناپ كەتتى. بىر تەنقىدچى تېخى، شۇنداق بولىدىغان بولسا، ھېچكىم تۇرمىگە كىرىشتىن قورقمايدۇ، خۇشال ـ خۇراق كىرىۋېرىدۇ، دەپ پەلەكتىن نالە قىلىپمۇ يۈردى. ئۇ تەنقىدچىنىڭ ئاتالمىش پەيغەمبەر ـ ئەۋلىيالارنىڭ تەلىمىنى شۇنچە ئۇزۇن ئالغان بولسىمۇ، ھېلىقى ئەمەلداردەك مۇغەمبەر ئەمەسلىكى كىشىلەردە تەنقىدچى ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىكەن دېگەن ھېسسىياتنىمۇ پەيدا قىلىدۇ، ئەلۋەتتە؛ لېكىن بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پىكرىدىن مەھبۇسلارغا

جەبىر – زۇلۇم قىلماي بولمايدۇ دېگەن مەنە چىقىپ تۇرىدىغانلىقىنىمۇ بىلىنۋالغىلى بولىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن ئويلىغاندا، تۇرمە ھەققەتەن «بىخەتەرلىك ئەلا» نى شوئار قىلىۋالغان كىشىلەرنىڭ غايىسىدىكى ماكانغا ئوخشىمايدىغان جايمۇ ئەمەس. ئۇ يەردە ئوت ئاپەتلىرى ناھايىتى ئاز بولىدۇ؛ ئۇ يەرگە ئوغرىلار كېلەلمەيدۇ؛ باسمىچىلارمۇ ھەرگىز بۇلاڭچىلىق قىلىپ كەلمەيدۇ، ئۇرۇش بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ تۇرمىنى نىشانلاپ بومباردىمان قىلىدىغان تەلۋە يوق؛ ئىنقىلاب بولغاندا، مەھبۇسلارنى قويۇۋېتىدىغان ئىشلار بولغان، لېكىن قىرىپ تاشلاش ئىشلىرى كۆرۈلمىگەن. فۇجيەن يېڭى مۇستەقىل بولغاندا [26] مەھبۇسلارنى قويۇۋەتسە، ئۇلار تاشقىرىغا چىقىش بىلەنلا، ئۇلار بىلەن پىكرى ئوخشاشمايدىغان كىشىلەر ئەكسىچە دېرەكسىز يوقىلىپ كېتىپتۇ دېگەن مىش – مىش گەپلەر پەيدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن مۇنداق مىساللار ئىلگىرى بولۇپ باقمىغان. قىسقىسى، تۇرمە تولىمۇ يامان جاي بولمىسا كېرەك. ئەگەر بالا – چاقىلارنى بىللە ئېلىپ كىرىشكە رۇخسەت قىلىنسىلا، ھازىرقىدەك سۇ ئاپىتى، ئاچارچىلىق، ئۇرۇش، تېررورلۇق بولمىغان تەقدىردىمۇ، تۇرمىگە كۆچۈپ كىرىشنى تەلەپ قىلىدىغان كىشىلەر چىقماي قالمىسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن جەبىر – زۇلۇم قىلىش پەرز بولۇپ قالغان.

نىۋلان ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى قىزىل تەشۋىقاتچى سۈپىتىدە نەنجىڭ تۇرمىسىگە قامالدى، ئۇلار ئۈچ – تۆت قېتىم ئاچلىق ئېلان قىلدى [27]، لېكىن ھېچقانداق ئۈنۈم ھاسىل قىلالمىدى. بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ جۇڭگو تۇرمىلىرىنىڭ ماھىيىتىنى بىلمىگەنلىكى سەۋەبچى بولدى. بىر ئەمەلدار ئەجەبلەنگەن ھالدا: ئۇلار ئۆزلىرى تاماق يېمىسە، ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بولسۇن؟ دېگەن. بۇ ئىش مېھىر – شەپقەتلىك سىياسەت بىلەن ئالاقىسىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاز – پاز ئاشلىق تېجەلسە ئەكسىچە تۇرمە ئۈچۈن پايدا – دە. گەندى [28] ئۆز كارامىتىنى مۇۋاپىق جايىنى تاللاپ تۇرۇپ كۆرسەتمىگەن بولسا، قىلچە ئۈنۈم ھاسىل



قىلالمىغان بولاتتى.

شۇنداق خېلىلا مۇكەممەل بولغان تۇرمىنىڭمۇ كەمچىلىكى بار: ئۇ تاكى بۈگۈنگە قەدەر ئىدىيە جەھەتتىكى ئىشلارغا ئانچە ئېتىبار قىلماي كەلگەنىدى. بۇ كەمچىلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن، يېقىندىن بۇيان كەشپ قىلىنغان «تۆۋىخانا» دەپ ئاتىلىدىغان ئالاھىدە تۇرمىدە تەربىيە بېرىدىغان بولدى. مەن ئۇ يەرگە بېرىپ تۆۋە قىلمىغانلىقىم ئۈچۈن، تەپسىلىي ئەھۋالدىن خەۋىرىم يوق، لېكىن ئاساسەن ئېيتقاندا، مەھبۇسلارغا سەنمىنجۇيىدىن پات – پات دەرس بېرىپ، ئۇلارنى ئۆز خاتالىقلىرىغا تۆۋە قىلدۇرسا كېرەك. ئاڭلىشىمچە، بۇلاردىن باشقا، كوممۇنىزىمنى چەتكە قاقىدىغان ماقالىلەر يېزىشقىمۇ مەجبۇر قىلىدىكەن. ئەگەر يازمىسا ياكى يازالمىسا، ئۆمرىنى تۆۋە بىلەن ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر قىلىنىشى تەبىئىي؛ يارىغۇدەك يازمىسىمۇ ئۆلگۈچە تۆۋە قىلدۇرۇشى تۇرغان گەپ. ھازىر كىرىۋاتقانلارمۇ، چىقىۋاتقانلارمۇ بار. ئاڭلىشىمچە تۆۋىخانىلارنى يەنە كۆپەيتىدىكەن، بۇنىڭدىن كىرىۋاتقانلارنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. سىناقنى تاماملاپ قويۇپ بېرىلگەن مۆمىنلەرمۇ گايىدا ئۇچراپ قالىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى ناھايىتى ھالسىز بولۇپ كەتكەن، ئېھتىمال ئۇلار بارلىق كۈچلىرىنى تۆۋە قىلىشقا، سىناقنى پۈتتۈرۈش ماقالىلىرىنى يېزىشقا سەرپ قىلىپ تۈگەتكەن بولسا كېرەك، ئۇلارنىڭ ئىستىقبالى ئۈمىد يوق دېگەن تەرەپتە.

### ئىزاھات

① لۇشۈن بۇ ماقالىنى ياپونىيە «ئىسلاھات» تەھرىراتىنىڭ تەكلىپى بويىچە يازغان، دەسلەپ 1934 – يىلى 3 – ئايدا شۇ ژورنالدا «ئوت، ھىدايەت، تۇرمە» دېگەن سەرلەۋھە بىلەن بېسىلغان.

② فرومېتى — فرومېتئۇس دەپمۇ ئاتىلىدۇ، يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى ئىلاھ، رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇ باش ئىلاھ زېئوسنىڭ ھوزۇرىدىن ئىنسانلارغا ئوت ئوغرىلاپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن جازالىنىپ، كاپكاز تاغلىرىغا مىخلاپ، ئۇچار قاناتلارغا يەم قىلىپ بېرىلگەنمىش.

③ سۈيرىنشى — خەنزۇ رىۋايەتلىرىدە بۇرۇنقى ئۈچ شاھنىڭ بىرى، يا-

غاچتىن ئوت چىقىرىشنى ھەممىدىن بۇرۇن كەشپ قىلغان ئادەم .
④ يۇچاۋسى — جۇڭگونىڭ قەدىمكى رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا ، دەل -
دەرەخلەر ئۈستىگە ئۇۋا ياساپ ، ئىنسانلارغا ئۇۋا - ماكان تۇتۇپ ئولتۇرۇشنى ئۆ-
گەتكەن .
⑤ شىبىن نۇڭسى — جۇڭگونىڭ قەدىمكى رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا ،
ياغاچتىن سايمان ياساشنى كەشپ قىلىپ ، ئىنسانلارغا دېھقانچىلىق قىلىشنى ئۆ-
گەتكەن ئادەم . يەنە بىر رىۋايەتتە ، ئۇ ھەر تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تەمىنى
تېتىپ كۆرۈپ ، دورا - دەرمەكلەرنى تېپىپ ، ئىنسانلارغا كېسەللەرنى داۋالاشنى
ئۆگەتكەنىكەن .
⑥ ئىسپانىيىدە كالا بىلەن چېلىشىدىغان ئادەت بار ئىدى . كالا بىلەن
چېلىشىدىغان ئادەم بىر پارچە شەلپەرنى ئېگىز كۆتۈرۈپ پۇلاڭلىتىپ ، كالىنىڭ
چىشىغا تەگسە ، كالا ئادەمگە ئېتىلىدىكەن .
⑦ ناسارا دىنىدىكىلەر ئەپسانى « مەسىھ » ( ئاللانىڭ ئەلچىسى ، نىجات
قىلغۇچى ) دەپ ئاتايدۇ ۋە : ئەيسا ھازىر بولغان يەردە ئاجايىپ بىر خىل نۇر چاق-
ناپ تۇرىدۇ ، دەيدۇ .
⑧ جۇڭلى جىيىشەن ( 1885 - 1944 ) - ياپونىيىنىڭ ئاممىباب ھېكايە
يازغۇچىسى .
⑨ مەملىكىتىمىزنىڭ چىن سۇلالىسى دەۋرىدە دۆلەت بىرلىككە كەلتۈرۈ-
لۈپ ، چەت ئەللەر بىلەن بولغان بېرىش - كېلىش كۈچەيتىلگەن . شۇنىڭ
ئۈچۈن ، قەدىمكى ھىندىستان ، يۇنان ، رىم ئەللىرى جۇڭگونى « چىن » دەپ ئا-
تاشقان . تاكى جۇڭگونىڭ خەن ، چىن سۇلالىلىرىگە قەدەر چەت ئەللىكلەر
جۇڭگونى « چىن » دەپ ئاتىشاتتى . كېيىنرەك ، جۇڭگو راھىبلىرى بۇددا كىتاب-
لىرىنى تەرجىمە قىلغان . شۇڭا يېقىنقى زامانغا كەلگەندە ياپونلار مۇشۇ مۇناسىۋەت
بىلەن جۇڭگونى « چاينا » دەپ ئاتىغان .
⑩ بۇ ماقالىدە نەقىل كەلتۈرۈلگەن سۆز خۇشىنىڭ 1933 - يىلى 3 - ئاي-
نىڭ 18 - كۈنى بېيجىڭدا مۇخبىرلارغا قىلغان سۆھبىتىدىن ئېلىنغان .
⑪ بۇ يەردە لۇشۈننىڭ « جۇڭگو بۈيۈك ئەركىنلىك ھەرىكىتى ئىتتىپاقى »
غا قاتناشقانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ .
⑫ قەدىمكى زاماندىكى فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپى خەلقى ئالەمنى
« ۋاپادارلىق ، دىيانەت » دېگەن نەرسىلەر بىلەن ئىدارە قىلىشنى « ھىدايەت »
(ئادىللىق ) دەپ ئاتىشاتتى .
⑬ بۇ يەردە خەن سۇلالىسىنىڭ بوۋىسى لىيۇباڭ كۆزدە تۇتۇلىدۇ .



« تارىخنامە ، گاۋزۇنىڭ تەزكىرىسى » دە : « گاۋزۇ . . . نىڭ دادىسى تەي گۇڭ :
ئانىسى لىيۇئاۋ . ئىلگىرى لىيۇئاۋ دائىم چوڭ كۆل بويىدا دەم ئالىدىكەن . بىر كۈنى
چۈشىدە بىر مالائىكە بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ . شۇ چاغدا چاقماقلار چېقىلىپ
پۈتۈن ئالەمنى قاراڭغۇلۇق بېسىپ كېتىپتۇ . تەي گۇڭ ئىزلەپ بېرىپ قارىسا ، لىيۇ-
ئاۋنىڭ ئۈستىدە بىر ئەجدىھا چىرمىشىپ يېتىپتۇ . كېيىن لىيۇئاۋ ھامىلدار بولۇپ ،
گاۋزۇنى تۇغۇپتۇ » دېگەن رىۋايەتلەر بار . يەنە مۇنداق رىۋايەتلەرمۇ بار . لىيۇئاۋ
ئۆز يۇرتىدا تۇرغان چاغلىرىدا « ئىش قىلمايتتى . ياش قۇرامىغا يەتكەندە
ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ سىشۈيگە مىرشاپ بېگى بولغان . مىرشاپخانىدىكى ئەمەلدارلار-
نىڭ ئۇنى خورلىمايدىغىنى يوق ئىدى . چۈنكى ئۇ كەيپ - ساپاغا بېرىلىپ
كەتكەن . »
⑭ جۇ پادىشاھى ۋۇ ۋاڭنىڭ فامىلىسى جى ، ئىسمى فا . ئۇ جۇ ئەۋلادى-
نىڭ داھىيسى ئىدى . مىلادىدىن 11 ئەسىر ئىلگىرى جى فا غەربىي شىمال ۋە
غەربىي جەنۇبتىكى ئىقلىملار بىلەن بىرلىشىپ ، شەرقتىكى يىڭ پادىشاھلىقىغا ھۇ-
جۇم قىلىپ ، يىڭ پادىشاھى بولغان جۇنىڭ قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ ، جۇ
پادىشاھلىقىنى قۇرغان .
⑮ كۇڭزى ( مىلادىدىن 551 - 479 - يىل ئىلگىرى ) — « يىلنامە »
دەۋرىنىڭ ئاخىرىدىكى لۇ پادىشاھلىقى ( ھازىرقى شەندۇڭ ) لىق ئادەم . ئۇ
« كۇڭزىچى موللىلار » تەلىماتىنىڭ ئاساسچىسى .
مېڭزى (مىلادىدىن 372 — 289 يىل ئىلگىرى ) — ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر
دەۋرىدىكى جۇ (ھازىرقى شەندۇڭ ) لىق ئادەم ؛ كۇڭزى تەلىماتىغا ۋارىسلىق قىل-
غۇچى .
⑯ «تارىخنامە . بويىنىڭ تەزكىرىسى » دە يېزىلىشىچە : بويى بىلەن
شۇچى يىڭ پادىشاھلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى گۇجۇ ھەزرەتىنىڭ ئوغۇللىرى
ئىكەن . جى فا ئەسكەر باشلاپ پادىشاھى جۇغا قارشى جەڭگە ئاتلانغاندا ، بويى
بىلەن شۇجى « ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ تۇرۇپ مەسلىھەت بېرىپ » ، جى فانى
ئۇرۇشماسلىققا دەۋەت قىلغان ۋە : «خىزمەتكار » نىڭ « پادىشاھ » قا ھۇجۇم قى-
لىشى « ۋاپا » سىزلىق بولىدۇ ، دەپ قارىغان .
⑰ جۇ پادىشاھى ۋۇۋاڭ يىڭ پادىشاھى جۇغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتكەندە ،
جۇنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن مۇيې (ھازىرقى خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ چىشيەن ناھىيىسى )
دە قاتتىق سوقۇشقان ، بۇ ھەقتە « قانلىرىنى سوقا تېشىنى لەيلىتىۋەتكۈدەك
تۆكۈش » دېگەن خاتىرە بار .
⑱ «تارىخنامە ، يىڭ پادىشاھلىقىنىڭ تەزكىرىسى » دە يېزىلىشىچە : جى فا

ئۆلگەندىن كېيىن ، يىلى پادىشاھى جۇنىڭ ئوغلى ۋۇگېن ، گۇەن شۇ ۋە سەيشۇ
بىلەن بىرلىكتە ئىسيان كۆتۈرگەن . شۇ چاغدا جۇ پادىشاھى چىڭ ۋاڭنىڭ
بۇيرۇقى بىلەن ئەسكەر باشلاپ بېرىپ ئۇلارنى يوقاتقان ، ۋۇگېن ، گۇەن شۇ ۋە
سەيشۇنى ئۆلتۈرگەن . « تەرسالار » يىن پادىشاھلىقىدىن قالغان خەلق ئىچىدىكى
جۇ پادىشاھلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنمىغان ئادەملەر .

⑲ قەدىمكى زاماندا كۇڭزى تەلىماتىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار « رايىش
موللا » ، مالائىكە — ئەۋلىيا بولۇشقا ئىنتىلىدىغانلار « مۇنەججىملەر » دەپ
ئاتىلاتتى .

⑳ «مېڭزى ، لياڭ خۇيۋاڭ » خاتىرىسىدە يېزىلىشىچە : چى شۇەنۋاڭ مىڭ-
زىدىن يىلنامە دەۋرىدىكى چى خۇەنگۇاڭ بىلەن جىن ۋېنگۇڭنىڭ خوجايىنلىق
تالاشقانلىقى توغرىسىدىكى ۋەقەلەرنى سورىغاندا ، مېڭزى جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى
قاچۇرغان . كېيىنرەك سۇڭ سۇلالىسى زامانىدا ياشىغان جۇشىنىڭ « چاھار كىتاب
شەرھلىرى » دە ئېيتىشىچە ، كۇڭزىنىڭ مۇخلىسلىرى «بەش دەۋر زالىملىقى توغ-
رىسىدا گەپ قىلىشنى ئار - نومۇس دەپ بىلگەن » ئىكەن .

㉑ «بەدىئىي نىزام » — قەدىمكى دەۋردە ئىمتىھان تۈزۈمى بويىچە
بەلگىلەنگەن ئۇسلۇبقا ئاساسەن ماقالە يېزىش « بەدىئىي نىزام » دەپ ئاتالغان .
مىڭ ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە بولسا ئومۇمەن باگۇ ئەدەبىياتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

㉒ بۇ يەردە 1884 — 1985 - يىللاردىكى جۇڭگو - فرانسىيە ئۇرۇشى
كۆزدە تۇتۇلىدۇ . بۇ ئۇرۇش نەتىجىسىدە مەنچىڭ ھۆكۈمىتى فرانسىيە بىلەن
تەڭسىز شەرتنامە تۈزۈشكە مەجبۇر بولغان .

㉓ بۇ يەردە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ھۆكۈمەت باشقۇرغان
جىياڭنەن ھەربىي قورال زاۋۇتى (شاڭخەي قورال زاۋۇتىمۇ دېيىلىدۇ ) كۆزدە تۇتۇ-
لىدۇ . بۇ زاۋۇتتا مىلتىق ، توپ ۋە كېمە ياسىلاتتى . بۇنىڭ ئورنى شاڭخەيدە
بولۇپ ، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كۆلىمى ئەڭ زور ھەربىي سانائىتى ئىدى .

㉔ بۇ يەردە 1894 - يىلدىكى جۇڭگو - ياپونىيە ئۇرۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ .
بۇ ئۇرۇشتا مەنچىڭ ھۆكۈمىتى مەغلۇب بولغان .

㉕ بۇ ياپتا گەپ بولۇپ ، جۇڭگو گۇڭچەنداڭى دېگەن سۆز . شۇ
چاغلاردا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى جۇڭگو گوڭچەنداڭىنى « باسمىچىلار
پارتىيىسى » دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلەيتتى .

㉖ بۇ يەردە 1933 - يىلى 11 - ئايدىكى فۇجيەن ۋەقەسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ .
1932 - يىلى « 28 - يانۋار » دىن كېيىن ، جياڭ جيېشى شاڭخەيدە ياپون باسقۇن-
چىلىرىغا قارشى كۆرەش قىلىۋاتقان 19 - ئارمىيىنى گۇڭچەنداڭغا قارشى ئىچكى



ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن فۇجيەنگە يۆتكىدى . 1933 - يىلى 11 - ئايدا 19 - ئارمىيە-
نىڭ قوماندانلىرى ۋە ئەسكەرلىرى جۇڭگو گوڭچەنداڭىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا
قارشى ئۇرۇش توغرىسىدىكى تەشەببۇسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ، گومىنداڭدىكى بىر
قىسىم كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ ، فۇجيەندە « جۇڭخۇا جۇمھۇرىيىتى خەلق ئىنقىلا-
بىي ھۆكۈمىتى » — نى قۇردى ھەمدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا ، جياڭ جيېشىگە
قارشى تۇتۇش توغرىسىدا قىزىل ئارمىيە بىلەن كېلىشىم تۈزدى . بۇ ۋەقە جياڭ
جيېشىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنىڭ بېسىمى ئاستىدا ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا مەغلۇب بولدى .

㉗ نىۋلان — ئەسلى ئىسمى پاۋۇل رىگ . — شۇ چاغدىكى خەلقئارا
ئىنقىلابىي تەشكىلاتلارنىڭ بىرى بولغان « پان تىنچيوكيان سانائەت ئىتتىپاقى »
نىڭ پولشىلىق كاتىپى ئىدى . 1931 - يىلى 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى گومىنداڭ
ھۆكۈمىتى شاڭخەيدە ئۇنى ۋە خوتۇنىنى قولغا ئېلىپ ، نەنجىڭ تۈرمىسىگە ئەۋە-
تىپ بەرگەن . 1932 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى « مىنگوغا زىيانكەشلىك
قىلغان » دېگەن بەتنام بىلەن سوراق قىلغان . نىۋلان تېز پۈكمەي ، گومىنداڭ
ھۆكۈمىتىنىڭ يولسىزلىق بىلەن قولغا ئېلىپ ، سوراق قىلغانلىقىغا نارازىلىق
بىلدۈرۈپ 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن باشلاپ ئاچلىق ئېلان قىلغان . كېيىن سۇڭ
چىڭلىن ، سەي يۈەنپېيلارنىڭ ياردىمى بىلەن تۈرمىدىن قۇتۇلۇپ چىققان .

㉘ گەندى (1869 - 1948 ) — ھىندىستان مىللىي مۇستەقىللىك
ھەرىكىتىنىڭ داھىيسى . ئۇ « زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەي قارشى تۇرۇش » نى تە-
شەببۇس قىلغان ، بىر قانچە قېتىم قاماقتا ئاچلىق ئېلان قىلىش يولى
بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن .

# بىر نەچچە كىتاب ئوقۇش كېرەك[1]

ئۆلۈك كىتابلارنى ئوقۇۋەرگەن ئادەم گومۇش بولۇپ قالىدۇ، ھەتتا كىتاب خالتىسى بولۇپ قالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭغا بەزىلەر خېلى بۇرۇنلا قارشى چىققانىدى. كىتاب ئوقۇشقا قارشى تۇرىدىغان پىكىر ئېقىملىرىمۇ ۋاقىتنىڭ تىنماي ئۆتۈشى بىلەن كامالەت تېپىش دەرىجىسىگە قاراپ ماڭدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزىبىر ئادەملەر ھەر قانداق كىتابنى ئوقۇشقا قارشى چىقىۋاتىدۇ. ئۇلار شوپىنخائۇئېر[2] نىڭ، ئەگەر باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇساڭ، ئۆز مېڭەڭدە ئاپتورنىڭ ئات يورغىلىتىشىغا ئورۇن بېرىپ قويغان بولىسەن، دېگەن كونا سۆزىنى پەتىۋا قىلىۋالغان.

بۇ سۆز ئۆلۈك كىتابلارنى ئوقۇيدىغان ئادەملەرنىڭ بېشىغا ئۇرۇلغان بىر كالتەك. لېكىن بۇ سۆز ئىلىم تەلەپ قىلىمەن دەپ يۈرگەندىن كۆرە تانسا ـ ئۇسسۇل ئوينىغان ياكى بىكاردىن ـ بىكارغا قىزىلئۆڭگەچلىك قىلغان، بىھۇدە كوتۇلدىغان ياخشى دەيدىغان زەكىي تالانتلىق ئادەملەرگىمۇ تەۋسىيە قىلىشقا ئەرزىيدىغان گۆھەر سۆز. بىراق شۇنىمۇ بىلىپ قويۇش كېرەككى، شۇ گۆھەر سۆزگە سالجىدەك چاپلىشىۋالغان زەكىي تالانتلىق ئادەملەرنىڭ مېڭىسىدە شوپىنخائۇئېر ئات يورغىلىتىپ، ئۇنىڭ مېڭىسىنى قوچىماقتا.

ھازىر ياخشىراق ئەسەرلەر بولمىغاچقا، تەنقىدچىلەر غوتۇلداۋاتىدۇ؛ توغرا تەنقىد بولمىغاچقا، ئىجادىيەتچىلەرمۇ كوتۇلداۋاتىدۇ. مەسىلەن: پالانچى ـ پوكۇنچىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىشارىتىزم[3] دېسە، پوكۇنچىمۇ ئۆزىنى ئىشارىتىزمچى بولسا كېرەك دەپ ئويلايدۇ، كىتابخانلارمۇ ئەلۋەتتە ئۇنى ئىشارىتىزمچى دەپ ئويلايدۇ. لېكىن قانداق بولغاندا ئىشارىتىزمچى بولىدۇ؟ بۇنى ئەزەلدىن ئايدىڭلاشتۇرمىغاچقا، پوكۇنچىنىڭ ئەسەرلىرىنى دەلىل كەلتۈرۈپلا تۈگىشىدۇ. دېمەك، جۇڭگونىڭ ئىشارەتىزم دېگىنى باشقا ئەللەرنىڭ Symbolism دېگىنىگە



ئوخشىمايدۇ. ئىشارەتىزم دېگەن سۆز ئەسلىدە Symbolism دېگەن سۆزنىڭ تەرجىمىسى. لېكىن مەيتىرلىنك[4] ئىشارەتىزمچى يازغۇچى ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن پوكۇنچى جۇڭگونىڭ مەيتىرلىنكى بولۇپ قالىدۇ. بۇندىن باشقا، جۇڭگونىڭ فرانسى[5]، جۇڭگونىڭ بابىتى[6]، جۇڭگونىڭ كىرپوتىنى[7]، جۇڭگونىڭ گوركىيسى[8] ۋاھاكازالارمۇ پەيدا بولۇپ قالىدۇ. لېكىن ھەقىقىي فرانس ۋە باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىملىرى جۇڭگودا ناھايىتى ئاز. بۇ ئەھۋال «مىللىي نەرسە» لەرنىڭ بار بولغانلىقىدىنمۇ؟

جۇڭگونىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىدە «مىللىي نەرسە» چىلەردىن بولغان بىرنەچچە ئەدىب ھەقىقەتەن تولىمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر سۈرۈپ كەتتى؛ «ئەجنەبىي نەرسە» چى ئەدىبلەرنىڭ ئۆمرى بولسا ھەقىقەتەن تولىمۇ قىسقا، ئۇلارنىڭ ئىسىم ـ فەمىلىلىرىنى پىششىق بىلىۋالغۇچە، ئۇلار توغرىسىدا، ئاللىقاچان ۋاقتى ئۆتتى، دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاپ قالىمىز. ئىبسىننىڭ[9]توپلاملىرىنى تولۇق چىقىرىدىغان گەپلەر خېلى كۆپ ئىدى، لېكىن ھازىرغىچە 3 ـ تومىنى كۆرگىنىمىز يوق؛ چېخوپ[10] بىلەن مۇپاسساننىڭ[11] تاللانما ئەسەرلىرىنى چىقىرىدىغان ئىشمۇ ئوتتەك قىزىق باشلىنىپ، مۇزدەك سوۋۇپ قالدى. لېكىن بىز دوزاختەك يامان كۆرىدىغان ياپونىيىدە بولسا «دون كىخوت»[12] نىڭ، «مىڭ بىر كېچە»[13] نىڭ تولۇق تەرجىمىسى بار؛ شېكسپىر[14]، گيۇتې[15]...لارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تولۇق تەرجىملىرى بار؛ تولستوينىڭ[16] ئۈچ خىل، دوستويېۋسكىنىڭمۇ[17] ئىككى خىل تەرجىمىسى بار.

ئۆلۈك كىتابلارنى ئوقۇغان ئادەم ئۆزىگە زىيان كەلتۈرىدۇ، ئاغزىنى ئاچسىلا باشقىلارغا زىيان يەتكۈزىدۇ؛ لېكىن كىتاب ئوقۇماسلىقمۇ ياخشى بولماس. ھېچبولمىغاندا، مەسىلەن، تولستوينى باھالاشتا، ئۇنىڭ بىرنەچچە ئەسىرىنى كۆرۈش زۆرۈر. تەبىئىيكى دۆلەتنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشۈپ تۇرغان ھازىرقى ۋاقىتتا، ئۇ كىتابلارنى تەرجىمە قىلىشقا، ئوقۇشقا كىمنىڭمۇ چولىسى تەگسۇن؟! لېكىن مەن دۆلەتنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئېغىر كۈنلەرگە قارشى ئاتلىنىۋاتقان ياكى «رىيازەت

چېكىۋاتقان » قەھرىمانلارغا ئەمەس، پەقەت قېيىداپ ۋە كوتۇلداپ يۈرگەن كاتتا ئەربابلارغا تەكلىپ بېرىۋاتىمەن. چۈنكى بۇ ئەربابلار كىتاب ئوقۇمايدۇ، دۆلەتنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئېغىر كۈنلەرگىمۇ قارشى ئاتلانمايدۇ، پەقەت ئويۇن - تاماشا بىلەنلا بولۇۋاتىدۇ.

5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى

ئىزاھات:

① بۇ ماقالە دەسلەپ 1934 - يىلى 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى « شېنباۋ » گېزىتىنىڭ « ئەركىن پاراڭ » بېتىگە بېسىلغان.

② شاڭخەيدە چىقىدىغان « ئەل سۆزى » ناملىق ھەپتىلىك ژورنالنىڭ 1 - جىلد 10 - سانىغا ( 1934 - يىلى 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ) خۇيەننىڭ « كىتاب ئوقۇش ھەققىدە » سەرلەۋھىلىك ماقالىسى بېسىلغان. ماقالىدە، ئالدى بىلەن شوپىنخائۇئېرنىڭ " ئۆز مېڭەڭدە باشقىلارنىڭ ئات يورغىلىتىشىغا ئورۇن بېرىپ قويغان بولسەن" دېگەن سۆزى نەقىل كەلتۈرۈلگەن، ئاندىن مۇنداق دېيىلگەن: " بىر كىتابنى ئوقۇپ چىقساڭ، باشقىلارنىڭ مېڭىسىدە بىر قېتىم ئات يورغىلىتىشىغا ئورۇن بەرگەن بولىسەن. كىتابنى قانچىكى كۆپ ئوقۇساڭ، مېڭەڭ شۇنچە بەيگە مەيدانىغا ئايلىنىپ قالىدۇ، ھەممىلا يەر باشقىلارنىڭ ئات يورغىلىتىش يولى بولۇپ قالىدۇ . . . مېنىڭچە، كىتابنى زادى ئوقۇمىغان ياخشى ". شوپىنخائۇئېرنىڭ « كىتاب ئوقۇش ۋە كىتاب » دېگەنگە ئوخشاش ماقالىلىرىدە كىتاب ئوقۇشقا قارشىلىق كۆرسىتىلگەن ھەمدە: « كىتاب ئوقۇغان چېغىمىزدا، مېڭىمىز ئۆزىمىزنىڭ پائالىيەت ئورنى بولماي، باشقىلارنىڭ ئىدىيىسىنىڭ جەڭ مەيدانى بولۇپ قالىدۇ »، « ئۆزى پىكىر قىلىپ ھەقىقەتنى تېپىشى كېرەك » دېيىلگەن.

③ ئىشارەتىزم — 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا فرانسىيىدە پەيدا بولغان چۈشكۈن ئەدەبىيات - سەنئەت ئېقىمىنىڭ تارماقلىرىدىن بىرى. ئۇ رېئال دۇنيانى خىيالىي، ئازابلىق دەپ، " باشقا دۇنيا " نى بولسا، راست گۈزەل دەپ ھېسابلاپ، چۈشىنىكسىز تۇتۇق سۆزلەر ۋە ئوبرازلار ئارقىلىق سىرىم ئەزالىرىغا تەسىر كۆرسىتىپ كىشىنى پەرىشان قىلىدىغان سىرلىق خىياللارنى پەيدا قىلىپ، مەلۇم " تەسەۋۋۇرلار " نى، يەنى ⟨ ئىشارەت ⟩ دېگەن نەرسىنى شەكىللەندۈرۈپ، شۇ يول بىلەن ئاشۇنداق خىيالىي ⟨ باشقا دۇنيا ⟩ دىن بىشارەت بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.



④ مەيتېرلىنك ( M · Maeterlhnck، 1862 — 1949 ) — بېلگىيىلىك دراماتورگ، ئىشارەتىزمچى دراماتورگىيەنىڭ ۋەكىلى. ئۇنىڭ « ئەلچى قۇش » دېگەنگە ئوخشاش ئاساسلىق رومانلىرى بار.

⑤ فرانس ( A · France، 1844 — 1924 ) - فرانسىيە يازغۇچىسى. ئۇنىڭ « پونالنىڭ جىنايىتى »، « تەيىس خانىم ۋە پىنگۇين ئارىلى » دېگەنگە ئوخشاش ئاساسلىق رومانلىرى بار.

⑥ بابىت ( I · Babbitt، 1865 — 1933 ) — ئامېرىكىدىكى يېقىنقى زامان يېڭى ئىنسانپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنىڭ يولباشچىلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ « يېڭى راۋكۇن »، « روسسو ۋە رومانتىزم » « دېموكراتىيە ۋە رەھبەرلىك » دېگەنگە ئوخشاش ئەسەرلىرى بار.

⑦ كىرپوتىن ( B · Я · Кирпотин ) سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىسى — ئۇنىڭ « روسىيىدە ماركسىزم - لېنىنىزم ئىدىيىسىنىڭ باشلامچىلىرى » دېگەنگە ئوخشاش ئەسەرلىرى بار.

⑧ گوركىي ( M · Горький 1936 — 1968 ) — روسىيە يازغۇچىسى، ئۇنىڭ ئاساسەن « فوما گوردېيېۋ »، « ئانا » رومانلىرى ۋە تەرجىمىھال شەكلىدە يېزىلغان « بالىلىق چاغلىرىم »، « كىشىلەر ئىچىدە »، « مېنىڭ دارىلپۈنۇنۇم » دېگەنگە ئوخشاش رومانلىرى بار.

⑨ ئىبسېن ( H · Ibsen 1828 — 1906 ) — نورۋېگىيىلىك دراماتورگ. ئۇنىڭ ئاساسەن « قورچاقلارنىڭ ئۆيى »، « خەلقنىڭ ئومۇمىي دۈشمىنى »، « ئالۋاستىلار » دېگەنگە ئوخشاش ئەسەرلىرى بار. ئەينى ۋاقىتتا شاڭخەي تىجارەت نەشرىياتى فەن جياشۇن تەرجىمە قىلغان « ئىبسېن ئەسەرلەر توپلىمى » نىڭ ئىككى نۇسخىسىنىلا نەشر قىلغان.

⑩ چېخوپ ( а · ц · Чехов 1860 — 1904 ) — روسىيە يازغۇچىسى. ئۇنىڭ ئاساسەن « ئۈچ ئاچا - سىڭىل »، « گىلاس باغچىسى » دېگەنگە ئوخشاش سەھنە ئەسەرلىرى ۋە « خامېلېئون »، « غىلاپ بەندىسى » دېگەنگە ئوخشاش نۇرغۇن ھېكايىلىرى بار. ئەينى ۋاقىتتا " تەرەققىيپەرۋەر " كىتابخانىسى جياۋ جىڭشىن تەرجىمە قىلغان « چېخوپنىڭ مەشھۇر ھېكايىلەر توپلىمى » دىن سەككىز كىتابنى نەشر قىلغان.

⑪ مۇپاسسان ( G · Maupfssant de، 1850 — 1893 ) — فرانسىيە يازغۇچىسى. ئۇنىڭ ئاساسەن « ئۇنىڭ ھاياتى »، « چىرايلىق دوستۇم » دېگەن رومانلىرى ۋە « دۇنداق » دېگەنگە ئوخشاش ھېكايىلىرى بار. ئەينى ۋاقىتتا تىجارەت نەشرىياتى لى چىڭيا تەرجىمە قىلغان « مۇپاسسان ھېكايىلىرى توپلىمى » دىن

ئۈچ كىتابىنى نەشر قىلغان .

⑫ « دون كىخوت » — 16 - ئەسىردە ياشىغان ئىسپانىيە يازغۇچىسى سېرۋانتېسنىڭ رومانى .

⑬ « مىڭ بىر كېچە » — كلاسسىك ئەرەب خەلق چۆچەكلىرى توپلىمى « ئەلپىلەيلى » دەپمۇ ئاتىلىدۇ .

⑭ شېكسپىر W · Shakespeara ، 1564 - 1616 ) — ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى ئىنگلىز دراماتورگ ، شائىر . ئۇنىڭ ئاساسەن « ياز كېچىسى كۆرگەن چۈش » ، « رومىئو - ژۇلىي » ، « گاملېت » دېگەنگە ئوخشاش 37 خىل سەھنە ئەسىرى بار .

⑮ گيۇتې ( J · W · von Goethe 1749 - 1832 ) — گېرمانىيىلىك شائىر ۋە ئالىم . ئۇنىڭ ئاساسەن « فائۇست دېگەن » شېئىرىي دراممىسى ۋە « ياش ۋېرتېرنىڭ غېمى » دېگەنگە ئوخشاش نەسرىي ئەسەرلىرى بار .

⑯ تولستوي ( Л · Н толстой 1828 - 1910 ) — روسىيىلىك يازغۇچى . ئۇنىڭ ئاساسەن « ئۇرۇش ۋە تىنچلىق » ، « ئاننا كارېنىنا » ، « تىرىلىش » دېگەنگە ئوخشاش رومانلىرى بار .

⑰ دوستويېۋسكىي ( Х · М достоевекий 1821 - 1881 ) — روسىيىلىك يازغۇچى . ئۇنىڭ ئاساسەن « كەمبەغەل » ، « خورلانغانلار ۋە زەخمەت چەككەنلەر » ، « جىنايەت ۋە جازا » دېگەنگە ئوخشاش رومانلىرى بار .



# ئەكىلىشپەرۋەرلىك①

جۇڭگو ئەزەلدىن « بېكىنىۋالغۇچى » ؛ ئۆزى بارمايتتى ، باشقىلارنىمۇ كەلتۈرمەيتتى . توپ - زەمبىرەكلەر دەرۋازىسىنى چېقىۋەتكەندىن كېيىن ، بۇرنىغا يەپ ، مانا ئەمدى ھەممىدە « سۆكلاپ بەرگۈچى » بولۇپ قالدى . باشقىسىنى قويۇپ تۇرۇپ ، تېخىنىكا ئۆگىنىش جەھەتتىكى نەرسىلەرنىلا ئالساق ، يېقىندا بىر تۈركۈم ئاسارئەتىقىلەرنى فرانسىيىگە كۆرگەزمە قىلىشقا ئەۋەتىشتى . لېكىن ، ئاخىرى « كېيىن قانداق بولغانلىقى نامەلۇم » ؛ يەنە بىر نەچچە « پىر - ئۇستاز » بىر قانچە قەدىمىي ۋە يېڭى رەسسىمىيەتلەرنى كۆتۈرۈپ ، « مىللىي تەۋەررۇكلىرىمىزنى جانلاندۇرىمىز » دەپ ، ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ھەممىسىگە بېرىپ ، ئېسىپ كۆرسەتتى . ئاڭلىشىمچە يېقىندا مېي لەنفاڭ بوشنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەۋەتىپ ، « ئىشارەتىزم » نى ئىلگىرى سۈرەرمىش ، ئاندىن كېيىن ياۋروپاغا ئەۋەتىپ ، ۋەز ئېيتقۇزارمىش② . مەن بۇ يەردە مېي لەنفاڭ بوشنىڭ سەنئىتى بىلەن ئىشارەتىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇزاكىرە قىلماقچى ئەمەسمەن . قىسقىسى ، تىرىك ئادەم ئاسارئەتىقىلەرنىڭ ئورنىنى ئالسا ، مەن شۇنداق دېيىشكە جۈرئەت قىلالايمەنكى ، بۇنىڭ بىلەنمۇ تەرەققىياتىمىزنى بىرئاز نامايان قىلغىلى بولىدۇ .

لېكىن بىزدە « ئالماقنىڭ بەرمىكى بار » دېگەن قائىدىگە ئاساسەن ، ئەكەل ! دەيدىغان ئادەم چىقمايۋاتىدۇ .

ئەلۋەتتە ، سۆكلاپ ئاپىرىپ بېرىشلا يامان ئىشمۇ ئەمەس ، بىرىنچىدىن ، ئۆزىنىڭ بايلىقىنى نامايان قىلغىلى بولىدۇ ، ئىككىنچىدىن ، ئۆزىنىڭ مەرد - سېخىيلىقىنى نامايان قىلغىلى بولىدۇ . نىتسې③ ئۆزىنى كۈنگە ئوخشىتىپ ، كۈنىنىڭ نۇرى چەكسىز ئىسسىق ، ئۇ پەقەت بېرىدۇ ۋە لېكىن ئېلىشنى تەمە قىلمايدۇ ، دەپتىكەن . لېكىن نىتسې قانداقلا بولمىسۇن ، كۈن ئەمەس ، ئۇ ئېلىشىپ - ئالجىپ قالغان . جۇڭگومۇ كۈن

ئەمەس، بەزىلەر، يەر ئاستىدىكى كۆمۈرنى قازساق، پۈتۈن دۇنياغا بىرنەچچە يۈز يىل ئىشلىتىشكە يېتىدۇ، دەيدۇ. لېكىن بىرنەچچە يۈز يىلدىن كېيىنچۇ؟ بىر نەچچە يۈز يىلدىن كېيىن بىز ئەرۋاھقا ئايلىنىپ، ياكى جەننەتكە كىرىپ كېتىمىز ياكى دوزاخقا چۈشۈپ كېتىمىز، ئەلۋەتتە: لېكىن بىزنىڭ ئەۋرە - چەۋرىلىرىمىز ھايات تۇرىدۇ، ئۇلارغىمۇ ئاز - تولا سوۋغا قالدۇرۇشىمىز كېرەك. ئۇنداق قىلمىساق، ھېيت - ئايەم، بايراملاردا ئۇلارنىڭ داستىرخانغا يايغۇدەك بىرنەرسىسى بولمىسا، باشقىلارنىڭ مەرىكىلىرىنى باش ئۇرۇپ تەبرىكلەپ، ئاشقان - تاشقانلارنى تىلەپ، ئۇنى سەدىقە - مۇكاپات قىلىۋېلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ.

بۇنداق سەدىقە - مۇكاپاتنى « سۇنۇپ بەرگەن » نەرسە دەپ سەۋەن چۈشىنىپ قالماسلىق كېرەك، ئۇلارنى « تاشلاپ بەرگەن » . چىرايلىقراق قىلىپ ئېيتقاندا « سۇڭلاپ » بەرگەن دېيىش مۇمكىن. مەن بۇ يەردە ئەمەلىي مىسال كەلتۈرۈپ ئولتۇرمايمەن[4].

مەن بۇ يەردە « سۇڭلاپ - ئاپىرىپ بېرىش » توغرىسىدىمۇ بىر نەرسە دېمەكچى ئەمەسمەن. دېدىغان بولسام « مودا » سۆز بولماي قالىدۇ. مەن ئۆزىمىزنىڭ يەنە بىر ئاز بېخىلراق بولۇشىمىزنىلا تەرغىپ قىلماقچىمەن. « سۇڭلاپ - ئاپىرىپ بېرىش » تىن تاشقىرى، « ئەكىلىش » نىمىز، « ئەكىلىشپەرۋەر » بولۇشىمىز كېرەك.

لېكىن بىز « ئەكىلىپ بېرىلگەن » نەرسىلەردىن قورقۇپ كەتتۇق: ئاۋال ئەنگلىيىنىڭ ئەپيۇنى، گېرمانىيىنىڭ كېرەكتىن چىققان توپ - زەمبىرەكلىرى، كېيىن فرانسىيىنىڭ ئۇپىسى، ئامېرىكىنىڭ كىنوسى، ياپونىيىنىڭ « پۈتۈنلەي مىللىي مال » دېگەن سۆزلەر بېسىلغان مىلىش ماللىرى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەتتا ئەقىل - ھوشى بار ياشلارمۇ چەت ئەل ماللىرىدىن تەشۋىشلىنىدىغان بولدى. ئەمەلىيەتتە، بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ « ئېلىپ كېلىنگەن » بولماستىن، « ئەۋەتىپ بېرىلگەن » نەرسە بولغانلىقى سەۋەبچى بولغان.

دېمەك، بىز كاللىمىزنى ئىشلىتىپ، كۆزىمىزنى ئېچىپ، ئۆزىمىز



ئەكىلىشىمىز كېرەك!

مەسىلەن: بىزنىڭ ئىچىمىزدە بىر كەمبەغەل ياش يىگىت ئاتا-بوۋىسىنىڭ خاسىيىتىدىن ( ھازىرچە شۇنداق دەپ تۇراي ) چوڭ بىر قورۇ - جاي تاپقان بولسۇن، ئۇنى كۆز بوياپ تاپسۇن، بۇلاپ ئالسۇن ياكى قانۇنلۇق مىراس قىلىپ ئالسۇن ۋە ياكى كۈيئوغۇل بولۇش مۇناسىۋىتى بىلەن تاپقان بولسۇن[5]، بۇنى سۈرۈشتۈرمەي قويۇپ تۇرايلى. ئۇ ھالدا، قانداق قىلىش كېرەك؟ مېنىڭچە ئالدى بىلەن نېرى - بېرىسىنى قويۇپ تۇرۇپ، « ئەكەل! » دېيىش كېرەك. لېكىن، ئەگەر بۇ قورۇ - جاينىڭ كونا ئىگىسىگە قارشى تۇرۇپ، ئۇنىڭ بەرگەن نەرسىلىرى بۇلغاپ قويىدۇ دەپ ئەندىشە قىلىپ، ئۇ قورۇ - جايغا كىرىشكە پېتىنالماي تېڭىرقاپ يۈرسە، توخۇ يۈرەك بولۇپ قالىدۇ؛ ئۆزۈمنىڭ پاكلىقىنى ساقلايمەن دەپ، قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، ئوت يېقىپ كۆيدۈرۈۋېتىدىغان بولسا، ئەخمەق بولۇپ قالىدۇ. بىراق، بۇ قورۇ - جاينىڭ كونا خوجايىنىنى ئەسلىدىن ياخشى كۆرىدىغان بولسا، بۇ نۆۋەت ھەممىسىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، خۇرسەنلىك بىلەن ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ، ئېشىپ قالغان ئەپيۇننى ھە دەپ چەككىلى تۇرسا، نائەھلى بولۇپ قالىدۇ، ئەلۋەتتە. « ئەكىلىشپەرۋەر » ئادەم ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ. ئۇ ئۆز ئىلكىگە ئالىدۇ، تاللايدۇ. بېلىق گۆشىنى ئۇچراتسا، ئۆزۈمنىڭ « سادىدا پۇخرالاشقان » لىقىمنى نامايىش قىلىۋېتەي دەپ ئۇنى كوچىغا چۆرۈۋەتمەيدۇ، ئوزۇقلا بولىدىكەن، ئۇنى ئۆز يار - بۇرادەرلىرى بىلەن خۇددى چامغۇر - بەسەينى يېگەنگە ئوخشاش يەيدۇ، لېكىن كاتتىلارغا زىياپەت قىلىپ ئولتۇرمايدۇ؛ ئەپيۇننى ئۇچراتسا، ئۇنىمۇ ئۇزۇل - كېسىل ئىنقىلابچى ئىكەنلىكىمنى بىر كۆرسىتىپ قوياي دەپ كۆپچىلىك ئالدىدا خالا جايغا چۆرۈۋەتمەستىن، كېسەل داۋالاشقا ئىشلەتسۇن دەپ دورىخانىغا ئاپىرىپ بېرىدۇ ۋە لېكىن « تەۋەررۈك دورىنى ساتىمەن، تۈگىسە قالمايدۇ » دېگەندەك قىزىلكۆزلۈك قىلمايدۇ. ئەپيۇن غاڭزىسى بىلەن ئەپيۇن چېكىدىغان شەكىل جەھەتتە ھىندى، پارس، ئەرەبلەرنىڭ ئەپيۇن چابدۇقلىرىدىن پەرقلىق بولغاچقا، ئۇلارنى مىللىي تەۋەررۈك ھېسابلاشقا

بولسىمۇ ، ئۇلارنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ دۇنيانى ئايلانغاندا كۆرگۈچىلەر چىقسىمۇ ، لېكىن ، مېنىڭچە ، ئازراقىنى موزېيغا ئەكىرىپ بەرگەندىن تاشقىرى ، قالغانلىرىنى يەنچىپ تاشلاش كېرەك . قالغان كىچىك خوتۇنلارنىمۇ ئۆز يولۇڭلارغا كېتىڭلار دەپ تارقىتىۋېتىش كېرەك ، ئۇنداق قىلمىساق ، « ئەكىلىشپەرۋەر » لىكىمىزگە بىرئاز خەۋپ يېتىدۇ .

قىسقىسى ، بىزگە ئەكىلىش كېرەك . ئۇنى ئۆزىمىز ياكى ئىشلىتىشىمىز ، ياكى ساقلاپ قويۇشىمىز ۋە ياكى يوقىتىشىمىز كېرەك . شۇنداق قىلغاندا ، ئۇنىڭ ئىگىسى يېڭى ئىگە بولىدۇ ، ئۆي ــ جايمۇ يېڭى ئۆي ــ جايغا ئايلىنىدۇ . لېكىن بۇ ئادەم ھەممىدىن ئاۋال تەمكىن ، باتۇر ــ غەيرەتلىك ، پەملىك ، شەخسىيەتسىز بولۇشى كېرەك . ئەكەلگىنى بولمىسا ، ئادەم ئۆزىچە يېڭى ئادەم بولالمايدۇ ؛ ئەكەلگىنى بولمىسا ، ئەدەبىيات ــ سەنئەتمۇ ئۆزىچە يېڭى ئەدەبىيات ــ سەنئەت بولالمايدۇ .

6 ــ ئاينىڭ 4 ــ كۈنى

### ئىزاھات

①بۇ ماقالا دەسلەپ 1934 ــ يىلى 6 ــ ئاينىڭ 7 ــ كۈنى « جۇڭخۇا » گېزىتىنىڭ « ئۇچۇر » ناملىق قوشۇمچە بېتىگە خوچۇاڭ دېگەن تەخەللۇس بىلەن بېسىلغان .

②« ئۇلۇغ ئاخشام گېزىتى » 1934 ــ يىلى 5 ــ ئاينىڭ 28 ــ كۈنى بىر خەۋەر بېسىپ ، ئۆز ۋاقتىدىكى رەسسام ليۇ خەيلى ۋە شۈي بېيخۇڭ ياۋروپادا تەسۋىرىي سەنئەت كۆرگەزمىلىرى ئۆتكۈزۈپ ، « سوۋېت روسىيىسىدە ئەۋج ئېلىۋاتقان ئىشارىتىزمچە ئەسەرلەرگە ئويغۇنلاشماقتا » ۋە مېي لەنفاڭنىمۇ تۇرتكە بولۇش ئۈچۈن ئەۋەتىشكە ھازىرلانماقتا ، دەپ يازغان . لۇشۈن ئەنە شۇ خەۋەرگە قارشى ماقالە يېزىپ ، شۇ بۇرمىلانغان خەۋەرگە تەنقىد بەرگەن .

③نىتسې ( 1844 ــ 1900 ) ــــ گېرمانىيە پەيلاسوپى « غەيرىي ئىنسان » پەلسەپىسىنىڭ تەرغىباتچىسى .

④گومىنداڭ ھۆكۈمىتى 1933 ــ يىلى 6 ــ ئاينىڭ 4 ــ كۈنى ئامېرىكا بىلەن « پاختا ، بۇغداي ئۈچۈن قەرز پۇل » ( جەمئىي 50 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ) توختىمى تۈزگەن ؛ بۇنى ئامېرىكىنىڭ بۇغداي ۋە باشقا نەرسىلىرىنى ، پاختىسىنى



سېتىۋېلىشقا سەرپ قىلغانىدى . ئاپتور بۇ يەردە ئەنە شۇ ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتسا كېرەك .

⑤بۇ يەردە شاۋ شۈنمېيگە كىنايە قىلىنىدۇ . ئۇ مەنچىڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا ياشىغان چوڭ دەللال مەنسەپدار ، مىليونېر باي شېڭ شۈەنخەيىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ ، قېيىن ئاتىسىنىڭ پۇلى بىلەن نەشرىيات قۇرغان . كىتاب ــ ژورنال نەشر قىلغان .

# سۇنىڭ تىلى ①

ھاۋانىڭ ئۇدا پىژ - پىژ ئىسسىق بولۇۋاتقىنىغا يىگىرمە كۈندەك ۋاقىت بولۇپ قالدى. شاڭخەي گېزىتلىرىگە قارىسىڭىز، ھەر كۈنى دېگۈدەك بىرمۇنچە ئادەمنىڭ دەريادا سۇغا چۈشۈپ تۇرۇۋاتقانلىقى، بەزى ئادەملەرنىڭ سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى كۆرىسىز. سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلۈش ھادىسىلىرى ئېقىن سۈيى كۆپ يېزىلاردا ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ.

ئېقىن سۈيى كۆپ يېزىلاردا سۇ توغرىسىدىكى بىلىم كۆپ، سۇ ئۈزەلەيدىغان ئادەملەرمۇ كۆپ؛ سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيدىغان ئادەملەر ئاسانلىقچە سۇغا چۈشمەيدۇ. مۇشۇنداق سۇ ئۈزۈش ماھارىتى ئادەتتە « سۇنىڭ تىلىنى بىلىش » دەپ ئېيتىلىدۇ.

« سۇنىڭ تىلىنى بىلىش » دېگەن سۆزنى « دەللال » لارچە جانلىق تىل بىلەن تەپسىلىيرەك قىلىپ شەرھلەيدىغان بولسام، بىرىنچىدىن، ئوتنىڭ ئادەمنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى، لېكىن سۇنىڭ ئاسان چىقىشىپ كەتكىلى بولىدىغان دەرىجىدە مۇلايىم ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ دامىغا ئاسانلا چۈشۈپ قېلىش ئېھتىمالى بارلىقىنى بىلىش دېمەكتۇر: ئىككىنچىدىن، سۇ ئادەمنى چۆكتۈرۈپ ئۆلتۈرەلىسىمۇ، ئادەمنى لەيلىتەلەيدىغانلىقىنى، ھازىر ئۇنى تىزگىنلەشنىڭ ئىلاجى بولمىغاچقا، ئۇنىڭ پەقەت ئادەمنى لەيلىتەلەيدىغان تەرىپىدىنلا پايدىلىنىشنى بىلىش دېمەكتۇر؛ ئۈچىنچىسى بولسا، تىزگىنلەش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋېلىش دېمەكتۇر؛ بۇ ئۇسۇلنى ئوبدان بىلىۋالغاندا، « سۇنىڭ تىلىنى بىلىش » ئىشى كامالەتكە يەتكەن بولىدۇ.

لېكىن چوڭ شەھەرلەردىكى ئادەملەر سۇدا لەيلەپ ئۈزۈشنى بىلمىگەنىنىڭ ئۈستىگە، ھەتتا سۇنىڭ ئادەمنى غەرق قىلىپ ئۆلتۈرىدىغانلىقىنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويغاندەك تۇرىدۇ. ئادەتتە تە-



رەددۇتىنى قىلماي، ۋاقتى كەلگەندە سۇنىڭ ئويى - چوڭقۇرىنى تەكشۈرۈپ كۆرمەي، ھاۋا ئىسسىغاندا چىداپ تۇرالماي، كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ پولدۇڭ قىلىپ سەكرەيدىغان بولسا، ئەگەر تەتۈر پېشانىلىك بىلەن چوڭقۇر يەرگە چۈشۈپ كەتسە، ئۇنىڭ ئۆلۈشى تەبىئىي. مەن ئويلايمەنكى، ئەنە شۇنداق ۋاقىتتا ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىشنىڭ ئىلاجىسىنى قىلىدىغان ئادەملەرمۇ يېزىغا قارىغاندا چوڭ شەھەرلەردە ئاز بولسا كېرەك.

لېكىن چوڭ شەھەرنىڭ ئادەملىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىشمۇ خېلى تەس بولسا كېرەك، چۈنكى قۇتقۇزغۇچىغۇ « سۇنىڭ تىلىنى بىلىشى » كېرەك، قۇتقۇزۇلغۇچىمۇ « سۇنىڭ تىلى » نى ئۆز لايىقىدا بىلىشى كېرەك، ئۆزى كۈچەپ كەتمەستىن، قۇتقۇزغۇچىنىڭ ئېڭەكتىن كۆتۈرگىنىچە تېيىز يەرگە قاراپ لەيلىتىپ مېڭىشىغا قويۇپ بېرىشى كېرەك. ئەگەر تولىمۇ ھودۇقۇپ، قۇتقۇزغۇچىغا مەھكەم چاپلىشىۋالىدىغان بولسا، ئەگەر قۇتقۇزغۇچى سۇ ئۈزۈشكە ماھىر بولمىسا، ئۇ چاغدا قۇتقۇزغۇچىنىڭ ئۆزىمۇ چۆكۈپ غەرق بولۇپ كېتىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن ئويلايمەنكى، ئەڭ ياخشىسى، ئاۋال لەيلەشنى بىرئاز ئۆگىنىش كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن قايسىبىر باغچىنىڭ سۇ ئۈزۈش مەيدانىغا بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق، دەريا بويىمۇ بولىۋېرىدۇ؛ لېكىن سۇ ئۈزۈشنى بىلىدىغان ئادەم يېتەكچىلىك قىلىشى شەرت. ئاندىن قالسا، ئەگەر بىرەر سەۋەب بىلەن سۇدا لەيلەشنى ئۆگىنىشكە مۇمكىن بولماي قالسا، ئۇزۇن تاياق بىلەن ئاۋال سۇنىڭ ئويى - چوڭقۇرلۇقىنى بىلىۋېلىپ، پەقەت تېيىز يېرىدە ئانچە - مۇنچە يۇيۇنسىمۇ بولىدۇ ياكى ھەممىدىن خاتىرجەم چارە شۇكى، دەريا بويىدا سۇنى ئۇسۇپ، ئۈستىبېشىدىن قويسىمۇ بولىدۇ. لېكىن ھەممىدىن مۇھىمى شۇكى، سۇنىڭ ئۈزۈشنى بىلمەيدىغان ئادەمنى غەرق قىلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىش خۇسۇسىيىتىنى بىلىش كېرەك ۋە بۇنى ئەستىن زادىلا چىقارماسلىق كېرەك!

مۇشۇنداق ساۋاتنى تەشۋىق قىلىشنى ھازىر تەشەببۇس قىلىپ يۈرسەم، ئالجىپ قالغاندەك كۆرۈنەرمەن ياكى قەستى « چېلىتەك »② تە دەيدىغان گەپلەر چىقار، لېكىن مەقسىتىمنىڭ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەسلى-

كىنى پاكىت ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ . نۇرغۇن مەسىلىلەردە راۋان كېتىۋاتقان تەنقىدچىلەرگە ياخشى كۆرۈنەرمەن دەپ ، قارىسىغا يوغان گەپ قىلىش يارىمايدۇ .

7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى .

ئىزاھات :

①بۇ ماقالە دەسلەپ 1934 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى « شېنباۋ » گېزىتىنىڭ « ئەركىن پاراڭ » ناملىق قوشۇمچە بېتىگە بېسىلغان .

② « چېلتەك » — بۇ ھەقتە مۇشۇ كىتابنىڭ ئاخىرىدىكى « 〈 چېلتەكلىك ئەدەبىيات 〉 قا كىرىش سۆز » دېگەن ماقالىگە ۋە ئىزاھاتىغا قاراڭ .



# جەدىتلىك ۋە مۇتەئەسسىپلىك①

بەننۇڭ ئەپەندىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىمۇ ، خۇددى يازغۇچى جۇ شياڭ بىلەن لۇ يىڭغا②ئوخشاشلا ، بەزى گېزىت ـ ژۇرناللارنى بىر مەھەل قىزىتىۋەتتى . بۇ ئەھۋالنىڭ قاچانغىچە داۋام قىلىدىغانلىقىغا ھازىر تېخى ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ . لېكىن بۇ ئۆلۈمنىڭ رولى ھېلىقى ئىككىيلەننىڭ رولىدىن كۆپ چوڭ بولغاندەك تۇرىدۇ : بەننۇڭ ئەپەندىنىڭ « جەدىت »③ لىك قىلىدىغان ئادەملەرگە ئۆز ئەرۋاھى بىلەن پەشۋا بېرىشكە يارايدىغان مۇتەئەسسىپلەر پىرى قىلىۋېلىنىشىغا ئازلا قالدى .

بۇ پەشۋانىڭ تورى ( كۈچى ) بار ، چۈنكى ئۇ ھەم قەدىمىي ئۇسلۇبتا يازىدىغان مەشھۇر ئادەم ، ھەم سابىق جەدىت ئىدى ، جەدىتلىكتە مۇشۇنداق جەدىت بىلەن پەشۋا بېرىش ، خۇددى زەھەرنى زەھەر بىلەن قايتۇرغانغا ئوخشاش ، كونىراپ ـ داتلىشىپ كەتكەن ئاسارئەتىقىلەرنى دەستەك قىلغاندىن ئۈنۈملۈك بولىدۇ . لېكىن گەپنىڭ كۈلكىلىك يېرى مانا مۇشۇ يەردە . نېمە ئۈچۈن ؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى ، بەننۇڭ ئەپەندى بولسا « جەدىت » لىك بىلەن داڭق چىقارغان ئادەم .

ئىلگىرىكى چاغلاردا ليۇ بەننۇڭ دېگەن ئىسىمنىڭ ياشلارنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كېتىشىگە ئۇنىڭ فونېتىكىغا ماھىر بولغانلىقى ياكى پات ـ پات غەزەل توقۇپ تۇرىدىغانلىقى ئەمەس ، ئۇنىڭ قوشماق ئۆردەك ۋە جۈپ كېپىنەكچىلەر④ قاتارىدىن سەكرەپ چىقىپ ۋاڭ جىڭشۈەننى مات قىلىپ ،⑤ « ئەدەبىيات ئىنقىلابى » سېپىدىكى جەڭچىگە ئايلانغانلىقى سەۋەب بولغانىدى . شۇڭا ئۆز ۋاقتىدا بىر قىسىم ئادەملەر ئۇنى « جەدىت » دەپ ھاقارەتلىگەنىدى . زامان ھەر ھالدا بىرئاز ئىلگىرىلىگەندەك قىلدى ، ۋاقىت بارا ـ بارا بۇ لەقەمنى يۇيۇۋەتتى ; ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىرئاز يۇقىرى يامىشىپ ، زامانغىمۇ بىرئاز باقىدىغان بولۇپ قالدى ، شۇنىڭ بىلەن ئاخىر

پاكپاكىز مەشھۇر ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى. لېكىن « ئادەم داغقى چىقىشتىن، چوشقا سەمرىشتىن قورقسا بولىدۇ » دېگەندەك، شۇ چاغدا ئۇ يېڭى « جەدىت » لىك كېسەللىنى ساقايتىدىغان دورىغىمۇ ئايلىنىپ قالدى.

بۇ يالغۇز بەنئۇڭ ئەپەندىنىڭلا بېشىغا كەلگەن كۆلپەت ئەمەس، ئۇنداق كونا مىساللار ئەمەلىيەتتە خېلى كۆپ. گۇاڭدۇڭدا ئۆلىمالار شۇنچە كۆپ تۇرسا، نېمىشقا يالغۇز كاڭ يۇۋېينىڭلا[6] داغقى چىقىپ قالدى؟ چۈنكى ئۇ پاشالىق ھارۋىغا چۈشۈپ بېرىپ پادىشاھقا مەكتۇپ سۇنغانلارنىڭ سەردارى، ۋۇشۈي سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ يېتەكچىسى، يەنى جەدىت بولغان. ئەنگلىيىگە بېرىپ ئوقۇغانلارمۇ ئاز ئەمەس، لېكىن شۇلاردىن يەن فۇ[7] نىڭ نامىنىڭ تېخىچە ئۆچمىگەنلىكى ئۇنىڭ ئىلگىرى پەرەڭلەرنىڭ بىرنەچچە كىتابىنى ئەستايىدىل تەرجىمە قىلغانلىقىدىن، يەنى جەدىتلىك قىلغانلىقىدىن بولدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە ئاسارئەتىقشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەملەر يالغۇز تەييەن ئەپەندىدىنلا[8] ئىبارەت ئەمەس ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ شۆھرىتىنىڭ سۇن يىراڭدىنمۇ[9] ئۈستۈن بولۇشى، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئىرقىي ئىنقىلابنى تەشەببۇس قىلغانلىقىدىن، يەنى جەدىتلىك قىلغانلىقىدىن، ھەتتا « ئىسيان » كۆتۈرگەنلىكىدىن بولدى. كېيىن ئۇلار « جەدىت » لىكىنىمۇ ۋۇجۇتقا چىقىرىپ، تىرىك، ساپ پىر بولۇپ قالدى. لېكىن پالاكەتچىلىكمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئىز باستۇرۇپ كەلدى: كاڭ يۇۋېي بولسا ھالاك بولغان پادىشاھلىق تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرگۈچىلەرنىڭ بوۋىسى دېگەن مەڭگۈلۈك بەتنامغا قالدى؛ پادىشاھ يوقۇن شىكەي بولسا يەن فۇنى پادىشاھلىق تۈزۈمنى تىرىلدۈرۈشنىڭ تەشەببۇسكارى قىلماقچى بولدى؛ سەردار سۇن چۈەنفاڭ[10] مۇتەييەن ئەپەندىنى لوگۇقىغا ئوق چۈشۈرۈش ئويۇنىغا تەكلىپ قىلدى. ئىلگىرى ئۇلار ھارۋىنى ئالدىغا تارتىپ ماڭغان نەۋقىران ئىدى، پاقالچەكلىرى كۈچلۈك، بىلەكلىرىمۇ توم ئىدى، بۇ نۆۋەتمۇ شۇلارنى ھارۋا تارتىشقا تەكلىپ قىلىشتى، ئۇلار ھارۋىنى تارتىشنى تارتتى. لېكىن كەينىگە تارتتى. بۇ يەردە قەدىمكى ئۇسلۇب بويىچە « ئەلھۆكمىللا » دېمەكتىن باشقا چارە يوق.



مەن بۇ يەردە بەنئۇڭ ئەپەندىگە « جەدىت » لىك قىلغان دەپ تەنە قىلىۋاتقىنىم يوق، مېنىڭ بۇ يەردە ئېيتىۋاتقىنىم ئادەتتىكى « جەدىت » لىكنىڭ بىر قىسمىدىن، يەنى « باشلامچى » دېگەن مەنىدىن ئىبارەت. ئۇ « زاۋال » تاپتىم دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا كۈرەش قىلىپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنى قەدىرلەيدىغان كىشىلەر ئۇنىڭ ئەنە شۇ كۈرەش قىلغان تەرىپىنى كۆپرەك تەسۋىرلىشى كېرەك، ئۇنىڭغا تەرەپ ـ تەرەپتىن چاڭ سېلىپ، ئۇنى ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان مايغا ياكى لايغا بۇلاپ، ئۆزلىرىگە ئالتۇن ھەل بىلەن يېزىلغان ۋىۋىسكا قىلىۋالمىسىلا بولىدى.

8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى

**ئىزاھات**

① بۇ ماقالە دەسلەپ 1934 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى « شېنباۋ » گېزىتىنىڭ « ئەركىن پاراڭ » ناملىق قوشۇمچە بېتىگە كومپرادور » ئىمزاسى بىلەن بېسىلغان.

② جۇ شياڭ ( 1904 ـ 1933 ) — ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ تەيخۇ ناھىيىسىدىن، ئەنخۇي داشۇ ئىنگلىز ئەدەبىياتى سىنىپىنىڭ جۇرنى بولغان. ئۇنىڭ « گىياھ » قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى بار. ئۇ 1933 ـ يىلى 12 ـ ئايدا دەرياغا سەكرەپ ئۆلۈۋالغان. لۇيىڭ ( 1898 ـ 1934 ) — ئەسلى ئىسمى خۇاڭ يىڭ؛ فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ مىنخۇ ناھىيىسىدىن، ئايال يازغۇچى. ئۇنىڭ « دېڭىز بويىدىكى قەدىناس » قاتارلىق ئەسەرلىرى بار: 1934 ـ يىل 5 ـ ئايدا تۇغۇتتا ئۆلگەن.

③ « جەدىت » — شۇ چاغدا ئەدىب لىن يۈيتاڭنىڭ ئىلغار زاتلارغا قىلغان تەنىسى. 1934 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى « كىشىلىك دۇنياسى » نىڭ 8 ـ سانىدا بېسىلغان. « دەۋر ۋە ئادەم » دېگەن ماقالىسىدە، « گەرچە جەدىتلىك مۇھىم بولسىمۇ، ئادەملىك خىسلەتنى ساقلاپ قېلىشمۇ ئوخشاشلا مۇھىم » دېگەن.

④ جۇپ كېپىنەكچىلەر — جۇپ كېپىنەكچىلەر چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى مىنگونىڭ باشلىرىدا بارلىققا كەلگەن. بۇلار قەدىمكى تىل ئۇسلۇبىدا موللا ئەدىب، گۈزەل نازىنىنلارنى تەسۋىرلەيدىغان ھېكايىلەر يازاتتى. بۇ ھېكايىلەرنى مىشچانلار ياقتۇراتتى. ئۇلار 1914 ـ يىلىدىن 1923 ـ يىلىغىچە « شەنبە » ناملىق ھەپتىلىك ژورنال چىقارغانلىقى ئۈچۈن شەنبىچىلەر دەپمۇ ئاتالغان. لىۇ بەنئۇڭ

دەسلەپكى مەزگىللەردە « بەننۇڭ » دېگەن تەخەلۇستا شۇلارنىڭ ژورنىلىغا ماقالە يېزىپ تۇرغان .

⑤ ۋاڭ جىڭشۇەننى مات قىلىش — 1918 - يىلىنىڭ بېشىدا « يېڭى ياش » تەھرىرلىرىدىن بىرى بولغان چەن شۇەنتۇڭ ئەدەبىيات ئىنقىلابى ھەرىكىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ، قەدىمكىنى تىرىلدۈرگۈچىلەرگە قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن ، ئەينى چاغدا جەمئىيەتتىكى يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە قارشى تۇرغۇچى مۇقاملارنى مەركەزلەشتۈرۈپ ، قەدىمكىنى تىرىلدۈرگۈچىلەرنىڭ سۆز - ئىبارىلىرىنى دوراپ « يېڭى ياش » تەھرىراتىغا ۋاڭ جىڭشەن تەخەللۇسىدا خەت يازغان ؛ لىيۇ بەننۇڭمۇ بىر پارچە جاۋاب خەت يېزىپ قاتتىق رەددىيە بەرگەن . بۇ ئىككى پارچە خەت شۇ يىلى 3 - ئايدا " يېڭى ياش " نىڭ 4 - جىلد 3 - سانىغا تەڭ بېسىلغان .

⑥ كاڭ يۇۋېي ( 1958 - 1927 ) — يەنە بىر ئىسمى گۇاڭ شيا ، لەقىمى چاڭسۇ ، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ نەنخەي دېگەن يېرىدىن . چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى بۇرژۇئا ئىسلاھاتچىلىق - يېڭىلىق ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى . ئۇ ، 1895 - يىلى ھەر قايسى ئۆلكىلەردىن ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ بېيجىڭغا كەلگەن 1300 دىن كۆپرەك تالىپ بىلەن بىرلىشىپ پادىشاھ گۇاڭشۈيگە « ئىلتىماسنامە » سۇنۇپ ، 〈قانۇننى ئۆزگەرتىپ ، يېڭىلىققا كۆچۈش 〉 نى ، مۇستەبىت مۇنارخىيە تۈزۈمىنى پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈمگە ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلغان . بۇ ، تارىختا 〈 پادىشاھلىق ھارۋىغا چۈشۈپ بېرىپ ئىلتىماس سۇنۇش 〉 دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ سۆز كېيىنكى چاغلاردا تالىپلارنىڭ پايتەختكە بېرىپ ئىمتىھانغا قاتنىششنى بىلدۈرىدىغان سۆزگە ئايلانغان . 1998 - يىلى 6 - ئايدا ، ئۇ ، تەنسىتۇڭ ، لياڭ چىچاۋ قاتارلىقلار بىلەن بىللە پادىشاھ گۇاڭشۈينىڭ يارلىقى بىلەن ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ ، قانۇننى ئۆزگەرتىش ئىشىنى سىناق قىلغان . ئۇلار ، شۇ يىلى 9 - ئايدا سى شىتەيخۇ ۋەكىللىكىدىكى جاھىللار تەرىپىدىن باستۇرۇلغان ھەمدە يېڭىلىق ھەرىكىتىمۇ مەغلۇپ بولغان . كېيىن كاڭ يۇۋېي چەتئەلدە پادىشاھنى قوغداش ئۇيۇشمىسى تەشكىللەپ ، سۇن جۇڭشەن رەھبەرلىكىدىكى دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە قارشى تۇرغان ، 1917 - يىلى مىلىتارىست جاڭ شۈن بىلەن ئالاقە باغلاپ ، بىكار قىلىنغان چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى فۇيىنى تىرىلدۈرۈشكە يار - يۆلەكتە بولغان .

⑦ يەن فۇ ( 1953 - 1921 ) — يەنە بىر ئىسمى يۇلىڭ ، يەنە بىر ئىسمى جى داۋ . فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ مىنخۇ دېگەن يېرىدىن . چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلدە ئۆتكەن مەرىپەتچى مۇتەپەككۇر ، تەرجىمان . ئەنگلىيىنىڭ دېڭىز



ئارمىيىسى مەكتىپىدە ئوقۇغان . 1894 - يىلقى جۇڭگو - ياپونىيە ئۇرۇشىدىن كېيىن ، قانۇننى ئۆزگەرتىپ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەرشەببۇس قىلغان ، غەربنىڭ تەبىئىي پەنلەر ئىدىيىسىنى تونۇشتۇرۇشقا بېرىلىپ ، گېكسلىينىڭ « ئېۋرسىيەت نەزەرىيىسى » ، ئادام سىمىتنىڭ « مىللىي بايلىق » ، جامىس مىللىتىنىڭ « لوگىكا سىستېمىلىرى » چارل مونتېسكونىڭ « قانۇن روھى توغرىسىدا » قاتارلىق ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغان . ئۇ ئەينى چاغدا جۇڭگو ئىدىئولوگىيىسىگە ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن . شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن ئىدىيىدە بارا - بارا ئارقىغا چېكىنگەن ، 1915 - يىلى « ئامانلىققا تەييارلىق ئۇيۇشمىسى » غا قاتنىشىپ ، يۈەن شىكەينىڭ پادىشاھ بولۇشىنى ھىمايە قىلغان .

⑧ تەييەن — جاڭ بىڭلىن ( 1869 - 1936 ) ، يەنە بىر ئىسمى جاڭ تەييەن ، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ يۈيخاڭ دېگەن يېرىدىن ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلدە ئۆتكەن ئىنقىلابچى ۋە ئالىم . ئۇ ھاياتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدە چىڭ خاندانلىقىغا قارشى كۈرەشكە ئاكتىپ قاتناشقان ، شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن ئاستا - ئاستا رېئال كۈرەشتىن ئايرىلغان ، ئىدىيىدە چۈشكۈنلۈك تەرەپكە يۈزلەنگەن . ئۇنىڭ « جاڭ مەجمۇئەسى » ، « جاڭ مەجمۇئەسىنىڭ داۋامى » قاتارلىق كىتابلىرى بار .

⑨ سۇن يىراڭ ( 1848 - 1908 ) — يەنە بىر ئىسمى جۇڭ رۇڭ ، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ رۈيئەن ناھىيىسىدىن . چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلدە ئۆتكەن ئاسار ئەتىقىشۇناس . ئۇنىڭ « جۇ سۇلالىسى ئەدەب - قائىدىلىرىنىڭ توغرا تەپسىرى » ، « موزىنىڭ شەرھى » دېگەن كىتابلىرى بار .

⑩ سۇن چۇەنفاڭ ( 1848 - 1908 ) — شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ لىچىڭ دېگەن يېرىدىن . شىمالىي مىلىتارىستلاردىن خېبېيلىك مىلىتارىست . ئۇ شەرقىي جەنۇبتىكى بەش ئۆلكىنى ئىشغال قىلىپ تۇرغاندا ، قەدىمكىنى تىرىلدۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىش ئۈچۈن ، 1926 - يىلى 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى نەنجىڭدا « لوڭقىغا ئوق چۈشۈرۈش » مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن . بۇ مۇراسىمغا جاڭ تەييەننى رىياسەتچىلىك قىلىشقا تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ ، جاڭ تەييەن بارمىغان . لوڭقىغا ئوق چۈشۈش — قەدىمكى زامان زىياپەتلىرىدىكى بىر خىل ئويۇن . مېھمانلار بىلەن ساھىبخانە كامالەكنىڭ ئوقىنى نۆۋەت بىلەن لوڭقىغا چۈشۈرىدۇ ، ئۇتتۇرۇپ قويغىنى ھاراق ئىچىدۇ .

## « گۈلشەن پاراگلىرىغا ئىستىئارە » نىڭ خاتىمىسى[1]

بۇ 60 نەچچە پارچە زاۋىيىنى بىرمەھەل زۇلۇم چەككەندىن كېيىن بۇلتۇر 6 ـ ئايدىن باشلاپ باشقا ھەر خىل تەخەللۇس بىلەن تەھرىر ئەپەندىلەرنىڭ ۋە تەكشۈرگۈچى جانابلارنىڭ كۆزلىرىنى پەردىلەپ قويۇپ، « ئەركىن پاراڭ » دا ئېلان قىلغانىدىم . كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، « ئىلھام » لىرى ناھايىتى قايناپ تۇرىدىغان بەزى « ئەدىب » لەر بۇ زاۋىيىلارنى ماختىدى . ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھىدلاپ بىلگەنلىرىگە ئاساسەن چىقارغان ھۆكۈملىرى بەزىدە پاكىتقا ئۇيغۇن كەلمىگەن بولسىمۇ، يوشۇرۇشنىڭ ئامالى بولمىدى . دېمەك، تۆۋە قىلمايدىغان ئادەم ھەرقانچە قىلسىمۇ ئۆزىنى يوشۇرۇپ كېتەلمەيدىكەن . شۇنىڭ ئۈچۈن يېرىم يىل ئۆتمەستىنلا بېشىمغا تېخىمۇ قاتتىق زۇلۇم چۈشتى، 11 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە ئەپلەپ ـ سەپلەپ يازىۋەردىم ؛ شۇندىن كېيىن، ئۆز قەلىمىمنىڭ نىقاپ تارتىۋالغان قوماندانلىق قىلىچى سايىسىدە كۆكرەك كېرىپ چىققان باتۇرلارغا ھەقىقەتەن تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ، قەلەمنى توختىتىپ قويۇشقا مەجبۇر بولدۇم .

ماقالە يېزىشنى توختىتىپ قويغاندىن كېيىن، كونا ماقالىلىرىمنى رەتلەش بىلەن شۇغۇللاندىم، ئۆز ۋاقتىدا باشقىلار چىقىرىپ تاشلىغان زاۋىيىلارنى قىنىمغا بېسىپ چىقىرىشقا مۇمكىن بولمىغان پارچىلارنىمۇ قوشۇپ، يىل ئاخىرىدا بىر كىتاب قىلىپ تەييارلىدىم ؛ ۋەزنى بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى « ساختا ئەركىنلىكنامە » دىنمۇ كۆپرەك بولۇپ چىقتى . بۇ يىل 3 ـ ئايدا نەشرگە بېرىش نىيىتى بىلەن بىر پارچە مۇقەددىمە يازدىم ؛ مەتبەدە تىزىلدى، كوررېكتورىنى كۆرۈپ بەردىم، شۇنداق قىلىپ تۇيماستىنلا يەنە يېرىم يىل ئۆتۈپ كەتتى ؛ قەلەمنى توختىتىپ قويغان چېغىمدىن تارتىپ ئەسلەپ كۆرسەم، بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپتۇ . ۋاقىت ھەقىقەتەن ئۇچقاندەك ئۆتۈپ تۇرىدىكەن . لېكىن مېنىڭ



زاۋىيىلىرىمنىڭ خۇددى ھازىر ياكى ھەتتا كېلەر يىل ئۈستىدىن گەپ قىلىۋاتقاندەك تۇرغانلىقىدىن ئەندىشە قىلدىم .

ھېلىمۇ يادىمدا تۇرۇپتۇ، « ساختا ئەركىنلىكنامە » نەشردىن چىققاندا، « ئىجتىمائىي ئاخبارات » تا مېنىڭ شۇ كىتابنى نەشر قىلدۇرغانلىقىم توغرىسىدا، ئەسلى مەقسىتى پۈتۈنلەي قۇيرۇقتا ـــ « خاتىمە » دە ـــ، دېگەن باھا چىققانىدى . ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۇقۇشماسلىق . مەن ئۆزۈمنىڭ زاۋىيىلىرىمدا دائىم بىرەر بۇرۇن، بىرەر ئېغىز، بىرەر تال تۈكنى يازىمەن ؛ لېكىن بۇلار قوشۇلۇپ تولۇق بىرەر ئوبراز بولۇپ چىقىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز زاۋىيىلىرىمغا يەنە باشقا بىرەرنى قوشمىسامۇ رەتكە ئۆتتۈرەتتى . بىراق، ئۇلارغا بىر قۇيرۇقنى قوشۇپ قويسام، تېخىمۇ كامالەتكە يېتىدىغاندەك تۇردى . دېمەك، مېنىڭ خاتىمە يېزىشتىن مەقسىتىم « پۈتۈنلەي قۇيرۇقتا » ئەمەس ؛ مەن بولسام قەلەم بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، شۇڭا ھەر قاچان قەلەم تەۋرەتكۈم كېلىدىغان ئادەم ؛ مانا بۇنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مېنىڭ خاتىمە يېزىشتىن مەقسىتىم پەقەت شۇ كىتابتا سىزىلغان ئوبرازلارنى تېخىمۇ مۇكەممەل قامەتكە كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت .

مەزمۇنىمۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشاش . جەمئىيەتتىكى ھادىسىلەرگە، بولۇپمۇ ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى ئەھۋاللارغا تەنقىد بېرىلگەن . تەخەللۇسۇمنى پات ـ پات يەڭگۈشلەپ تۇرغانلىقىم ئۈچۈن، دەسلەپكى چاغلاردا چاتاق ـ پاتاق چىقمىغانىدى . لېكىن « تاغۇ دەريانى يۆتكىمەك ئاسان، مىجەزنى ئۆزگەرتىش تەس » دېگەندەك، ئۆزۈمنىڭ قىنىمغا پاتمايدىغانلىقىمنى بىلىپ قالدىم . « مۇقەددىمىنىڭ ئازادلىقى » دېگەن ماقالەم زىڭ جىنكېنىڭ جىنىغا تېگىپ كېتىپتۇ ؛ « لاپنى مات قىلىش » دېگەن ماقالەم جاڭ زىپىڭنىڭ جىنىغا تېگىپ كېتىپتۇ[2] . بۇلاردىن باشقا يەنە بەزى كاتتا ئادەملەرنىمۇ رەنجىتىپ قويۇپتىمەن، بۇنىڭدىن تېخى ئۆزۈمنىڭ خەۋىرىم يوق . لېكىن « سېتىۋالغان ئەمەللەر » ۋە « كۈيئوغۇل بولۇش ھۈنىرىدىن تەرمىلەر » سەرلەۋھىلىك ماقالىلەرنى يازغىنىمدىن كېيىن، بۇ دەۋا تېخىمۇ يوغىناپ كەتتى .

بۇلتۇر 8 ـ ئايدا شائىر شۇنمىي ئەپەندى ئىلگىدىكى كىتابخانا
« ئون كۇنلۇك پاراك »③ ناملىق ژورنال چىقارغانىدى ، بۇ شائىر كۆرەڭ-
لەپ ، شۇ ژورنالنىڭ 2 ـ سانىدا ( 20 ـ كۈنى نەشىردىن چىققان )
« ئەدىب تاپىسىز بولىدۇ » دېگەن گەپنى چىقىرىپ ، ئاۋۋال ئەدىبلەرنى
بەش خىلغا ئايرىپ ، ئاندىن كېيىن بۇنداق خۇلاسە چىقاردى —

يۇقىرىدىكى بەش خىلدىن باشقا يەنە بىرمۇنچە تىپلىرىمۇ بار ، ئەلۋەتتە ؛
لېكىن ئۇلار قورسىقىغا نان تاپالمىغانلىقى ياكى نان تاپسىمۇ تويغۇدەك
تاپالمىغانلىقى ئۈچۈن ، ئەدىب بولۇشقا مەنسەپدار بولۇش ياكى تىجارەت قىلىشلارغا
قارىغاندا ھېچقانچە دەسمايە كەتمەيدىغانلىقى ئۈچۈن ئەدىب بولۇۋالىدۇ ؛ ئۇلار بىر
تال قەلەم ، ئازغىنە سىياھ ، بىرنەچچە ۋاراق ماقالە قەغىزى تەييارلىسىلا بولدى .
دەسمايىسىز تىجارەتنى ھەممە ئادەمنىڭ قىلغۇسى كېلىدۇ ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدىب
كۆپىيىپ كەتكەن . كەسپى يوق ئادەملەرنىڭ ئەدىب بولىدىغانلىقىنىڭ پاكىتى ئەنە
شۇ .

بىزنىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىمىز ئەنە شۇنداق ئەدىبلەردىن تەركىب تاپقان .
ئۇلار كەسپى بولمىغانلىقتىن ئەدىب بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇلارنىڭ
مۇددىئاسى ئەدىبلىكتە ئەمەس ، كەسىپتە . ئۇلار ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدى-
كىلەرنىڭ زىيايىتى دېگەن باھانە بىلەن ھە دەپ كاتتا ئادەملەرنى ئۆز يېنىغا
تارتىدۇ ؛ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ژورنىلى ياكى قوشۇمچە بەتلەردىن پايدىلىنىپ ، ھە
دەپ ئۆزلىرىنى ئېلان قىلىدۇ ؛ ئۇلار شۆھرەتكىلا بېرىلىدۇ ، شەرم ـ ھايانى بىل-
مەيدۇ .

ئەدىب بولۇپلا ئالسا باشقىلارنىڭ ئەدىب دەپ قارايدىغانلىقىنى ، باشقىلار
ئەدىب دەپلا قارىسا ، ئۇنداق ئادەملەرنىڭ كەسىپسىز بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ۋە
بۇنداق بىر نېمىلەرنىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىنى مەڭگۈ كولدۇرلىتىپ يۈرىدىغانلىقىنى
كىم بىلسۇن ؟!

ئەدىبلەرنىڭ تولىسىنىڭ كەمبەغەل ئىكەنلىكى ھەق راست ؛ سۆز
ۋە ئىجادىيەت زۇلۇمغا ئۇچرىغاندىن بۇيان ، بەزى ئاپتورلارمۇ دەرۋەقە
قورساق باقالمايدىغان بولۇپ قالدى . شاۋ شۇنمېي ئەپەندى
بولسا « شائىر » ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەشھۇر دوكا بايلاردىن بولغان
« مۇشاۋىر شىڭ شۇەنخۇەي »④نىڭ نەۋرە كۈيئوغلى ؛ ئۇنىڭ « بۇنداق



بىر نېمىلەر » نىڭ بېشىغا يۇندىسىنى چېچىشىمۇ ئادەتتىكى بىر ئىش . لې-
كىن مېنىڭچە ئەدىب بولۇش ھەر ھالدا « كاتتا مۇسىبەت » كە بىرئاز
ئوخشىمايدۇ ، ئەدىب بولۇش ئۈچۈن بىرمۇنچە گۇپپاڭچىنى ياللىۋېلىپ ،
داپ داراڭلىتىپ ، ناغرا ـ كاناي چېلىپ ، « پوش ـ پوش ! يولنى بىكار
قىل ! » قىلىپ داۋراڭ سالغان تەقدىردىمۇ ، بۇ داۋراڭ تۈگەپ كەتكەندىن
كېيىن ، كوچا يەنە ئاۋۋالقىدەكلا قۇرۇقدىلىپ قالىۋېرىدۇ ، « كاتتا مۇسى-
بەت » نىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىگە نەچچە ئون يىل بولسىمۇ ، يەنىلا بەزىدە
بەزى مىشچانلارنىڭ تىلىدا داستان قىلىپ يۈرگىنىگە دال بولالمايدۇ . ئادەم
تولىمۇ گادايلىشىپ كەتسە قەلەم تەۋرىتەلمەيدۇ ، لېكىن ئالتۇن ـ كۈمۈش
ماقالىنىڭ جان تومۇرى ئەمەس ، ئۇ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ بويىدىن يەر ـ
زېمىن سېتىۋېلىشقىلا يارايدۇ . شۇنداق بولسىمۇ بايۋەچچىلەر ، پۇل بولسا
شەيتاننى ئۇسۇلغا سالغىلى بولىدۇ ، قەلەمنىمۇ ئىشقا سالغىلى بولىدۇ ، دەپ
خاتا چۈشۈنۈۋالغان . شەيتاننى ئۇسۇلغا سالغىلى بولىدىغانلىقى راست
بولسا كېرەك ، مالائىكىلەرنىمۇ ئىشقا سالغىلى بولۇشى مۇمكىن ، لېكىن قە-
لەمنى ئىشقا سالغىلى بولمايدۇ ، بۇنىڭغا شائىر شاۋشۇنمېي ئەپەندىنىڭ
ئۆزىنىڭ شېئىرلىرى دەلىل بولۇپ تۇرۇپتۇ . مېنىڭ ھېلىقى ئىككى پارچە
ماقالەمنىڭ بىر قىسمى مەنسەپ ـ ئەمەلنى پۇلغا سېتىۋالغىلى
بولىدىغانلىقىنى ، ئەدىبلىكنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى ، خوتۇ-
نىنىڭ شارايىتىدىن مەنسەپ تاپقان ئەمەلدارلار بولىدىغانلىقىنى ، لېكىن
خوتۇنىنىڭ شارايىتىدىن قەلەم تۇتىدىغان بولالايدىغان ئەدىبلەرنىڭ بول-
مايدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ .
شۇنداق بولسىمۇ مەدەتكارى پەيدا بولۇپ قالدى ، بۇ مەدەتكار يەنە
كېلىپ سەلتەنەتلىك « مەركىزىي گېزىت »⑤ ( 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ ۋە 6 ـ
كۈنلىرىدىكى سانى ) تە پەيدا بولدى —

## كۈيئوغۇل مەسىلىسى

روۋشى

« ئەركىن پاراك » نىڭ يېقىنقى سانلىرىدا كۈيئوغۇل مەسىلىسى ھەققىدە

ئىككى پارچە ماقالە بېسىلدى ، ئۇنىڭ بىرى سۇن يۇگىنىڭ « مەمنۇن بولۇش ۋە يازالماسلىق » ، يەنە بىرى ۋېي سۇنىڭ « كۈيئوغۇل بولۇش ھۈنىرىدىن تەرمىلەر » . كېيىنكىسى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چىقتى ؛ ئالدىنقىسى قولۇمدا يوق ، ئېھتىمال 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا چىققان بولسا كېرەك .

ۋېي سۇ ئەپەندى : « ئەدەبىيات مۇنبىرىگە كۈيئوغۇل كېرەك ئەمەس ، لېكىن كۈيئوغۇل ئەدەبىيات مۇنبىرىگە چىقىشى مۇمكىن » دەپ يازغان . ئۇنىڭ « كۈيئوغۇل ئەدەبىيات مۇنبىرىگە چىقىشى مۇمكىن » دېگەن سۆزى ناھايىتى ئورۇنلۇق ، ئۇنىڭدىن قۇسۇر تاپقىلى بولمايدۇ . بىزنىڭ بوۋىمىز باشقىلارنىڭ كۈيئوغلى ، ئاتىمىزمۇ باشقىلارنىڭ كۈيئوغلى ، بىز ئۆزىمىزمۇ باشقىلارنىڭ كۈيئوغلى بولۇشتىن خالىي ئەمەس . مەسىلەن : بۈگۈنكى كۈندە ئەدەبىيات مۇنبىرىدە « شىمال تەرەپكە قاراپ » ئولتۇرغان لۇشۈن ۋە ماۋدۇنغا ئوخشاش بىر نېمىلەرمۇ باشقىلارنىڭ كۈيئوغلى . دېمەك ، « كۈيئوغۇل ئەدەبىيات مۇنبىرىگە چىقىشى مۇمكىن » ئىكەنلىكىدە گەپ يوق . لېكىن « ئەدەبىيات مۇنبىرىگە كۈيئوغۇل كېرەك ئەمەس » دېگەن سۆز ئىز بېسىپ تۇرالمايدۇ . مېنىڭچە ، ئەدەبىيات مۇنبىرى ھەر ۋاقىت كۈيئوغۇل ئىزلەيدۇ ، بىرمۇنچە جۇڭگو يازغۇچىلىرى ھازىر روسىيەگە كۈيئوغۇل بولۇپ قالدى .

يەنە : « باي قېيىن ئاتاڭ بولسا ، دۆلەتمەن خوتۇنۇڭ بولسا ، خوتۇنۇڭنىڭ تويدا ئۇستەك قىلىپ بەرگەن پۇلىنى ئەدەبىي دەسمايە قىلساڭ . . . » دەپ يازغان . خوتۇنىنىڭ ئۇستەك قىلىپ بەرگەن پۇلىنى ئەدەبىي دەسمايە قىلغان ئادەمگە مېنىڭچە بارىكاللا ئېيتىش كېرەك ، چۈنكى خوتۇنىنىڭ پۇلىنى ئەدەبىياتقا دەسمايە قىلىش خوتۇنىنىڭ پۇلى بىلەن باشقا ناتوغرا ئىشلارنى قىلغاندىن ياخشىراق . ھالبۇكى ، ھەر قانداق ئىشقا دەسمايە كېرەك . ئەدەبىياتقىمۇ شۇنداق ، ئەگەر پۇل بولمىسا مەتبە ھەققىنى تۆلىيەلمىسە ، ژورنال ـ توپلاملارنى چىقىرالمايدۇ ؛ دېمەك كىتابخانا ئېچىش ، ژورنال چىقىرىش ئۈچۈن ، ھەر كىم ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي پۇلىنى ئاز ـ پاز ئوتتۇرىغا چىقىرىشى كېرەك ، خوتۇنىنىڭ پۇلىمۇ ، تەبىئىيكى ، خۇسۇسىي پۇلنىڭ بىر تۈرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . باي ئادەمگە كۈيئوغۇل بولۇش ، خۇددى گېزىتخانا خوجايىنىغا تۇغقان بولۇش



جىنايەت ھېسابلانمىغاندەك ، جىنايەت ئەمەس ؛ ئەگەر گېزىتخانا خوجايىنىنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىرەر ئادەم ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىش قىلماي بىكار يۈرۈپ ، تۇغقىنىنىڭ دۆلىتىدە بىرەر قوشۇمچە بەتنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ چىقارسا بولىدىكەنۇ ، باي ئادەمنىڭ كۈيئوغلى بولغان ئادەم ئۆزى ھەۋەس قىلغانلىقتىن خوتۇنىنىڭ ئۇستەك پۇلىنى ئەدەبىياتقا دەسمايە قىلسا ، بۇنىڭ بولمايدىغان نېمىسى بار ؟

## « كۈيئوغۇل » مەسىلىسىنىڭ شاخلاپ كېتىشى

شېڭ شيەن

تۈلكە ئۈزۈمنى يېيەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى ئاچچىق دەيدىكەن . بەزىلەر ئۆزى باي خوتۇن ئالالمىغانلىقى ئۈچۈن ، باي قېيىن ئاتىسى بار ئادەملەردىن ھەسەت قىلىدىكەن ، ھەسەتخورلۇق نەتىجىسىدە ھۇجۇمغا ئۆتۈۋاتىدۇ .

باشقىلارغا كۈيئوغۇل بولغان ئادەممۇ ئەدىب بولالامدۇ ؟ ئەلۋەتتە بولالايدۇ . مەسىلەن : ئالدىنقى كۈنى رۇشى ئەپەندى ئۆزىنىڭ مۇشۇ بەتتە ئېلان قىلغان « كۈيئوغۇل مەسىلىسى » سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە يازغىنىدەك ، ھازىرقى كۈندە ئەدەبىيات مۇنبىرىدە شۆھرەت قازىنىپ يۈرگەن لۇشۈن ، ماۋدۇن قاتارلىق ئادەملەر بىر تەرەپتىن ئەدىب ، يەنە بىر تەرەپتىن باشقىلارنىڭ كۈيئوغلى . لېكىن ئەدىب بولغان ئادەم ئەينى ۋاقىتتا باشقىلارغىمۇ كۈيئوغۇل بولغان بولسا ، بۇ كۈيئوغۇل كەمبەغەل قېيىن ئاتىغا مەنسۇپ بولامدۇ ياكى باي قېيىن ئاتىغىمۇ ؟ بۇ ھەقتە پېشقەدەم يازغۇچىلارنىڭ تېخى ئۆز تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغىنى يوق ، زادى « بايغا مايىل » بولغىنى توغرا بولامدۇ ياكى « گادايغا مايىل » بولغىنى توغرا بولامدۇ ، بۇنى بىلمەيمەن . لېكىن « ئەركىن پاراڭ » تائىپىسىدىكى ئاپتورلار باي قېيىن ئاتىسى بار كۈيئوغۇللارغا ھۇجۇم قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتقانىكەن ، بىزنىڭ ھېس قىلىشىمىزچە ، ھېچبولمىغاندا ، باي قېيىن ئاتىغا كۈيئوغۇل بولغان ئادەمنىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىگە ئاياغ قويماسلىقى لازىم بولسا كېرەك ، « باي قېيىن ئاتىنىڭ كۈيئوغلى » بىلەن « ئەدىب » بىر ـ بىرىگە زىت بولسا كېرەك ، ئىككىسىنىڭ بىرىگە تۇرۇش لازىم بولسا كېرەك .

ھازىر جۇڭگودىكى ئەدەبىيات مۇنبىرىدە بىرەر ئەدىبنىڭ ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى تىرىشچانلىقىغا قارىماستىن ، پەقەت ئۇنىڭ باي خوتۇنى ياكى گاداي خوتۇنى بارمۇ ـ يوقمۇ دېگەندەك ئائىلىۋى ئۇششاق ـ چۈشەك ئىشلىرىنى

سۈرۈشتۈرۈش بىلەنلا بولۇپ كېتىدىغان ھادىسە باردەك كۆرۈنىدۇ . ئەگەر سەن
بۈگۈن بىرەر كىتابخانا ئاچساڭ ، بۇ كىتابخانانىڭ دەسمايىسى سېنىڭ
خوتۇنۇڭنىڭ ئۇستەك پۇلىمۇ ـ ئەمەسمۇ ، بەزى ھەسەتخور ئەدىبلەر ھۇجۇم قى-
لىشقا ، كىنايە قىلىشقا ئاساس تېپىش ئۈچۈن تەكشۈرۈپ ـ سۈرۈشتۈرۈپ كۆرمەي
تۇرالمايدۇ .

جۇڭگودىكى ئەدەبىيات مۇنبىرى چوقۇم شۇنداق بىر ئەھۋالغا ، يەنى چېن
جياگېڭنىڭ رېزىنكە ئايىغىنى كىيگەنلەر ئەدەبىيات مۇنبىرىگە چىقالايدىغان ، بە-
تىنكە كىيگەنلەر بولسا ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىغا مەنسۇپ بولۇپ ، ھۇجۇم
قىلغۇچىلار قاتارىغا ئۆتۈپ قالىدىغان ئەھۋالغا بېرىپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ .

چەتئەللەردە ئوقۇپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئىشسىز قالىدىغان ئەھۋاللار ھا-
زىر ناھايىتى كۆپ . ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن بىرەر قوشۇمچە بەتنى تەھرىرلەپ
چىقارسا نومۇسسىز ئىش قىلغان بولمايدۇ ، شۇ قوشۇمچە بەتنى چىقىرىشى تۇغقان-
چىلىق مۇناسىۋىتى بىلەن بولغانمۇ ـ يوق ، بۇ تېخىمۇ مەسىلە ئەمەس ؛ تۇغقانچىلىق
ئەسلىدە ئەنە شۇنداق يەردە ئەسقاتىدۇ . ئەدەبىيات مۇنبىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلاشنى
ئۆزىگە ۋەزىپە قىلىۋالغان ئادەملەر باشقىلارنىڭ ئۆز قولىغا ياقمايدىغان بىر ـ
ئىككى ئېغىز سۆزىنى ئاڭلاپ قالسا ، ئولىشىپ كېلىپ ئۇلارغا قايتۇرما ھۇجۇم
قىلىشى ھەرگىز يارىمايدۇ . باشقىلارنى ئىتتەك كاپشىدى دەپ تىللايدىغان ئادەمنىڭ
ئۆزىمۇ ئىتتەك كاپشىيدىغانلارنىڭ قاتارىغا ئۆتۈپ قالماسلىقى كېرەك .

بۇ ئىككى ئاپتور بايلارنىڭ كۈيئوغۇللىرىغا چوقۇنىدىغان ئەر-
بابلار . لېكىن رۇشى ئەپەندى ساددا ؛ ئۇ ئۆزىنىڭ بوۋىسىنى ، دادىسىنى ،
لۇشۈننى ، ماۋدۇننى شىپى كەلتۈرگەندىن كېيىن ، نەتىجىدە «لۇشۈن
روبلى ئالىدۇ » دېگەندەك مۇقامغىلا توۋلىغان . ھەييارلىق قىلىشتا شىڭ
شيەن ئەپەندىگە يېتىدىغان ئۇستا يوق ، ئۇ ھەتتا گەپنى شائىرنىڭ مېنىڭ
خىيالىمغىمۇ كېچىپ باقمىغان تەتەي خېنىمنىڭ تەمگە تارتىپ كەتكەن .
چاڭچىلىدە ھەييار گۇپپاڭچىلىق قىلىپ تۇرۇپ ، بايۋەچچىنىڭ رەسۋاسىنى
چىقىرىشتا شۇنداق گەپ قىلىدۇ . مەن كېيىن بۇنى « ‹قىزىقچىلىق ›
نىڭ شەرھى » دېگەن ماقالەمدىمۇ نەقىل كەلتۈرگەنمەن .

شاۋ شۇنمېينىڭ ھوزۇرىدىمۇ ئىچىدە ئوغا قايىنايدىغان مەسلىھەت-
چىلەر بار ئىكەن . بۇ يىل 2 ـ ئايدا ياپونىيىنىڭ « ئىسلاھات »⑥ژورنىلىغا



ئۈچ پارچە قىسقا مۇلاھىزە يېزىپ بەرگەنىدىم ، ئۇنىڭدا جۇڭگوغا ، ياپونى-
يىگە ، مانجۇرىيىگە تەنە قىلىنغانىدى . شاۋ ئائىلىسى بۇنى كۆرۈپ ، « مانا
ئەمدى تاپتىم » دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك . ئۇلارمۇ ئەنە شۇ ئۈزۈم بارد-
ىڭدا پەيدا بولغان « ئادەم سۆزى »⑦ ( 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىكى سانى )
دە بىر تەرجىماننى ۋە بىر تەھرىرنى پەدازلاپ ئوتتۇرىغا چىقىرىپتۇ ، تەر-
جىمانى پەقەت شۇ ئۈچ پارچىنىڭ « تۈرمە توغرىسىدا » دېگەن بىر
پارچىسىنىلا تەرجىمە قىلىپ ، « ئادەم سۆزى » گە بەرگەن بوپتۇ ۋە
تەرجىمىسىنىڭ بېشىغا « ئىلاۋە » ، ئاخىرىغا « ئەسكەرتىش »
بېرىپتۇ ـــ

## تۈرمە توغرىسىدا

لۇشۈن

( ياپونچە ژورنال « ئىسلاھات » نىڭ 3 ـ سانى بىزنىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرد-
ىمىزدىكى پېشقەدەم سەركەردە لۇشۈن ھەزرەتنىڭ ئۈچ پارچە زاۋېنىنى بېسىپ
چىقىرىپتۇ ، بۇ زاۋېنلار ھەزرەتنىڭ جۇڭگو يېزىقى بىلەن قىسقا ئېلان قىلغان ماقا-
لىلىرىدىنمۇ پاساھەتلىك ئىكەن . شۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمە قىلىپ ، « ئادەم
سۆزى » گە يوللىدىم . ئەپسۇسكى ، پېقىر تەرجىمان لۇشۈن ھەزرەتنىڭ تۇرالغۇ-
سىنى بىلمىگەنلىكىم ئۈچۈن نېيشەن كىتابخانىسىنىڭ خوجايىنى ۋەنزاۋ⑧
ئەپەندىدىن سورىسام ، ئۇ ھەم ئېنىق بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتقانلىقى ئۈچۈن ، تەر-
جىمەمنى ئاۋۋال ھەزرەتنىڭ كۆزىدىن ئۆتكۈزۈشكە مۇۋەپپەق بولالمىدىم . شۇنداق
بولسىمۇ ، ئەسلى ئەسەرنى قەدىرلەش يۈزىسىدىن ، يەنىلا ھەزرەتنىڭ ئىمزاسى بى-
لەن ئېلان قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن . ـــ تەرجىمان جىڭشاڭنىڭ ئىلاۋىسى ) .

كىشىلەر ھەقىقەتەن پاكىت تۈپەيلىدىن يېڭىۋاشتىن ئەقىل ـ ھوشىنى
تاپىدۇ ، ئەھۋالمۇ شۇنىڭ بىلەن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ . سۇڭ سۇلالىسىدىن تارتىپ ،
چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغىچە بولغان نۇرغۇن يىللار ئىچىدە ، ئادەملەرنى
مەخسۇسلا پەيغەمبەر ـــ ئەۋلىيالار ئورنىدا ئەمىر ـ مەرۇپ قىلىدىغان « بەدىئىي
نىزام » بويىچە مۇشكۈل ماقالىلەرنى يازدۇرۇش يولى بىلەن مەنسەپدارلىققا ئېلىش
ئۇسۇلى قوللىنىلغانىدى . بۇ ئۇسۇلنىڭ خاتالىقى فرانسىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشتا
مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئاندىن مەلۇم بولدى . شۇنىڭ بىلەن بۇ خاتالىقنى تۈ-
زىتىش ۋاستىسى سۈپىتىدە غەربكە ئوقۇغۇچى چىقىرىلدى ، ھەربىي قورال ياساش
زاۋۇتلىرى قۇرۇلدى . بۇنىڭ كۇپايە قىلمايدىغانلىقى ياپونلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا

مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن بىلىندى، شۇ چاغدا ھە دەپ يىگىچە مەكتەپ ئېچىشقا تۇتۇش قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلار ھەر يىلى غەلىيان كۆتۈردى. چىڭ سۇلالىسى ئاغدۇرۇلغان، ھاكىمىيەتنى گومىنداڭ قولغا ئالغان ۋاقىتتىن كېيىن، بۇ خاتالىق يەنە ھېس قىلىنىپ، بۇنى تۈزىتىشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە تۈرمىلەر كۆپلەپ سېلىندى.

بىزدە، تەۋررۈكلەردىن بولۇپ قالغان مىللىي تۈرمىلەر قەدىمدىن تارتىپ ھەممە يەرلەردە بار ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە ئەجنەبىي، يەنى ئاتالمىش مەدەنىي تۈرمىلەرمۇ ياسالدى. ئۇلارنى شۇ يەرلەرگە ساياھەت قىلىپ كەلگەن چەت ئەللىكلەرنى كۆرسۇن دەپ ياسىغان؛ بۇ چەتئەللىكلەر بىلەن ئۆزئارا باردى - كەلدى قىلىش ئۈچۈن، مەدەنىي ئادەملەرنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىنى ئۆگىنىشكە ئاتايتەن ئوقۇغۇچى چىقارغانغا ئوخشاش بىر ئىش. ئەنە شۇنىڭ خاسىيىتى بىلەن گۇناھكارلارغا قىلىنىدىغان مۇئامىلىمۇ ياخشىلىنىپ قالدى. ئۇلارنىڭ يۇيۇنۇشىغا ئىمكانىيەت تۇغۇلدى، ئۇلارغا بەلگىلىك مىقداردا تاماق بېرىلىدىغان بولدى، دېمەك تۈرمە ناھايىتى راھەت بىر جايغا ئايلاندى، بۇنىڭدىن 2 — 3 ھەپتە ئىلگىرى ھۆكۈمەت مېھىر - شەپقەت قىلىش ئۈچۈن، گۇناھكارلارنىڭ ئاشلىقىنى قىسىپ قېلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، دەپ پەرمانمۇ چىقاردى. شۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ راھەتلىنىشىپ كەتتى.

ئەمدى كونىچە تۈرمىدىن گەپ ئاچساق، كونىچە تۈرمىلەر بۇددا دوزاخلىرىغا تەقلىد قىلىنغانلىقتىن، ئۇ تۈرمىلەرنىڭ مەھبۇسلارنى قاماش بىلەنلا قالماستىن، ئۇلارنى ئازابلاش ۋەزىپىسىمۇ بار. ئۇ تۈرمىلەر بەزىدە مەھبۇسلارنىڭ بالا - چاقىلىرىدىن پۇل ئېلىپ، ئۇلارنى ھەددىدىن تاشقىرى كەمبەغەللەشتۈرۈۋېتىش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتەيدۇ. كۆپچىلىك ئادەملەرمۇ شۇنداق قىلىشقا تېگىشلىك دەيدۇ. ئەگەردە كىمكى قارشى تۇرىدىغان بولسا، ئۇ مەھبۇسلارغا يان باسقان بولۇپ، گۇناھ قىلدى دېگەن گۇمانغا قالىدۇ. لېكىن مەدەنىيەتلىكتە ناھايىتى ئىلگىرىلەپ كەتتى، بۇلتۇر مەھبۇسلارنىڭ جىنسىي تەلەپلىرىنى ھەل قىلىۋېلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن مەھبۇسلارنى ھەر يىلى بىر قېتىم ئۆيىگە قويۇپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلغان ناھايىتى ئىنسانپەرۋەر ئەمەلدارمۇ چىقتى. ئەمەلىيەتتە ئۇمۇ مەھبۇسلارنىڭ جىنسىي تەلەپلىرىگە ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلغان ئەمەس، ئۇ بۇ ئۈمىدىنىڭ ئەمەلدە جارى بولمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ، شۇڭا ئۆزىنىڭ ئەمەلدار سۈپىتىدە مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈنلا شۇنداق داۋراڭ سېلىپ قويغان. شۇنداق بولسىمۇ، ئەپكار ئاما ناھايىتى قايناپ كەتتى. بىر تەنقىدچى تېخى، شۇنداق بولىدىغان بولسا، ھېچكىم تۈرمىگە كى-



رىشتىن قورقماي، خۇشال - خورام كىرىپ كېتىۋېرىدۇ، دەپ پەلەكتىن نالە قىلىپمۇ يۈردى. ئۇ تەنقىدچىنىڭ ئاتالمىش پەيغەمبەر - ئەۋلىيالارنىڭ تەلىمىنى شۇنچە ئۇزۇن ئالغان بولسىمۇ، ھېلىقى ئەمەلداردەك مۇغەمبىر ئەمەسلىكى كىشىلەردە تەنقىدچى ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىكەن دېگەن ھېسسىياتنىمۇ پەيدا قىلىدۇ، ئەلۋەتتە؛ لېكىن بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پىكرىدىن، جەبىر - زۇلۇم قىلماي بولمايدۇ، دېگەن مەنە چىقىپ تۇرىدىغانلىقىنىمۇ بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن ئويلىغاندا، تۈرمە ھەقىقەتەن «بىخەتەرلىك ئەلا» نى شوئار قىلىۋالغان كىشىلەرنىڭ غايىسىدىكى جايغىمۇ ئوخشايدۇ. ئۇ يەردە ئوت ئاپەتلىرى ناھايىتى ئاز بولىدۇ؛ ئۇ يەرگە ئوغرىلار كىرەلمەيدۇ؛ باسمىچىلارمۇ ھەرگىز بۇلاڭچىلىق قىلىپ كەلمەيدۇ. ئۇرۇش بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ تۈرمىنى نىشان قىلىپ بومباردىمان قىلىدىغان ئەخمەق يوق؛ ئىنقىلاب بولغاندا، مەھبۇسلارنى قويۇۋېتىدىغان ئەھۋاللار بولغان، لېكىن قىرىپ تاشلاش ئىشلىرى كۆرۈلمىگەن. فۇجيەن مۇستەقىل بولغاندا، مەھبۇسلارنى قويۇۋەتسە، ئۇلار تاشقىرىغا چىقىش بىلەنلا، ئۇلار بىلەن پىكرى ئوخشاشمايدىغان كىشىلەر ئەكسىچە دېرەكسىز يوقىلىپ كېتىپتۇ دېگەن مىش - مىش گەپلەر پەيدا بولغان بولسىمۇ، مۇنداق مىساللار ئىلگىرى بولۇپ باقمىغان. قىسقىسى، تۈرمە تولىمۇ يامان جاي بولمىسا كېرەك. ئەگەر بالا - چاقىلارنى بىللە ئېلىپ كىرىشكە رۇخسەت قىلىنسىلا، ھازىرقىدەك سۇ ئاپىتى، ئاچارچىلىق، ئۇرۇش، تېررورلۇق بولمىغان تەقدىردىمۇ، تۈرمىگە كۆچۈپ كىرىشنى تەلەپ قىلىدىغان كىشىلەر چىقماي قالمىسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن جەبىر - زۇلۇم قىلىش پەرز بولسا كېرەك.

ئىۋلان ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى قىزىللاشتۇرۇشنى تەشۋىق قىلغانلىقى ئۈچۈن نەنجىڭ تۈرمىسىگە قامالدى. ئۇلار 3 — 4 قېتىم ئاچلىق ئېلان قىلدى، لېكىن ھېچقانداق ئۈنۈم ھاسىل قىلالمىدى. بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ جۇڭگو تۈرمىلىرىنىڭ ماھىيىتىنى بىلمىگەنلىكى سەۋەبچى بولدى. بىر ئەمەلدار: ئۇلار ئۆزلىرى تاماق يېمىسە، ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بولسۇن؟ دەپ ناھايىتى ئەجەبلەنگەن. بۇ ئىش مېھىر - شەپقەتلىك سىياسەت بىلەن ئالاقىسىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاز - پاز ئاشلىق تېجەلسە ئەكسىچە تۈرمە ئۈچۈن پايدا. گەندى ئۆز كارامىتىنى مۇۋاپىق جايىنى تاللاپ تۇرۇپ كۆرسەتمىگەن بولسا، مەغلۇپ بولغان بولاتتى. شۇنداق خېلىلا مۇكەممەل بولغان تۈرمىنىڭمۇ كەمچىلىكى بار: ئۇ ئىلگىرى ئىدىيە جەھەتتىكى ئىشلارغا ئانچە ئېتىبار قىلماي كەلگەنىدى. بۇ كەمچىلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن، يېقىندىن بۇيان يېڭى كەشپ قىلىنغان «تۇۋبىخانا» دەپ ئاتىلىدىغان ئالاھىدە تۈرمىدە تەربىيە بېرىدىغان بولدى. مەن ئۇ يەرگە بېرىپ

تـوۋە قـىـلمىغانلىقىم ئۈچۈن ، تەپسىلىي ئەھۋالدىن خەۋىرىم يوق . قىسقىسى ، مەھ- بۇسلارغا سەنمىنجۇيىدىن پات ـ پات دەرس بېرىپ ، ئۇلارنى ئۆز خاتالىقلىرىغا تـوۋە قىـلـدۇرسا كېرەك . ئاڭلىشىمچە ، بۇلاردىن باشقا ، كوممۇنىزمنى چەتكە قاقىدىغان ماقالىلەرنى يېزىشقىمۇ مەجبۇر قىلىدىكەن . ئەگەر يازمىسا ياكى يازالمىسا ، ئۆمرىنى تـوۋە بىلەن ئۆتكەزۈشكە مەجبۇر قىلىنىشى تەبىئىي ؛ يارىغۇدەك يازمىسىمۇ ئۆلگۈچە تـوۋە قىـلـدۇرۇشى تـۇرغان گەپ . ھازىر كىرىۋاتقانلار بار ، چىقىۋاتقانلارمۇ بار ، تـوۋىـخـانىلار يېگىدىنمۇ سېلىنىۋاتىدۇ ، ھەر ھالدا كىرىۋاتقانلار كۆپرەك . سىناقنى تـامـاملاپ قـويـۇپ بـېرىلگەن مۆمىنلەرمۇ گايىدا ئۇچراپ قالىدۇ . ئۇلارنىڭ تولىسى قـۇرۇپ قـاقـشـال بـولۇپ كەتكەن ، ئېھتىمال ئۇلار بارلىق كۈچلىرىنى توۋە قىلىشقا ، سـىـنـاقـنى پۈتتۈرۈش ماقالىلىرىنى يېزىشقا سەرپ قىلىپ تۈگەتكەن بولسا كېرەك . ئۇلارنىڭ ئىستىقبالىدىن ئۈمىد يوق .

( بـۇنـىـڭـدىن باشقا ، يەنە « ھىدايەت » ۋە « ئوت » سەرلەۋھىلىك ئىككى پـارچـىـسـىمۇ بار ، ئەگەر تەھرىر ئەپەندى كېرەك قىلىدىغان بولسا ، ئۇلارنىمۇ تەر- جىمە قىلىپ يوللاپ بېرىمەن — تەرجىماندىن ئەسكەرتىش . )

فـامـىـلـىـدە يـاپـونلارنىڭ فامىلىسىنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن تـەرجـىـمـىـسى ھەقىقەتەن ياخشى ئەمەس . بىلىمى شاۋ ئائىلىسىدىكى گوپ- پـاڭـچى مۇتەخەسسىس جاڭ كېبياۋ ئەپەندىنىڭكىچىلىك بار ئىكەن . لېكىن سـۆزنـى ئەسـتايىدىل تەرجىمە قىلىشنىمۇ زۆرۈر تاپمايتتى . چۈنكى مۇھىم بولۇپ تۇرغىنى ئاخىرىدىكى ئاتالمىش تەھرىرنىڭ جاۋابى —

تـەھرىردىن ئىزاھات : لۇشۈن ئەپەندىنىڭ ماقالىلىرى يېقىندىن بۇيان مەنئى قـىـلـىـنىۋاتىدۇ . بۇ ماقالە ياپونچىدىن تەرجىمە قىلىنغاچقا ، ھەربىي سوتتىن قۇتۇ- لۇپ قـېـلـىـشـى مـۇمـكـىن . لېكىن بىز بۇ ماقالىنى پاساھەتلىك يېزىلغانلىقى ياكى مـۇھاكىمىسىنىڭ ئۆتكۈر بولغانلىقى ئۈچۈن بېسىپ چىقاردۇق دېگەندىن كۆرە ، ئۆز دۆلـىـتىدە تەقىپ قىلىنغانلىقى ئۈچۈن چەت ئەللىك نوپۇز ئىگىلىرىنىڭ قانىتى ئاس- تـىـغا پاناھ تىلەپ كىرىۋالغان ئادەملەرنىڭ مۇقالىرىگە مىسال قىلىش مەقسىتى بىلەن بـېـسىپ چىقاردۇق ، دېگىنىمىز تۈزۈك . لۇشۈن ئەپەندى ئەسلىدە ماقالىنى ناھايىتى يـاخـشـى يازىدۇ ، سۆزمەن ، سۆزلىرىمۇ ئورۇنلۇق ئىدى ، لېكىن بۇ ماقالىسىگە نەزەر سـالـىـدىغان بولساق ، مۇھاكىمىدىن زەردە كۆپ ، دەلىلدىن ئويدۇرما كۆپ ، ئەگەر تـەرجىمىسى خاتا بولمىغانلا بولسا ، مەن بۇنداق پوزىتسىيىسىنى ماقۇل كۆرمەيمەن .



مـۇشـۇ بـىـر پـارچـە ماقالىدىنلا مەدەنىيەت جەھەتتىكى ھۆكۈمرانلىق شارائىتىدىكى نـىـدالارنـى ئومـۇمـەن بـىـلـىـۋالـغـىـلـى بولىدۇ . « ھىدايەت » بىلەن « ئوت » نى بـاسمايدىغان بولدۇق ، تەرجىمان بۇنىڭدىن ۋاقىپ بولۇپ قالسۇن ، ئۇلارنى ئەۋەت- مىسۇن .

تـەھـرىـرنـىـڭ « چـەت ئەلـلـىك نوپۇز ئىگىلىرىنىڭ قانىتى ئاستىغا پـاناھ تىلەپ كىرىۋالغان » دېگەن سۆزى تەرجىماننىڭ « نېيشەن كىتابخا- نـىـسىـنىڭ خوجايىنى ۋەنزاۋ ئەپەندىدىن سورىسام » دېگەن سۆزى بىلەن بـىـر ـ بىرىگە دوست تارتىشقان سۆز ؛ « ھەربىي سوت » نى تىلغا ئالغان- لـىقىمۇ ئاپتورنىڭ ناھايىتى ئۇستىلىقى ، بۇ سۆزدىن خۇنخورلۇق ناھايىتى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ . بايلارنىڭ بۇ تايىغانلىرى مىڭ خاندانلىقى دەۋرىدە ھوقـۇقـدارلارنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ ، شۇلارنىڭ يۇندىسىنى يالىغان ئا- دەملەرنىڭ ئىچى قانداق ئىكەنلىكىنى تولىمۇ ئوبدان بىلىدىكەن . ئۇلارنىڭ خـوجـا ئاكـىـسـى بـولـغـان شـائىر شاۋ شۇنمېي ئامېرىكىدىكى ئاق تەنلىق شـائـىـرلارنـى ماختىغان ماقالىلىرىدە نېگىر شائىرلارنى چۆكۈرۈپ ، ئۇلار- نـىـڭ « بـۇنـداق شـېـئـىـرلـىـرىـنـىـڭ ئامـېـرىـكىدىن چىقالمايدىغانلىقىغا ، ھېچبولمىغاندا ئىنگلىز تىلى دائىرىسىدىنمۇ چىقالمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن » دېگەنىدى . ( « ھازىرقى زامان » نىڭ 5 ـ جىلد 6 ـ سانىغا قاراڭ ) ⑨مەن جـۇڭگودىكى بايلار ـ ئېسىلزادىلەر ۋە ئۇلارنىڭ تايىغانلىرى نەزىرىدە نېگىر قـۇللاردىن قېلىشمىسامۇ ، لېكىن مېنىڭ ئاۋازىم پەرۋاز قىلماقتا . بۇ ئەھۋال ئۇلارنـى نـاھايىتى داغـدا قالدۇرماقتا . ئەمەلىيـەتـتـە نېگىرلارنىڭ شېئىر- لـىـرىمۇ « ئېنگلىز تىلىنىڭ دائىرىسى » دىن چىقىپ كەتكەنىدى . ئامېرىكا بـايـلـىـرى ۋە ئۇلارنىڭ كۈيئوغۇللىرى ھەم ئۇلارنىڭ تايىغانلىرىمۇ ئۇنىڭغا قارشى ھېچقانداق ئامال قىلالمىغانىدى .

لـېـكـىـن بـۇ تـايـىغانلار شۇنداق بەشىرىسىنى « لۇشۈن ئەپەندىنىڭ مـاقـالـىـلـىـرى يېقىندىن بۇيان مەنئى قىلىنىۋاتىدۇ » دەپ ماڭا قاراتماقتا ، ئۇلارغـا دەرھال بـىـر تـەسـتـەك سالىدىغان بولسام ، ئۇلار پىستەكلەردىنمۇ بەكرەك ياۋاشلىشىپ قالىدۇ . بۇ يەردە « ‹ قىزىقچىلىق › نىڭ شەرھى » دە تـىـلـغا ئېلىنغان ، « شېنباۋ » گېزىتىنىڭ بۇلتۇر 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى-

دىكى سانىغا بېسىلغان بىر ئېلاننى نەقىل كەلتۈرەي ــ

## « ئۈن كۆنلۈك پاراڭ » نىڭ « تاش ئەينەك » گېزىتىگە ئۇقۇشۇلماسلىقنى ئىزھار قىلىپ ئۆزرە بىلدۈرۈشى

ئۈن كۆنلۈك پاراڭدىن شۇنى ھۆرمەت بىلەن ئېلان قىلىمىزكى 2 ـ سانىمىزدىكى قىسقا مۇلاھىزىلەردە جۇ چىچىڭنىڭ ئىسىنى ئېلان قىلماقچى بولغانلىقى توغرىسىدىكى ماقالىنىڭ ئاخىرىدا تاش ئەينەك گېزىتىدە ئۇقۇشۇلماسلىق بولغانلىقى تىلغا ئېلىنغان، دېمەك گېزىتىمىزنىڭ سۆزنى جايىدا قىلمىغانلىقى تاش ئەينەك گېزىتىنىڭ شاۋ شۇنمېي جانابلىرى ئۈستىدىن جىنايى دەۋا قىلىشىغا زامىن بولغان، بىزگە مەلۇم ھەر ئىككى تەرەپ جەمئىيەتتە شۆھرىتى بار مەتبۇئات، بۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە تىل تەگكۈزۈشىنىڭ يولى يوق ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن جاڭ شىجاۋ، جياڭ رۇڭ، پىڭ خېڭ ھەزرەتلىرىنىڭ چۈشەندۈرۈشى نەتىجىسىدە تاش ئەينەك گېزىتى پۈتۈنلەي كەچۈردى، تاش ئەينەك گېزىتى ئۆزىنىڭ دەۋا قىلىپ تۇتقان ئەرزىنى ئۆزى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان بولدى، بۇنى گېزىتتە ئىزھار قىلىپ ئۆزرە بىلدۈرىمىز.

« ھەر ئىككى تەرەپ جەمئىيەتتە شۆھرىتى بار مەتبۇئات، بۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە تىل تەگكۈزۈشىنىڭ يولى يوق ئىدى » ئىمىش، بۇ تولىمۇ غەلىتە « يول » ئىكەن، ئۇنداق بولسا « يېقىندىن بۇيان مەنئى قىلىنىۋاتقان » مەتبۇئاتلارغا تىل تەگكۈزۈش زۆرۈر بولسا كېرەك. يىلىكى ئالتۇن بولغان تەقدىردىمۇ تىك تۇرالمايدىغانلىقىنىڭ پولاتتەك دەلىلىنى مانا مۇشۇنىڭدىن كۆردۈم.

« كۈيئوغۇل مەسىلىسى » بىلەن قەغەز تولىمۇ زايە بولۇپ كەتتى، ئەمدى باشقا بىرىگە، يەنى « جۇاڭزى » بىلەن « تاللانما » غا ئۆتەي.

بۇ دەۋا توغرىسىدا دېيىلگەن سۆزلەر ۋە جاۋابلار شۇ ماقالىلەرنىڭ ئۆزىگە كىرگۈزۈلگەن، بۇ يەردە ئۇ ھەقتە يەنە سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن؛ باشقىلارنىڭ مۇھاكىمىلىرىنىمۇ، قەغەزنى ئىقتىساد قىلىش ئۈچۈن، بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرمىدىم.



دەل شۇ كۈنلەردە « ئۈن كۆنلۈك پاراڭ » مۇ ئۆزىنىڭ ھۈنىرىنى كۆرسەتكىلى تۇردى، ھەتتا ھەجۋىي رەسساملارمۇ يەڭلىرىنى تۈرۈپ ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىقىپ، چېن جىڭشىڭ ئەپەندى سىزغان « لۇشۈن ھەزرەتنىڭ نېيى » سەرلەۋھىلىك بىر پارچە رەسىم تۆپەيلىدىن « شاۋقۇن » ناملىق ژورنالدا ساۋ جۈيرىن ئەپەندى بىلەن مۇنازىرە جېدىلىنىمۇ چىقارغانىدى [10]، لېكىن مۇنازىرە تۈگىمەستىنلا « شاۋقۇن » مەنئى قىلىندى. دېمەك ئامەتى بار ئادەملەرنىڭ دائىم پېشانىسىگە نۇر ياغدۇرۇپ تۇرىدىغان بەخت يۇلتۇزى بار ئىكەن...

شۇنداق بولسىمۇ ۋاقىت رەھىمسىز بولىدۇ، ئاتالمىش « 3 ـ خىل ئادەم » لەر بولۇپمۇ شى جېسۇن بىلەن دۇخېڭ، يەنى سۇۋېن [11] بۇ يىل ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ قويۇشتى.

بۇ ھەقتە ئاخىرقى ماقالىنى تىلغا ئېلىش كېرەك، نۇقسان يېڭى ماقالىلەرنى ئىشلىتىشتىن چىقتى.

ئاڭلىشىمچە ھازىر ھەتتا كونا ماقالىلەرنى ئىشلەتسىمۇ بەزىدە تەكشۈرگۈچى ئەمەلدارلار مەنئى قىلىۋېتىدىكەن، مەسىلەن، چىن شىخۇاڭنى تىلغا ئالسا، بۇلتۇر ھېچگەپ يوق ئىدى، لېكىن يېڭى ماقالىلەرنى ئىشلەتسە ئاز ـ پاز چاتاق چىقماي قالمايتتى. مېنىڭ ئاخىرقى « ياشلار ۋە ئاتىلار » سەرلەۋھىلىك ماقالەم ياڭ سۇنرېن ئەپەندىنىڭ تۈيىقىنى سىرقىرىتىپ قويغانلىقتىن ( ماقالە بېسىلىپ چىقىدىغان چاغدا ئۇنىڭدىكى ئىسمىنى تەھرىر ئەپەندى ئۆچۈرۈپ تاشلىغان بولسىمۇ )، كېيىن « شېنباۋ » گېزىتىنىڭ شەھىرىمىزگە بېغىشلانغان « پاراڭ » ئىسىملىك قوشۇمچە سانى ( 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ) دا ھېكمەتلىك بىر پارچە ماقالە بېسىلىپ چىقتى. بىراق ئۇنى چۈشىنىش خېلى تەس، ئۇنىڭدا يېزىلىشىچە، مەن ئۆزۈمنى ئاتا ـ ئانىسىغا ۋاپا قىلىدىغان بالا دەپ ساناپ تۇرۇۋقلۇق، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ۋاپا قىلىدىغان بالا بولغانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپتۇمىشمەن، دېمەك « ئۆلگەنىنىڭ ئۈستىگە تەپمەك » دېگەندەك ئىش قىلىپتىمەن. بۇ ماقالە بىزنىڭ « تۆۋە قىلغان ئىنقىلابچى » مىزنىڭ نەمۇنىلىك ئەسىرى بولغاچقا، بۇنىڭ تاشلىنىپ قې-

لىشىغا كۆڭلۈم ئۇنىمىدى ، بىر تەرەپتىن ياڭ ئەپەندىنىڭ ھازىرقى زامان
« ئىبرەتلىك سۆز ئۇسلۇبى » ⑫ دا يازىدىغان يازغۇچىلارنىڭ
باشلامچىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قويۇش ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆززۇمە-
نىڭ « خاتىمە » مىنىڭ ئاخىرقى جاۋىسى ئورنىدا ھېسابلاش ئۈچۈن ،
ئۇنى ھۆرمەت بىلەن تولۇق نەقىل كەلتۈردۈم —

## ئەقىللىق بولۇشنىڭ يولى

سۇنرېن

ئالدىنقى كۈنى كېچىدە جاھانساز بوۋاينىڭ ھوزۇرىغا زىيارەت قىلىپ باردىم
: ئۇنىڭ ئولتۇرغان ئىمارىتى ئۈچ قەۋەتلىك بىنا ئىكەن ، بۇ بىنا رەستىگە قاراپ
تۇرىدىكەن ، ترامۋايلار تاقاقلاپ ئۆتۈپ تۇرسىمۇ ، ئاپتوماشىنىلار دۈدۈتلەپ
ئۆتۈشۈپ تۇرسىمۇ ، بازارنىڭ شاۋقۇنى قۇلاقنى ئاغرىتىپ تۇرسىمۇ ، لېكىن بۇ بە-
نادىكى بوۋايغا تەسىر يەتكۈزەلمەيدىكەن ، بوۋاي خۇددى دەرۋىشلەردەك خاتىرجەم
ياشايدىكەن ، ئۇنىڭ ئىلمىي ھېكمەتلىرى ناھايىتى چوڭقۇر ئىكەن . بوۋاي : « نېمە
ئىش بىلەن كەلدىڭىز ؟ » دېدى . مەن : « ئەقىللىق بولۇشنىڭ يولىنى سوراپ
كەلدىم » دېدىم . سۆھبىتىمىزنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئايان بولغاچقا ، پارا-
ڭىمىز بارا ـ بارا سوئال ـ جاۋابقا ئايلىنىپ كەتتى .

— ئەقىللىق بولۇشنىڭ يولى ، ھەي ، مۈشكۈلەي ! كۆڭزىنىڭ دانىشمەن
شاگىرتلىرىدىن يەنخۈي گەپىنىڭ ئۈچىنى چىقىرىپ بولغۇچە تېگىگە يېتىپ بولا-
دىكەنمىش ، شۇڭا كۆڭزى ئۇنى ناھايىتى ئەقىللىق ئادەم دەپتىكەن . ھازىرقى
كۈندە گەپنىڭ ئۈچىنى چىقىرىپ بولغۇچە تېگىگە يېتىپ بولالايدىغان ئادەملەر ئە-
قىللىق ئادەم ھېسابلانمايۋاتسا ، سىزنىڭ ئەقىللىق بولۇشنىڭ يولىنى سوراشتىكى
مۇددىئايىڭىز مەندەك كۆزىنىڭ نۇرى كېتىپ قالغان چالنى مات قىلىش ئەمەسمۇ ؟

— ياق ، ياق ، مېنىڭ مۇددىئايىمنى خاتا چۈشىنىپ قاپلا ! مېنىڭ نىيىتىم
تەپەككۇر قىلىش توغرىسىدىكى ھۈنەردىن تەلىم ئېلىش ئەمەس ، مەن ئەسلى
تەبىئىتىمدىن نادان ، دۆت بىر ئادەممەن ، جاھاندارچىلىقنىڭ يولىنىمۇ بىلمەيمەن ،
دائىم پەشۋا يېگەنلىكىم ئۈچۈن ، جاھاندارچىلىق قىلىشتا ئەقىللىق بولۇشنىڭ
يولىنى سوراۋاتىمەن .

— ئېھى ، راست نادان ، دۆت بولسىڭىز ، جاھاندارچىلىقنىڭ يولىنى سورى-
غىنىڭىز نېمىسى ؟! ھازىرقى دۇنيادا ھەر كىم ھەر نېمە دەيدۇ ، سىنىپ ئوخشاش
بولمىغاچقا ، پىكىرمۇ پەرقلىق بولىدۇ ، ئاتا بىلەن بالىنىڭ ، ئاكا بىلەن ئۇكىنىڭ ،



ئەر بىلەن خوتۇننىڭ ، ئاچا بىلەن سىڭىلنىڭ پىكرى ئوخشاش بولمىغاچقا ، بىر
ئائىلىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس تەشەببۇسلىرى ، ئۆزىگە
خاس قاراشلىرى بولىدۇ ، ئۇلار قان قېرىنداش بولسىمۇ ، بىر ـ بىرى بىلەن
توقۇنۇشۇپ ، ھەر قايسىسى ئۆز يولىغا ماڭىدۇ . قەدىمكى زامانلاردىكى باتۇرلارمۇ ،
شاھى مەردانلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ خوجىلىرىغا قۇللۇق قىلىش تۈپەيلىدىن بىر ـ بىرىگە
رەقىپ بولۇپ ئۆتكەنىكەن . بۈگۈنكى كۈندىكى ئاتالمىش ۋىجدان ئىگىلىرى ،
ئىنقىلابچىلار ئۆز سىنىپىنى دەپ بىر ـ بىرىگە دۈشمەن بولماقتا ؛ ھەتتا
مەيدانىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن بىر تۇغقان قېرىندىشىنىمۇ كەچۈرمەي
ئۆلتۈرمەكتە . بەزى ئادەملەر قۇۋلۇق ـ مۇغەمبەرلىك بىلەن بىر مەھەل دەۋران
سۈرسىمۇ ، لېكىن ، ئاخىر ، ئۇلارنىڭ دۇنيادا ياشىمىقى تەس . ئەقىللىق بولۇشنىڭ
يولى ھەقىقەتەن قالمىدى ، لېكىن ھەم دۆت ، ھەم نادان ئادەملەرلا چەكسىز
بەخت ـ سائادەتلىك بولۇۋاتىدۇ . . .

— جانابلىرىنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەممىسى يوللۇق ، ئورۇنلۇق ؛ لېكىن ئە-
قىللىق بولۇشنىڭ يولى راست يوقمۇ ؟

— پەقەت قۇۋلۇق ـ مۇغەمبەرلىك قىلىشنىڭلا يولى بار . سىزگە ئېيتىپ
كۆرەي : قۇۋلۇق ـ مۇغەمبەرلىكنىڭ يولى قىزىلكۆز بولۇشتا . قىزىلكۆزلۈك ئاللىقا-
چان مەخسۇس ئىلىمگە ئايلىنىپ قالغان . غەربىي ياۋروپادا ئىلمىنىڭ تۈرلىرى
ئىچىدە پەن ، پەلسەپە دېگەن نېمىلەر بار . قىزىلكۆزلۈك جەھەتتىكى ئىلمىنى قى-
زىلكۆزلۈك ئىلمى دەپ ئاتاش مۇمكىن . ئالىي مەكتەپ پروفېسسورلىرىنىڭ
كونسېپىك تەييارلاش ئۇسۇلى بويىچە ئىش قىلغاندا ، قىزىلكۆزلۈك ئىلمىنى بىر
قانچە بابقا ، ھەربىر بابىنى بىرقانچە پاراگرافقا ، ھەربىر پاراگرافنى بىرقانچە ماددىغا
بۆلۈش مۇمكىن ؛ ئۇلارغا قەدىمدىن ، ھازىردىن ، جۇڭگودىن ۋە چەت ئەللەردىن
دەلىل ـ نەقىللەرنى كىرگۈزۈش مۇمكىن ؛ ئۇنىڭدىكى نەزەرىيىلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقى
پەلسەپىنىمۇ بېسىپ چۈشىدۇ ؛ ئۇنىڭغا شۇنداق كۆپ دەلىل ـ نەقىللەر
ئېلىنىدۇكى ، جۇڭگو ۋە چەتئەللەرنىڭ تارىخى ، فىزىكا ۋە خىمىيە ، سەنئەت ۋە
ئەدەبىيات ، سودا ـ تىجارەت يوللىرى ، ئازدۇرۇش ۋە ئالداش ھۈنەرلىرى پۈتۈنلەي
شۇ قاتارغا كىرگۈزۈلىدۇ ، دېمەك ئۇنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغان تەرەپلىرى
بولمايدۇ ؛ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تەييارلىق سىنىپىدىن تارتىپ 4 ـ سىنىپىغىچە بۇ
كونسپېكنىڭ ئاران مىڭدىن بىرىنى سۆزلەپ بولۇش مۇمكىن ؛ ئالىي مەكتەپلەرنى
پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى باشقا پەنلەردە ئىمتىھاندىن ئۆتەلىسىمۇ ، لېكىن ھەر قانچە
زەكىي ـ ئەقىللىق ئوقۇغۇچىمۇ قىزىلكۆزلۈك ئىلمىدە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيدۇ ؛
ھەتتا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ جىياۋشۇسى بولغان ئادەملەرنىڭ ئۆزىمۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى

بىلمىسە كېرەك، بۇ ئىلمنى ئۆگىنىشنىڭ مۇشكۈللۈكىنى ئەنە شۇنىڭدىنمۇ بىلىۋالغىلى بولىدۇ. مېنىڭ جاھاندارچىلىق قىلىۋاتقىنىمغا نەچچە ئون يىل بولۇپ قالدى، بېشىمنىڭ چېچى چۈشۈپ بولدى، ساقال - بۇرۇتلىرىم ئاقىرىپ كەتتى، كۆرگەنلىرىم ئاز ئەمەس، ئالغان ساۋاقلىرىممۇ كۆپ؛ لېكىن قىزىلكۆزلۈك ئىلمىدىن كونسپېكت تەييارلاشقا كىرىشكىنىمدىن بۇيان، ئاران بىرىنچى بابنىڭ بىرىنچى پاراگرافىنى، بىرىنچى پاراگرافنىڭ بىرىنچى ماددىسىنىلا تەييارلىيالىدىم. بۇ بىرىنچى بابنىڭ بىرىنچى پاراگرافنىڭ بىرىنچى ماددىسىنىڭ ماۋزۇسى — «سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئىش قىل» يەنى باشقىلار نېمە دېسە سەنمۇ شۇنى دە ۋە يەنى باشقىلار خۇش كۆرگەننى سەنمۇ خۇش كۆر، باشقىلار يامان كۆرگەننى سەنمۇ يامان كۆر. مىسال بىلەن ئېيتسام، باشقىلار ئاتا - ئانىسىغا ۋاپا قىلىدىغان بالىنى، ئاتالمىش فېئودال - ئاقساقاللار جەمئىيىتىدىكى ئەدەب - قائىدىلەرنىڭ قالدۇق مەرەزلىرىدىن بىرىنى يامان كۆرىدىغان بولسا، سەنمۇ ئۆز ۋاقتىدا دورا قايىنتىپ، تېۋىپ - دوئاخان چاقىرىپ بەرگەن، ئۆز تەبىئىتىڭ بويىچە ئاتا - ئاناڭغا خىزمەت قىلغان بولساڭمۇ، لېكىن گەپ ئۆز تەبىئىتى بويىچە ئاتا - ئانىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلغان ئادەملەر ئۈستىدە بارغاندا، ئۇلارغا «ۋاپادار بالا» دېگەن قاشقىنى چاپلاپ ئەيىبلەپ ۋە، ياشلارنىڭ بارىكاللىسىنى ئالساڭلا بولدى، ئۆز قەلبىڭنىڭ، قارىشىڭنىڭ ۋە ھەرىكىتىڭنىڭ قانداق بولۇشى بىلەن كارىڭ بولمىسۇن. ئەيىپلەنگۈچىنىڭ دەۋرى كەتسە، ئۇ غىڭ - پىڭ قىلالمايدىغان بولىدۇ، غىڭ - پىڭ قىلسا ئۇنىڭ ئەكسىيەتچىلىكى تېخىمۇ ئىسپاتلىنىپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ياشلار چاۋىكىنى چېلىپ ھوجۇمغا ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ۋەتۆۋرىكىنى چىقىرىدۇ، سېنىڭ غەلىبەڭ ھۆججەتلىك بولۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياشلارمۇ سېنى كامالەت تاپقان دانىشمەن دەپ بىلىدۇ، ئەسەرلەر توپلىمىنىڭ ئەنە شۇنداق بىرمۇ پارچە كونسپېكتىنىڭ ئىستورولوشى مۇناسىۋىتى بىلەن ئەل ئىچىدە قولدىن قولغا تارقىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن شان شۆھرىتىڭ، مال - دۇنيايىڭ كۆپىيىدۇ، دۆلىتىڭ چەكسىز زىيادە بولىدۇ. قىزىلكۆزلۈك ئىلمى توغرىسىدىكى كونسپېكتىڭ بىرىنچى بابنىڭ بىرىنچى پاراگرافى، بىرىنچى پاراگرافنىڭ ئىككىنچى ماددىسى — «ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپمەك». بۇ ھەقتە ئاز - تولا مەلۇماتىم بار ئىدى، لېكىن ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپكەن ئادەم كۆز ئالدىمغا كەلدى - دە، بېشىمغا ئاغرىق كىردى، بۇ ھەقتە يېزىشقا ھەپسىلەم قالمىدى. قىزىلكۆزلۈك ئىلمى ئەقىللىق بولۇشنىڭ يولىغا مەنسۇپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كۇپۇرلۇق، سىز ئۇنى ئۆگەنمەڭ.

— جانابلىرىنىڭ ئېيتقانلىرى ۋە پىكىرلىرى ناھايىتى ئورۇنلۇق. ھازىر



جەمئىيەتتە بۇنداق ئىلمنى دەرۋازا قاقىدىغان پاخشە خىش قىلىۋېلىپ، شۇنىڭ بىلەن جان باقىدىغان ئادەملەر ئاز ئەمەس؛ ئۇلار ئەمەلىيەتتە مۇرادىغىمۇ يېتىپ، شان - شۆھرەت ۋە نەپ تېپىۋاتىدۇ. بىراق مەن بولسام نادان، دۆت بىر ئادەم، ئۆگىنىمەن دېگەن تەقدىردىمۇ ئۆگىنەلمەسمەنمىكى؟

— بەللى، سىز ئەقىللىق بولۇشنىڭ يولىنى ئىزلەيدىكەنسىزۇ، ئۆگەنمەيدىكەنسىز، بۇ ئىشىڭىزغۇ دۇرۇس، لېكىن پەشۋاغىمۇ ئاسان ئۇچراپ قالىسىز! شۇ كىچىك جاھانساز بوۋايدىن يول سوراپ قايتىپ كەلسەم، مەن يەنە ئەسلى ھالىمدا تۇرۇپتىمەن. ئىھى - ھى - ھى!

لېكىن بىز «ئىھى - ھى - ھى» گىلا مەنزۇر بولۇپ كەتمەيلى، چۈنكى بۇنىڭدىن ئىلگىرى بەزى جايلاردا «تولۇق قوراللىق ھەرىكەت» يۈز بەردى.

بۇ ھەقتىمۇ گېزىتلەردىن پارچىلارنى نەقىل كەلتۈرگىنىمىز ياخشى، بۇ يەردە ناھايىتى ئاددىي خاتىرىلەنگەنلىرىدىن بىرئاز نەقىل كەلتۈرەي —

## «سەنئەت گۈلى» كىنو فىلم شىركىتى «كىنو ساھەسىدىكىلەرنىڭ كوممۇنىستلارنى ئۇتاپ تاشلىغۇچى مەسلەكداشلار جەمئىيىتى» تەرىپىدىن ۋەيران قىلىندى

تۈنۈگۈن ئەتىگەن سائەت توققۇزلاردا، سەنئەت گۈلى شىركىتىنىڭ شاڭخەي غەربىي كانۇت كوچىسى جىنستۇ بۇتخانىسى يېنىدىكى يېڭى سېلىنغان فىلم تارتىش مەيدانىدا ئەلپازى باشقىچەرەك تۇرغان ئۈچ نەپەر ياش يىگىت پەيدا بولۇپ قاپتۇ، ئۇلار بۇ شىركەتنىڭ دەرۋازىۋەنىگە يالغاندىن، بىراۋ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كەلگەنىدۇق، دەپتۇ؛ ئۇلارنىڭ بىرى قەلەمنى قولىغا ئېلىپ، قول قويۇش دەپتىرىگە قول قويۇۋاتقاندا، يەنە بىرى «ھايت!» دەپ بىرلا توۋلىغانىكەن، تاشقىرىدا ئالدىن يوشۇرۇنۇپ تۇرغان، ھەممىسى ئوخشاشلا كۆك رەختتىن كۆينەك ۋە كالتە شىم كىيگەن 7 - 8 لۈكچەك دەرۋازىدىن ئېتىلىپ كىرىپ، ھەر - قايسى ئىشخانىلارغا بېسىپ كىرىپ، يېزىق ئۈستەللىرىنى، دېرىزىلەرنىڭ ئەينەكلىرىنى، ئورۇندۇقلارنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سەرەمجانلارنى قولىدىن كەلگىنىچە بۇزۇپ - چېقىپتۇ. ئاندىن كېيىن ئىشخانىلارنىڭ سىرتىغا چىقىپ، ئۇ يەرلەردە زاپاس تۇرغان ئىككى دانە ئاپتوموبىلنى، بىر دانە فىلم قۇرۇتۇش ماشىنىسىنى، بىر

دانە فىلىم تارتىش ماشىنىسىنى سۇندۇرۇپ – چېقىپ تاشلاپتۇ؛ « خالايىق، ھەممىمىز بىردەك قوزغىلىپ كوممۇنىستلارنى يوقىتايلى »، « ئاممىغا خائىنلىق قىلىدىغان كوممۇنىستلار يوقالسۇن »، « قانخور، ئوت قويغۇچى كوممۇنىستلارنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇيلى » ۋاھاكازا دېگەن سۆزلەر بېسىلغان ئاق قەغەزلىك تەشۋىق ۋەرەقلىرىنى تارقىتىپتۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە شاپىگرافتا بېسىلغان خىتابنامىمۇ تارقىتىپتۇ، بۇ خىتابنامىنىڭ ئاخىرىدا « جۇڭگو كىنو ساھەسىدىكىلەرنىڭ كوممۇنىستلارنى ئوتاپ تاشلىغۇچى مەسلەكداشلار جەمئىيىتى » دېگەن ئىمزا بار ئىكەن. تەخمىنەن يەتتە مىنوت ئۆتكەندە، ئۇلارنىڭ بىرى « چۇر – ر – ر – ر! » قىلىپ جىددىي ھۇشتەك چالغانىكەن، لۈكچەكلەرنىڭ ھەممىسى توپلىنىپتۇ ۋە سەپ بولۇپ تىزىلغىنىچە چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ تەۋەدىكى 6 – رايون بۇ جىددىي ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، ساقچىلارنى، رازۋېدچىكلارنى ئەۋەتىپ قارىسا، ھېلىقى لۈكچەكلەرنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. بۇ جەمئىيەت: تۈنۈگۈن سەھەردە يۈز بەرگەن ھەرىكەتنىڭ مەقسىتى بۇ شىركەتكە، ئەگەر شىركەتتىكىلەر ۋە باشقا شىركەتلەر ئۆز نىشانىسىنى ئۆزگەرتمىسە، بۇندىن كېيىن تېخىمۇ كەسكىن ۋاستىلەر بىلەن جاۋاب بېرىشكە تەييارمىز، ئەھۋالنى « ئىتتىپاق جۇڭگو »، « چولپان »، « جاھاندا بىر » قاتارلىق شىركەتلەر ۋە جەمئىيىتىمىزمۇ تولۇق تەكشۈرۈپ بىلگەن، دەپ ئاگاھلاندۇرغانلىقىدىنلا ئىبارەت، دەيدۇ.

گېزىتلەرنىڭ خەۋەرلىرىگە قارىغاندا، بۇ خىتابنامىدە: سەنئەت گۈلى شىركىتى بولسا كوممۇنىستلارنىڭ تەشۋىقات ئورگانى: پرولېتارىيات مەدەنىيەت ئىتتىپاقى كىنو ساھەسىدىكىلەرنى قىزىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، بۇ شىركەتنى باش شتاب قىلىۋالغان، مەسىلەن، ئۇلارنىڭ « مىللىي ھاياتلىق » دېگەنگە ئوخشاش كىنو فىلىملىرى سىنىپىي كۆرەشنى تەسۋىرلىگەن بولسىمۇ، نەنجىڭدىكى تەكشۈرۈش ۋېيىۋەنخۇيىگە پارا بېرىپ، ئۇلارنى تەستىقلاتتۇرۇۋالغان، دېگەن مەزمۇن بار ئىكەن. يەنە: ھازىر جەمئىيىتىمىز ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ بۇ شىركەتكە تەييارلاپ بولغان فىلىملىرىنى دەرھال كۆيدۈرۈۋېتىش، شىركەتنى قايتىدىن تەشكىللەپ، بارلىق قىزىل پاچاقلارنى تازىلاپ چىقىرىۋېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈشنى، پارا ئالغان كىنو فىلىملىرىنى تەكشۈرۈش ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ مەسئۇل خادىملىرىغا چارە كۆرۈشنى تەلەپ قىلىپ، مائارىپ ۋازارىتىگە، ئىچكى ئىشلار ۋازارىتىگە، مەركىزىي پىرقە بۆلۈمىگە ۋە شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە مۇراجىئەت سۇندى، دېگەن گەپلەرمۇ بار ئىكەن.

ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن شىركەت، ھەقىقەتەن بۇلاڭ – تالاڭغا ئۇچۇرىدۇق دېگەن ۋە ساۋجيادۇ 6 – رايونلۇق ساقچى ئىدارىسىگە مەلۇم قىلغانلىقىنى



ئېيتقان. مەن ( مۇخبىر ) بۇ ئەھۋاللارنى ئاڭلاپ بېرىپ تەكشۈرۈپ قارىسام، دەرۋەقە بۇ شىركەتنىڭ ئىچكى جاھازىلىرى پۈتۈنلەي بۇزۇلغان، جوزا ۋە ئورۇندۇقلىرى سۇنۇپ – چېقىلىپ، ئوڭتەي – توڭتەي بولۇپ يېتىپتۇ، بۇنىڭ سىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى يېقىندا ئايدىڭلاشسا كېرەك.

« گۈزەل ئاخشام » گېزىتىنىڭ 11 – ئاينىڭ 13 – كۈنىدىكى سانىدىن

## كىنو ساھاسىدىكىلەرنىڭ كوممۇنىستلارنى ئوتاش جەمئىيىتى كىنوخانىلارغا تيەنخەن قاتارلىق ئادەملەرنىڭ فىلىملىرىنى قويماسلىق توغرىسىدا ئاگاھلاندۇردى

سەنئەت گۈلى شىركىتى ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، شاڭخەيدىكى كىنو ساھاسىدە ئۇشتۇمتۇتلا يېڭى غۇلغۇلا پەيدا بولدى، بۇ غۇلغۇلا فىلىم ئىشلىگۈچى سودىگەرلەردىن تارتىپ كىنوخانىلارغىچە تارقالدى. شەھىرىمىزدىكى چوڭ – كىچىك كىنوخانىلار تۈنۈگۈن شاڭخەي كىنو ساھەسىدىكىلەرنىڭ كوممۇنىستلارنى ئوتىغۇچى مەسلەكداشلار جەمئىيىتىنىڭ تيەنخەن قاتارلىق ئادەملەر يازغان، رېژىسورلۇق قىلغان ۋە باش رولغا چىققان فىلىملەرنى قويماسلىق توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇلغان خەتلەرنى تەگلا تاپشۇرۇۋالدى، ئۇ خەتنىڭ ئەسلى مەزمۇنى مۇنداق:

جەمئىيىتىمىز مىللەتنى، دۆلەتنى ئاسراش نىيىتىدە بولغاچقا، كىنو ساھەسىدىكىلەرنىڭ كوممۇنىستلار تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىشىگە چىداپ تۇرالماي، قىزىل كىنولارنىڭ باش شتابى بولغان سەنئەت گۈلى فىلىم شىركىتىگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش ھەرىكىتىنى قوللاندى.

كىنوخانىلار كىنو ئىشلىرىغا جان كۆيدۈرۈپ كەلمەكتە، شۇنىڭ ئۈچۈن جىددىي ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇمىزكى، تيەنخەن ( چېن يۈي ) شېن دۇەنشيەن ( يەنى سەي شۇشېڭ، دىڭ چيەنزى )، بۇ ۋەنساڭ، خۇپىڭ، جىن يەن قاتارلىق ئادەملەر رېژىسورلۇق قىلغان، يازغان، باش رولغا چىققان، سىنىپىي كۆرۈشنى، گادايلار بىلەن بايلارنىڭ قارىمۇ قارشىلىقىنى تەرغىب قىلىدىغان ئەكسىيەتچىل كىنولارنى قويماسلىقىڭىزلارنى تىلەيمىز؛ ئۇنداق بولمىسا، خۇددى سەنئەت گۈلى شىركىتىگە قوللانغانغا ئوخشاش، زورلۇق ۋاستىلىرى بىلەن جاۋاب بېرىمىز، ھەرگىز رىئايە قىلمايمىز. بۇنىڭدىن ۋاقىپ بولۇپ قېلىڭلار.

شاڭخەي كىنو ساھاسىدىكىلەرنىڭ كوممۇنىستلارنى

ئوتىغۇچى مەسىلەكىداشلار جەمئىيىتى
11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى
« گۈزەل ئاخشام » گېزىتىنىڭ 11 ـ
ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىكى سانىدىن

لېكىن « كوممۇنىستلارنى ئوتاش » ھەرىكىتى « كىنو ساھەسى » بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى ، مەتبۇئات ساھەسىمۇ باتۇرلارنىڭ ھۇجۇملىرىغا ئۇچرىدى . يەنە گېزىتتىن نەقىل كەلتۈرەي ـــ

« ياخشى دوست » كىتاب شىركىتىگە بۈگۈن سەھەردە ئۇشتۇمتۇتلا بىر غەلىتى ئادەم كەپتۇ .

تۆمۈر بولقا بىلەن ئەينەكلىك دېرىزىنى چېقىۋەتكەندىن كېيىن بەدەر تىكىۋېتىپتۇ ؛ پولىتسىيە تەكشۈرۈۋېتىپتۇ .

. . . « نۇرلۇق جۇڭگو » كىتابخانىسى مۇھاپىزەت تەلەپ قىپتۇ .

شاڭخەي غەربىي كانئوت كوچىسىدىكى سەنئەت گۈلى فىلىم شىركىتىدە تۈنۈگۈن ئەتىگەن سائەت توققۇزلاردا ئىشچى قىياپەتلىك نەچچە ئون ئادەم فىلىم تارتىش مەيدانىغا بېسىپ كىرىپ ، « جۇڭگو كىنو ساھەسىدىكىلەرنىڭ كوممۇنىستلارنى ئوتىغۇچى مەسىلەكىداشلار جەمئىيىتى » دېگەن ئىمزا قويۇلغان تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى تارقاتقاندىن كېيىن بەدەر قايتىپ كېتىپتۇ . بۇ ئەلەڭگۈلۈك بېسىقماي تۇرسا ، يەنە بىر ئەلەڭگۈلۈك پەيدا بولدى : تۆمۈر بولقا كۆتۈرگەن بىر ئەركەك ئادەم بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 لاردا شىمالىي سىچۇەن كوچىسى 851 ـ نومۇرلۇق بىنادىكى « ياخشى دوست » ناملىق كىتاب بېسىش شىركىتىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا پەيدا بولۇپ ، تۆمۈر بولقا بىلەن بۇ شىركەتنىڭ چوڭ دۇكىنىنىڭ ئەينەك دېرىزىسىگە ئۇرۇپ ، ئەينەكلىرىنى چېقىپ ، يوغان كامار قىلىۋېتىپتۇ . ئۇ شۇنىڭ بىلەن مەقسىتىگە يېتىپ ، دەرھال قېچىپ كېتىپتۇ . شۇ تەۋەدىكى خۇڭكۇ پولىتسىيىسى خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈپ قارىسا ، « ياخشى دوست » شىركىتىنىڭ سولچىل ئىدىيىدىكى كىتابلارنى ساتقانلىقى سەنئەت گۈلى شىركىتىنىڭ ۋەيران قىلىنغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئەمەس ئىكەن . بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن 4 ـ كوچىدىكى « نۇرلۇق جۇڭگو » كىتابخانىسى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ناھايىتى ھودۇقۇپ ـ چۆچۈپ ، بىرەر ھادىسىگە ئۇچرىماسلىق ئۈچۈن شۇ تەۋەدىكى مەركىزىي پولىتسىيەدىن بىر ئامال



قىلىپ مۇھاپىزەت قىلىشنى تەلەپ قىپتۇ ، لېكىن مەن مۇخبىر بۇ ماقالامنى يېزىپ بولغۇچە بىرەر ھادىسە يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭلىمىدىم .

« ئۇلۇغ ئاخشام » گېزىتىنىڭ 11 ـ
ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىكى سانىدىن

## « جۇڭگو ئەپكار مۇنبىرى » ۋەيران قىلىندى

## باسمىخانىسى ۋەيران قىلىندى تەھرىر بۆلۈمى زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىمىدى

ئامېرىكىلىق ئىروسىن تەھرىرلىكىدە چىقىدىغان « جۇڭگو ئەپكار مۇنبىرى » گېزىتىنىڭ خۇڭكۇ رايونى تيەنتۇڭ كوچىسىدىكى رىۋول باسمىخانىسىغا تۈنۈگۈن ئاخشام لۈكچەكلەر يوشۇرۇن بېسىپ كىرىپ ، باسما سېخىنى ۋەيران قىلدى ، تەھرىر بۆلۈمى بولسا زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىمىدى .

« گۈزەل ئاخشام » گېزىتىنىڭ 11 ـ
ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىكى سانىدىن

## « مۇقەددەس ئەل ھۆسنى » نەشرىياتى ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمغا ئۇچرىدى

تۈنۈگۈن ئاخشام سائەت 7 دە تۆت ئادەم مەركىزىي تارقىتىش بۆلۈمىگە بېسىپ كىرىپ ، نۇسخا تاكچىلىرىنىڭ ئەينەكلىرىنى بولقا بىلەن چېقىپ تاشلاپتۇ ، زىيان ـ زەخمىتى ئانچە كۆپ ئەمەس ئىكەن .

خېنەن كوچىسىنىڭ 5 ـ رەستىسى ئاغزىدىكى « مۇقەددەس ئەل ھۆسنى » ناملىق نەشرىياتنىڭ مەركىزىي تارقىتىش بۆلۈمىگە تۈنۈگۈن ئاخشام 7 دە ، يەنى چىراغ ياندۇرىدىغان ۋاقىتتا ، ئۇزۇن چاپان كىيگەن بىر خېرىدار پەيدا بولۇپ قاپتۇ ، ئۇ ئەلپازىدىن كىتاب سېتىۋالىدىغان ئادەمدەك كۆرۈنۈپتۇ . بىراق ئۇ ئادەم ئىشىكتىن كىرگەندىن كېيىنلا ، ئارقىسىدىن ئۈچ ئادەم ئىز باستۇرۇپ كىرىپتۇ . ھېلىقى ئۇزۇن چاپانلىق ئادەم ئارقىسىدىن ئۈچەيلەننىڭ كىرىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ ، دەرھال تاقلاپ بېرىپ ، بۇ نەشرىياتنىڭ سول كارىدورىدىكى تامدا ئېسىقلىق تۇرغان تېلېفوننى يۇلۇپ ئېلىپ تاشلاپتۇ . ھېلىقى كالتە چاپانلىق

ئۇچەيلەنمۇ دەرھال بۇزۇش ـ چېقىشقا كىرىشىپ ، بولقىلىرىنى ئوينىتىپتۇ . ئۇزۇن چاپانلىق ئادەممۇ ھەرىكەتكە كىرىشىپتۇ ، تۆتەيلەن بۇ كىتاب دۇكىنىنىڭ سول تەرەپتىكى نۇسخا كىتابلار تاكچىسىنىڭ ئەينەكلىرىنى ئۇرۇپ چېقىپ ، بىمالال چىقىپ كېتىپتۇ . شۇ چاغدا بۇ دۇكاندا 3 ـ 4 نەپەر خىزمەتچى ۋە شاگىرتلارمۇ بار ئىكەن ، ئۇلارمۇ چۆچۈگەنلىكىدىن زۇۋان سۈرەلمەپتۇ . ھېلىقى ئۇزۇن چاپانلىق ئادەم ئىشىكتىن چىقىپ ئون نەچچە قەدەم نېرىراقتىكى سېجىن كوچىسىنىڭ دوقمۇشىغا بارغاندا ، ساقچىلار ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ ، چۈنكى ئۇ تاكچىنىڭ ئەينەكلىرىنى چاققاندا ، ئەينەك ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ يۈزىگە چاچراپ تېگىپ ، يۈزىنى زەخىملەندۈرگەچكە ، قان توختىماي ئېقىپ تۇرغانىكەن ۋە شۇ جاراھەتنىڭ ئاغرىتقانلىقى تۈپەيلىدىن تېز ماڭالماي قالغانىكەن .

ئۇزۇن چاپانلىق ئادەم 4 ـ رەستىدىكى مەركىزىي پولىتسىيىگە ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن ، ئۆزىنىڭ بۇزۇش ، چېقىشقا قاتناشقانلىقىدىن تېنىۋالغانىكەن ، ساقچىلار ئۇنى قويۇۋېتىپتۇ .

« گۈزەل ئاخشام » گېزىتىنىڭ 12 ـ
ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى سانىدىن

ئامېرىكىلىقلار ئاچقان گېزىتخانىنى بۇزۇش ـ چېقىشتا ھەممىدىن بەك رەھىم قىلىنغان ، ھەربىي ئەمەلدارلار ئاچقان كىتابخانىنى [13] ھەممىدىن كېيىن چاققان . « بىمالال چىقىپ كېتىپتۇ » دەپ تەسۋىرلىشى ھەممىدىن قىزىق .

كىنو شىركىتىنى بۇزۇپ چېقىش بىلەن تەڭ خىتابنامىمۇ تارقاتقان ، بىرنەچچە گېزىت بۇ خىتابنامىنى تولۇق مەزمۇنى بىلەن بېسىپ چىقارغان ؛ كىتابخانا بىلەن گېزىتخانا توغرىسىدا بولسا بىرەر مۇلاھىزە يوق ، چۈنكى بۇ ھەقتە بىرەر خاتىرىمۇ بېسىلمىدى . لېكىن يوقمۇ ئەمەس ، شاپىگراف بىلەن كۆك رەڭدە بېسىلغان بىر ئاگاھلاندۇرۇش بار ، ئەسلىدە كىتابخانا ياكى گېزىتخانىنىڭ ئىسمى چۈشىدىغان ئورۇن بوش قالدۇرۇلۇپ بېسىلىپ ، كېيىن موي قەلەم بىلەن تولدۇرۇلغان ، يېزىلىشىدىن قارىغاندا ، بۇنى قەلەم ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم يازغاندەك ئەمەس ؛ ئاخىرىغا سۆسۈن رەڭ بىلەن ئۇزۇنچاق ياغاچ تامغا بېسىلغان .



بەختكە يارىشا بۇ خىتابنامىنىڭ ئەينەن نۇسخىسىنى ساقلاپ قويغانىكەنمەن . مانا ھازىر تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇپ ، بۇ يەردە ئەينەن نەقىل كەلتۈردۈم ——

جەمئىيىتىمىزنىڭ مىللەت ۋە دۆلەتنى قوغداش نىيىتىدە ، مەدەنىيەت ساھەسى بىلەن ئىدىيە ساھەسىنىڭ كوممۇنىستلار تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىغا چىداپ تۇرالماي ، قىزىل كىنولارنىڭ باش شتابى بولغان سەنئەت گۈلى شىركىتىگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش ھەرىكىتىنى قوللاندى . مۇشۇنداق ۋەزىيەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ، ھازىر مەدەنىيەت ساھەسىنى تازىلىماقچىمىز . « ياخشى دوست » كىتاب شىركىتىگە دەسلەپكى ئاگاھلاندۇرۇشنى بەرگەندىن تاشقىرى ، باشقا كىتابخانىلارنىڭ مەتبۇئاتلىرىنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ چىقتۇق .

مۆھتەرەم . . . سىلەر مەدەنىيەت ئىشلىرىغا ھەممىدىن بەكرەك جان كۆيدۈرۈۋاتىسىلەر . شۇنىڭ ئۈچۈن ئالاھىدە جىددىي ئاگاھلاندۇرىمىزكى ، قىزىل يازغۇچىلارنىڭ يازغان نەرسىلىرىنى ، مەسىلەن ، لۇشۈن ، ماۋدۇن ، فېڭزى ، شېن دۇەنشيەن ، چيەن شىڭسۈن ۋە باشقا قىزىل يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ، ئەكسىيەتچىل ماقالىلىرىنى ۋە سەھنە ئەسەرلىرى توغرىسىدىكى ئەكسىيەتچىل مۇلاھىزىلەرنى ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشلارنى نەشر قىلىشقا ، بېسىپ چىقىرىشقا ، تارقىتىشقا يول قويۇلمايدۇ . بۇنىڭغا رىئايە قىلمايدىغان بولساڭلار « سەنئەت گۈلى » ۋە « ياخشى دوست » شىركىتىگە قوللانغان ۋاسىتىدىنمۇ قاتتىق ئۇزۇل ـ كېسىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ جاۋاب بېرىمىز ، ھەرگىز كەڭچىلىك قىلمايمىز ! بۇنىڭدىن ۋاقىپ بولۇپ قېلىڭلار . . . .

شاڭخەي كىنو ساھەسىدىكىلەرنىڭ كوممۇنىستلارنى
ئوتىغۇچى مەسلەكداشلار جەمئىيىتى ، 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى

« مەدەنىيەت ئىشلىرىغا ھەممىدىن بەكرەك جان كۆيدۈرىدۇ » غان « ۋىجدانلىق » ئادەملەردىن بولغان تەقدىردىمۇ ، ۋاقتى كەلگەندە بولقا ئۇچۇپ كېلىپ ، ئۇنىڭ نەچچە يۈز سەر تەڭگىگە توختىغان چوڭ ئەينەكلىرىنى چېقىپ تاشلاش ئېھتىمالى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرسا ، ئەگەر « بۇنىڭغا رىئايە قىلمايدىغان » بولسا ، ۋاقتى كەلگەندە بىرەر قىزىل قالپاق

ئۇچۇپ كېلىپ ، ئۇنىڭ چوڭ ئەينەكلەردىنمۇ قىممەتلىك بېشىغا زامىن
بولىدىغان تۇرسا ، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ دىلىنىڭ شىكەستىلىنىشى تەبىئىي .
دېمەك كىتابخانا ۋە گېزىتخانىلارنىڭ بىرئاز مۇشكۇلچىلىككە قالغانلىقىنى
ئەنە شۇنىڭدىن بىلىۋالغىلى بولىدۇ . « بەدەر تىكىۋەتكەن » باتۇرلار مېنى
« قىزىل يازغۇچى » دەپ بېكىتكەنىكەن ، باشقىلارغا زامىن بولماي ، قە-
لەمنى تاشلاپ قويۇپ ، شۈك ئولتۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈپ
باقايچۇ دېگەن نىيەتكە كەلدىم . شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگەن
زاۋېنلات 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىگىچە يېزىلغانلار بىلەن چەكلەندى .
چۈنكى 7 ـ كۈنىدىن تارتىپ ئاگاھلاندۇرۇشقا مۇيەسسەر بولغان
ۋاقىتقىچە ، يەنى 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىگىچە ھېچقانداق بىر نەرسە يازمى-
دىم .

لېكىن ئەلەم كۈچىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان چاغلىرىمدا قەلەم
كۈچىنىڭ ھۇجۇمىغىمۇ ئۇچرايدىغانلىقىمنى تەجرىبىلەردىن بىلىۋالدىم .
قەلەم ئىگىلىرىنىڭ تولىسى « ئىنسپىراتسىيون » ( ئىلھامچان ) بولىدۇ ،
ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ھىدلاش سېزىمى ناھايىتى تەرەققىي قىلىپ كەتتى ،
ئۇلار قانداق « ئىجاد » قىلسا مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ .
دېمەك مەن جەمئىيەتنى تەنقىدلىمەيدىغان ، ئادەملەر ھەققىدىمۇ مۇلاھىزە
يۈرگۈزمەيدىغان ، باشقىلار بولسا مېنىڭ ئۈستۈمدىن مۇلاھىزە يۈرگۈزىدى-
غان ۋاقىت بولۇپ قالدى . مەن بولسا ماتېرىيال يىغىش بىلەن مەشغۇل
بولدۇم . ماتېرىيال يېتەرلىك بولسىمۇ ، تۈزۈكرەكلىرى كۆپ ئەمەس . قە-
غەزنى ، سىياھنى تېخىمۇ ئاسراش توغرا كەلدى ، شۇڭا بۇ يەردە پەقەت
ئالتە پارچە ماتېرىيالنىلا تاللىدىم . ھۆكۈمەت ئىلكىدىكى « مەركىزىي گې-
زىت » ماڭا ھەممىدىن بۇرۇن ھۇجۇم قىلدى ، ئۇ « مەركەز » بولغىنىغا
مۇناسىپ بولغىنى ھالدا ھەممىدىن ئاۋۋال باشلاپ بەردى ; « ئېقىم مەسى-
لىلىرىدىن يېڭى خەۋەر » [14] « تولۇق قوراللىق ھەرىكەت » ئەۋج ئالغان
بىر ۋاقىتتا زامانغا ناھايىتى ئۇيغۇنلاشقان بولسىمۇ ، لېكىن تولىمۇ
كولدۇرلاپ قالدى ; « ئۇلۇغ ئاخشام » گېزىتى بىلەن « گۈزەل ئاخشام »
گېزىتى [15] ھەممىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا سەكرەپ چۈشتى . ئۇ



« سودىگەرلەر ئىلكىدە بولغان » لىقى ئۈچۈن چېچەن ئىدى ، شۇڭا
ئېھتىياتچانلىق قىلدى ; ئېھتىياتچانلىق قىلغاندا كالۋالىشىپ قالمايدۇ ، ئۇ
شېرىكلىشىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈش قارارىغا ئەمدىلا كەلگەندە ، نورۇز بايرىمى
قىستاپ كېلىپ قالدى ، يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان يىلدا سودىگەرلەرگە
غەمخورلۇق قىلىپ ، يېڭى نىزام بەلگىلەپ بېرىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن
كىتاب ـ گېزىتلەر تەكشۈرۈلمەكچىدى . دېمەك ئۇ چاغدا ۋەزىيەت باشقىچە
بولاتتى .نورۇز بايرىمى ھازىر تېخى يېتىپ كەلمىدى ،
ھازىرچە « مەركىزىي گېزىت » نىڭ ئىككى پارچە ماقالىسىنى كۆرۈپ
تۇرايلى —

## پارچە تەسرات

جۇ

يېقىندىن بۇيان بىر مۇنچە ژورناللار ئۇششاق ماقالىلەرنى تەرغىپ قىلىدىغان
بولۇپ قالدى . « شېنباۋ گېزىتىنىڭ ئايلىق ژورنىلى » ، « شەرق ژورنىلى »
ۋە « ھازىرقى زامان » لاردا پارچە تەسرات ، فىليەتۇن ستونلىرى چىقىۋاتىدۇ ،
1933 ـ يىل ئۇششاق ماقالىلەر يىلى بولۇپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ . ھازىر جۇڭگودا
پارچە تەسرات يازغۇچىلار بۇرۇنقىدىن جىق كۆپىيىپ كەتتى ، بۇمۇ لۇشۈن ئە-
پەندىنىڭ يېگانە تۆھپىسى بولسا كېرەك . لۇشۈن جۇڭگونىڭ پارچە تەسرات
يازىدىغان يازغۇچىلىرىنىڭ پېشقەدىمى بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ پىر ـ ئۇستازلارچە
ئىبارىلىرى شۇنداق زەھەردەك ئاچچىقكى ، ئۇنىڭغا باشقا ھېچكىم
يېتىشەلمەيدۇ . ئۇ « ئىسسىق شامال » ، « سايىۋەن » ، « سايىۋەننىڭ داۋامى »
دېگەن توپلاملارنى چىقاردى ، بۇلتۇر « ئالا كۆكۈل » ـ پالا كۆكۈل دېگەندەك بىر
نېمىنىمۇ چىقاردى . ئۇنىڭ يېقىنقى بىر يىلدىن بۇيانقى « قىلمىش » لىرىدىن
قارىغاندا ، ئۇنىڭ چالا كۆكۈل ، تاغىل كۆكۈل دېگەندەك بىر نېمىلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا
چىقىرىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس . لۇشۈن ئەپەندى ئۆزۈندىن بۇيان ئىجادىي
ئەسەر نەشىر قىلدۇرغىنى يوق ، روسىيەنىڭ بەزى قارا بولكىلىرىنى تەرجىمە
قىلغاندىن باشقا ، يازغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇنداق چەلەكگۈچ زاۋېنلاردىن ئى-
بارەت . چەلەكگۈش زاۋېنلار بىرەر مىڭ ھەرپلىك قىسقا بولغاچقا ، قەلەمنى بىر
تەۋرىتىش بىلەنلا پۈتتۈرگىلى بولىدۇ . بىرەر تال تاماكىنى چېكىپ بولغۇچە مې-

گىسىنى ئاز ـ پاز ئىشقا سېلىپ قويسىلا ، نەتىجىدە مىلىڭ ھەر يىلىگە 10 دوللاردىن تاپشۇرىدۇ . چەلەڭگۈش زاۋىتلارنى يېزىشنىڭ بىرلا يولى بولسا كېرەك : ياكى كىنايە قىلىش ۋە ياكى مەسخىرە قىلىش . ئەگەر كىنايە قىلىنغاندىن كېيىن بىرەر ئېغىز مەسخىرىنى قوشۇپ قويسا ياكى مەسخىرىگە بىر ـ ئىككى ئېغىز كىنايىنى قوشۇپ قويسا ، ئۇنداق ماقالە تېخىمۇ قالتىس بولۇپ چىقىدىكەن .

لېكىن ، ئومۇمەن ئالغاندا ، بەزى پارچە تەسراتلىرىدا تەنە كۆپرەك . مەسىلەن ، مەلۇم بىرەر شەيئىدىن نارازى بولغانىكەن ( نارازى — بۇ سۆز جايىدا چۈشەنگەندەك تۇرىدۇ — لۇشۈن ) ، تەنە ماقالە يېزىشى تەبىئىي . لۇشۈن ئەپەندى ئۇنداق قىلساڭمۇ ياراتمايدۇ ، بۇنداق قىلساڭمۇ ياراتمايدۇ ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنداق ئەھۋال توغرىسىدىمۇ تەسراتى كېلىپ چىقىدىكەن ، بۇنداق ئەھۋال توغرىسىدىمۇ تەسراتى كېلىپ چىقىدىكەن .

بىزنىڭ كەنتىمىزدە ھەم سەت ، ھەم غەيۋەتچى بىر قېرى ئايال بار . ئەتىدىن ـ كەچكىچە باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپلا يۈرىدۇ ، گويا ھېچنەرسىنى ياراتمىغاندەك ، كەنتنىڭ شەرقىي مەھەللىسىگە بېرىپ بېشىنى چايقىسا ، كەنتنىڭ غەربىي مەھەللىسىگە بېرىپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويىدۇ . لېكىن ئۇنىڭدىن زادى قانداق بولسا بولاتتى دەپ سورايدىغان بولسىڭىز ، ئۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ . مېنىڭچە لۇشۈن ئەپەندى ئەنە شۇ ئايالغا ئوخشاپ كېتىدۇ ، ئۇ ئەتىدىن ـ كەچكىچە كىنايە قىلىپلا ، تەنە قىلىپلا يۈرىدۇ . پارچە ـ پۇرات تەسراتلىرىنى مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ . ئەگەر ئۇنىڭدىن زادى قانداق قىلىش كېرەك دەپ ئەقىل سورايدىغان بولسىڭىز ، ئۇ ھەرگىز روشەن جاۋاب بەرمەيدۇ .

10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى چىققان « مەركىزىي گېزىت » نىڭ « مەركىزىي باغچە » بېتىدىن

## ئەدەبىيات مۇنبىرى ۋە مەرد مەيدانى

مىڭچۈن

شاڭخەيدىكى ئەدەبىيات مۇنبىرى مەردلەرنى سىنايدىغان مەيدانغا ئايلىنىپ قالدى . لۇشۈن ئەپەندى مەيداننىڭ باۋىڭى ① بولۇپ قالدى . لۇشۈن ئەپەندى خۇددى ئۆز ئۆيىدە كۆزىگە ھەممىنى كۆرەلەيدىغان دۇربۇن تارتىۋالغاندەك ، ئەگەر ئەدەبىيات مۇنبىرىدە قايسىبىر ئادەمنىڭ سۆز ياكى ھەرىكىتىدىن بىرەر قۇسۇرنى بايقاپ قالسا ، دەرھال ئېتىنى چاپتۇرۇپ ، نەيزىسىنى ئوينىتىپ كېلىپ ، شۇ ئادەمنى

① بۇ يەردە « خوجا » دېگەن مەنىدە — تەرجىمان .



دۇمبالاپ تىرىپىرەن قىلىۋېتىدۇ . دېمەك لۇشۈن ئەپەندى قىممەتلىك ۋاقتىنى ئۆزىنىڭ قەلەم تىغىنى قانداق ئۆتكۈرلەشتۈرۈش ، باشقىلارنىڭ جېنىغا تېگەلەيدىغان دەرىجىگە يەتكۈزۈپ ، باشقىلارنى مەڭگۈ قەد كۆتۈرەلمەس ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇش كويىدا باش قاتۇرۇشقا سەرپ قىلماقتا .

مەن لۇشۈن ئەپەندىنىڭ غېمىنى يەپ قويااي ، لۇشۈن ئەپەندى بۇ ھەقتە ئۆزىنى سەل زايا كەتكۈزۈۋاتىدۇ ، لۇشۈن ئەپەندى ، سىز ئۆزىڭىزنىڭ تۇتقان ئورنىڭىزنى ئوبدان چۈشىنىڭ ، ھەتتا سىزگە قارشى ئادەملەرمۇ سىزنىڭ جۇڭگو بويىچە ناھايىتى قەدىرلىك يازغۇچى ئىكەنلىكىڭىزنى ئۆز كۆڭلىدە ئىنكار قىلالمايدۇ ؛ سىزنىڭ سۆزىڭىز ياشلارغا ئۆز تەسىرىنى سىڭدۈرۈۋاتقانىكەن ، سۆزىڭىزدە ئېھتىيات قىلىڭ . قېنى ئۆزىڭىز ئويلاپ كۆرۈڭ ، « ئا Q نىڭ ھەقىقىي تەرجىمالى » نى يازغاندىن كېيىن ، قەلەم كۈرىشىگە قانچىلىك ۋاقتىڭىزنى زايە قىلغانسىز ؟ بۇ قەلەم كۈرەشلىرىڭىز ياشلارغا قانداق تەسىرلەرنى بەرگەندۇ ؟

بىرىنچى قاتاردىكى يازغۇچىلار دائىم بىر ـ بىرى بىلەن تۇتۇشقانىكەن ، ئادەتتىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتچى ياشلار بۇ جەڭ تاكتىكىسىدىن بىر مۇنچە تەنتەكلىكلەرنى ئۆگەنمەي قالمايدۇ . بۇنىڭ كاساپىتى شۇ يەرگىچە يېتىپ بارمانتىكى ، ھەتتا چاپقىنى ئالىمەن دەپ قارىغۇ قىلىپ قويىدىغان ، دوپپىسىنى ئالىمەن دەپ كاللىسىنى ئالىدىغان ئەھۋاللار يۈز بەرمەكتە . باشقىلارنى تەنقىد قىلىدىغان ئادەملەر تولا چاغلاردا تەنقىد قىلىنغۇچىلارنىڭ سۆزى ۋە ئىدىيىسىدىن چەتنەپ ، قەلىمىنى يۆتكەپلا ، ئۇلارنىڭ شەخسىيىتىگە تېگىدىغان ، كۆزەينىكىنى ناھايىتى سەت تاقىۋاپتۇ دەيدىغان ، ھەتتا بەتىنىكىسىنىڭ تۇمشۇقى تۆشۈك ئىكەن دەيدىغان بولۇپ قالدى ؛ ھەتتا ئۆپكىسىنى بېسىۋالالماي ، باشقىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى چىشلەپ تارتىدىغان ھەتتا قەلىمىنى تاشلاپ قويۇپ ، مۇشتۇمىنى تەڭلەيدىغان بولۇپ قالدى . مېنىڭچە ، ھازىر ئەدەبىيات مۇنبىرىدە مۇشۇنداق يامان ئادەتنىڭ يەنى كۆرەڭلىك ، پەسلىك ، قوپاللىق ۋاھاكازالارنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىغا لۇشۈن ئەپەندىگە ئوخشاش ئادەملەر ھەر ھالدا ئاز ـ تولا جاۋابكار بولۇشى كېرەك .

ھەقىقەتەن بۇ قەلەم كۈرەشلىرىنىڭ بىر مۇنچىسى ماجىراسىز ، مەسىلەن ، بىراۋ نەزمىنىڭ ئازادلىقىنى تەشەببۇس قىلغانىكەن ، سەن ئۇنى تىللىمىساڭمۇ باشقا ئادەملەرنىڭ ئۇنى دوراپ ، « پۇستان نېمەمگە ھېساب » دەپ نەزمە توقۇشىمۇ ناتايىن ؛ بىراۋ « جۇاڭزى » بىلەن « تاللانما » نى ئوقۇشنى تەرغىپ قىلغانىكەن ، ئۇنىڭ ياشلارنى ئەپيۇن چېكىشكە دەۋەت قىلغانلىقى ناتايىن ، سېنىڭ چىشلىرىڭنى غۇچۇرلىتىپ ، كۆزلىرىڭنى ئالايتىپ ، ئۇنى ئۇسال قىلىشىڭنىڭ نېمە

ھاجىتى بار ؟!

ئېسىمدە تۇرۇپتۇ ، جۇڭگو تىلىنى مۇكەممەل بىلىدىغان روسىيىلىك ئەدىپ B · A · Vassiliev لۇشۈن ئەپەندىنىڭ « ئا Q نىڭ ھەقىقىي تەرجىمھالى » سىغا باھا بېرىپ : « لۇشۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدىغان يازغۇچى ، ئۇنىڭ يۇمۇر ئۇستىلى كىشىنىڭ كۆزىگە ياش كەلتۈرىدۇ ، دېمەك لۇشۈن يالغۇز جۇڭگونىڭلا يازغۇچىسى ئەمەس ، ئۇ پۈتۈن دۇنيادىكى يازغۇچىلارنىڭمۇ بىرى » دېگەن . لۇشۈن ئەپەندى ، سىز ھازىر قېرىپ قالدىڭىز ، ئۆتمۈشتىكى شان ـ شەرەپلىرىڭىزنى كۆزدە تۇتۇڭ ، ئوقۇغانلىرىڭىز كۆپ ، كۆزىتىشىڭىز چوڭقۇر . تۇرمۇش تەجرىبىڭىز ناھايىتى مول بولۇپ تۇرغان ھازىرقى ۋاقتىڭىزدا « ئا Q نىڭ ھەقىقىي تەرجىمھالى » دىنمۇ ئۇلۇغ بىر نەچچە ئەسەر يېزىش يولىدا غەيرەت قىلسىڭىز بولماسمىدى ؟ ئۇلۇغ ئەسەرنىڭ مىڭ يىللاپ ئۆچمەي تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىكەن ، قەلەم كۈرىشى بىلەن يېزىلغان ماقالىلەرمۇ بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ئېھتىمال . ياشلار مەردلەرنى سىناش مەيدانىنىڭ خوجايىنىدىن كۆرە ، ئۇلۇغ ئەدىبنى قەدىرلەيدۇ . بىز شكىسپىر ، تولستوي ⑯ گېيۇتى قاتارلىق ئادەملەرنىڭ ماقالىلىرىنى ئوقۇغان ، ئۇلارنىڭ « ئادەم تىللايدىغان زاۋېنلار تاللانمىسى » نى كۆرگىنىمىز يوق .

11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى چىققان « مەركىزىي گېزىت » نىڭ « مەركىزىي باغچە » بېتىدىن

بۇ ئىككى ئىلەنىڭ بىرى مېنى قېرى ماكماك ئايالغا ئوخشىتىپتۇ ، يەنە بىرى مېنىڭ « ئۇلۇغ ئەسەر » يارىتىشىمنى ئارزۇ قىپتۇ . بۇلارنىڭ ئىبارىلىرى ئوخشاش بولمىسىمۇ ، مەقسىتى بىر ، يەنى بۇلار « ئۇنداق ئەھۋال تۇغرىسىدىمۇ تەسىراتى كېلىپ چىقىدىكەن ، بۇنداق ئەھۋال تۇغرىسىدىمۇ تەسىراتى كېلىپ چىقىدىكەن » ئىكەنلىكىمدىن ، دېمەك پات ـ پات « چەلەڭگۈش زاۋېنلار » يازىدىغانلىقىمدىن بىزار . دەرھەقىقەت ، بۇ ئەھۋال كىشىنى بىزار قىلىدۇ ، لېكىن « چەلەڭگۈش زاۋېن » شۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ زۆرۈر ، چۈنكى « جۇڭگو خەلقىنىڭ روھىي دۇنياسى » ھازىر مېنىڭ چەلەڭگۈش زاۋېنلىرىمدا ئەكس ئەتمەكتە .

جۇ ئەپەندى مېنىڭ بىرەر روشەن ئەقىل كۆرسىتىپ بەرمىگەنلى-



كىمگە نەشتىرىنى سانجىپتۇ . ئۇنىڭ غەرىزىنى چۈشەندىم . لېكىن مىڭچۈن ئەپەندىنىڭ شكىسپىر قاتارلىق بىر تالاي ئادەملەرنى شىپى كەلتۈرگەنلىكىگە ھەيران بولدۇم . نىمە ئۈچۈندۇر ، يېقىنقى بىر يىلدىن بۇيان بەزىلەر پات ـ پاتلا مېنى تولستوينى دورىغىن دەپ دەۋەت قىلىدىغان بولۇپ قالدى ، ئېھتىمال ئۇلار « ئۇلارنىڭ 〈 ئادەم تىللايدىغان زاۋېنلار تاللانمىسى 〉 نى كۆرمىگەن » لىكى ئۈچۈن ، ئۇنى ماڭا ئۈلگە قىلىپ كۆرسەتكەندۇر . بىراق ياۋروپا ئۇرۇشى دەۋرىدە تولستوينىڭ پادىشاھنى تىللاپ يازغان خېتىنى كۆرگەنمەن ؛ ئەگەر ئۇ جۇڭگودا بولغان بولسا ، ئۇمۇ « ھازىر ئەدەبىيات مۇنبىرىدە مۇشۇنداق يامان ئادەتلەرنى ، يەنى كۆرەڭلىك ، پەسلىك ، قوپاللىق ۋەھاكازالار پەيدا قىلغان » دېگەن بەتنامغا قالغان بولاتتى ، تولستوينى دورىغىلى بولمايدۇ ، دورىغان تەقدىردىمۇ ياشىماق تەس ، ئۇ ھايات چېغىدا يونان دىندارلىرى ئۇنى دەۋزىخى دەپ ھەر يىلى قاغىغانىدى .

ئوتتۇرىغا « ئېقىم مەسىلىلىرىدىن يېڭى خەۋەر » گە بېسىلغان ئىككى پارچە ماقالىنى قىستۇرۇپ قوياي —

## چېقىمچىلىق توغرىسىدا

چېن دەي

چېقىمچىلارغا يولۇقۇپ قېلىشتىن ھەممىدىن بەك تەشۋىش قىلىدىغان ۋە ئۇلارغا ھەممىدىن ئۆچ ئادەم لۇشۈن ئەپەندى بولسا كېرەك . ئۇنىڭ بۇ مەسىلىگە دىققەت قىلىۋاتقانلىقىنى « ساختا ئەركىنلىكنامە » — يەنە بىر ئىسمى : « ناشايان توپلام » — نىڭ « مۇقەددىمە » سى بىلەن « خاتىمە » سىدىنمۇ بىلگىلى بولىدۇ . لېكىن لۇشۈن ئەپەندىنىڭ چېقىمچىلىق دېگىنى بەزى ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭ تۇرار جايىنى ياكى قاچان ، قەيەردە بولغانلىقىنى پولىتسىيىگە ( ياكى ئۇنىڭ « سىرى » نى بىلمەكچى بولۇپ تۇرغان باشقا بىرەر ئورگانغا ) يوشۇرۇن ھالدا ئېيتىپ قويۇپ ، ئۇنىڭ قولغا ئېلىنىپ كېتىشىگە زامىن بولغانلىقىغا قارىتىلغان ئەمەس . ئۇنىڭ سۆزى بەزىلەرنىڭ ئۇنىڭ « ئىلگىرىكى تەخەللۇسلارنى بەزىدە قوللىنىشقا مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزگەرتىۋەتكەن » دىن كېيىنكى تەخەللۇسىنى ئاشكارىلاپ قويۇپ ، « بۇ تەخەللۇس لۇشۈننىڭ » ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويۇشىغا قارىتىلغان .

« بۇ نۋۋەت » — دەپ يازىدۇ لۇشۈن ، — « ئاۋال ۋاڭ پىڭلىن ⑰ ئەپەندى چاقتى ، كېيىن جۇمۇزەي ئەپەندى پاش قىلدى » . لېكىن ئۇ لۇشۈن ئەپەندى سەھنىگە چىقماستىنلا تەھرىرنىڭ بىشارەت بېرىپ قويىدىغانلىقىنى بېزىشنى ئۇنتۇپ قالغان . چۈنكى خې جياگەن ① ئەپەندى باشقا بىر ئەپەندى بىلەن بىللە سەھنىگە چىقىدىغان چاغدا ، تەھرىر : ھازىر سەھنىگە چىقىدىغان ئىككىيلەن بولسا ئەدەبىيات مۇنبىرىنىڭ سەركەردىسى ، دەپ ئالدىن تونۇشتۇرۇپ قويىدۇ ، شۇڭا باشقا كىشىلەر ئەدەبىيات مۇنبىرىنىڭ بۇ ئىككى سەركەدىسىنىڭ سەھنىگە چىقىشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتىدۇ . ئەگەر باشقا بىر ئورۇندا ياكى باشقا بىر ۋەزىيەتتە بولسا ، لۇشۈن ئەپەندىنىڭ ، تەھرىر تەنە قىلىۋاتىدۇ ، دېيىشى ئېھتىمال .

بىرەر قوشۇمچە بەتتە بىرەر يات ئىسىم پەيدا بولۇپ قالسا ، شۇ ئىسىمنىڭ ئەسلى ئىسىم ياكى باشقا بىرەر تونۇش ئادەمنىڭ يەنە بىر تەخەللۇسى ئىكەنلىكىنى بىلگىمىز كېلىدۇ ، بۇ ئادەملەردە بولىدىغان بىر ئادەت . ھەتتا لۇشۈن ئەپەندىمۇ ۋاڭ پىڭلىن ئەپەندىنىڭ « 〈 ھەممىدىن چۈشىنىشلىك 〉 ئەدەبىيات ـ سەنئەت » دېگەن ماقالىسىنى كۆرگەندىن كېيىن ، ئىختىيارسىز ھالدا ؛ « بۇ ۋاڭ پىڭلىن ئەپەندىنىڭ ئىسمى ئەسلى ئىسمىمۇ ياكى تەخەللۇسىمۇ ؟ » دەپ سوئال قويغان . ئەگەر ئۇ شۇ ئىسىمنىڭ كىمنىڭدۇر بىرىنىڭ تەخەللۇسى ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا ، شۇ كىشىنى ئېيتىپ بېرىشى ئېھتىمال . بۇ ھېچقانداق بوھتان ئەمەس ، بۇنىڭغا ئىمانىم كامىل . چۈنكى ئۇنىڭغا مەلۇم بولغان كىشى ئەمەلىيەتتە « ليۇسى بولسا ياڭ سۇنرېن ئەپەندى . . . نىڭ تەخەللۇسى » دەپ ، ئۆزىنىڭ بوزەك بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈۋاتامدۇ ؟

يەنە ، ئەگەر چېقىمچىلىق قىلىدىغان بولسا ، نېمىشقا « ئاشكارا » شەكىلنى قوللىنىدۇ ؟ خۇپىيانە بولسا چېقىمچى تېخىمۇ بەختەر بولمامتى ؟ ھەقىقەتەن شۇنداق چېقىمچى بولىدىغان بولسا ، ئۇنداق چېقىمچىنىڭ پەم ـ پاراستىدىن بىرئاز گۇمانلىنىمەن .

ئۇنداق ياكى بۇنداق تەخەللۇس بىلەن ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرىنى توپلاپ توپلام قىلىدىغان چاغدا ، شۇ بىر مۇنچە ئىسىملارنى بىر ئىسىمغا جۇغلىغان ، بۇنىڭدىن قارىغاندا ، ئاپتورنىڭ ئۆزى ئۆزىنىڭ ئاخىرقى چېقىمچىسى بولسا كېرەك .

11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى چىققان « ئېقىم مەسىلىلىرىدىن يېڭى خەۋەر » نىڭ « كۆك نۇر » بېتىدىن

① لۇشۈنىنىڭ تەخەللۇسى « كىم ئىشلىگەن ؟ » دېگەن مەنىدىكى سۆز . — تەرجىمان .



# يوشۇرۇن ئوق ئېتىش توغرىسىدا

چېن دەي

ئالدىنقى كۈنى لۇشۈن ئەپەندىنىڭ « ساختا ئەركىنلىكنامە » نىڭ « مۇقەددىمە » سى بىلەن « خاتىمە » سىنى ئوقۇپ ، چېقىمچىلىق توغرىسىدا قىسقىچە توختالغانىدىم ، ھازىر تاڭ تاۋ ئەپەندىنىڭ « يېڭى قىياپەتۇلبەشەر » دېگەن ماقالىسىنى ئوقۇۋېتىپ ، يوشۇرۇن ئوق ئېتىش توغرىسىدىمۇ قىسقىچە توختالغۇم كەلدى .

تاڭ تاۋ ئەپەندى « يېڭى قىياپەتۇلبەشەر » دە ناھايىتى كۆپ تەرەپلەپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن ؛ شۇ تەرەپلىرىنىڭ بىرى « يوشۇرۇن ئوق ئېتىش » . تاڭ ئەپەندىنىڭ ماقالىسىمۇ پۈتۈنلەي دېگۈدەك « يوشۇرۇن ئوق » لاردىن تەركىب تاپقان ، گەرچە بىرمۇنچە ئوقلىرىنىڭ بەلگىسى ئانچە ئېنىق بولمىسىمۇ .

« ئېقىمنىڭ تەسىرى يەتكەنلىكتىن ، ئەدەبىيات سەھنىسىدىكى ئويۇنلارنىڭ ھەربىر كۆرۈنۈشىنى يەكگۈشلەپ تۇرۇۋاتىمىز ، دېيىشىدۇ . رولغا چىققانلار يەنە شۇ كونا ئادەملەر بولسىمۇ ، لېكىن بەشرىسى يېپيېڭى . » — مانا بۇ ، يوشۇرۇن ئوقنىڭ بىرىنچىسى . بۇ ئوق يوشۇرۇن ئېتىلغان بولسىمۇ ، لېكىن قارىلىغان يەرگە بېرىپ تەگكەن . چۈنكى ھازىر ھەقىقەتەن بىرمۇنچە ئەدەبىي رول باركى ، ئۇلار تاماشىچىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ، ئادەتتە قويۇپ كېلىۋاتقان كونا ئويۇنلىرىنى تاشلاپ قويۇپ ، يېڭى ئويۇنلارنى قويۇۋاتىدۇ ، ئۆزلىرىنىڭ قاتاردىن قالغانلىقىنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن ، ئاغزىدا « ئېقىمنىڭ تەسىرى يەتكەن » دەيدۇ ، تېخى . يەنە بەزىلىرىنىڭ ئاچقان رولىنىڭ ئىلگىرىكىدەكلا كونا ئىكەنلىكىنى ئېيتماي قويايلى ، ئۇلارنىڭ بەشرىسىمۇ يېڭى ئەمەس ، پەقەت سەرلەۋھىسىنىلا يېڭىلىغان ، قويۇۋاتقىنى يەنە شۇ كونا بىر نېمىلەر ، مەسىلەن : « شۆي پىڭگۈينىڭ غەربىي لياڭ ئوردىسىدىن ئۆيلىنىشى » نى « ئاشىق ۋە مەشۇق » قا ئۆزگەرتكەن ۋە باشقىلار . بۇلارنىڭ مەزمۇنى بولسا يەنىلا كونا .

ئىككىنچى ئوق بولسا — ياق ، بۇنداق يازنۋېرىش يارىمايدۇ . بۇنداق يازىۋېرىش ئۈچۈن چوڭقۇر مەلۇمات كېرەك ، — ماقالىنىڭ ھەر بىر جۈملىسى بىر پاي ئوق ، ھەتتا بىر جۈملىسى بىر نەچچە پاي ئوق ، ئۇنى كۆرگەن ئادەمنىڭ كۆزلىرى تورلىشىپ ، مېڭىسى ئېلىشىپ ، ئۇ ئوقلارنى تۇتۇۋالالماي قالسا ، قاتمال تەرجىمەرنى چۈشىنىشتىنمۇ قىيىن بولىدۇ .

لېكىن تاڭ تاۋ ئەپەندىنىڭ ئۆزى بۇنداق پوزىتسىيىدىن مەمنۇن بولمىسا

كېرەك . ئۇنداق بولمىسا نېمىشقا باشقىلارنى « ۋارقىراپ ـ جارقىراپ ، شىلتىڭلاپ خىرىس قىلىۋاتىدۇ » دەپ تىللايدۇ ؟ لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئۆزى « ۋارقىراپ ـ جارقىراپ ، شىلتىڭلاپ خىرىس قىلىۋاتىدۇ » .

ئېھتىمال ئۇ خىرىس قىلماي ، پەقەت يوشۇرۇن ئوق ئېتىۋاتقاندۇ ؛ چۈنكى « قاتتىق جەڭ » دە « تارتىشماق » بولغان تەقدىردىمۇ ھەر ھالدا خېلى كۈچ كېتىدۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە « مەغلۇپ » بولغاندىن كېيىن « يەنە ئېلىشىش » ۋاقتىدا بەشىرىنى « يېڭىباشتىن پەردازلاش » توغرا كېلىدۇ . يوشۇرۇن ئوق ئېتىش بولسا ئاسانغا چۈشىدۇ ، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ تۇرۇپ ، ئاتقۇدەك بىرەر قارىنى كۆرگەندە يايىنى كېرىپ تۇرۇپ چاندۇرماستىن قويۇۋەتسە ، ئوق بەھۇزۇر ئالغا ئۇچۇپ كېتىۋېرىدۇ . شۇنداق تۇرۇقلۇق ، ئۇ يەنە يوشۇرۇن ئوق ئاتقۇچىلارنى تىللىماقتا .

يوشۇرۇن ئوقنى ئاۋال ئۆزى ئاتالايدىغان ئادەم باشقىلارنىڭ ئېتىشىنى تىللىسا ئاندىن سۆزى ئورۇنلۇق بولۇپ چىقىدۇ .

11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى چىققان « ئېقىم مەسىلىلىرىدىن
يېڭى خەۋەر » نىڭ « كۆك نۇر » بېتىدىن

بۇ چېن ئەپەندى ھۇجۇمچى قوشۇن ئىچىدىكى لامزەللەرنىڭ بىرى ئىكەن ، ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ كېيىن ئىزاھلىشى بىلەن باشقىلارنىڭ ئىلگىرى پاش قىلىشى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىمۇ چۈشەنمەيدىكەن . ئەگەر مەن سۈيىقەستكە ئۇچرىغان بولساممۇ ئۆلمەي ، كېيىن « ئۆز . . . بىلەن ۋاپات قىلغان » بولسام ، ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ ئاخىرقى قاتىلى دېيىشتىن يانمايدىغان ئوخشايدۇ .

ئۇ : ئەگەر چېقىمچىلىق قىلىدىغان بولسا ، نېمىشقا « ئاشكارا » شەكىلنى قوللىنىدۇ ؟ دېگەن سوئالنىمۇ قويۇپتۇ . جاۋاب : بۇنى ھەقىقەتەن چۈشىنىش تەس ، لېكىن بۇنىڭغا « ئەدىب » نىڭ سۈپىتىگە لايىقراق ئۇسۇلدا چېقىمچىلىق قىلىش مۇددىئاسىمۇ سەۋەب بولغان ؛ ئۇنداق قىلمىسا ، تۆردىن پەگاغا چۈشۈپ قالىدۇ ـ دە ، پايلاقچىلار مۇنبىرىگە ئۆتۈپ قالىدۇ . قەستەنلىك بىلەن سەۋەنلىكنىڭ پەرقىنى چۈشىنىمەن . مېنىڭ چېقىمچى دېگىنىم پىستەكلەرگە قارىتىلغان ، چېن ئەپەندى ئەنە شۇنداق پىستەك ـ كۈچۈكلەرنىڭ بىرى ئىكەن . ئويلاپ كۆرۈڭ ، خەۋەر تاپىدىغان قۇلىقى ئۆتكۈر بولمىغاچقا ، ئەكسىچە ئۆزىگە قىيىن بولمىغانمۇ ؟



ئىككىنچى ماقالىسىنى پەقەت ئۆزىلا چۈشەنسە كېرەك . مەن پەقەت بىرلا نۇقتىسىنى چۈشەندىم : ئۇ بۇ نۆۋەت توغرا ھىدلىيالماي ، تاڭ تاۋ ئەپەندىنى ماڭا ئوخشىتىۋاپتۇ . ئۇ ماقالىنى بۇ يەرگە پەقەت ئۆزىنى مېنىڭ مۇخالىپىم قىلىۋالغانلارنىڭ ئۈلگىسى سۈپىتىدىلا كىرگۈزۈپ قويدۇم .

ئەمدى « ئۇلۇغ ئاخشام » گېزىتىدىكى بىر پارچە نەرسىنى نەقىل كەلتۈرەي —

## چېن جىبو لۇشۈن ھەققىدە

چىشى

يېقىندا بىراۋ لۇشۈن توغرىسىدىكى تەنقىدىي ماقالىلەرنى « لۇشۈن ھەققىدە » ناملىق بىر كىتاب قىلىپ چىقاردى . بۇنىڭغا لۇشۈننى ماختايدىغان ماقالىلەر كىرگۈزۈلگەن . ھەقىقەتتە لۇشۈن ھەققىدە يېزىلغان ماقالىلەردە چۆككۈرۈشمۇ ، تەرىپمۇ بولۇشى كېرەك ؛ چۆككۈرۈشمۇ ، تەرىپمۇ بولغاندا ، ئاندىن ھەق ـ لىللا بولغان بولىدۇ . چېن جىمو جاناب يازغان « ھازىرقى زامان جۇڭگو ئەدەبىياتى تارىخى » دېگەن ئەسەر 300 مىڭ سۆزلۈك ئۇزۇن ئەسەر بولۇپ ، ئۇنىڭدا جانلىق تىل ئەدەبىياتى توغرىسىدىكى سۆزلەر ئاران 10 مىڭ ھەرىپتىن ئاشىدۇ ، بۇنىڭغا خۇشى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن ، لۇشۈن بىلەن سۈي جىمۇ قوشۇمچە قىستۇرۇلغان . بۇلار ئۈستىدىن قاتتىق غەيۋەت قىلىنغان . يېقىندىن بۇيان كونا يازغۇچىلار ئىچىدە ماقالىلەرنى ۋە ئادەملەرنى باھالاشتا چېن جانابتەك يۈرەكلىك ئادەم يوق ، يېڭى چىققان ئادەملەر تېخى بۇنىڭغا دىققەت قىلمايۋاتىدۇ . ھازىر ئۇنىڭ « لۇشۈن ھەققىدە » دېگەن ئەسىرىنى ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى لەتىپە سۈپىتىدە تونۇشتۇراي .

چېن جانابنىڭ يېزىشىچە ، ياۋروپا گرامماتىكىسىنى دورايدىغان ، ياۋروپالاشتۇرۇلغان ئانا تىل ئەدەبىياتى دېگەن سۈپەت بېرىلگەن ئەدەبىيات بار ، بۇ ئەدەبىيات جېجياڭلىق جۇ شۇرېن① نىڭ غەرب ھېكايىلىرىنى تەرجىمە قىلىشى بىلەن باشلانغان ؛ ئۇنىڭدا سۆزمۇ سۆز تەرجىمە قىلىش قەدىرلەنگەن ، مەنەن تەرجىمە بولسا ساداقەتسىزلىك دەپ چەتكە قېقىلغان ؛ ياۋروپا گرامماتىكىسىنى دورايدىغان ئانا تىلنىڭ شاتۇتىغا ئوخشاش دورامچىلىق قىلىشى ئەنە شۇنىڭدىن باشلاندى ؛ كۈلەلمىسىمۇ ھېجىيىپ باقىدىغان چاكىنا دورامچىلار ھەتتا بەس ـ بەس بىلەن ماقالىلەر يېزىپ ، ئۆزلىرىنىڭ ياۋروپالاشتۇرۇش

① لۇشۈن . — تەرجىمان .

ئىرادىلىرىنىمۇ بايان قىلىدىغان بولدى، « ھېكايىلەر مەجمۇئەسى » بۇنداق دورامچىلىقنى تېخىمۇ ئەۋج ئالدۇردى. لېكىن ياۋروپا گىراماتىكىسىنى دوراپ ئانا تىل بىلەن يازغان ماقالىلەرنى ئوقۇپ چۈشىنىش ھەتتا « جۇ پادىشاھىنىڭ پەرمانى » دىنمۇ قىيىن بولۇپ، ئۇلارنى ئىلىم ئەھلىلىرى چۈشىنەلمەيۋاتسا، ئاما قانداقمۇ چۈشىنەلىسۇن؟ شۇنىڭ ئۈچۈن شاڭخەيدىكى ساۋ مۇگۇەن مەسخىرە قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: بىز ياۋروپا تىلىنى ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىمىزكى، بۇنداق تىلسىم ماقالىلەرگە نەزەر سېلىشنى خالىمايمىز! بۇ ماقالىلەر خۇددى مودا كىيىم كىيگەن پوزۇر ئاياللارنىڭ غەربچە ئېگىز پاشنىلىق بەتىنكە كىيىپ، تايتاڭلاپ مېڭىپ، رەسۋا بولغىنىغا ئوخشايدۇ! قەدىمكى ئادەملەرنىڭ ئۇسلۇبىنى دوراشنى قۇللۇق مىجەزگە بېرىلىپ كېتىش دەپ ھاقارەتلىشىۋاتىدۇ، چەتئەلنى دوراش قۇللۇق مىجەزگە بېرىلىپ كەتكەنلىك بولماسمىش. بۇ تۆھمەت زۇلۇم قامچىسىنى كۆتۈرگەنلىك بىلەن باراۋەر بولسا كېرەك! خوش، جانلىق تىل ئەدەبىياتىنى دەسلەپ تەشەببۇس قىلغاندا، تىل بىلەن يېزىقنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھەممە ئادەم چۈشىنەلەيدىغان ھالغا كەلتۈرىمىز دېيىشكەنىدى، بۇ ئىرادىسى ياۋروپالاشقان ئانا تىل ئەدەبىياتىنىڭ جانلىنىشى بىلەن تۈتۈندەك توزۇپ كەتمىدىمۇ؟ ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە زىت بولغان بۇنداق تەشەببۇسلىرى ئۆزلىرىنىڭ سۆزلىرىنى يوققا چىقارماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن لۇشۈننىڭ چەتئەل ئەدەبىياتىنى سۆزمۇ سۆز تەرجىمە قىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى تەسىرى لەنەت ۋە نەپرەتكە ئۇچرىماقتا.

لىللا گەپ قىلىدىغان بولسام، لۇشۈننىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرىدە ئوقۇپ چۈشەنگىلى بولمايدىغان يەرلەر يوق ئەمەس. سۆزمۇ سۆز تەرجىمە قىلىش بولامدۇ - يوقمۇ، بۇ بىر مەسىلە؛ ياۋروپالاشقان ئانا تىل ئەدەبىياتى يەنە بىر مەسىلە. بەزىلەر بۇنىڭ ھەر ئىككىسى يارىمايدۇ، دەيدۇ. بۇنىڭغا زادى كىم جاۋابكار، بۇنى ئېيتىشمۇ قىيىن. چيەن ئەپەندىنىڭ سۆزى پىقىرنىڭ قارىشىچە ئورۇنلۇق بولسا كېرەك!

چيەن ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، خۇشى جانلىق تىل - ئەدەبىياتىنى دەسلەپ تەشەببۇس قىلغاندا، بىزگە ئاقسۆڭەكلەر ئەدەبىياتى كېرەك ئەمەس، ئاددىي خەلق ئەدەبىياتى كېرەك، دېگەن شوئارنى دەستۇر قىلغانىدى. بىر چاغلاردا جۇ شۇرېن ئۇنىڭغا خۇددى كۆلەڭگىدەك ئەگىشىپ، ئۆزىنىڭ ھېكايىلىرى بىلەن داڭق چىقارغانىدى. كېيىن جۇ شۇرېن ھەپسىلىسى پىر بولۇپ، كۈرەش قىلىشقا لايىق بولالماي قالدى. ئۇ پەقەت ئۆتمۈشتىكى خاتىرىنىلا يېزىش بىلەن بولۇپ كەتتى، كەلگۈسى ئۈچۈن يېڭىلىق يارىتىشقا سەئيى قىلمىدى، شەخسەن ئۆزىنىڭ دەرد - ئەلەملىرى بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ئاممىغا بەخت - سائادەت كەلتۈرۈش كويىغا



چۈشمىدى ئۇ ئادەمنىڭ يۈرىكىدە، نەزىرىدە ئاما نېمىش قىلسۇن؟! شۇنىڭ ئۈچۈن چيەن ئەپەندى: جۇ شۇرېن بىلەن شۈي جىمۇ يېڭى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئوڭ ئاغمىچىلىرى، دەپ ھۆكۈم چىقاردى. دېمەك ئۇ لۇشۈننىڭ ئىجادىيەتلىرىگىمۇ ئۇنىڭ ئىدىيىسى بىلەن قوشۇپ لەنەت ئوقۇدى. ئۇنىڭ لۇشۈننى ئوڭ ئاغمىچى دەپ ئاتىغانلىقى ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس زەكىيلىكى ۋە ئالاھىدە قازىلىقى! گومورو بىلەن جياڭ گۇاڭچىڭنىڭ سول ئاغمىچىلىقىنىمۇ ياراتماي، لۇشۈن بىلەن سۈي جىمونىڭ ئوڭ ئاغمىچىلىقىنىمۇ ياراتماي، ئاتالمىش « خەيرلىك چىڭ سۇلالىسى » دىن تەۋەررۇك بولۇپ قالغان مۇيسىپىتلەرنىڭ يېزىق ئۇسلۇبىغا خۇشتار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ماقالىلىرىنى، ھەتتا ئىدغاملىرىنى چىقىرىپ ھوزۇرلىنىپ ئوقۇيدىغانلىقى — بۇ ئەھۋال چيەن ئەپەندىنىڭ ئىرادىسىنى ئەينەكتەك كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. ھازىرقى كۈندە ھەر قانچە ئىجتىھات قىلغان تەقدىردىمۇ ئادەم بولماقنىڭ تەس ئىكەنلىكىنى، ھەق بىلەن ناھەقنىڭ چېگرىسى ئايرىم ئەمەسلىكىنى چيەن ئەپەندىنىڭ لۇشۈن توغرىسىدىكى سۆزلىرىدىنمۇ بىلگىلى بولىدۇ!

چيەن ئەپەندىنىڭ بۇ كىتابى بۇ يىل 9 - ئايدا نەشر قىلىندى، بۇلتۇر 12 - ئايدا يازغان خاتىمىسىمۇ بار.

« ئۇلۇغ ئاخشام » گېزىتىنىڭ 12 - ئاينىڭ 29 - كۈندىكى « مەشئەل » ناملىق قوشۇمچە بېتىدىن.

بۇ چوڭ ماقالىنى چىشى ئەپەندىنىڭ « ئۆزىگە خاس زەكىيلىك دېگەن سۆزى بىلەنلا ماختىماقتىن باشقا سۆزنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇ مېنى ھەقىقەتەن شۇنداق « تەنقىد » لەپتۇكى، ھەتتا مېنىڭ ئۆزۈمنىڭمۇ بىر نەرسە دېگۈم كەلمىدى، « ھەپسىلەم پىر » بولدى. شۇنداق بولسىمۇ مېنىڭ نەزىرىمدە ناھايىتى پەيزىلىك بولغاچقا، « لۇشۈن ھەققىدە » نىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ئالاھىدە ساقلاپ قويغانىدىم.

ئاخىرقىسى « گۈزەل ئاخشام » گېزىتى؛ بۇنىڭدا سەھنىگە چىققان كىشى يەنە يېزىق جەھەتتە رابىتىمىز بولۇپ ئۆتكەن ۋاڭ پىڭلىن ئەپەندى —

## تىللاش ۋە ئىقرار قىلىش

ۋاڭ پىڭلىن

ئىلىم ئىشى توغرىسىدا بىر نەرسە دېمەك ناھايىتى تەس؛ ئىلىمدا كامالەت

تاپقان چوڭ مولللار كېيىن چىققان شاكىچىكلەر بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇشنى ئار كۆرىدۇ ، شاكىچىكلەر بىرەر نەرسە يازسا ، « چاكىنا ، تېتىقسىز » دەپ تەنە قىلماي قويمايدۇ ؛ قورسىقىدا بىرئاز ئۈمىچى بار ياشلارمۇ شۇنداق كامالەت تاپقان چوڭ مولللارنىڭ ئېغىز ئاچسىلا سوۋېت روسىيىسىنى ماختىغانلىقىنى ، قەلەم تەۋرەتسىلا پرولېتارىياتنى ماشايىخ قىلىۋالىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ، خۇددى پىشمىغان چۈچۈك غورىنى چاينىۋالغاندەك چىشلىرىنى قامىتىۋالغاندەك بولۇپ قالىدۇ .

جاھاندا ھەر قانداق جېدەل - ماجرا توختاپ قېلىشى مۇمكىن ، لېكىن ئىنسانلارنىڭ ئىدىيىۋى توقۇنۇشلىرى كۆپىنچە خاپىلىق - ئاچچىقتا يېقىن بولغاچقا ، تۈگەش ۋاقتى بولمايدۇ . بەزىلەر گويا باشقىلارنى سۆكۈشنى ، باشقىلاردىن قەستەن قۇسۇر ئىزلەشنى كەسىپ قىلىۋالغان ؛ ھەممىنى بىۋاستە ئىنكار قىلىشنى ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ۋاستىلىك ھالدا ئۈستۈرۈشنىڭ ھېكمىتى قىلىۋالغان . ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ زادى قانداق بىر نېمە ئىكەنلىكىنى پەقەت ئۆزلىرىلا بىلىدۇ ، باشقىلارنىڭ سوراپ كۆرۈشىگە رۇخسەت قىلمايدۇ . ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئادەملەرنىڭ باشقىلارغا قاراتقان زەھەرلىك دارتمىلىرى بەزىدە دەل جايىدىن چىقماي ، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئاڭسىز ئىقرارنامىسى بولۇپمۇ قالىدۇ .

ئىنجىلدا مۇنداق بىر رىۋايەتنى كۆرگەندەك تۇرىمەن : بىر توپ جامائەت ئەركەك بىلەن ئويناپ تۇتۇلۇپ قالغان بىر پاھىشە ئايالنى چالما - كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىمىز دەپ كوچىدا ئالدىغا سېلىپ كېتىۋاتقاندا ، ئەيسا : « توۋا قىلىڭلار ! بۇ پاھىشە ئايالنى چالما - كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈشكە پەقەت گۇناھ قىلمىغان ئادەملا مۇناسىپ بولىدۇ » دەپتۇ . شۇنىڭ بىلەن جامائەت نومۇس قىلىپ تارقىلىپ كېتىپتۇ . بۈگۈنكى ئەدەبىيات مۇنبىرى شۇنداق ئەمەسمۇ ؟ ئۇ مۇنبەردىكىلەر ئۆزلىرى ئاداش ئويناپ تۇتۇلۇپ قالغان تۇرۇقلۇق ، باشقىلارنى پاھىشىۋاز دەپ قارىلايدۇ . مەسىلەن : لۇشۇن ئەپەندى ئادەم تىللاش ھۆكۈمەت تەرەپكە ۋەكالەتەن سۆزلىگەنلىك بولىدۇ دېگەن زەھەرلىك باھانى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ . لېكىن بۇ جانابنىڭ ئۆزى نېمە « تەرەپ » كە ۋەكىللىق قىلىدىكىن - تاڭ ؟!

ئەسلىدە گەپ قىلغۇچى كەلمىگەن ئادەمنىڭ گېپى بولمايدۇ ؛ گېپى بولىدىكەن ئۇ گەپنى قىلىدۇ ؛ قىلارغا گېپى بار ئادەمنى ھېچكىممۇ بىرەر تەرەپكە ۋەكىللىق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلىمايدۇ . لۇشۇن ئەپەندى دائىم « باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئۆز كۆڭلى بىلەن ئۆلچەيدۇ » ، ئۇ « ئۆز ئەيىبىنى سىيلاپ - سىيپاپ ئۆتكۈزىدۇ ، باشقىلارنىڭكىنى بولسا دەررىلەيدۇ » .

ئەدەبىيات مۇنبىرىدە بۇنداق ئەھۋال سامان نەرقى ئۇچرايدۇ ، يالغۇز لۇشۇن ئەپەندى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ .



12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى چىققان « گۈزەل ئاخشام » گېزىتىنىڭ « چىنار پانۇسى » دىن .

« ساختا ئەركىنلىكنامە » دە ۋاڭ ئەپەندىنىڭ تىلتۇمار سۆزلىرىنى « ھۆكۈمەت تەرەپ » سۆزلىرىگە مەنسۇپ دەپ ئەيىبلىگەنىدىم [18] ، بۇ ماقالىسىنى ئەنە شۇنىڭغا قارشى يازغان ، لېكىن بۇ ماقالىسىنىڭ مەنىسى ئانچە چۈشىنىشلىك ئەمەس . « ئۆزى ئاداش ئويناپ تۇتۇلۇپ قالغان تۇرۇقلۇق ، باشقىلارنى پاھىشىۋاز دەيدۇ » دېگەن سۆزىدىن قارىغاندا ، ئەكسىچە مەن « ھۆكۈمەت تەرەپ » مىشمەن ، لېكىن « قىلارغا گېپى بار ئادەمنى ھېچكىممۇ بىرەر تەرەپكە ۋەكىللىك قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلىمايدۇ » غانلىقىنى بىلمەسمىشمەن . ئەگەر شۇنداق ئويلايدىغان بولسا ، باشقىلارنى ئەكسىيەتچى دېگەن ئادەمنىڭ دەل ئۆزى ئەكسىيەتچى ؛ باشقىلارنى باسمىچى دېگەن ئادەمنىڭ دەل ئۆزى باسمىچى . . . دېگەن بولاتتىم . ھاي ، بەس ، يەنە « زەھەرلىك باھا » بولۇپ قالدى . ئەيسا : « توۋا قىلىڭلار » [19] دېگەن ئەمەسمۇ ؟ بالا - قازادىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يەنە كىچىككىنە بىر قۇيرۇقنى قوشۇپ قوياي : مېنىڭ بۇنداق يامان ئادىتىم ئەدەبىيات مۇنبىرى بىلەنلا چەكلەنگەن ، بۇنىڭ ھۆكۈمەت تەرەپ بىلەن ئالاقىسى يوق .

ۋاڭ پىڭلىن ئەپەندى كىنو تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ [20] ئەزاسى ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن پۇخرادارچىلىقىمنى قىلاي .

ئەمدى راستىن بەس قىلاي . يېزىش ۋە نەقىل كەلتۈرۈش ئۈچۈن ، يەنى ئۆزۈم ئۈچۈن ۋە باشقىلار ئۈچۈن يېرىم كېچىدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلدىم ، ھەممىسى 8 - 9 مىڭ ھەرپكە يېتىپ قالغان بولسا كېرەك . بۇ قۇيرۇقمۇ كىچىك ئەمەس .

ۋاقىت كۈنلەپ ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ ؛ چوڭ - كىچىك ئەھۋاللارمۇ ۋاقىت بىلەن بىللە ئۆتۈپ ، ئۇزۇنغا قارىمايلا خاتىرىمىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەھۋاللارمۇ تارقاق . ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام ، ئۆزۈم ھېچ قىلمىغان ۋە بىلمىگەن ئەھۋاللار ھەقىقەتەن ئاز ئەمەس . لېكىن بۇ چاققىچە يازغان مۇشۇ نەچچە ئون پەرچە ماقالەمنى رەتلەپ قارىسام ۋە شۇ ماقالىلەر تۈپەيلىدىن يۈز بەرگەن نىزالارنى « خاتىمە » بىلەن تو-

لۇقلاپ يېزىپ قارىسام، ئېقىم مەسىلىلىرىنىمۇ ئەينەكتەك كۆرسىتىپ بەردى. بۇ ھەجمى كىچىك بولسىمۇ بىرەر ئوبرازنى سۈرەتلەپ بېرەلىدىغۇ؟! ھازىرقى كۈندە ئۆزىنىڭ شېكسپىرگە، تولستويغا تەلپۈنىدىغان مۇبارەك نەزىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ كۆز ئالدىدىكى زۇلمەتكە نەزەر سېلىپ، شۇ زۇلمەت توغرىسىدا بىرەر نەرسە يازىدىغان يازغۇچى ناھايىتى ئاز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ پارچە تەسىراتلىرىمنى ساقلاپ قويۇش تېخىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالدى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ پارچە تەسىراتلىرىم ئۆمۈر سۈرسۇن، شۇ سەۋەبتىن باشقىلارنىڭ تېخىمۇ بەك ئۆچمەنلىكىگە يولۇقسىمۇ، مۇھاسىرە ئىچىدە تېخىمۇ ئۆسۈپ يېتىلسۇن. ئىھ! «بولمىغاچ شۇ زاماندا قەھرىمان، چىقاردى كىسپۇرۇشلار ئۇندا نام» ㉑؛ ئۆزۈمنى دەپ، جۇڭگونىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىنى دەپ بۇنداق ئەھۋالغا ھەسرەت چېكىمەن.

ئەدەبىيات مۇنبىرىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر يەنە تېخى خېلى كۆپ. مەسىلەن: تەكشۈرگۈچىلەرگە مەخپىي ئەقىل كۆرسىتىش، غەلىتە بۆلگۈنچىلىك تەدبىرلىرىنى ئىشلىتىش، پىتنە ـ ئىغۋا ئۈچۈن مەسلىھەتلىك قىلىش، ھەقىقەتنى يوشۇرۇش ۋە مەخسەتنى بۇرمىلاش، ئۆتكەن يىللاردا تەسلىمچىلىك بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، بۈگۈنكى كۈندە نومۇس قىلماي قەدىناس دوستۇم دەپ قوقۇناقلىرىنى ئېرىتىش ... لېكىن بۇلار مۇشۇ «گۈلشەن پاراڭلىرىغا ئىستىئارە» نى يازغان مەزگىلدىكى ئەھۋاللار بولمىغاچقا، بۇ يەردە ئۇلارنى تىلغا ئالمىدىم، مەڭگۈ تىلغا ئالماسلىقىم مۇمكىن. بۇلار، بۇنى بەللىرىم تېلىپ ئاغرىغۇچە يازدىم، ئەمدى راستتىن بەس قىلاي.

1934 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى
كېچىدە شاڭخەيدە يېزىلدى، لۇشۈن

**ئىزاھات**

① «گۈلشەن پاراڭلىرىغا ئىستىئارە» ـــ لۇشۈننىڭ 1933 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە يازغان زاۋېنلىرىنىڭ توپلىمى بولۇپ، جەمئىي 64 پارچە ماقالىدىن ئىبارەت. بۇ توپلام دەسلەپ 1934 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. بۇ ماقالە مۇشۇ توپلامنىڭ نەشر قىلىنىشىغا بېغىشلاپ يېزىلغان خاتىمدىن ئىبارەت.



«ئىجتىمائىي ئاخبارات» ـــ بۇ ژورنال 1932 ـ يىلى 10 ـ ئايدا شاڭخەيدە نەشر قىلىنىشقا باشلاپ، 1937 ـ يىلى 10 ـ ئايدا نەشردىن توختىغان. بۇ ژورنالنىڭ 5 ـ جىلد13 ـ سانى (1933 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى) دا ‹ شىن › ئىمزاسىدا « < ساختا ئەركىنلىكنامە > نى ئوقۇغاندىن كېيىن » سەرلەۋھىلىك ماقالا بېسىلىپ، لۇشۈنگە مۇنداق ھۇجۇم قىلىنغان: «ساختا ئەركىنلىكنامە» لۇشۈن يازغان، شىمال يېڭىلىقلىرى كىتاب ئىدارىسى نەشر قىلغان، باھاسى 70 تىيىن. بۇ كىتابنىڭ باھاسى قىممەت ئەمەس، لۇشۈننىڭ بۇ كىتابتىكى ئەسەرلىرى < شىنباۋ. ئەركىنلىك پاراڭ > غا بىر قېتىمدىن بېسىلغان بولسىمۇ، لېكىن شۇنى بىلىپ قويۇڭكى، بۇ كىتابتا سەككىز مىڭ خەتلىك خاتىمە بار، شۇ خاتىمىنىڭ ئۆزىنى سېتىۋېلىشقىمۇ ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە لۇشۈن ئەپەندىنىڭ بۇ كىتابىنى نەشر قىلدۇرۇشتىكى ئەسلى مەقسىتىنى چۈشىنىۋېلىڭ، مەقسىتى ‹ ئەركىن پاراڭ › غا يازغان پارچە تەسراتلىرىنى نەشر قىلىشمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇنىڭ مەقسىتى ـــ پۈتۈنلەي ئەنە شۇ قۇيرۇقتىن ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى تەختىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن قايتۇرما ھۇجۇم قورالى ئورنىدا پايدىلىنىش.

② جاڭ زىپىڭ (1893 ـ 1959) ـــ گۇاڭدۇڭ مېشيەن ناھىيىسىدىن، ئىلگىرى «ئىجادىيەت تەھرىراتى» نىڭ ئەزاسى بولۇپ ئۈچ تەرەپلىمە مۇھەببەت ھېكايىلىرىنى كۆپ يازغان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە خائىن بولۇپ كەتكەن.

③ «ئون كۈنلۈك پاراڭ» ـــ شاۋ سۈنمېينىڭ ئىلكىدىكى ئەدەبىي ژورنال. بۇ ژورنال 1933 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى چىقىشقا باشلىغان. 1934 ـ يىلى نەشردىن توختىغان.

④ «مۇشاۋىر شېڭ شۈەنخۇەي» ـــ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىكى گۈەنلياۋ كاپىتالىست، 1844 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1916 ـ يىلى ئۆلگەن، ئەسلى جياڭسۇلۇق، مەنسەپدار، پاراخوت شىركىتى قاتارلىق شىركەتلەرنى قۇرغان، قىزىلكۆزلۈك قىلىش يولى بىلەن ئۆز ۋاقتىدا ئاتاقلىق بايلاردىن بولۇپ قالغان. چاڭجياڭ دەرياسى بويلىرىدىن نۇرغۇن يەر ـ زېمىن ئالغان. ئۇ ۋاپات بولغاندا، بالا ـ چاقىلىرى ناھايىتى ھەشەمەتلىك ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن.

⑤ «مەركىزىي گېزىت» ـــ گومىنداڭ مەركىزىنىڭ ئورگان گېزىتى، 1928 ـ يىلى 2 ـ ئايدا نەنجىڭدا نەشر قىلىنىشقا باشلىغان.

⑥ «ئىسلاھات» ـــ ياپونچە ئايلىق ئونىۋېرسال ژورنال، 1919 ـ يىلى 4 ـ ئايدا نەشر قىلىنىشقا باشلىغان، 1955 ـ يىلى 2 ـ ئايدا نەشردىن توختىغان.

لۇشۇننىڭ « جۇڭگودىكى بەزى ئىشلار توغرىسىدا » سەرلەۋھىلىك ماقالىسى ئەنە شۇ ژورنالغا ئۈچ بۆلەك بېسىلغان .

⑦ « ئادەم سۆزى » — گومىنداڭ قاتارلىق كىشىلەر تەھرىرلىكىدە چىققان ھەپتىلىك گېزىت ، 1934 - يىلى 2 - ئايدا شاڭخەيدە نەشىر قىلىنىشقا باشلىغان . « تۇرمە توغرىسىدا » ئەنە شۇ گېزىتنىڭ 1 - جىلد 3 - سانىغا بېسىلغان . جاڭ كېبياۋ ، شاۋشۇنمېيلەر « ئادەم سۆزى » ژورنىلىنىڭ تەھرىرلىرىدىن ئىدى ، ئاپتور 1934 - يىل 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى جىڭ چېڭدۈغا يازغان خېتىدە جاڭ كېبياۋنىڭ « ئادەم سۆزى » نى چىقىرىۋاتقانلىقى توغرىسىدا : « جاڭ كېبياۋ تولىمۇ ناچار ئادەم ئىكەن ، مېنىڭ ماقالەمنىڭ چەتئەلدە ئېلان قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە مېنى ھەربىي سوتقا تاپشۇرۇش توغرىسىدا بىشارەت بەرگەن كىشى ئەنە شۇ » دەپ يازغان .

⑧ ۋەنزاۋ — نىسەن ۋەنزاۋ ( 1885 - 1959 ) — ياپون ، 1913 - يىلى جۇڭگوغا كېلىپ ، شاڭخەيدە نىسەن كىتابخانىسى ئاچقان ؛ لۇشۈن بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان .

⑨ شاۋ شۈنمېينىڭ « ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى زامان شېئىرىيەت مۇنبىرىگە نەزەر » دېگەن ماقالىسىگە قارالسۇن .

⑩ 1933 - يىل 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى نەشىردىن چىققان « ئۇن كۈنلۈك پاراڭ » نىڭ 8 - سانىغا بىر پارچە رەسىم بېسىلدى . رەسىمدە لۇشۈن نەي چېلىپ ماڭىدۇ ؛ ئۇنىڭ ئارقىسىدا بىر توپ چاشقانلار ماڭىدۇ . ساۋ جۈيرېن « شاۋقۇن » نىڭ 2 - جىلد 43 - سانىغا ماقالا يېزىپ ، ئۇنىڭغا رەددىيە بەرگەن ؛ رەسىمنىڭ ئاپتورى « ئۇن كۈنلۈك پاراڭ » نىڭ 11 - سانىدا « ھۆكۈمەتچە گەپ قىلماسلىق شەرتى بىلەن شاۋقۇنغا جاۋاب » نى يېزىپ ، ئۆزىنى ئاقلىغان .

⑪ دۇخېڭ ( 1907 - 1964 ) — تەخەللۇسى شۇۋېن ، 30 - يىللاردا « 3 - خىل ئادەم » بولۇۋېلىپ ، سولقانات ئەدەبىيات - سەنئەت ھەرىكىتىگە ھۇجۇم قىلغان ، « يېڭى ئەدەبىيات - سەنئەت » ، « ھازىرقى زامان » ناملىق ژورناللارنى چىقارغان .

㉑ بۇ يەردە لىن يۈيتاڭ ۋە باشقىلار « مۇھاكىمە » قاتارلىق ژورناللاردا تەشەببۇس قىلغان ، مىڭ سۇلالىسى كىشىلىرىنىڭ قىلىيەتونلىرىغا تەقلىد قىلىنغان « ئىبرەتلىك سۆزلەر ئۇسلۇبى » دىكى ماقالىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

⑬ بۇ يەردە شاڭخەيدىكى « مۇقەددەس ئەل ھۆسنى » نەشرىياتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ ، بۇ نەشرىيات 1931 - يىلىدىن كېيىن گومىنداڭ 19 - ئارمىيىسىنىڭ جياڭگىلىگى چېن مىڭشۇ قوشقان سەرمايىنى قوبۇل قىلغان .



⑭ « ئېقىم مەسىلىلىرىدىن يېڭى خەۋەر » — 1907 - يىلى 12 - ئايدا شاڭخەيدە نەشىر قىلىنغان كۈندىلىك گېزىت . دەسلەپتە بۇرژۇئا ئىسلاھاتچىلىرىنىڭ گېزىتى بولۇپ ، شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن شىمالىي مىللىتارىست دۈەن چىرۇينى ھىمايە قىلىدىغان تەتقىقاتچى سىياسەتۋازلار گېزىتىگە ئايلانغان . 1949 - يىلى 4 - ئايدا شاڭخەي ئازاد بولغاندا نەشىردىن توختىغان .

⑮ « گۈزەل ئاخشام گېزىتى » — 1929 - يىلى 4 - ئايدا ئامېرىكىلىقلار شاڭخەيدە چىقارغان ئېنگلىزچە گېزىت ، كېيىن خەنزۇچە نۇسخىسىمۇ چىقىرىلغان ، 1949 - يىلى 5 - ئايدا نەشىردىن توختىغان .

⑯ تولستوي 1904 - يىلدىكى ياپونىيە - روسىيە ئۇرۇشى مەزگىلىدە چار پادىشاھ بىلەن ياپونىيە پادىشاھى تيەنخۇاڭغا خەت يېزىپ ، ئۇلارنىڭ ئۇرۇش قوزغىغان جىنايەتلىرىنى ئەيىبلىگەن . تولستوي ئۆز ئەسەرلىرىدە چېركاۋلارغىمۇ شىددەتلىك ھۇجۇم قىلغان . شۇڭا 1901 - يىلى 2 - ئايدا چېركاۋنىڭ رويخېتىدىن رەسمىي ئۆچۈرۈلگەن .

⑰ ۋاڭ پىڭلىن ( 1898 - 1964 ) — جياڭسۇنىڭ لياڭ ناھىيىسىدىن . گومىنداڭنىڭ ياللانما ئەدىبى .

⑱ بۇ ھەقتە « ساختا ئەركىنلىكنامە » نىڭ قوشۇمچىسى « ھۆكۈمەت سۆزى » گە قاراڭ .

⑲ بۇ سۆز « توۋا قىل » دەپمۇ ئېيتىلغان . ئەسلى ئىنجىلدىن ئېلىنغان .

⑳ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى 1933 - يىلى 3 - ئايدا مەركىزىي تەشۋىقات ھەيئىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە « مەركىزىي كىنو تەكشۈرۈش ھەيئىتى » قۇرۇپ ، سولقانات ئەدەبىيات - سەنئەت ھەرىكىتىگە زىيانكەشلىك قىلىدىغان ئورگانلارنىڭ بىرى قىلغان .

㉑ بۇ سۆز ئەسلىدە « جىن سۇلالىسى تارىخى » نىڭ 49 - جىلد « رۇەن جىنىڭ تەزكىرىسى » دىن چىققان : رۇەن جى دائىم گۇاڭۋۇغا چىقىپ چۇ خاندانلىقى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولغان جايغا نەزەر سېلىپ ھەسرەت بىلەن : " بولمىغاچ شۇ زاماندا قەھرىمان ، چىقاردى كىسپۇرۇشلار ئۇندا نام ! " دېگەن .

## ئۈنى ـ بۈنى ئوقۇپ قويۇش كېرەك[1]

ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىرىش ئورنىدا كىتاب كۆرىدىغانلىقىمنى ـــ ئۈنى ـ بۈنى ئوقۇپ قويىدىغانلىقىمنى ـــ بىرئاز سۆزلەپ بېرەي . ئۈنى ـ بۈنى ئوقۇغاندا پەخەس بولمىسا ، ئوقۇغان كىتابلارنىڭ زىيىنىغا ئۇچراپ قېلىش ئېھتىمالىمۇ يوق ئەمەس .

مەن دەسلەپتە مەدرىسىدە ئوقۇدۇم ، ئوقۇغان بىرىنچى كىتابىم « ئىبرەتنامە »[2] . جوزا ئۈستىدە ئەنە شۇ كىتاب ۋە ھۆسنخەت ئەندىزىسى[3] ، قاپىيە تىزمىلىرى ( نەزمە توقۇشنىڭ تەييارلىقى ) دېگەندەك دەرسلىكلەردىن باشقا كىتابلارنىڭ بولۇشىغا روخسەت قىلىنمايتتى . كېيىن بارا ـ بارا خەت ساۋادىممۇ چىقتى ، شۇنىڭ بىلەن كىتابقا ھەۋەس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم . ئۆيىمىزدە كونىراپ كەتكەن ئىككى ـ ئۈچ ساندۇق كىتاب بار ئىدى ، ئۇلارنى ۋاراقلاپ كۆرىدىغان بولدۇم ، بۇنىڭدىن مەقسىتىم رەسىملەرنى كۆرۈش ئىدى ؛ كېيىنچە يېزىقلىرىنىمۇ ئوقۇيدىغان بولدۇم . بۇ ماڭا ئادەت بولۇپ قالدى ، قولۇمغا كىتاب چىقىسلا ، ئۇنىڭ قانداق كىتابلىقىغا قارىماي ۋاراقلايدىغان ياكى مۇندەرىجىلىرىنى ئوقۇپ باقىدىغان ، گايىدا مەزمۇنىدىنمۇ بىر نەچچە بەت ئوقۇپ باقىدىغان بولدۇم ؛ ھازىرمۇ شۇنداق ، بۇنىڭغا مېڭىمۇ سەرپ بولمايدۇ ، كۈچمۇ كەتمەيدۇ ، تولا چاغلاردا ، ماقالەمنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن ياكى ئوقۇش زۆرۈر بولۇپ قالغان كىتابلارنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ھارغىنلىق يەتكەندىمۇ شۇ يول بىلەن ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىرىمەن ، بۇنىڭ بىلەن ھەقىقەتەن ھاردۇقمۇ چىقىدىكەن .

ئەگەر ئالدامچىلىق قىلىمەن دېيىدىغان بولسا ، مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن بىلەرمەن ئېسىل ئادەم بولۇۋالغىلىمۇ بولىدۇ . ھازىر بەزى گول ئادەملەر مەن بىلەن پاراڭلىشىپ قالسا ، مېنى ناھايىتى كۆپ كىتاب ئوقۇغان ئىكەنسىز ، دەيدۇ . بىرئاز پاراڭ قىلىپ بەرگىنىمدىن كېيىن ، ئۆزۈممۇ



ناھايىتى كۆپ كىتاب ئوقۇغاندەك تۇرغانلىقىمنى ھېس قىلىپ قالىمەن . لېكىن بۇنىڭ دائىم ئۈنى ـ بۈنى ئوقۇپ قويغانلىقىمدىن بولغانلىقىنى ، ئەمما شۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى كۆڭۈل قويۇپ تەپسىلىي ئوقۇمىغانلىقىمنى كىم بىلسۇن ؟!

ئاسانراق تاپقىلى بولىدىغان « تۆت دىۋان كىتابلىرىنىڭ مەپھۇمى » ناملىق كىتابمۇ بار ؛ ئەگەر ئۇ قىيىن كەلسە ، « قىسقىچە مۇندەرىجە »[4] نى ئوقۇسىمۇ بولىدۇ ، لېكىن بۇنى تەپسىلىي كۆرۈش كېرەك ، چۈنكى بۇنى كۆرگەندىن كېيىن نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇغاندەك بولىسىز . مەن ئۆزۈممۇ خېلى سەئىيى ـ ئىجتىھات قىلىپ كۆردۇم ، مەسىلەن « مىللىي ئىلىم »[5] دېگەن بىر نېمىلەر توغرىسىدا ئۇستازلاردىن دەرس ئېلىپمۇ باقتىم ، ئالىملار قوشۇمچە پايدىلىنىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن كىتابلارنىڭ تىزىملىرىغىمۇ سەپسالدىم ، لېكىن بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مېنى قانائەتلەندۈرەلمىدى . ئالىملارنىڭ بەزىلىرى كىتابلارنىڭ تىزىمىنى تولىمۇ كۆپەيتىۋەتكەن ، ئۇلارنى ئون يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە ئاران ئوقۇپ بولۇش مۇمكىن ، شۇڭا مەن ، ئالىمنىڭ ئۆزىمۇ ئوقۇپ چىقمىغان بولسا كېرەك ، دەپ ئويلايمەن . بىر نەچچە پارچىلا كىتابنىڭ تىزىمىنى كۆرسىتىپ بەرگىنى ياخشىراق بولىدۇ ، لېكىن بۇنىڭ ئۈچۈن شۇ تىزىمنى كۆرسىتىپ بەرگەن ئۇستازلارغا قاراش كېرەك ، ئەگەر ئۇنىڭ ئۆزى قاپاقباش بولسا ، ئۇ كۆرسىتىپ بەرگەن كىتابلارمۇ چوقۇم ئۇچىغا چىققان چاتاق كىتاب بولۇپ چىقىدۇ ، ئۇنداق كىتابنى ئوقۇمىغان ياخشى ، ئوقۇپ قالسىڭىز كولدۇرلاپ قالىسىز .

مېنىڭ بۇ سۆزلىرىمدىن ، جاھاندا ئىز باسارلارنىڭ كىتاب كۆرۈشىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئۇستاز يوق ، دېگەن مەنە چىقمايدۇ ؛ ئۇستازلارنىڭ بارلىقى بار . لېكىن ئۇلارنى تېپىش تەس .

مەن بۇ يەردە ئۆزۈمنىڭ ئىش پۇشۇقۇمنى چىقىرىش ئورنىدا كىتاب كۆرىدىغانلىقىم ئۈستىدىلا سۆزلەۋاتىمەن . بەزى تەقۋادار ئادەملەر ، ئۇنداق بولسا « چەلەكگۇش » بولۇپ قالىدۇ ، « چەلەكگۇش » دېگەن سۆز ھازىر ناھايىتى يارىماس دېگەن سۈپەت بولۇپ قالدى ، دەر . لېكىن

مېنىڭچە بۇنىڭمۇ پايدىسى بار . مەسىلەن : بىرەر ئادەمنىڭ روزغارنىڭ
كۆپ يىللىق ھېسابات دەپتىرىدە ھەر كۈنى « دۇفۇ — ئۈچ داچەن » ؛
چىڭسەي — ئون داچەن ؛ بېلىق — 50 داچەن ؛ جياڭيۇ — بىر داچەن »
دەپ يېزىلغانلىقىنى كۆرسەك ، ئىلگىرىكى چاغلاردا ئەنە شۇ بىر نەچچە
داچەنگە بىر ئائىلىگە بىر كۈن يەتكۈدەك كۆكتات كېلىدىغانلىقىنى بىلە-
لەيمىز . كونا تەقۋىمدە « سەپەرگە چىقىش ھارام ، سۇغا چۈشۈش ھارام ،
دەرەخكە چىقىش ھارام » دەپ يېزىلغانلىقىنى كۆرسەك ئىلگىرىكى
چاغلاردا مەنئى - ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ شۇنچە كۆپ ئىكەنلىكىنى
بىلەلەيمىز . سۇڭ دەۋرىدە ياشىغان ئادەملەرنىڭ خاتىرىلىرىدىكى « كۆك-
تات يەپ ، شايا تونلارغا سىغىنىدۇ »⑥ دېگەن سۆزلەرنى مىڭ دەۋرىدە
ياشىغان ئادەملەرنىڭ خاتىرىلىرىدىكى « ئون ئارسلان ، بەش
يولۋاس »⑦ دېگەن سۆزلەرنى كۆرسەك ، « بەللى ، ئەسلىدە
‹ بۇرۇندىن تارتىپلا بار ›ئىكەن » لىكىنى بىلەلەيمىز . لېكىن بىرەر كى-
تابنى كۆرۈپ چىقسىڭىز ، ئۇ تامامەن ئۆز زامانىسىدىكى مەشھۇر ئادەملەر
توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر ، مەسىلەن : پالانى سەركەردە ھەر قېتىملىق تا-
ماقتا 38 چىنە ئاش يەيدىكەن ، پوكۈنى جاناب 175 يېرىم جىڭ
كېلىدىكەن ، دېگەندەك رىۋايەتلەر بولسا ياكى پالانى كەنتتە ئاسماندىن
چاقماق چۈشۈپ بىر مىكىجىننى يېرىۋېتىپتۇ ، پوكۈنى ئايال ئادەم يۈزلۈك
ئىلان تۇغۇپتۇ دېگەندەك ئاجايىپ - غارايىپ گەپلەر بىلەن تولغان
بولسا ، دېمەك ئەنە شۇنداق قىلچىلىك پايدىسى يوق بولسا ، ئۇ چاغدا
ھوشۇڭىزنى تېپىۋېلىپ ، ئۇنىڭ گۇپپاڭچى ئەدىبلەر يازغان كىتاب ئىكەن-
لىكىنى بىلىپ قويۇشىڭىز كېرەك . گۇپپاڭچىلىق قىلىدىغان ئادەم
بولغانىكەن ، ئۇ ھەر قانداق ئادەمنى ئۆزىنىڭ گۇپپاڭچىلىقى بىلەن كاردىن
چىقىرىۋېتەلەيدۇ ، چۈنكى ئۇنىڭ بۇ جەھەتتە قوللىنىدىغىنى ھەممىدىن
يامان ئۇسۇل . ئەگەر دىققەت قىلماي ، ئۇنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتسىڭىز ،
بالا - قازا دامىغا چۈشۈپ قالىسىز - دە ، مېڭىڭىز پۈتۈنلەي پالانى
سەركەردىنىڭ تاماقخورلۇقى بىلەن ، پوكۈنى جانابنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن ،
مىكىجىن ۋە ئادەم يۈزلۈك ئىلان بىلەن تولۇپ كېتىدۇ .



پال - رەممال توغرىسىدىكى كىتابلار ، جالاپ توغرىسىدىكى
كىتابلار توغرا كېلىپ قالسا ، سەكرىنىپ قوشۇمىڭىزنى تۈرمەستىن ،
ئۇلارنىمۇ ئوقۇپ بېقىش كېرەك ؛ ئۆزىڭىزنىڭ پىكرىگە قارىمۇ قارشى
ئىكەنلىكى ئېنىق بىلىنىپ تۇرغان ، ۋاقتى ئۆتكەن كىتابلارنىمۇ شۇنداق
چارە بىلەن ئوقۇپ قويغىنىڭىزنىڭ زىيىنى يوق . مەسىلەن : ياڭ جانابنىڭ
« نائىلاج »⑧دېگەن ئەسىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا يېزىلغان
بولسىمۇ ، ئۇنىڭ ئىدىيىسى تىرىك . ھازىرقى ۋاقىتتا ئۇنىڭغا ئوخشىشىپ
كېتىدىغان ئىدىيىدىكى ئادەملەر ناھايىتى كۆپ . لېكىن بۇنداق كىتابنى
ئوقۇشتا بىرئاز خەۋپىمۇ يوق ئەمەس ، يەنى ئۇنداق كىتابلارنىڭ ئوقۇغان
ئادەمنى ئازدۇرۇپ كېتىشى مۇمكىن . ئۇنى - بۇنى ئوقۇۋەرسىڭىز ،
ئوقۇغانلىرىڭىز كۆپەيسە ، ئۇلارنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرالايسىز . سې-
لىشتۇرۇش ئالدىنىش كېسەلنى داۋالاشنىڭ ياخشى چارىسى . سەھرالىق
ئادەملەر بەزىدە ئادىشىپ ، تۈچنى ئالتۇن دەپ چۈشىنىپ قالىدۇ ، ئۇلارغا
گەپ بىلەن چۈشەندۈرۈپ كېتەلمەيسىز ، ئېھتىمال ئۇلار تېخى سىزنى
گۆھىرىمنى ئالداپ ئېلىۋالىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ، دەرھال سىزدىن يو-
شۇرۇشى مۇمكىن . ئەگەر جىڭ ئالتۇننى ئۈچرىتىپ قالغاندا ، قولى بىلەن
ئېغىر - يېنىكلىكىنى دەڭسەپ كۆرسىلا ، تازا چۈشىنىپ كېتىدۇ .
« ئۇنى - بۇنى ئوقۇپ قويۇش » باشقا ھەر خىل مەدەنلەر بىلەن
سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى . بۇ ئۇسۇل جىڭ ئالتۇن بىلەن سېلىشتۇرغاندەك
ئاسان ۋە چۈشىنىشلىك ئەمەس .ھازىر ياشلارنىڭ ، قانداق كىتابلارنى
ئوقۇساق بولار ، دەپ سوراپ يۈرگەنلىكىدىن مەقسىتىمۇ تۈچ بىلەن
ئالدىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن جىڭ ئالتۇننى كۆرۈپ ، بىلىپ قو-
يۇشتىن ئىبارەت . ئەگەر جىڭ ئالتۇننى بىلىۋالسا ، تۈچنىمۇ ھەقىقىي ھالدا
بىلىۋالىدۇ ، دېمەك بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوققان بولىدۇ .
لېكىن جۇڭگودا ھازىر بار كىتابلار ئىچىدىن شۇنداق ئوبدان
نەرسىلەرنى تېپىش ئاسان ئەمەس . ئۆزۈمنىڭ ئاز - پاز بىلىم ئېلىشىمنى
ئەسلەيدىغان بولسام ، ھەقىقەتەن كۆپ جاپا چەككەنمەن . بالا ۋاقتىمدا ،
جۇڭگودا « ئەلمىساق » تىن كېيىن ئۈچ پادىشاھ ، بەش سۇلتان . . .

سۇڭ سۇلالىسى، يۈەن سۇلالىسى، مىڭ سۇلالىسى، «ئۇلۇغ چىڭگىم»⑨ دەۋرلىرى ئۆتكەنلىكىنى بىلدىم. 20 يېشىمدا «بىزنىڭ» ھەممىدىن كاتتا بولۇپ ياشىغان دەۋرىمىز ئىكەنلىكىنىمۇ ئاڭلىدىم. 25 يېشىمدا ئاندىن ھېلىقى «بىزنىڭ» ھەممىدىن كاتتا بولۇپ ياشىغان دەۋرىمىزدە ئەمەلىيەتتە موڭغۇللارنىڭ جۇڭگونى ئىستىلا قىلغانلىقىنى، بىزنىڭ قۇل بولغانلىقىمىزنى بىلدىم. بۇ يىل 8 ـ ئايدا، بەزىبىر رىۋايەتلەرنى تېپىش مەقسىتى بىلەن ئۈچ پارچە موڭغۇل تارىخىنى ۋاراقلاپ قالدىم، ئەنە شۇ چاغدا موڭغۇللارنىڭ «روسىيە» نى ئىستىلا قىلىشى، ۋېنگرىيە ـ ئاۋىستىرىيىگە بېسىپ كىرىشى پۈتۈن جۇڭگونى ئىستىلا قىلىشتىن ئىلگىرى بولغانلىقىنى، ئۇ چاغدا چىڭگىزخان بىزنىڭ خانىمىز ئەمەسلىكىنى، رۇسلارنىڭ قۇل بولۇش تارىخى بىزدىن كونا ئىكەنلىكىنى، «بىزنىڭ چىڭگىزخان جۇڭگونى ئىستىلا قىلغان، بىزنىڭ ھەممىدىن كاتتا بولۇپ ياشىغان دەۋرىمىز» دېگەن گەپنى رۇسلارنىڭ قىلىشى زۆرۈر ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم.

ھازىرقى تارىخ دەرسلىكلىرىنى كۆرۈپ باقمىغىنىمغا خېلى كۆپ ۋاقىت بولۇپ قالدى. ئۇلاردا بۇ ھەقتە نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلمەيمەن. لېكىن گېزىت ـ ژۇرناللاردا بەزىدە چىڭگىزخان بىلەن پەخىرلىنىدىغان ماقالىلەرنىمۇ كۆرۈپ قالىمەن. ۋەقە ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن، ئۇنىڭ بىزگە ھېچقانچە چوڭ مۇناسىۋىتى يوق، شۇنداق بولسىمۇ ناھايىتى چوڭ مۇناسىۋىتى بولسا كېرەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ھەر ھالدا گەپنىڭ راستىنى قىلغان ياخشى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئويلايمەنكى، مەيلى ئەدەبىياتنى ئۆگىنىدىغان ئادەم بولسۇن، مەيلى پەن ئۆگىنىدىغان ئادەم بولسۇن، ئاۋۋال تارىختا ئالاقىدار قىسقىچە ۋە ئىشەنچلىك كىتابتىن بىرەرنى ئوقۇشى كېرەك. لېكىن ئەگەر ئۇ مەخسۇسلا ئۇران، نېفىتون ياكى قىسقۇچپاقىنىڭ نېرۋا ھۈجەيرىلىرى توغرىسىدىلا لېكسىيە قىلىپ ۋە ياكى لالىگۈل ھەققىدىلا مەدھىيە ئوقۇپ، يارىم ـ گۈزىلىم دەپ يۈرسە، جەمئىيەت توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزمەيدىغان بولسا، تەبىئىيكى، ئوقۇمىسىمۇ بولار.



ياپونچە تىلنى ئاز ـ تولا بىلگەنلىكىم ئۈچۈن، «دۇنيا تارىخىدىن دەستۇر» نىڭ ياپونچە تەرجىمىسىنى ۋە يېڭى نەشر قىلىنغان «جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ تارىخى» ⑩ نى كۆرۈپ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنىڭ دەرمەھەللىك ھاجىتىدىن چىقىمەن، بۇ كىتابلاردا ۋەقەلىك مەن ئىلگىرى كۆرۈپ كەلگەن تارىخ كىتابلىرىنىڭكىدىن ئېنىق بايان قىلىنىدۇ. «دۇنيا تارىخىدىن دەستۇر» نىڭ جۇڭگودا تەرجىمىسى بار ئىكەن، لېكىن پەقەت بىرىنچى تومىنىڭلا تەرجىمىسى؛ قالغان بەش تومى تەرجىمە قىلىنمىغان؛ تەرجىمە قىلىنغانلىرىنىڭ تەرجىمىسىنىڭ سۈپىتى قانداق، ئۇنى ئوقۇپ كۆرمىگەنلىكىم ئۈچۈن بىلمەيمەن، «جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ تارىخى» بولسا ئاۋۋال جۇڭگودا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنىڭغا «جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخى» دەپ ئىسىم قويۇلغان، بىراق ياپونچە تەرجىمانىنىڭ ئېيتىشىچە، خاتالىق كۆپ ئىكەن، قىسقارتىلغانىكەن، شۇڭا ئۇنىڭغا ئىشەنگىلى بولمايدىكەن.

شۇنداق بولسىمۇ جۇڭگودا شۇ ئىككى كىتابنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن. ھايت دېسە گۈررىدە كېلىپ، ھۇيت دېسە پۇررىدە توزۇپ كەتمەسلىكىنىمۇ ئارزۇ قىلىمەن؛ تەرجىمە قىلىدىكەنمىز، تولۇق تەرجىمە قىلىپ پۈتتۈرۈش كېرەك. قىسقارتىپمۇ قويماسلىقىمىز كېرەك، ئەگەر قىسقارتىدىكەنمىز، ئەسكەرتىپ قويۇشىمىز كېرەك؛ لېكىن ھەر ھالدا ئاپتورنىڭمۇ، كىتابخانلارنىڭمۇ ھەققىي ھۆرمىتى ئۈچۈن، دىققەت بىلەن تولۇق تەرجىمە قىلىشىمىز كېرەك.

11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى

### ئىزاھات

①بۇ ماقالە دەسلەپ 1934 ـ يىلى 11 ـ ئايدا «كىتابخانلار تۇرمۇشى» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 1 ـ جىلد 2 ـ سانىغا بېسىلغان.

② «ئىبرەتنامە» ـــ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋاڭ شيۇنىڭ ئەسىرى، ئىلگىرىكى چاغلاردا مەرىپەتچىلىكتە ئىشلىتىدىغان بىر خىل تارىخىي كىتاب.

③ ھۆسن خەت ئەندىزىسى — ھۆسن خەت ئۆگىنىشكە باشلىغان باللارغا خاس. باللار قىزىل بوياق بىلەن ھۆسن خەت بېسىلغان قەغەزنىڭ ئۈستىگە، نېپىز قەغەز قويۇپ، خەتنىڭ شەكلى بويىچە، ھۆسن خەت يېزىشنى ئۆگىنىدۇ.

④ «تۆت دىۋان كىتابلىرىنىڭ مەپھۇمى» — جەمئىي 200 جىلد. بۇ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى يۇڭ رۇڭ بىلەن جى يۈنىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ زامانىسىدا تۈزۈلگەن «تۆت دىۋان كىتابلىرى» نىڭ ماۋزۇيىلىرىنىڭ شەرھى. 1781 - يىلى تاماملانغان «قىسقىچە مۇندەرىجە» — يەنى «تۆت دىۋان كىتابلىرىنىڭ قىسقىچە مۇندەرىجىسى» جەمئىي 20 جىلد.

⑤ «مىللىي ئىلىم» — جۇڭگونىڭ قەدىمدىن بار بولغان ئىلىم مەدەنىيىتى.

⑥ «كۆكتات يەپ، شاياتۇنلارغا سېغىنىش» — بۇ يەردە سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە دېھقانلار قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە پايدىلانغان مەخپىي دىنىي تەشكىلات «مىڭجياۋ» كۆزدە تۇتۇلىدۇ. «مىڭجياۋ» دىندىكىلەر جانىۋار گۆشىنى يېمەي كۆكتات يەيتتى قەدىمكى پارىسلاردىن تارقالغان مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. شۇڭا بەزىلەر ئۇلارنى «شەيتانغا سېغىنىدۇ» دەيتتى.

⑦ «ئون ئارسلان، بەش يولۋاس» — توغرىسى «بەش يولۋاس، بەش ئارسلان» بولسا كېرەك. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جى ليۇچى يازغان «مىڭ سۇلالىسىنىڭ شىمال تارىخى» دېگەن ئەسەرنىڭ «بەش يولۋاس، بەش ئارسلان» سەرلەۋھىلىك 4 - جىلدىدە مۇنداق گەپلەر بار: «ھوقۇقدارلارنىڭ قانتى ئاستىغا كىرىۋېلىپ ھۆكۈمەتنىڭ ھۇلىنى قازغانلارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن، بەش يولۋاستىن لى شىيېنۇڭ، ۋۇ چۇنفۇ، نى ۋېنخۇەن ۋە تيەن جىلارنى خىيانەتچى دەپ سۈرگۈن قىلغان؛ بەش ئارسلاندىن تيەن ئېرگىن، شۈي شىيەنچۇنگە ئۆلۈم جازاسى بەرگەن؛ سۈي يىگىيۈەن، ياڭ خۇەن، سۇڭ يۈگخېلارنى چېگرىغا سۈرگۈن قىلغان.»

⑧ «نائىلاج» — چىڭ دەۋرىدىكى ياڭ گۇاڭشيەن يازغان. ئۇ كاڭشى دەۋرىدە گېرمانىيىلىك كاتولىك دىندىكى تاڭ روۋاڭنىڭ ئورنىدا رەسەتخانە (سەييارىلار، ھاۋارايى ۋە باشقىلارنى كۆزىتىدىغان بىنا — تەرجىمان) باشلىقى بولۇپ، كونا قەمەرىيىنى تىرىلدۈرگەن؛ 1668 - يىلى كەبىسەنى توغرا ھېسابلىمىغانلىقى ئۈچۈن تۈرمىگە تاشلانغان. «نائىلاج» — ياڭ گۇڭشيەنىڭ تاڭ روۋاڭنى پىپەن قىلىش ئۈچۈن يازغان ئەسىرى.

⑨ «ئۇلۇغ چىگىم» — ئۆز ۋاقتىدا ناھايىتى ئومۇملاشقان «ئېلىپبە»



كىتابىدىكى ئىبارە. ئايسىن گورلار جۇڭگوغا كىرىپ ھۆكۈمران بولغاندىن كېيىن، ئادەتتىكى خەنزۇ ئەمەلدارمۇ چىڭ ھۆكۈمىتىنى «ئۇلۇغ چىگىم» دەپ ئاتايتتى. لۇشۈن بۇ يەردە بۇ سۆزنى تەنە بىلەن ئېيتقان.

⑩ «دۇنيا تارىخىدىن دەستۇر» — بۇنى روسىيىلىك بوچاروپ قاتارلىقلار يازغان، بىرىنچى قىسمى «فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ تارىخى» بولۇپ، خەنزۇچە تەرجىمىسى 1934 - يىلى نەشر قىلىنغان، شۈي لۇنيېڭ قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان. «جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ تارىخى» — ئەسلى ئىسمى «جۇڭگو تارىخىدىن قوللانما»، روسسىيىلىك سافاروپ يازغان، خەنزۇچە «جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخى» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. 1932 - يىلى نەشر قىلىنغان. لى لىرېن تەرجىمە قىلغان.

## جۇڭگونىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى جىن-شەيتانلار①

### 1

گومىنداڭ گۇڭچەنداڭ بىلەن ھەمكارلىشىش سىياسىتىنى گۇڭچەنداڭنى يوقىتىشقا ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، بەزىلەر، گومىنداڭ باشتا ئۇلاردىن پەقەت پايدىلانماقچى بولغانىدى، شىمالغا يۈرۈش ۋۇجۇدقا چىقاي دەپ قالغاندا، يوقىتىشنى يولغا قويغانلىقى ئالدىنئالا بەلگىلەنگەن پىلان ئىدى، دېيىشتى. لېكىن، مېنىڭچە، بۇ گەپ راست ئەمەس. گومىنداڭدىكى بەزى ھوقۇقدارلار كوممۇنىزمنى تازا خالايتتى، ئۇلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بەس-بەس بىلەن ئوقۇشقا ئەۋەتكەنلىكى بۇنىڭ بىر دەلىلى. جۇڭگودا ئاتا-ئانىلار ئۈچۈن بالىلار ئەڭ قىممەتلىك بولغاچقا، ئۇلار ئۆز بالىلىرىنى ھەرگىزمۇ ئۇ يەرگە يوقىتىش ماتېرىيالى بولۇشنى مەشىق قىلىشقا ئەۋەتمەيتتى. بىراق، ھوقۇقدارلاردا بىر خىل خاتا ئوي باردەك قىلاتتى. ئۇلار، جۇڭگودا كوممۇنىزم يولغا قويۇلسىلا، مېنىڭ ھوقۇقۇم تېخىمۇ چوڭىيىدۇ، مال-مۈلكۈم ۋە توقاللىرىم تېخىمۇ كۆپىيىدۇ، ھېچبولمىغاندا، ھال-ئەھۋالىم بەرىبىر كوممۇنىزم يولغا قويۇلمىغان چاغدىكىدىن يامان بولمايدۇ، دەپ قارايتتى.

بىزدە بىر رىۋايەت بار. بۇندىن ئىككى مىڭ يىلچە ۋاقىت بۇرۇن، لىيۇ پەمىلىلىك بىر جاناب ئۆتكەنىكەن، ئۇ نۇرغۇن ئەجىر قىلىپ، پەرىشتىلىك كامالىتىگە يېتىپ، ئۆزىنىڭ خوتۇنى بىللە ئەرشكە چىقىپ كېتەلەيدىغان دەرىجىگە يېتىپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ تەتىيى ئەرشكە چىقىپ كېتىشنى خالىماپتۇ. نېمىشقا؟ ئۇ ئولتۇرۇۋاتقان كونا ئۆيىنى، بېقىۋاتقان توخۇ ۋە ئىتلىرىنى تاشلاپ كېتىشكە كۆزى قىيماپتۇ. جانابى لىيۇ نائىلاج خۇداغا ئىلتىجا قىلىپ، كونا ئۆيى، توخۇ، ئىتلىرىنىمۇ ئامال قىلىپ ئۆزلىرى بىلەن ئەرشكە ئاچىقىپ پەرىشتە بولۇۋاپتۇ②. دېمەك، ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش ياسىغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆزگەرمىگەن. ئەگەر



كوممۇنىستىك دۆلەتتە ھوقۇقدارلارنىڭ بۇرۇنقى ھالىتى قىلچىمۇ ئۆزگەرتىلمەيدىغان ياكى ئۇلار زەردارلىقىدا قالىۋېرىدىغان بولسا، ئۇلار كوممۇنىزمنى سۆزسىز قۇۋۋەتلىگەن بولاتتى. ئەمما كېيىنكى ئەھۋاللار كوممۇنىزمنىڭ خۇداغا ئوخشاش مادارا قىلمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى، شۇندىن كېيىنلا ئۇلار كوممۇنىزمنى يوقىتىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇلار بالىلىرىنىغۇ قەدىرلەيدۇ، لېكىن ئۆزلىرىنى تېخىمۇ قەدىرلەيدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىرمۇنچە ياشلار، كوممۇنىزمچىلار ۋە كوممۇنىزمچى دەپ گۇمان قىلىنغانلار، سولچىلار ۋە سولچى دەپ گۇمان قىلىنغانلار ھەم بۇ گۇمانلىق كىشىلەرنىڭ دوستلىرى ھەممىلا يەردە ئۆزلىرىنىڭ ھەم ھوقۇقدارلارنىڭ خاتالىقلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ قانلىرى بىلەن يۇيۇشقا مەھكۇم بولدى. ھوقۇقدارلارنىڭ بۇرۇنقى خاتالىقى ئۇلارغا ئالدىنىپ كەتكەنلىكى ئىمىش. شۇڭا ئۆز خاتالىقىنى كوممۇنىزمچىلارنىڭ قېنى بىلەن يۇيۇشنى زۆرۈر تاپقان. لېكىن يەنە باشقا بىرمۇنچە ياشلار تېخى ئىشىنىڭ تېگى-تەكتىگە يەتمەي، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، تۆگىگە مىنىپ، خۇشال ھالدا موڭغۇلىيە بىلەن قايتماقتا. بىر چەتئەللىك ساياھەتچى ئايالنىڭ ئۇلارنى كۆرۈپ ئىچ ئاغرىتقانلىقى ئېسىمدە. ئۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنى ھازىر ۋەتىنىدە ئاسىدىغان دار كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى تېخى بىلمەيدۇ، دېگەنىدى.

دۇرۇس، دار كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. لېكىن دارنى تېخى يامان دېگىلى بولمايدۇ، بوينۇڭغا سىرتماق سېلىش بىلەنلا كۇپايىلەنسە، بۇ ئېتىبار قىلغانلىقى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا دارغا قاراپ مېڭىشىمۇ ناتايىن، ئۇلاردىن بەزىلىرى باشقا بىر يولنىمۇ تاپىدۇ، يەنى بوينىغا سىرتماق سېلىنغان دوستىنىڭ پۇتىنى كۈچەپ تارتىپ، ئۆزىنىڭ چىن قەلبىدىن تۆۋا قىلغانلىقىنى، تۆۋە قىلالىغان ئادەمنىڭ روھى ئىنتايىن پاك بولىدىغانلىقىنى شۇ ئەمەلىيىتى بىلەن ئىسپاتلايدۇ.

### 2

شۇندىن كېيىن تۆۋە قىلىشنى بىلمىگەن كوممۇنىزمچىلار جۇڭگودا

ئۆلۈمگە مەھكۇم گۇناھكارلارغا ئايلاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ گۇناھكارلار تېخى باشقىلارغا چەكسىز ئاسانلىق تۇغدۇررۇپ بەردى؛ ئۇلار ساتسا پۇلغا يارايدىغان، باشقىلارغا كەسپ تېپىپ بېرەلەيدىغان تاۋارغا ئايلاندى. مەكتەپلەرە يۈز بەرگەن غەلىيانلاردا، ئىشق ـ مۇھەببەت ماجىرالىرىدىمۇ هامان كوممۇنىست، يەنى گۇناھكار دەپ ئەيىبلىنىدىغانلار بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئىش بەكمۇ ئاسان ھەل قىلىنىدىغان بولدى. مۇبادا بىراۋ پۇلى بار باي شائىر بىلەن مۇنازىرلىشىپ قالسا، بۇ شائىر ئاخىرىدا: كوممۇنىست مۇلۇكدارلارغا قارشى تۇرىدۇ، مېنىڭ پۇلۇم بار، ئۇ ماڭا قارشى تۇردى. شۇڭا ئۇ كوممۇنىست، دەپ خۇلاسە چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شائىر ھەررەت ئالتۇن تانكىسىغا چۈشۈپ، زەپەر ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىدۇ.

لېكىن، ئىنقىلابىي ياشلارنىڭ قېنى ئىنقىلابىي ئەدەبىيات مايسىلىرىنى سۇغاردى. ئەدەبىيات جەھەتتە، ئىنقىلابىيلىق بۇرۇنقىدىنمۇ كۆچەيدى. چەتئەلدە ئوقۇپ كەلگەن ياكى مەملىكىتىمىزدە ئوقۇغان ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى بەزى بىلىملىك ياشلار ئەڭ دەسلەپ ئىنتايىن ئاددىي ۋاستىلەر قوللىنىلغانلىقىنى، يەنى مەتبۇئاتنىڭ چەكلەنگەنلىكىنى، ئاپتورلارغا زۇلۇم سېلىنغانلىقىنى، ئاخىرىدا ئاپتورلارنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، بەش نەپەر ياش سولقانات يازغۇچى بۇ نامايىشنىڭ قۇربانى بولغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. لېكىن بۇ ۋەقە ئېلان قىلىنمىدى، ئۇلار بۇنىڭ قىلىشقىلا بولىدىغان، ئېيتىشقا بولمايدىغان ئىش ئىكەنلىكىنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. قەدىمكى كىشىلەرمۇ بۇرۇنلا: «شەھەرنى ئاتلىق ئالغىلى بولغىنى بىلەن، ئاتلىق سورىغىلى بولمايدۇ[3]» دېگەنىكەن. دېمەك، ئىنقىلابىي ئەدەبىياتنى يوقىتىش ئۈچۈن، يەنە ئەدەبىيات قۇرالىنى ئىشقا سېلىشى زۆرۈر بولدى.

ئەنە شۇنداق قورال سۈپىتىدە «مىللىي ئەدەبىيات» دېگەن بىر نېمە بارلىققا كەلدى. ئۇلار دۇنيادىكى تۇرلۇك ئىرقلارنىڭ رەڭگىنى تەتقىق قىلىپ، بىر خىل رەڭدىكى ئىرقلار ئوخشاش ھەرىكەت قوللىنىشى كېرەك، شۇڭا سېرىق رەڭلىق پرولېتارىيات سېرىق رەڭلىك بۇرژۇئازىيىگە قارشى كۈرەش قىلماي، ئاق رەڭلىك پرولېتارىياتقا قارشى كۈرەش قى-



لىشى كېرەك، دېگەن قارارغا كېلىشتى. ئۇلار يەنە چىڭگىزخانىنى ئەسلەپ، ئۇنى ئۆزلىرى ئۈچۈن تازا باب ئۈلگە قىلىۋېلىشتى، ئۇنىڭ نەۋرىسى باتۇرخاننىڭ قانداق قىلىپ نۇرغۇن سېرىق تەنلىك مىللەتلەرنى باشلاپ، روسىيەگە بېسىپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلغانلىقىنى، ئاقسۆڭەكلەرنىمۇ، پۇخرالارنىمۇ قۇل قىلغانلىقىنى[4] تەسۋىرلەيتتى.

جۇڭگولۇقلارنىڭ موڭغۇل خاقانىغا[5] ئەگىشىپ ئۇرۇشقا بارغانلىقىنى، ئەمەلىيەتتە، جۇڭگو مىللىتىنىڭ شان ـ شەرىپى دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئەمما روسىيىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۇلار شۇنداق قىلماي تۇرالمىغاندى. چۈنكى بىزنىڭ ھوقۇقدارلىرىمىز قەدىمكى روسىيىنىڭ بۈگۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ مەسلەك ـ ئىزىمىنىڭ ھوقۇقدارلارنىڭ ھوقۇقى، مال ـ مۈلكى ۋە تۇقاللىرىنى ھەرگىزمۇ كۆپەيتمەيدىغانلىقىنى ئەمدى چۈشەندى. بىراق، هازىرقى باتۇرخان كىم؟

1931 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ياپونىيە شەرقتىكى ئۈچ ئۆلكىمىزنى بېسىۋالدى، بۇ، ھەقىقەتەن، جۇڭگولۇقلارنىڭ كەلگۈسىدە باشقىلارغا ئەگىشىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنى ۋەيران قىلىدىغانلىقىنىڭ مۇقەددىمىسى بولدى. مىللەتپەرۋەر ئەدىبلەر بۇنىڭدىن قانائەت ھاسىل قىلىشقانىدى. لېكىن، ئاددىي خەلق ئاممىسى ھازىر شەرقىي ئۈچ ئۆلكىنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى كەلگۈسىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنى ۋەيران قىلىشتىنمۇ چاتاق ئىش دەپ قاراپ، دەۋرەپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، مىللەتپەرۋەر ئەدىبلەرمۇ نائىلاج سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئىش تۇتۇپ، ۋەتەن ئۈچۈن كۆز يېشى قىلغۇچىلارغا ئۆزگىرىۋېلىپ، نالە قىلىشقا كىرىشتى، بىرمۇنچە ئوت يۈرەك ياشلار نەنجىڭگە ئەرزىيەت ئېيتىپ بېرىپ، ئەسكەر چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى؛ لېكىن، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن جاپالىق سىناقلارنى باشتىن كۆچۈرۈشكە توغرا كەلدى. پويىزغا چۈشۈرمىسە، بىرنەچچە كۈن تالادا ياتتى. شۇندىن كېيىنلا ئاران نەنجىڭگە ئاپىرىپ قويۇشتى؛ بىر مۇنچىسى نائىلاج پىيادە مېڭىپ باردى. ئەمما نەنجىڭگە يېتىپ بارغاندىن

كېيىن ، كۈتۈلمىگەن يەردىن ، كالتەك ، قامچا ، تاپانچا كۆتۈرگەن بىر
توپ مەخسۇس تەربىيە كۆرگەن « ئاما » ئۇلارنى قاتتىق ئۇرۇشتى .
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار نەتىجە ئورنىدا ، يۈز - كۆزلىرى ۋە بەدەنلىرى ئىش-
شىغان هالدا نائىلاج سالپىيىپ قايتىشتى . شۇندىن كېيىن بەزىلىرى ئىز -
دېرەكسىز يوقىلىپ كەتتى ، بەزىلىرى سۇدا غەرق بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى .
گېزىتلەردە يېزىلىشىچە ، ئۇلار سۇغا ئۆزلىرى چۈشۈپ كېتىپتۇمىش ⑥ .
مىللەتپەرۋەر ئەدىبلەرمۇ كۆز يېشى قىلىشنى شۇندىن تارتىپ
توختاتتى ، ئۇلارنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدىغان بولدى . ئۇلار مې-
يىت ئۈزىتىش ۋەزىپىسىنى تۈگەتكەندى . بۇ ، شاڭخەيىنىڭ دەپنە
مۇراسىملىرىدىكى سەپكە تىزىلىشقا تازىمۇ ئوخشايدۇ . چىققان چاغدا رەت-
سىز مۇزىكىچىلار بىللە بولىدۇ ، ناخشا ئېيتقاندەك يىغا ئاۋازلىرى چىقىپ
تۇرىدۇ ، لېكىن بۇنىڭدىن مەقسەتى — قايغۇنى بېسىپ تاشلاش ، قايتا
ئەسلىمەسلىك ؛ مەقسەتكە يەتكەن هامان ، كۆپچىلىك تاراپ كېتىدۇ ، يەنە
هېچقانداق سەپ بولۇپ تىزىلمايدۇ .

## 3

لېكىن ، ئىنقىلابىي ئەدەبىيات تەۋرىنىپ قالمىدى ، بەلكى
راۋاجلاندى ، كىتابخانلارمۇ ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئىشىنىدىغان بولدى .
شۇنىڭ بىلەن ، يەنە بىر تەرەپتە ئاتالمىش « 3 - خىل ئادەم » لەر
پەيدا بولدى ، ئۇلار ، ئەلۋەتتە ، هەرگىز سولقاناتلار ئەمەس ، لېكىن
ئوڭقاناتلارمۇ ئەمەس ، ئۇلار سولقاناتلار ۋە ئوڭقاناتلاردىن تاشقىرى ئا-
دەملەر . ئۇلار : ئەدەبىيات مەڭگۈلۈك ، سىياسىيهادىسە ۋاقىتلىك بولىدۇ ،
شۇڭا ئەدەبىياتنى سىياسىي بىلەن چېتىشقا بولمايدۇ ، چېتىلىپلا قالسا ،
ئۇنىڭ مەڭگۈلۈكلۈكى يوقىلىدۇ - دە ⑦ ، جۇڭگودا شۇندىن ئېتىۋارەن
ئۇلۇغ ئەسەرلەر بارلىققا كەلمەيدۇ ، دەپ ئويلايدۇ . بىراق ، ئۇلارمۇ — ئە-
دەبىياتقا سادىق « 3 - خىل ئادەم » لەرمۇ ئۇلۇغ ئەسەرلەرنى يېزىپ
چىقالمايۋاتىدۇ . نېمىشقا ؟ سولقانات تەنقىدچىلەر ئەدەبىياتتىن خەۋەرسىز
بولغاچقا ، ئۆسەك سۆزلەر بىلەن قايمۇقۇپ ، ئۇلارنىڭ ياخشى ئەسەرلىرىنى



قاتتىق ، ناتوغرا تەنقىد قىلغانمىش . شۇڭا ، سولقانات تەنقىدچىلەر جۇڭگو
ئەدەبىياتىنىڭ جاللاتلىرى ⑧ئىمىش .
هۆكۈمەتنىڭ كىتاب - ژورناللارنى مەنئى قىلغانلىقى ،
يازغۇچىلارنى ئۆلتۈرگەنلىكى توغرىسىدا بولسا ، ئۇلار گەپ قىلمايدۇ ،
چۈنكى بۇ سىياسىيغا تەئەللۇق ئىش بولغاچقا ، گەپ قىلىپلا قويسا ،
ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ مەڭگۈلۈكلۈكى يوقىلىپ كېتەرمىش .
هالبۇكى « جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ جاللارتلىرى » نى باستۇرغان ۋە
ئۆلتۈرگەنلەر دەل « 3 - خىل ئادەم » لەرنىڭ مەڭگۈلۈك ئەدەبىياتى ۋە
ئۇلۇغ ئەسەرلىرىنىڭ هامىلىرى - دە .
مۇنداق جانسىز هەم ساختا ناللەرمۇ گەرچە بىر خىل قورال
بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ كۈچى تەبىئىي هالدا بەكمۇ ئاجىز بولغاچقا ، ئىنـ
قىلابىي ئەدەبىياتنى چېكىندۈرەلمىدى . « مىللەتپەرۋەر ئەدەبىيات » ئۆز -
ئۆزىدىن يوقالغاندىن كېيىن ، « 3 - خىل ئەدەبىيات » مۇ پۇت تىرەپ
تۇرالمىغاندىن كېيىن ، ئەمدى ، يەنە بىر قېتىم هەقىقىي قورالنى ئىشقا
سېلىشقا مەجبۇر بولدى .
1933 - يىلى 11 - ئايدا شاڭخەيدىكى « سەنئەت گۈلى » كىنو فىلىم
شىركىتىگە بىر توپ ئادەم ئۈشتۈمتۇت بېسىپ كىرىپ ، ئۇرۇپ - چېقىپ ،
ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋەتتى ⑨ . ئۇلار ناهايىتى تەشكىللىك ئىدى ، بىر
پۈشتەك چېلىنىشى بىلەن تۇتۇش قىلدى ، يەنە بىر پۈشتەك چېلىنىشى
بىلەن توختىدى ، يەنە بىر پۈشتەك چېلىنىشى بىلەن تارقىلىشىپ كەتتى .
كېتەر چاغدا تېخى تەشۋىقات ۋەرەقلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى . ئۇنىڭدا :
شىركەتتىن كوممۇنىستلار پايدىلىنىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ، ئۇنىڭغا
قارشى يۈرۈش قىلدۇق دېيىلگەن . ئۇلارنىڭ يۈرۈشلىرى تېخى كىنو - فىلىم
شىركەتلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي ، كىتابخانا ساهەسىگىمۇ
كېڭەيدى ، ئۇنداق يۈرۈشلەرنىڭ چوڭراقلىرىدا ، بىر توپ ئادەم بېسىپ
كىرىپ هەممىنى ۋەيران قىلدى ؛ كىچىكرەكلىرىدە ، نەدىندۇ بىر تاش
ۋىژىلداپ كېلىپ ، قىممىتى 200 تەڭگىگە توختايدىغان دېرىزە ئەينەكلى-
رىنى كۇكۇم - تالقان قىلىۋەتتى . بۇنىڭغىمۇ ، تەبىئىي هالدا بۇ

كىتابخانىدىن كوممۇنىستلارنىڭ پايدىلىنىپ كەتكەنلىكى سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىلگەن. قىممەت باھالىق دىرىزە ئەينەكلىرىنىڭ ئامان قالمىغانلىقىدىن كىتابخانىنىڭ خوجايىنى بەكمۇ قايغۇرغان. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، «ئەدىب» لەر ئۆزلىرىنىڭ «ياخشى ئەسەرلىرى» نى ئۇنىڭغا سېتىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان، ئۇ بۇنى بېسىپ چىقسا ھېچكىمنىڭ ئوقۇمايدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، سېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولغان. چۈنكى ئۇنىڭ نەرقى ئاران بىر پارچە دېرىزە ئەينىكىنىڭ باھاسى بىلەنلا تەڭ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىككىنچى تاشتىن ساقلىنىپ قالاتتى ـ دە، ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى رېمونت قىلدۇرۇش ئاۋارىچىلىقىدىن قۇتۇلاتتى.

## 4

كىتابخانىلارغا زۇلۇم سېلىشنى، ھەقىقەتەن، ئەڭ ياخشى جەنلۆ قىلىشۋالدى.

لېكىن، بىرنەچچە پارچە تاش ئازلىق قىلىپ قالدى. مەركىزىي تەشۋىقات ۋېيىۋەنخۇيىمۇ ناھايىتى كۆپ كىتابنى مەنئى قىلدى، بۇ كىتابلارنىڭ تۈرى 149 غا يېتىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە بازىرى ئىتتىكرەك كىتابلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بار. جۇڭگو سولقانات يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭغۇ ئومۇمەن مەنئى قىلىنىشى تۇرغان گەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەنئى قىلىش تەرجىمە ئەسەرگىچە يېتىپ باردى. بۇنىڭغا بىرنەچچە ئاپتورنى مىسال كەلتۈرسەك، ئۇلار گوركىي (Gorky)، لۇناچارسكى (Lunacharsky)، فېدىن (Fedin)، فادېيېپ (Fadeev)، سېرافىموۋىچ (Serafimovich)، سىنكلايىر (Upton Sinclair) لار، ھەتتا مېتېرلىنك (Maeterlinck)، سولوگۇب (Sologub)، سترىندبېرگ (Strindberg) [10] لارمۇ بار.

بۇ ئەھۋال نەشرىياتچىلارنى ناھايىتى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى دەرھال كىتابلارنى تاپشۇرۇپ، كۆيدۈرۈۋەتتى؛ بەزىلىرى بولسا، زىياننى تۆلىتىۋېلىش ئۈچۈن، ھۆ-



كۈمەت ئىدارىلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىدى، نەتىجىدە، بىر قىسىم زىياندىن ساقلىنىپ قالدى. ئەمەلدارلار بىلەن نەشرىياتچىلار كەلگۈسىدە نەشرىياتچىلىقتا بولىدىغان قىيىنچىلىقلارنى ئازايتىشنى كۆزدە تۇتۇپ، تېخى بىر مەجلىس ئېچىشتى، بۇ مەجلىستە، «3 ـ خىل ئادەم» دىن بىرنەچچىسى، ياخشى ئەدەبىيات ۋە نەشرىياتچىلارنىڭ كاپىتالىنى قوغداپ قالماقچى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىمۇ سولقانات يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن بىر تاياقتا ھەيدىلىپ مەنئى قىلىنىپ كەتمىسۇن ياكى ئەسەر بېسىلىپ چىققاندىن كېيىن مەنئى قىلىش يولغا قويۇلسا، نەشرىياتچىلار زىيان تارتىپ قالمىسۇن دەپ، ياپونىيىنىڭ چارىسىنى قوللىنىپ، ئەسەرنى بېسىشتىن بۇرۇن ئەسلى كۇپىيىنى تەكشۈرۈپ، قىسقارتىش ۋە تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى ژورنال مۇھەررىرى سالاھىيىتى بىلەن تەكلىپ قىلىپتۇ. بۇ تەكلىپتىن ھەممە تەرەپ ناھايىتى قانائەتلىنىپ، ئۇنى دەرھال قوبۇل قىلىشىپتۇ، گەرچە بۇ شەرەپلىك باتۇرخاننىڭ كونا ئۇسۇلى بولمىسىمۇ[11].

بۇ تەكلىپ شۇ ھامانلا يولغا قويۇلۇشقىمۇ باشلىدى، بۇ يىل 7 ـ ئايدا شاڭخەيدە كىتاب ـ ژورناللارنى تەكشۈرۈش باشقارمىسى [21] تەسىس قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىرمۇنچە «ئەدىب» لەرنىڭ ئىشسىز قېلىش مەسىلىسى يوقالدى، تېخى بەزى تۆۋە قىلغان ئىنقىلابىي يازغۇچىلار ۋە ئەدەبىيات بىلەن سىياسىينى چېتىشقا قارشى تۇرىدىغان «3 ـ خىل ئادەم» لەرمۇ تەكشۈرگۈچى ئورۇندۇقىغا ئولتۇرۇشتى[13]. ئۇلار ئەدەبىيات ساھەسىنىڭ ئەھۋالى بىلەن ئوبدان تونۇش؛ ئۇلارنىڭ كاللىسى سېپى ئۆزىدىن بولغان ئەمەلدارلارنىڭكىدەك گال ئەمەس، ئۇلار ئازراق مەسخىرىنىڭمۇ، بىر ئېغىز ياپتا گەپنىڭمۇ مەنىسىنى بىر قەدەر چۈشىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنى ئەدەبىي قەلەم بىلەن ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ، قانداقلا قىلغان بىلەن، ئۇلارغا ئىجاد قىلىش ئاۋارىچىلىكى بولمايدۇ، شۇڭا بۇنىڭ نەتىجىسى ئىنتايىن ياخشى بولۇۋېتىپتۇمىش.

لېكىن، ئۇلارنىڭ ياپونىيىنى ئۈلگە قىلىشى خاتا. ياپونىيىدە، دەرۋەقە، سىنىپىي كۈرەشنى سۆزلەشكە يول قويۇلمايدۇ؛ ئەمما، دۇنيادا

سىنىپىي كۆرەش يوق، دېيىلمەيدۇ، جۇڭگودا بولسا، دۇنيادا سىنىپىي كۈرەش دېگەن نەرسە يوق، ئۇنىڭ ھەممىسىنى ماركس ئويدۇرۇپ چىقارغان، شۇڭا شۇ ھەقتە سۆزلەشكە يول قويۇلمايدۇ، مەقسەت — ھەقىقەتنى قوغداش، دېيىلىدۇ. ياپونىيىدىمۇ، دەرۋەقە، كىتاب – ژورناللار مەنئى قىلىنىدۇ، قىسقارتىۋېتىلىدۇ، ئەمما، قىسقارتىۋېتىلگەن سۆزلەرنىڭ ئورنىنى ئاق قالدۇرۇشقا بولىدۇ، شۇڭا كىتابخانلار بىر كۆرۈپلا، ئۇ يەردىكى سۆزلەرنىڭ قىسقارتىۋېتىلگەنلىكىنى بىلىۋالالايدۇ، جۇڭگودا بولسا، ئاق قالدۇرۇشقا يول قويۇلمايدۇ، جەزمەن ئۇلاپ تاشلىنىدۇ، شۇڭا كىتابخانلارنىڭ نەزىرىدە، يەنىلا بىر پارچە كەم – كۈتىسىز ماقالىگە ئوخشاپ قالىدۇ، ئۇلارغا پەقەت ئاپتور مەنىسى چۈشىنىكسىز گەپلەرنى چۆيلۈۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. ھازىرقى جۇڭگو كىتابخانلىرى ئالدىدا مۇشۇنداق جۆيلۈشلەردىن فرىچى ( Friche )⑭، لۇناچارسكىيلارمۇ خالىي بولالمايۋاتىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن، نەشرىياتچىلارنىڭ كاپىتالى بىخەتەر بولدى، «3 خىل ئادەم» لەرنىڭ بايرىقى غايىپ بولدى، ئۇلارمۇ خۇپىيانە تۈردە ھېلىقى دارغا ئېسىلغان كەسپداشلىرىنىڭ پۈتىنى كۆچەپ تارتماقتا. ۋاھالەنكى، ئۇلارنىڭ ئەسكى قىياپىتىنى سۈرەتلەپ بېرەلەيدىغان بىرەر گېزىت – ژورنال چىقمايۋاتىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۆچۈرۈش قەلىمىنى ۋە ھايات – ماماتىنى بەلگىلەش ھوقۇقىنى ئۆز قولىدا تۇتۇۋالىدۇ. كىتابخانلار بولسا، پەقەت گېزىت – ژورناللارنىڭ يوقىلىپ، ئەسەرلەرنىڭ ئازلاپ كېتىۋاتقانلىقىنىلا ۋە چەتئەللەردىكى ئەزەلدىن مەشھۇر بولۇپ كېلىۋاتقان ئىلغار يازغۇچىلارنىڭمۇ بۇ يىل، ئومۇمەن، بىردىنلا قولىدىن ئانچە ئىش كەلمەيدىغان ئادەملەرگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنىلا كۆرمەكتە، خالاس.

لېكىن، ئەمەلىيەتتە، ئەدەبىيات ساھەسىدىكى سەپ تېخىمۇ روشەنلەشتى، قايمۇقتۇرۇش ئۇزاققا بارالمايدۇ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن باشلىنىدىغىنى يەنە قانلىق جەڭ.

11 – ئاينىڭ 21 – كۈنى



**ئىزاھات**

① بۇ ماقالا دەسلەپ ئىنگلىز تىلىدا چىقىدىغان «ھازىرقى زامان جۇڭگوسى» ناملىق ئايلىق ژورنالنىڭ 1 – جىلد 5 – سانىدا ئېلان قىلىنغان، كېيىن يەنە ئىنگلىز تىلىدىن تەرجىمە قىلىنىپ، نېمىس ۋە فرانسوز تىللىرىدا چىقىدىغان «خەلقئارا ئەدەبىيات» تا بېسىلغان.

② بۇ — خەن سۇلالىسى ۋاقتىدىكى خۇەينەن پادىشاھى لىيۇ ئەن توغرىسىدىكى رىۋايەت.

③ بۇ، خەن سۇلالىسىدە ياشىغان لۇ جىيانىڭ سۆزى، «تارىخنامە. لۇ جىيانىڭ تەزكىرىسى» گە قارالسۇن. بۇ سۆزنىڭ ئاساسىي مەنىسى مۇنداق: خەن سۇلالىسىنىڭ ئاساسچىسى لىيۇ باڭ مەدەنىيەت – مائارىپنىڭ رولىنى چۈشەنمىگەچكە، لۇ جىيانى «مەن دۆلەتنى قورال كۈچى بىلەن ئالغان، سەن ھەمىشە نەزمە، تارىخ كىتابلىرى بىلەنلا ھەپىلىشىپ نېمە قىلىسەن؟» دەپ ئەيىبلىگەن. لۇ جىيا جاۋاب بېرىش ئورنىغا ئۇنىڭدىن: «دۆلەتنى قورال كۈچى بىلەن ئالغاندىن كېيىن، يالغۇز قورال كۈچى بىلەنلا ئىدارە قىلىپ كەتكىلى بولارمۇ؟» دەپ سورىغان.

④ «"مىللەتپەرۋەر ئەدەبىيات" نىڭ ۋەزىپىسى ۋە تەقدىرى» گە قارالسۇن.

⑤ خاقان — قەدىمكى زاماندىكى شيەنبى، تۈرك، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانىنىڭ نامى، بۇ يەردە يۈەن سۇلالىسىنى قۇرغۇچى چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى باتۇر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

⑥ 1931 – يىلى «18 – سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن، مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەر ئوقۇغۇچىلار گومىنداڭنىڭ قارشى تۇرمايدىغان تەسلىمچىلىك، خائىنلىق سىياسىتىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، ئارقا – ئارقىدىن نەنجىڭگە ئەرزىيەت ئېيتىپ بېرىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن قارشى تۇرماسلىق سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئەسكەر چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى 12 – ئاينىڭ 14 – كۈنى مائارىپ ۋازارىتى نامىدىن ئومۇمىي بۇيرۇق چىقىرىپ، مەملىكەت بويىچە ئەرزىيەت ئېيتىشنى مەنئى قىلدى؛ كېيىن يەنە 17 – كۈنى ھەربىي – ساقچىلارغا ئوقۇغۇچىلارنى تۇتقۇن قىلىش ۋە ئېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

⑦ 1932 ـ يىلى ئۆزىنى « 3 ـ خىل ئادەم » دەپ ئاتىۋالغان سۇۋېن « مۇداخىلىچىلىككە قارشى تۇرايلى » دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەدەبىياتنىڭ مەقسىتى ـــ « ئىنسان هاياتى ئۈچۈن مەڭگۈلۈك بولغان ۋەزىپە » نى ئورۇنداش، « مەلۇم سىياسىي كۈچلەرنىڭ مۇداخىلىسى » گە قارشى تۇرۇش، دەپ تەرغىپ قىلغان.

⑧ 1932 ـ يىلى سۇۋېن قاتارلىقلار سولقانات ئەدەبىيات ـ سەنئەت هەرىكىتىگە تەنە قىلىپ، ئەدەبىيات ساهەسىنى « ئىگىلىۋالدى »، سوقانات تەنقىدچىلەرنىڭ دەستىدىن « 3 ـ خىل ئادەم » لەر « قەلەم تەۋرىتىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ » غان بولۇپ قالدى، دېگەن.

⑨« "گۈلشەن پاراگلىرىغا ئىستىئارە" نىڭ خاتىمىسى » گە قاراڭ.

⑩ فىدىن ـــ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رومان يازغۇچىسى. ستىرىندبېرگ ( 1849 ـ 1912 ) ـــ شۋېتسىيە يازغۇچىسى.

⑪ 1933 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى لۇشۈن ياۋكېغا يازغان خېتىدە مۇنداق دەپ پاش قىلىپ: « بۇندىن بىرنەچچە كۈن بۇرۇن، بۇ يەردىكى ئەمەلدارلار بىلەن نەشرىياتچىلار ۋە كىتابخانا مۇھەررىرلىرى بىر زىياپەت ئۆتكۈزۈپتۇ. زىياپەتتە ئاۋۋال ئەمەلدارلار ئەكسىيەتچىل كىتابلارنى چىقارماسلىق توغرىسىدا كۆرسەتمە بېرىپتۇ، ئاندىن كېيىن شى جېيسۈن خەۋەرلەرنى تەكشۈرگەنگە ئوخشاش، ژورنال ماقالىلىرىنىمۇ ئالدىن تەكشۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن جاۋ جىڭشېڭ ياپونىيىدىن ئۈلگە ئېلىپ، قىسقارتىش ياكى قىسقارتىلغان يەرلىرىگە ××× بەلگىلىرىنى يېزىش توغرىسىدا قوشۇمچە قىلىپتۇ. سولچىل گېزىت ـ ژورناللارنى پۈتۈنلەي يوقىتىۋەتسە، كىتابخانىلارنىڭ تاقىلىپ قالىدىغانلىقىنى، شۇڭا سولقانات يازغۇچىلارنىڭ نەرسىلىرىنى يەنىلا چىقىرىشقا، ئەمما ئانچە ـ مۇنچە بىر نېمىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئومۇرتقىسىنى ئېلىپ تاشلاشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئۇلارمۇ بىلىدۇ » دەپ يازغان ۋە مۇنداق كىتاب ـ گېزىت تەكشۈرۈش تۈزۈمى قورال كۈچىنى بىۋاستە ئىشقا سالغاندىنمۇ بەك هىيلە ـ مىكىرلىك ۋە خەۋپلىك بولغاچقا، « شەرەپلىك باتۇرخاننىڭ كونا ئۇسۇلى ئەمەس » دېگەن.

شى جېيسۈن شۇ چاغلاردا ئۆزىنى « 3 ـ خىل ئادەم » دەپ ئاتىۋېلىپ، « هازىرقى زامان » ژورنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى بولغان. جاۋ جىڭشېڭ ـــ « تەرەققىيپەرۋەرلىك » كىتابخانىسى، « شىمال يېڭىلىقلىرى » كىتاب ئىدارىسىنىڭ مۇھەررىرى بولغان.

⑫ بۇ يەردە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قورچاق مەركىزىي كىتاب ـ



ژورنال تەكشۈرۈش ۋېيىۋەنخۇيى كۆزدە تۇتۇلدۇ. بۇ ۋېيىۋەنخۇي 1934 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى شاڭخەيدە قۇرۇلغان.

⑬ بۇ يەردە « 3 ـ خىل ئادەم » دىن كىتاب ـ ژورنال تەكشۈرۈش ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ تەكشۈرگۈچىلىرىگە ئۆزگەرگەن سۇۋېن، مۇشىيىڭ قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

⑭ فىرىچى ( 1870 ـ 1929 ) ـــ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مېخانىك ۋېيۋۇلۇنچە ئەدەبىي تەنقىدچىسى، ئۇ « سەنئەت سوتسىيالوگىيىسى »، « 20 ـ ئەسىردىكى ياۋروپا ئەدەبىياتى »، « ياۋروپا ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تارىخى » قاتارلىق كىتابلارنى يازغان.

# هازىرقى زامان جۇڭگوسىدىكى كۆكفۇزى ①

شاڭخەيدىكى گېزىتلەرنىڭ يېقىندا خەۋەر قىلىشىچە، ياپونىيىنىڭ تاگداۋ كوچىسىدا②كۆكفۇزىنىڭ ئىبادەتخانىسى پۈتتۈرۈلگەنلىكتىن، خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ جۇشىسى خې جيەن جياڭجۇن ئۇزۇندىن بۇيان قەدىرلەپ ساقلاپ كەلگەن كۆكفۇزىنىڭ سىزما سۈرىتىنى ھەدىيە قىلىپ ئەۋەتىپ بېرىپتۇ. گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، جۇڭگودىكى ئادەتتىكى خەلق كۆكفۇزىنىڭ تەقى - تۇرقىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى تازا بىلمىسە كېرەك. قەدىمدىن تارتىپ ھەربىر ناھىيىدە كۆكفۇزىنىڭ « مۇقەددەس ئىبادەتخانىسى » دېگەن ئىبادەتخانىلار بار بولسىمۇ، ئىبادەتخانىلاردا، ئومۇمەن كۆكفۇزى پەيغەمبەرنىڭ سۈرىتى بولمىغانىكەن. ئېھتىرام بىلدۈرۈشكە لايىق ئادەملەرنىڭ سۈرىتىنى سىزىش ياكى ھەيكىلىنى ياساش توغرا كەلگەندە، ئادەتتە، ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭكىدىن چوڭراق قىلىش شەرت ئىكەن؛ لېكىن ھەممىدىن چوڭراق ئېھتىرام بىلدۈرۈشكە لايىق ئادەملەرنىڭ، مەسىلەن كۆكزىغا ئوخشاش ئەۋلىيالارنىڭ ھەتتا ئوبرازىنى سۈرەتلەشمۇ گۇناھ بولىدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوبرازىنى سۈرەتلەشتىن سۈرەتلىمىگەن ياخشى ئىكەن. بۇنىڭمۇ ھېكمىتى يوق ئەمەس. كۆكفۇزى ئۆزىنىڭ ئەينەن سۈرىتىنى قالدۇرمىغاچقا، ئۇنىڭ ئەسلى تەقى - تۇرقىنى بىلىپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس. تارىخىي ھۆججەتلەردە بەزى خاتىرىلەر بولسىمۇ، لېكىن ئاغزىغا كەلگىنىچە ئېيتقان قۇرۇق گەپ بولۇشىمۇ ئېھتىمال. ئەگەر يېڭىدىن سۈرەتلەيمەن دەيدىغان بولسا، سۈرەتلىگۈچىنىڭ خىيالىي تەسەۋۋۇرىگە قويۇپ بەرمەكتىن باشقا ئامال يوق، بىراق بۇنىڭغا ئىشىنىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆكفۇزىچىلار، ئاخىر، « بولسا تولۇق بولسۇن، بولمىسا پۈتۈنلەي يوق بولسۇن » دەيدىغان بىلانتچە③ پوزىتسىيىسىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولغان.



شۇنداق بولسىمۇ، سىزما رەسىملىرىمۇ گاھىدا ئۇچراپ قالىدۇ. مەن ئۆزۈم ئۈچ قېتىم كۆرگەنمەن: بىر قېتىمقىسى — « كۆكفۇزىنىڭ ھەدىسلىرى » دېگەن كىتابتىكى قىستۇرما رەسىم؛ يەنە بىر قېتىمقىسى — لياڭ چىچاۋ④ ئەپەندى ياپونىيىگە مۇساپىر بولۇپ بارغىنىدا خېڭبىڭ شەھىرىدە نەشىر قىلغان « خالىس مۇلاھىزە » ناملىق ژۇرنالنىڭ بېشىغا بېرىلگەن رەسىم، بۇ رەسىم ياپونىيىدىن جۇڭگوغا قايتىپ كىرگەن؛ يەنە بىر قېتىمقىسى — خەن پادىشاھىنىڭ قەبرە تېشىغا ئويۇلغان كۆكفۇزىنىڭ لاۋزى بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرغان رەسىمى. كۆكفۇزىنىڭ تەقى - تۇرقى توغرىسىدا ئەنە شۇ رەسىملەردىن ئالغان تەسىراتلىرىمغا قارىغاندا، بۇ جاناب ناھايىتى ئورۇق - ياداڭغۇ بىر بوۋاي بولۇپ، يەڭلىرى كەڭ ئۇزۇن چاپان كىيگەن، بېلىگە بىر دانە خەنجەرنى قىستۇرۇۋالغان ياكى قولتۇقىغا ھاسا تاياق قىستۇرۇۋالغان، لېكىن زادىلا كۈلمەيدىكەن، ئىنتايىن سۈرلۈك ئىكەن. ئەگەر ئۇنىڭ يېنىدا خىزمىتىنى قىلىپ ئولتۇرغان بولسام، خۇددى قېقىپ قويغان قوزۇقتەك راۋۇرۇس ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتىم - دە، 2 - 3 سائەت ئۆتكەندىن كېيىن بەللىرىم تېلىپ ئاغرىغان بولاتتى؛ ئەگەر ئۇ ئادەتتىكى ئادەم بولغان بولسا، قېچىپ كېتىشكە ئالدىرىغان بولاتتىم.

كېيىن شەندۇڭغا سەپەر قىلىپ باردىم. يولنىڭ ئوي - دوڭغۇللۇقىدىن ئازابلانغىنىمدا، بىردىنلا كۆكفۇزى ھەزرىتىم كۆز ئالدىمغا كەلدى. ئۇ سالاپەتلىك - سۈرلۈك پەيغەمبەرنىڭ ئىلگىرى ئاددىي ھارۋىدا ئولتۇرۇپ، چايقىلىپ - سىلكىنىپ، مۇشۇ يەرلەردە پالاقلاپ يۈرگەنلىكىنى ئويلاپ، ئۆز كۆڭلۈمدە مەسخىرىلەپ كۈلدۈم. بۇنداق ھېسسىيات، تەبئىيكى، ياخشى ئەمەس، ھەتتا ھۆرمەتسىزلىك بولۇپ قالىدۇ؛ ئەگەر كۆكفۇزىنىڭ مۇرىدى بولغان بولسام، بۇنداق ھېسسىيات ھەرگىز پەيدا بولمىغان بولاتتى. لېكىن شۇ چاغلاردا ماڭا ئوخشاش ئەدەبسىزلىك قىلىش روھىي ھالىتىدە تۇرغان ياشلار ناھايىتى كۆپ ئىدى.

مەن تۇتۇلغان ۋاقىت چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ئىكەن، ئۇ چاغدا كۆكفۇزىنىڭ « ساھىب كامال ئەۋلىيائى ئەزەم مەرىپەت سەردارى » دېگەن، كاتتىلىقتا كىشىنىڭ قورقۇسى كېلىدىغان ئۇنۋانى

بار ئىكەن ، شۇ ۋاقىتنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتە پەيغەمبەرنىڭ تەرىقەتلىرى
ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بىر ۋاقىت ئىكەنلىكىدە گەپ يوق : ھۆكۈمەت
موللىلارغا بەلگىلىك كىتابلارنى يەنى « تۆت كىتاب » ۋە « بەش نامە » نى
ئوقۇشنى ، بەلگىلىك تەپسىرلەرگە رىئايە قىلىشنى ، بەلگىلىك ماقالە ، يەنى
ئاتالمىش « باگۇ ماقالىلىرى » يېزىشنى ھەمدە بەلگىلىك نىزام بويىچە
مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشنى پەرز قىلىپ بەلگىلەپ بەرگەنىكەن . ئەنە شۇنداق
ئوخشاش بىر خىل مىزاندىن چىقىپ كېتەلمىگەن موللىلار تۆت چاسا
يەرنى ئوبدان بىلىدىغان بولىسمۇ ، يۇملاق يەر شارى توغرىسىدا ھېچ-
نەرسىنى بىلمەيدىكەن ، شۇڭا « تۆت كىتاب » تا ئىزھار قىلىنمىغان
فرانسىيە ۋە ئەنگلىيە بىلەن سوقۇشقىنىدا مەغلۇپ بولۇپ قالغانىكەن .
كۇڭفۇزىغا سەجدە قىلىپ ئۆلگەندىن كۆرە ئۆزىمىزنى قوغدىغىنىمىز
ياخشى ئىكەن دېگەن نىيەتكە كېلىپ قالغانمۇ ياكى باشقا بىرەر مۇددىئاغا
كەلگەنمۇ ، قىسقىسى ، كۇڭفۇزىغا ھە دەپ چوقۇنۇپ كەلگەن ھۆكۈمەتمۇ
ۋە مەنسەپدارلارمۇ كېيىنكى چاغلاردا ھەممىدىن ئاۋۋال تەۋرىنىپ ، ھۆ-
كۈمەت خەزىنىسىدىن پۇل ئاجرىتىپ ، ئەجنەبىي شەيتانلارنىڭ
كىتابلىرىنى كۆپلەپ تەرجىمە قىلىشقا كىرىشىپتۇ . شۇنداق كىتابلارنىڭ
پەنگە دائىر كلاسسىكلىرىدىن ھېرشېلنىڭ « ئاسمان توغرىسىدا » دېگەن
ئەسىرى ، لېيېلنىڭ « زېمىن ئىلمى توغرىسىدا قىسقىچە تەپسىر » دېگەن
ئەسىرى ، دەينانىڭ « مەدەنلەرنى پەرقلەندۈرۈش » دېگەن ئەسىرى ⑤
ھەتتا ھازىرمۇ ئۆز زامانىسىنىڭ تەۋەررۇكلىرى سۈپىتىدە بەزى كونا كىتاب
دۇكانلىرىدا ئۇچراپ قالىدۇ .

لېكىن ئەكسىيەتچىلىك يۈز بەرمەي قالمىدى . چىڭ خاندانلىقىنىڭ
ئاخىرقى يىللىرىدىكى ئاتالمىش رايىش ئۆلىمالارنىڭ قەدىرلىك جەۋھىرى
ھەم ۋەكىلى بولغان شۈي تۇڭ ئەئىلەم ⑥ پەيدا بولغان . ئۇ ھەتتا
ماتېماتىكىنىمۇ ئەجنەبىي شەيتانلارنىڭ ئىلمى ئىكەن دەپ يەكلىگەن . ئۇ
دۇنيادا فرانسىيە ، ئەنگلىيە دېگەندەك دۆلەتلەرنىڭمۇ بار ئىكەنلىكىنى
ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ ، ئىسپانىيىنىڭ ۋە پورتۇگالىيىنىڭ مەۋجۇت ئى-
كەنلىكىگە زادىلا ئىشەنمىگەن ؛ ئۇ : ئىسپانىيە ، پورتۇگالىيە دېگەن نامنى



دائىم ھەق تەلەپ قىلىپ كېلىۋېرىپ ، ئۆزلىرىمۇ خىجىللىقتا قالغان فران-
سۇزلار بىلەن ئىنگلىزلار قارىسىغا ئاتىۋالغان ، دېگەن پەتىۋانى چىقارغان .
ئۇ 1900 ـ يىلىدىكى مەشھۇر بوكسىرچىلارنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى تەشەب-
بۇسچىسى ھەم يېتەكچىسى ئىكەن . لېكىن بوكسىرچىلار پۈتۈنلەي
مەغلۇپ بولغاندا ، ئۇمۇ ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالغانىكەن . شۇنىڭ ئۈچۈن
ھۆكۈمەت يەنە ، چەت ئەللەرنىڭ سىياسىي قانۇنلىرى ۋە ئىلىم -
تېخنىكىلىرى ناھايىتى ئەسقاتىدىكەن ، دېگەن خىيالغىمۇ كېلىپ قالغانى-
كەن . مېنىڭ ياپونىيىگە بېرىپ ئوقۇش ئارزۇسىغا كېلىپ قالغانلىقىمۇ ئەنە
شۇ چاغدا بولغان . مەن ئارزۇيۇمغىمۇ يەتتىم ، جيانا ئەپەندى دۇگجىڭدا
ئاچقان خۇگۇېن دارىلپۈنۇنىغا⑦ كىردىم ؛ ئۇ يەردە سەنزېلى تەيلاڭ ئە-
پەندى ماڭا سۇنىڭ ئوكسىگېن بىلەن ھىدروگېننىڭ قوشۇلمىسى
ئىكەنلىكىنى ئۆگىتىپ قويدى ، سەننىفانشۇن ئەپەندى بولسا قۇلۇلە قېپى-
نىڭ قايسىبىر يېرىنىڭ « تاشقى پوستى » دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ئۆگىتىپ
قويدى . شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇنداق بىر ئەھۋال يۈز بەردى : مۇپەتتىش
داجيۇباۋ ئەپەندى ھەممىمىزنى يىغىپ : سىلەر بولساڭلار كۇڭزىنىڭ
مۇخلىسلىرى ئىكەنسىلەر ، بۈگۈن يۇيچا جىشۇيدىكى كۇڭزى ئىبادەتخا-
نىسىغا بېرىپ ، تائەت ـ ئىبادەت قىلىپ كېلىڭلار ! دېدى . مەن ئاجايىپ
ھەيران بولۇپ قالدىم . شۇ چاغدا ، كۇڭفۇزىدىن ۋە ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى-
دىن بىزار بولغانلىقىم ئۈچۈن ياپونىيىگە كەلگەن تۇرسام ، يەنە ئىبادەت
قىلامدىكەنمىنا ؟ دەپ ئويلىغانلىقىم ھازىرمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ . شۇ چاغدا
ناھايىتى ئەجەبلەنگەنىدىم ، بۇنداق ھېسسىيات يالغۇز مەندىلا پەيدا
بولمىغان بولسا كېرەك .

كۇڭفۇزىنىڭ ئۆز مەملىكىتىمىزدە نەزەردىن قېلىشى 20 ـ ئەسىردە
باشلانغان ئەمەس . مىڭزى ئۇنى باھالىغىنىدا ، « زامانىۋى پەيغەمبەر »
دېگەنىكەن ؛ بۇ سۆزنى ھازىرقى زامان تىلىغا تەرجىمە قىلساق ، « مودا
پەيغەمبەر » دېمەكتىن باشقا چارە يوق . بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن خەۋپلىك
سۈپەت ئەمەس ، تولىمۇ ئالقىشلاپ كەتكۈدەك ئۇنۋانمۇ ئەمەس . لېكىن
ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولماسلىقىمۇ ئېھتىمال . كۇڭفۇزىنىڭ « مودا

پەيغەمبەر » بولۇپ قېلىشى ئۆلگەندىن كېيىن بولغان ئىش ، ئۇ ھايات ۋاق-
تىدا خېلى كۆپ رىيازەت چەككەنىكەن . ئۇيان - بۇيان قاتراپ - پالاقلاپ
يۈرۈپ ، لۇ پادىشاھلىقىنىڭ ساقچى ۋازىرى [8] مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈلگەن
بولسىمۇ ، لېكىن يەنە ئۇزۇن ئۆتمەيلا مەنسەپتىن ئايرىلىپ ، ئىشسىز - بى-
كانە بولۇپ قالغانىكەن ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھوقۇقدارلار ئالدىدا خار - زار
بولغان ، رەئىيە ئالدىدا مەسخىرىگە قالغان ، ھەتتا ئىسيانچىلارنىڭ مۇھا-
سىرىسى ئىچىگە چۈشۈپ قالغان ، قورسىقىنى باقالماي ئاچ يۈرگەنىكەن ؛
تالىپلىرى ئۈچ مىڭ بولسىمۇ ، كارغا يارايدىغانلىرى ئاران 72 ئىكەن ،
بۇلاردىن ئىشەنچ قىلالايدىغىنى ئاران بىر ئادەم ئىكەن .
كۈنلەرنىڭ بىرىدە كۇڭفۇزى : « تەرەققەتلىرىم ئاقماي قالسا ، سال
بىلەن يات ئېقىلمىغا كېتىمەن ، ماڭا پەقەت جۇڭيۇلا يار بولامدۇ ؟ » دەپ
پىغان قىلغانىكەن . ئۇنىڭ ھال - ئەھۋالىنى مانا مۇشۇ پاسسىپ نىيىتىدىن
بىلگىلى بولىدۇ . لېكىن ئەنە شۇ بىر نەپەر تالىپى — جۇڭيۇ كېيىنكى
چاغلاردا دۈشمەنلىرى بىلەن سوقۇشۇپ قالغاندا ، دۈشمەنلىرى كۈلاسى-
نىڭ پوپۇكىنى زەرب بىلەن ئۈزۈپ تاشلىغانىكەن ، شۇ چاغدىمۇ بۇ سادىق
مۇخلىس جۇڭيۇ ئۆزىنىڭ مۇللىسى بولغان كۇڭفۇزىدىن ئالغان تەلىمىنى ،
يەنى « ئەھلى مۇللا ئادەم ھەتتا ئۆلگەن تەقدىردىمۇ بېشىدىن كۈلاسىنى
ئالماسلىق كېرەك » دېگەن سۆزىنى ئېسىدىن چىقارماي ، دۈشمەنلىرى چا-
ناپ قىيما - چىيما قىلىۋەتكۈچە كۈلاسىنىڭ پوپۇكلىرىنى چىگكەنىكەن .
ئۇ قالتىسمۇ ئىشەنچلىك جۇڭيۇ ئىكەن - ھە ! ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ئىشەنچ-
لىك تالىپىدىنمۇ ئايرىلىپ قالغان كۇڭزىنىڭ ناھايىتى پەرىشان بولۇپ
كەتكەنلىكى تۇرغان گەپ . ئۇ شۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ھامان ئاشخانىسى-
دىكى قىيما گۆشنى تۆكتۈرۈۋەتكەنىكەن .
كۇڭفۇزى ئۆلگەندىن كېيىن ھالى بىرئاز خەيرلىك بولۇپ
قالغاندۇ ، چۈنكى ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن كاپىشىپ يۈرەلمەيدۇ ، شۇنىڭ
ئۈچۈن ، تاجى - تەختى بار ئادەملەر ئۇنى پەردازلاپ ، ئادەمنى
ئەيمەندۈرىدىغان دەرىجىدە ئەزىزلىگەن بولۇشى مۇمكىن ، دەپ ئويلايتتىم .
لېكىن ئۇنىڭ ھالى كېيىنكى چاغلاردا ئىمپورت بولۇپ كىرگەن ساكيامو-



نىدىنمۇ [9] بەتتەر ئىكەن . دۇرۇس ، ھەربىر ناھىيىدە كۇڭزىنىڭ
« مۇقەددەس ئىبادەتخانا » دېگەن ئىبادەتخانىسى بار ، لېكىن ئۇ
ئىبادەتخانىلاردىن بوران ئۇچۇپ تۇرىدۇ ، ئادەتتىكى رەئىيە ئۇ يەرلەرگە
ھەرگىزمۇ تاۋاپ قىلىپ بارمايدۇ ؛ بارىدىغان بولسا بۇددا ئىبادەتخانىسىغا
ياكى بۇتخانىلارغا بارىدۇ . ئەگەر پۇخرادىن ، كۇڭفۇزى قانداق ئادەم ؟
دەپ سوراپ قالسىڭىز ، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر دەپ جاۋاب بېرىدىغانلىقىدا
شەك يوق ، لېكىن ئۇلار تاجى - تەختى بار ئادەملەرنىڭ پاتىپۇنى . ئۇلارمۇ
خەت پۈتۈلگەن قەغەزلەرنى دەسسىمەيدۇ ، لېكىن ئۇنى دەسسىۋەتمەي ئە-
زىزلىگەنلىكى بېشىغا چاقماق چۈشۈش قازاسىغا يولۇقۇشتىن ساقلىنىدىغان
خۇراپىي ئېتىقاد سەۋەبىدىن بولغان ؛ نەنجىڭدىكى كۇڭزى ئىبادەتخانىسى
قايناپ تۇرىدىغان ئاۋات يەر . لېكىن بۇ يەرنىڭ قايناپ تۇرۇشى تۈرلۈك
ئويۇن - تاماشىنىڭ بولۇپ تۇرىدىغانلىقىدىن ۋە ساماۋارخانىلارنىڭ
بولغانلىقىدىن بولغان . كۇڭزى « يىلنامە » نى يازغاندا يۇرت بۇزۇقلىرى-
نىڭ بېشىغا غەم چۈشكەن ، دېگەن رىۋايەت بار ، لېكىن ھازىرقى ئادەملەر
ئىچىدە قەلەم جازاسىغا ئۇچرىغان بىرەر يۇرت بۇزۇقىنىڭ ئىسمىنى بىلىدى-
غان بىرەر ئادەممۇ بولمىسا كېرەك . يۇرت بۇزۇقى دېگەن سۆز تىلغا
ئېلىنسا ، كىشىلەر ئۇ ساۋ ساۋ بولسا كېرەك دەپ ئويلىسا كېرەك ، لېكىن
بۇنداق قاراشنى جەڭنامە ۋە چاڭچىلە ئەسەرلىرىنى يازغان نامسىز
يازغۇچىلار ئۆگەتكەن ، بۇنى پەيغەمبەر ئۆگەتكەن ئەمەس .
گەپنىڭ قىسقىسى ، كۇڭفۇزىنى جۇڭگودا تاجى - تەختى بار ئا-
دەملەر ماختاپ ماشايىخ قىلىۋالغان ؛ ئۇ تاجى - تەختى بار ئادەملەرنىڭ
ياكى تاجى - تەختلىك بولۇش تەمەسى بار ئادەملەرنىڭ پەيغەمبىرى ،
ئۇنىڭ ئادەتتىكى خەلق بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق . كۇڭزى
ئىبادەتخانىسىنى بولسا ، تاجى - تەختى بار ئادەملەر ۋاقىتلىق ھاجەتتىن
چىقىۋېلىش ئۈچۈنلا بەرپا قىلغان . ئۇلار كۇڭزىغا ئىبادەت قىلىۋاتقاندا ،
قورسىقىغا باشقا مەقسەتنى پۈكىدۇ ، دېمەك مەقسىتىگە يېتىۋالغاندا ، ئۇ
قورالنىڭ كېرىكى قالمايدۇ ، مەقسىتىگە يېتەلمەي قالسا ، تېخىمۇ كېرەك
قىلمايدۇ . بۇندىن 30 - 40 يىل ئىلگىرى ، تاجى - تەختلىك بولۇش كو-

يىغا چۈشكەن ئادەملەر يەنى مەنسەپدارلار بولۇپ ئارزۇسى بار ئادەملەر « تۆت كىتاب » ۋە « بەش نامە » نى ئوقۇپ « باگۇ نىزامى بويىچە كىتاب ۋە ماقالە يازغانىكەن ؛ باشقىلار بۇ كىتاب ۋە ماقالىلەرنى قارا - قويۇقلا « دەرۋازا قېقىشقا ئىشلىتىدىغان پاخشە خىش » دەپ ئاتىغانىكەن . دېمەك ، مۆلكى ئەمەلدارلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىمتىھان بەرگەن ئادەملەر ئىمتىھاندىن ئۆتۈۋالسىلا ، بۇ نەرسىلەرنى ، خۇددى پاخشە خىشنى دەرۋازا قاقىدىغان چاغدا ئىشلىتىپ ، دەرۋازا ئېچىلغاندىن كېيىن چۆرۈپ تاشلىغانغا ئوخشاش ، ئۇنتۇپ كېتىدىكەن . كۇڭزى ئۆلگەندىن بۇيان ئەمەلىيەتتە ئەنە شۇنداق « دەرۋازا قېقىشقا ئىشلىتىدىغان پاخشە خىش » ئورنىدا ئىشلىتىپ كەلمەكتە .

يېقىنقى مىساللارغا قاراپ باقىدىغان بولساقلا تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنىۋالالايمىز . 20 - ئەسىر باشلانغاندىن بۇيان ، كۇڭفۇزىنىڭ ئامىتى كېتىپ قالغانىدى ، لېكىن يۈەن شىكەي دەۋرىدە يەنە يېڭىباشتىن ئەسكە ئېلىندى ، ئۇنىڭ ئەرۋاھىغا ئاتاپ نەزىر - نۇسرەت ئۆتكۈزۈش ئىشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈش بىلەنلا قالماستىن ، نەزىر - نۇسرەت ئۆتكۈزۈش ۋە تاۋاپ قىلىش ۋاقتىدا كىيىدىغان ئاجايىپ - غارايىپ كىيىملەرمۇ پەيدا بولدى ، ئىبادەت قىلغۇچىلار ئەنە شۇنداق غەلىتە كىيىملەرنى كىيىدىغان بولدى . بۇنىڭ كەينىدىلا پادىشاھلىق تۈزۈمى پەيدا بولدى . لېكىن يۈەن شىكەي ھېلىقى دەرۋازىنى قېقىپ ئاچالماي ، دەرۋازا سىرتىدا ئۆلدى . ئاندىن قالسا شىمالىي جۇنفالارمۇ [11] زاۋاللىققا يۈز تۇتقاندا ، باشقا بەخت دەرۋازىسىنى ئېچىش ئۈچۈن بۇنىڭدىن پايدىلانماقچى بولدى . جياڭسۇ بىلەن جېجياڭنى ئۆز چاڭگىلىدا تۇتقان ، يول بويى پۇخرانى ئۆزى خالىغىنىچە چېپىپ ئۆلتۈرگەن سۇن چۈەنفاڭ [12] جياڭجۈن تەلەي سىناپ لوڭقىغا ئوق چۈشۈرۈش [13] مۇراسىمىنى يېڭىباشتىن ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولسا ، شەندۇڭغا كىرىۋالغان ، ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنىڭ ، چېرىكلىرىنىڭ ۋە كىچىك خوتۇنلىرىنىڭ سانىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدىغان جاڭ زۇڭچاڭ [14] جياڭجۈن « 13 نامە » نى قايتىدىن كۆچۈرۈپ باستۇردى ، ھەتتا ئەۋلىيا - ئەنبىيالىقنى خۇددى جىنسىي مۇناسىۋەت بى-



لەن يۇقتۇرغىلى بولىدىغان سىبلىس كېسىلىگە ئوخشاش بىر نەرسە قىلىۋېلىپ ، كۇڭزىنىڭ پۇشتى بولغان بىراۋنى ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلىۋالدى . شۇنداق قىلغان بولسىمۇ ، بەخت دەرۋازىسىنى يەنىلا ھېچقايسىسى ئاچالمىدى .

بۇ ئۈچەيلەن كۇڭفۇزىنى پەخشە خىش ئورنىدا ئىشلەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن دەۋر ئۆزگەرگەچكە گەپ - سۆزسىز مەغلۇپ بولدى . ئۆزلىرى مەغلۇپ بولۇش بىلەنلا قالماستىن ، كۇڭفۇزىنىڭ تېخىمۇ پاجىئەلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىغا ھەم زامىن بولدى . ئۇلار ھەتتا ئېلىپىنىڭ سۇنۇقىنىمۇ بىلمەيدىغان ئادەملەر ئىدى ، شۇنداق تۇرۇقلۇق « 13 نەمە » ۋەھاكازالار ئۈستىدە گەپ سېتىشقا ئۇرۇنغانلىقى كىشىلەرنىڭ كۈلكىسىنى قىستايدۇ ؛ ئۇلارنىڭ سۆزلىرى بىلەن ھەرىكىتىنىڭ بىر يەردىن چىقمىغانلىقى كىشىنى تېخىمۇ بىزار قىلىدۇ . كىشىلەرنىڭ راھىبلاردىن بىزار بولغانلىقى ، كاسايا [15] غا ئۆچ بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ، كۇڭفۇزىنىڭ بىرەر مەقسەت ئۈچۈن قورال سۈپىتىدە سۇيىئىستېمال قىلىنىۋاتقانلىقىمۇ يېڭىباشتىن ناھايىتى ئايدىڭلىشىپ قالدى ، شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ئۇنى يوقىتىش ئارزۇسىمۇ بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتتى . شۇ سەۋەبتىن كۇڭزىنى ناھايىتى ھۆرمەتلىك قىلىپ پەردازلىغان چاغلاردا ، ئۇنىڭ قۇسۇرلىرىنى ئىزلەيدىغان ماقالىلەر ۋە ئەسەرلەر پەيدا بولۇپ تۇردى . كۇڭزىنىڭ ئۆزى پەيغەمبەر بولسىمۇ ، ئۇ كەمچىلىك - قۇسۇرلاردىن خالىي ئەمەس ، بۇنىڭ بىلەن ئادەتتە ھېچكىمنىڭ كارى يوق ، چۈنكى كىشىلەرنىڭ قارىشىچە پەيغەمبەرمۇ ئادەم ، ئۇنىڭ قۇسۇرلىرىنى كەچۈرگىلى بولىدۇ . لېكىن پەيغەمبەرنىڭ مۇرتلىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ ، پەيغەمبىرىم ئانداق ئىدى ، پەيغەمبىرىم بۇنداق ئىدى ، شۇنىڭ ئۈچۈن سەنمۇ شۇنداق بولمىساڭ بولمايدۇ ، دەپ كاپشىيدىغان بولسا ، كىشىلەرنىڭ ئىختىيارسىز كۈلۈشى تۇرغان گەپ . بۇندىن 5 - 6 يىل ئىلگىرى ، « كۇڭزىنىڭ نەنزى بىلەن ئۇچرىشىشى » دېگەن سەھنە ئەسىرى ئوينالغاندا ، چاتاق چىققانىدى . شۇ سەھنە ئەسىرىدە كۇڭفۇزى رولىغا چىقىرىلغان ، ئۇ پەيغەمبەر بولغان تەقدىردىمۇ ئاز - پاز شاللاقلىقتىن ۋە تەلۋىلىكتىن خالىي

قالدۇرۇلمىغان، لېكىن ئۇ ئادەم بولغانلىقى نۇقتىسىدىن كىشىنىڭ نەزىرىگە سىغىدىغان ياخشى ئادەم قىلىپ چىقىرىلغان. شۇنداق بولسىمۇ، پەيغەمبەرنىڭ پۇشتلىرى قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، ھۆكۈمەت ئورۇنلىغىچە دەۋالىشىپ بارغان. ئويۇن قويۇلغان يەر دەل كۇڭفۇزىنىڭ يۇرتى بولغاچقا، ئۇ يەردە ئۇنىڭ پۇشتى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلار ھەتتا ساكيامونى بىلەن سوقرات ⑯ مۇ تەڭلەشتۈرۈشكە مۇناسىپ كەلمەيدىغان ئىمتىيازلىق سىنىپقا ئايلىنىپ قالغانىكەن. ئېھتىمال بۇ دەۋاغىمۇ شۇ يەردىكى پەيغەمبەر پۇشتى بولمىغان ياشلارنىڭ «كۇڭفۇزىنىڭ نەنزى بىلەن ئۇچرىشىشى» نى ئالاھىدە سەھنىلەشتۈرۈشكە ئورۇنغانلىقى سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن.

جۇڭگونىڭ ئادەتتىكى خەلقى، بولۇپمۇ ئاتالمىش نادان خەلق كۇڭزىنى پەيغەمبەر دەپ ئاتىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى كۆڭلىدە تۇتمايدۇ؛ ئۇنى ئىززەتلىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا كۆڭلى يېقىن ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ، كۇڭفۇزىنى جۇڭگونىڭ نادان خەلقىدەك چۈشىنىدىغان خەلق دۇنيادا تېپىلمىسا كېرەك. دۇرۇس، كۇڭفۇزى ئەل-يۇرتنى ئىدارە قىلىشنىڭ قالتىس ئۇسۇللىرىنى پىلانلىغان، لېكىن ئۇنى خەلقنى ئىدارە قىلغۇچىلارغا، يەنى تاجى-تەختى بار ئادەملەرگە ئاتاپ پىلانلىغان؛ خەلقنىڭ ئۆزىگە بولسا ھېچنەرسىنى پىلانلاپ بەرمىگەن. ئۇنىڭ پىلانلاپ بەرگىنى «ئەدەب-قائىدە رەئىيەگە راۋا ئەمەس» دېگەن نەرسىدىن ئىبارەت. تاجى-تەختى بارلارنىڭ ماشايىخى بولۇپ قالغان پەيغەمبەر، ئاخىر، «دەرۋازا قېقىشقا ئىشلىتىلىدىغان پاخشە خىش» قا ئايلىنىپ قالدى، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتە دات-پەرياد قىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىدە گەپ يوق، لېكىن كۆڭلىدە قىلچىلىك يېقىنچىلىقى يوق دېگەن گەپ، مېنىڭچە ناھايىتى كۆڭۈل ئاياپ ئېيتىلغان سۆز. كىشىلەرنىڭ ئۆز كۆڭلىدە قىلچىلىكمۇ يېقىن كۆرمەيدىغان پەيغەمبەرگە يېقىنچىلىق قىلمايدىغانلىقى تەبىئىي، مەيلى قاچاندا بولسا-بولسۇن، يىرتىق-ياماق كىيىم كىيىپ، يالىڭاياق بولۇپ، ئەۋلىيا ئىبادەتخانىسىنىڭ ئايۋىنىغا بىرىپ كۆرۈڭ، گويا



شاڭخەيدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك كىنو-تىياتىرخانىغا ئېزىپ كىرىپ قالغاندەك ياكى بىرىنچى دەرىجىلىك تىرامۋايغا ئېزىپ چىقىپ قالغاندەك دەرھال ھايت-ھۇيت بىلەن ھەيدەپ چىقىرىلىشىڭىز ئېھتىمال. ئۇنداق يەر ۋە ئۇنداق ئىشلار كاتتا غوجاملارغا خاس ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، بۇ ئادەملەر «نادان خەلق» بولسىمۇ، لېكىن ئۇنداق ئەھۋالنى چۈشەنمەيدىغان دەرىجىدە نادان ئەمەس.

4-ئاينىڭ 29-كۈنى

### ئىزاھات

①بۇ ماقالا دەسلەپ 1935-يىلى 6-ئايدا چىققان ياپونچە ئايلىق ژورنال «ئىسلاھات» قا بېسىلغان، خەنزۇچە تەرجىمىسى دەسلەپ 1935-يىلى 7-ئايدا «زاۋېنلار» ناملىق ئايلىق ژورنالنىڭ 2-سانىغا «كۇڭفۇزى ھازىرقى زامان جۇڭگوسىدا» دېگەن ماۋزۇ بىلەن بېسىلغان.

② تاڭداۋ كوچىسى — ياپونىيىدە كۇڭزىغا ئاتاپ سېلىنغان كۇڭزى ئىبادەتخانىسى بار كوچا. بۇ ئىبادەتخانا 1923-يىلى كۆيدۈرۈلگەن، 1932-يىلى قايتا سېلىنىپ، 1935-يىلى 4-ئاينىڭ 4-كۈنى پۈتكەندە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى «زىيارەت» قىلىپ بارغان.

③بىلانت — ئىبسىننىڭ «بىلانت» ناملىق داستانىدىكى شەخس.

④ لياڭ چىچاۋ (1873-1929) — مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە يولغا قويۇلغان يېڭىلاش ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىي رەھبىرى بولغان، مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ياپونىيىگە قېچىپ كەتكەن.

«خالىس مۇلاھىزە» — لياڭ چىچاۋ ياپونىيىگە قېچىپ بارغىنىدا چىقارغان، «پادىشاھ (گۇاڭشۈي)» نى قوغداپ، مەلىكە (سى شىتەيخۇ) گە قارشى تۇرۇش» نى تەرغىپ قىلىدىغان ژورنال.

⑤ھېرشېل (1792-1871) — ئەنگلىيىلىك ئاسترونوم، فىزىكا ئالىمى.
لېيېل (1797-1875) — ئەنگلىيىلىك گېئولوگ.
دەينا (1813-1895) — ئامېرىكىلىق گېئولوگ، كانشۇناس.

⑥ شۈي تۇڭ — مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى جاھىل مەنسەپدار، يېڭىلىق ھەرىكىتىگە قارشى تۇرغان. سەككىز دۆلەت بىرلەشمە قوشۇنى بېيجىڭغا بېسىپ كىرگەندە ئۆلۈۋالغان.

⑦ خۇگۇئېن دارىلفۇنۇنى — مەخسۇسلار جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياپونچە تىل ۋە ئاساسىي دەرسلەرنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن دۇڭجىڭدا ئېچىلغان تەييارلىق مەكتىپى .

⑧ ساقچى ۋازىرى — ياپونىيىدە ساقچىلارنىڭ ئەڭ چوڭ باشلىقى . كوڭزى لۇ بەگلىكىدە بىر مەزگىل ئەدلىيە - تۈرمە ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار بولغانىدى . شۇڭا ئاپتور بۇ يەردە ئۇنى « ساقچى ۋازىرى » بولغان دەپ يازغان .

⑨ ساكيامۇنى ( Sakyamuni ، مىلادىدىن تەخمىنەن 566 - 486 يىل ئىلگىرى ) — بۇددا دىنىنىڭ ئاساسچىسى ، بۇددا دىنى غەربىي خەن دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئېلىمىزگە كېلىشكە باشلىغان .

⑩ يۈەن شىكەي — ئۇ 1914 - يىلى 2 - ئايدا پۈتۈن مەملىكەتكە « كوڭزىغا تاۋاپ قىلىش » توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن ۋە بارلىق ۋەزىر ۋە باشقا ھەربىي ، مۈلكىي ئەمەلدارلار بىلەن غەلىتە كىيىملەرنى كىيىشىپ ، بېيجىڭدىكى كوڭزى ئىبادەتخانىسىغا بېرىپ ، كوڭزىنىڭ ئەرۋاھىغا ئاتاپ نەزىر - نۇسرەت قىلغان .

⑪ شىمالىي جۇنغالار — يۈەن شىكەي قۇرغان مىلىتارىستلار گۇرۇھى . ئۇلار شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن مەركەزدىمۇ، جايلاردىمۇ ھەربىي ، مەمۇرىي ھوقۇقلارنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان ؛ 1927 - يىلدىكى شىمالغا يۈرۈش ئۇرۇشىدا يوقالغان .

سۈن چۈەنفاڭ ( 1885 - 1935 ) — شىمال مىلىتارىستى . ئۇ كونىلىقنى تىرىلدۈرۈش مەقسىتىدە 1926 - يىلى 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى نەنجىڭدە لوڭقىغا ئوق چۈشۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن .

⑬ لوڭقىغا ئوت چۈشۈرۈش — قەدىمكى زاماندا زىياپەتتە ئوينىلىدىغان ئويۇن : ساھىبخانىمۇ ، مېھمانلارمۇ نۆۋەت بىلەن لوڭقىغا ئوقيا ئوقى تاشلايدۇ ، يېڭىلىپ قالغانلىرى هاراق ئىچىدۇ .

⑭ جاڭ زۇڭچاڭ ( 1881 - 1932 ) — شىمال مىلىتارىستى . ئۇ 1925 - يىلى سەندۇڭدا ھەربىي ۋالىي بولۇپ تۇرغىنىدا ، كوڭزىغا بەيئەت قىلىشنى ، قەدىمىي كىتاب - نامىلەرنى ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلغان .

⑮ كاسايا — ھىندىچە سۆز . بۇددا راھىبلىرى كىيىدىغان يەكتەك .

⑯ سوقرات ( Sokrates مىلادىدىن 469 - 399 يىل ئىلگىرى ) — قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى ، مۇتەئەسسىپ قۇلدارلار ئىدىيىسىنىڭ ۋەكىلى .



## مەشھۇر ئادەم ۋە مەشھۇر سۆز①

« چولپان » ژورنىلىنىڭ 2 - جىلد 7 - سانىدا نەن شەن ئەپەندىنىڭ « كىتابىي تىلنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئۈچىنچى تەدبىرى »② دېگەن ماقالىسى بېسىلىپ چىقتى ، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە : بىرىنچى تەدبىر — « جانلىق تىل بىلەن يېزىش كىتابىي تىل بىلەن يازالماسلىقتىن بولغان » ؛ ئىككىنچى تەدبىر — « جانلىق تىل بىلەن ياخشى يازالايدىغان بولۇش ئۈچۈن ئاۋۋال كىتابىي تىلنى پىششىق بىلىش كېرەك » ئارىدىن ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن تەييەن③ ئەپەندىنىڭ ئۈچىنچى تەدبىرى ئوتتۇرىغا چىقتى ، « ئۇ : سىلەر كىتابىي تىلنى قىيىن دەيسىلەر ، جانلىق تىل تېخىمۇ قىيىن ، سەۋەب — ھازىرقى ئېغىز تىلىدىكى نۇرغۇن سۆز قەدىمقى سۆز ، يېزىق ئىلمىنى پۇختا بىلمەي تۇرۇپ ، ھازىرقى ئېغىز تىلىدىكى مەلۇم تاۋۇشنىڭ قەدىمقى زامانىدىكى شۇ تاۋۇش ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ ، ئۇنىڭ قەدىمقى زامانىدىكى ئەنە شۇ مەلۇم خەت ئىكەنلىكىنى بىلمىگەندە خاتا يېزىپ قويۇش ئەھۋاللىرى كېلىپ چىقىدۇ ، دەپ قارىغان . . . »

تەييەن ئەپەندىنىڭ سۆزى ناھايىتى جايىدا ئېيتىلغان . ھازىرقى ئېغىز تىلى ئۇشتۇمتۇتلا ئاسماندىن چۈشۈپ قالغان تىل ئەمەس ، ئۇنىڭدىكى نۇرغۇن سۆزلەر ، ئەلۋەتتە ، قەدىمكى سۆز ؛ ئۇ سۆزلەر قەدىمكى سۆزلەر بولغاندىن كېيىن ، ئەلۋەتتە ، ئۇنىڭ بىرمۇنچىسى قەدىمكى كىتابلاردا يېزىلغان ؛ ئەگەر جانلىق تىل بىلەن يازماقچى بولغان ئادەم ھەر بىر خەتنىڭ ئەسلىسىنى « تىل - يېزىق لوغىتى » دىن ئىزلەيدىغان بولسا ، بۇ ، دەرۋەقە ، خالىغانچە ئۆزلەشتۈرۈلگەن كىتابىي تىل بىلەن يازغاندىن ھەقىقەتەن كۆپ قىيىن چۈشىدۇ . ئەمما ، جانلىق تىل تەشەببۇس قىلىنغاندىن بۇيان ، تەشەببۇسچىلارنىڭ ھېچقايسىسى جانلىق تىلدا يېزىشتىن مەقسەت « يېزىق ئىلمى » دىن ئەسلى خەتنى تېپىپ چىقىش ، دەپ

قارىغان ئەمەس. بىز ئۆزىمىز ئىشلىتىپ ئادەتلىنىپ قالغان خەتلەرنى قوللىنىۋېرىمىز. دۇرۇس، تەييەن ئەپەندى ئېيتقاندەك، «تونۇش كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالساق، "كەيىپ — ھالىڭ قانداق" دەپ ئەھۋاللىشىمىز، "قانداق" دېگەن سۆز "ھالەكۇم" دېگەن سۆز بىلەن ئوخشاش؛ جاۋاب بەرگۈچى كىشى "ياخشى" دەيدۇ، "ياخشى" دېگەن سۆز "شۈكۈر ئەلھەمدۇلىللا" دېگەن سۆز بىلەن ئوخشاش». لېكىن بىز بۇ ئىككى سۆزنى بىلىۋالغان تەقدىردىمۇ، «كەيىپ ھالەكۇم» ۋە «شۈكۈر ئەلھەمدۇلىللا» دېمەي، «ئەھۋالىڭ قانداق»، «ياخشى» دەپ قوللىنىۋېرىمىز. چۈنكى، جانلىق تىلدىكى ئەسەرلەر شاڭ، جۇ، چىن، خەن سۇلالىلىرىدىكى ئەرۋاھلارغا ئەمەس، ھازىرقى دەۋردىكى كىشىلەرگە ئاتاپ يېزىلىدۇ، قەدىمكى كىشىلەر گورىدىن قوپۇپ، چۈشەنمەي قالسا قالىۋەرسۇن، بىز ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمايمىز. دېمەك، تەييەن ئەپەندىنىڭ ئۈچىنچى تەدبىرى، ئەمەلىيەتتە، پايپاقتا ناھال قاققاندەك بولۇپ قالغان، ئاشۇ جانابنىڭ ئۆزى پىششىق بىلىدىغان يېزىق ئىلمىنى بەك كەڭ دائىرىدە قوللانغانلىقىدىن بولغان.

بىزنىڭ بىلىمىز ناھايىتى چەكلىك، شۇڭا مەشھۇر كىشىلەرنىڭ يول كۆرسەتمىلىرىنى ئاڭلاشقا ھەممىمىز خۇشتار، لېكىن: ھەر تەرەپلىمە بىلىم ئىگىلىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ياخشىمۇ ياكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ياخشىمۇ؟ دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. بۇنىڭغا، ھەر ئىككىلىسى ياخشى، دەپ جاۋاب بېرىش ئاسان بولسا كېرەك. ھەر ئىككىلىسىغۇ ياخشى، ئەمما مەن بۇ ئىككى خىل ئادەملەرنىڭ تۈرلۈك يول كۆرسەتمىلىرىنى كۆپ قېتىم ئاڭلىغاندىن كېيىن، خېلى پەخەس بولۇش كېرەك ئىكەن، دېگەن ئويغا كېلىپ قالدىم. چۈنكى، ھەر تەرەپلىمە بىلىم ئىگىلىرىنىڭ سۆزى بەك پۇچەك، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ سۆزى بەك بىمەنە بولىدىكەن.

ھەر تەرەپلىمە بىلىم ئىگىلىرىنىڭ سۆزىنىڭ پۇچەك بولىدىغانلىقى ئۆزلىكىدىن مەلۇم؛ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ سۆزىنىڭ بەك بىمەنە بولىدىغانلىقىنى بولسا، بىرئاز چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ



بىمەنىلىكى ئۆزلىرىنىڭ ئىختىساسلىرى ئۈستىدە سۆزلىگەندە كۆرۈلۈشى ناتايىن، ئۇلارنىڭ بىمەنىلىكى مۇتەخەسسىسلىك نامىغا تايىنىپ، ئۆز ئىختىساسىدىن تاشقىرى ئىشلار ئۈستىدە گەپ ساتقانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. جەمئىيەتتە كىشىلەر مەشھۇر ئادەملەرنى ھۆرمەت قىلىدۇ، شۇڭا مەشھۇر ئادەملەرنىڭ سۆزىنى مەشھۇر سۆز دەپ قاراپ، ئۇنىڭ قايسى ئىلىم ياكى قايسى ئىشتا مەشھۇر ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ؛ مەشھۇر ئادەملەرمۇ ئىززەت - ھۆرمەتتىن خۇدىنى يوقىتىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ قايسى ئىلىم ياكى قايسى ئىشتا مەشھۇر ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، بارا - بارا، ھېچكىم ماڭا يېتەلمەيدۇ، ھەممىدىن سۆز ئاچالايمەن، دەپ قارايدۇ - دە، بىمەنىلىشىپ كېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلارنىڭ كۆپلىگەن بىلىملىرى تولا چاغلاردا ھەر تەرەپلىمە بىلىم ئىگىلىرىنىڭكىگە ياكى ئومۇمىي ساۋاتقا ئىگە ئادەملەرنىڭكىگە يەتمەيدۇ. تەييەن ئەپەندى ئىنقىلابنىڭ دانىشمىنى، يېزىق ئىلمىنىڭ پىرى، ئەگەر ئۇ كونا كىتابلار ۋە «تىل - يېزىق لوغىتى» ئۈستىدە سۆزلىسە، كىشىنىڭ زوقى كەلگۈدەك سۆزلەيدۇ، ئەمما ھازىرقى جانلىق تىلغا ھۇجۇم قىلغان ھامان، گەپلىرى يىلىك باسماي قالىدۇ، مانا بۇ مىسال. ئۇنىڭدىن باشقا، ئالىم جياڭ كاڭخۇ④نى ئالساق، ئۇ بۇرۇن سوتسىيالىزمنى تەرىپلەشتە داڭق چىقارغان مەشھۇر ئادەم، ئۇنىڭ سوتسىيالىزمى زادى قانداق، مەن بۇنىسىنى بىلمەيمەن، بىلىدىغىنىم پەقەت شۇكى، ئۇ بۇ يىل ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ، يېزىق ئىلمىدىن سۆز ئېچىپ، « "德" خېتىنىڭ قەدىمكى شەكلى "   " بولۇپ، "直" بىلەن "心" دىن تۈزۈلگەن، "直" توغرىدىن - توغرا ھاسىل قىلىنغان چۈشەنچە، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ» دەپ، ھەقىقەتەن، قالتىس بىمەنىلەشتى، ئۇ ھەتتا ئەشۇ خەتنىڭ يۇقىرىقى يېرىمىنىڭ ئەگرى - تۈزدىكى "تۈز" (直) دېگەن خەت ئەمەسلىكىنىمۇ بىلمەيدىكەن. مۇنداق مەسىلىلەردە تەييەن ئەپەندىنىڭ شەرھىسىنى ئاڭلاش توغرا كېلىدۇ.

بىراق، جەمئىيەتتە كىشىلەر ھامان، مەشھۇر ئادەملەرنىڭ سۆزى

مەشھۇر سۆز بولىدۇ، ئۇنداق ئادەملەر مەشھۇر ئادەم بولغاچقا، ئۇلارنىڭ چۈشەنمەيدىغان، بىلمەيدىغان نەرسىسى بولمايدۇ، دەپ قارىسا كېرەك. شۇڭا بەزىلەر ياۋروپا تارىخىغا دائىر بىرەر كىتابنى تەرجىمە قىلسا، ئىنگلىز تىلىنى ياخشى سۆزلەيدىغان مەشھۇر ئادەمنى تەكلىپ قىلىپ سىپلىشتۇرىدۇ؛ ئىقتىسادشۇناسلىققا دائىر بىرەر كىتابنى تۈزۈپ چىقىشنى قەدىمكى زامان تىلىنى ياخشى بىلىدىغان مەشھۇر ئادەملەرگە يېلىنىپ بېغىشلىما يازدۇرىدۇ؛ **ئىلىم ساھەسىدىكى مەشھۇر ئادەملەر** دوختۇرنى تەرىپلىسە، ئۇنى «ھۈنەرگە كامىل لوقمان ھاكىم»[5] دېيىشىدۇ، سودا ساھەسىدىكى مەشھۇر ئادەملەر رەسىمنى ماختىسا، ئۇنى «ئالتە مىزاننى[6] سۇدەك بىلىدۇ» دېيىشىدۇ...

بۇمۇ ھازىرقى بىر خىل ئومۇمىي كېسەل. گېرمانىيىنىڭ ھۈجەيرە كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىسى ۋىرشوۋ (Virchow)[7] دوختۇرلۇقنىڭ پىرى، ئۇ پۈتۈن مەملىكەتمىزگە مەشھۇر، ئۇ تىببىي ئىلىم تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ؛ لېكىن ئۇ ئېرسىيەت نەزەرىيىسىگە ئىشەنمەيدۇ، ئۇنىڭ دىن ئەھلى سۈيىئىستېمال قىلىپ كەتكەن بىر نەچچە لېكسىيىسى، ھايكېل (Haeckel)[8] نىڭ ئېيتىشىچە، ئاممىدا بىرمۇنچە يامان تەسىر پەيدا قىلىپتۇ. چۈنكى ئۇنىڭ بىلىمى ناھايىتى چوڭقۇر، شۆھرىتى بەك چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىنى ئۈستۈن چاغلاپ، مەن چۈشەنمىگەن نەرسىنى، بۇندىن كېيىنمۇ ھېچكىم چۈشەنمەيدۇ، دەپ قارىغان؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئېرسىيەت نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلمايلا، ئۇنى بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئاللانىڭ ئىلتىپاتىغا تەئەللۇق ئىش قىلىپ قويغان. ھازىر جۇڭگودا كۆپ قېتىم تونۇشتۇرۇلغان فرانسىيىنىڭ بۈيۈك ھاشارەتشۇناسى فابرې (Fabre)[9] دىمۇ بۇنداق خاھىش خېلىلا بار. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە يەنە ئىككى خىل نۇقسان بار: بىرى — ئاناتومىيە ئالىملىرى مەسخىرە قىلىنغان، يەنە بىرى — ئىنسانىيەت ئەخلاقى ھاشارەت دۇنياسىغا تەتبىق قىلىنغان. ئەمما ئاناتومىيە بولمىغان بولسا، ئۇمۇ ئۇنچىلىك مۇكەممەل كۆزىتەلمىگەن بولاتتى، چۈنكى، كۆزىتىشنىڭ ئاساسى يەنىلا ئاناتومىيە؛ يېزا ئىگىلىك مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ھاشارەتلەرنى



ئىنسانلارغا كەلتۈرىدىغان پايدا ـ زىيىنىغا قاراپ پايدىلىق ھاشارەت ۋە زىيانلىق ھاشارەت دەپ ئايرىغانلىقىنىڭ ئاساسى بار. ئەمما، شۇ زاماندىكى ئىنسانلارنىڭ ئەخلاقى ۋە قانۇنلىرى بويىچە، ھاشارەتلەرنى ياخشى ھاشارەت ياكى يامان ھاشارەت دەپ بەلگىلەش بىھۇدە بىر ئىش. بەزى ئەستايىدىل ئالىملارنىڭ فابرېغا تىل تەگكۈزۈشىمۇ ئەمەلىيەتتە سەۋەبسىز ئەمەس، شۇنداق بولسىمۇ، مۇشۇ ئىككى نۇقتىدىن ئالدىن ھەزەر ئەيلەيدىغان بولساق، ئۇ ھالدا، ئۇنىڭ چوڭ ئەسىرى — 10 توملۇق «ھاشارەتلەر خاتىرىسى» — يەنىلا ناھايىتى قىزىقارلىق ھەم ناھايىتى پايدىلىق كىتاب بولۇپ قالىۋېرىدۇ.

بىراق، مەشھۇر ئادەملەرنىڭ تارقاتقان زەھەرلىرى جۇڭگودا بىر قەدەر ئېغىر، بۇ يەنىلا كونا ئىمتىھان تۈزۈمىنىڭ ساقىندىلىرى. ئۇ چاغلاردا تالىپلار مەدرىسلەردە «تەپسىر»[10] لەرنى ئوقۇش بىلەنلا بولۇپ كېتەتتى، جاھان، دۆلەت بىلەن كارى بولمايتتى، ئەمما، مەنسەپكە ئېرىشكەن ھامان، «بىر يولىلا نام چىقىرىپ جاھانغا تونۇلۇپ» كەتكەندەك بولاتتى ـ دە، تارىخ يازالايدىغان، ماقالىلەرنى باھالىيالايدىغان، خەلق ئۈستىدىن نازارەت قىلالايدىغان، سوئاللارنى تىزگىنلىيەلەيدىغاندەك بولۇپ كېتەتتى؛ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا بولسا، ھەتتا مەكتەپ، كۆمۈر كانلىرى ئاچالايدىغان، **يېڭى قوشۇن يېتىشتۈرەلەيدىغان، ئۆرۈش پاراخوتلىرى ياسىيالايدىغان يېڭى سىياسەتلەرنى ماددىمۇ ـ ماددا شەرھلەپ بېرەلەيدىغان**[11]، چەتئەللەرگە تەكشۈرۈش ئۈچۈن بارالايدىغاندەك بولۇپ كېتەتتى. نەتىجىسى قانداق بولاتتى؟ بۇ ھەقتە مېنىڭ كۆپ سۆزلىشىمنىڭ ھاجىتى يوق.

بۇ كېسەلنىڭ يىلتىزى تا ھازىرغىچە قومۇرۇپ تاشلانمىدى، بەزىلەر «مەشھۇر ئادەم» بولۇۋېلىپلا «جاھانغا پاتماس» بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، بۇندىن كېيىن بىز «مەشھۇر ئادەملەرنىڭ سۆزى» بىلەن «مەشھۇر سۆزلەر» نى ئاجرىتىۋېلىشىمىز لازىم، مەشھۇر ئادەملەرنىڭ ھەممىلا سۆزى مەشھۇر سۆز بولىۋەرمەيدۇ؛ كۆپلىگەن مەشھۇر سۆزلەر، ئەكسىچە، سەھرالىقلارنىڭ ئاغزىدىن چىقىدۇ. باشقىچە قىلىپ

ئېيتقاندا، بىز مەشھۇر ئادەملەرنىڭ نېمىدە مەشھۇر ئىكەنلىكىنى ئايرىۋېلىشىمىز، ئۇنىڭ ئۆز ئىختىساسىدىن ھالقىپ كەتكەن گەپلىرىدىن پەخەس بولۇشىمىز لازىم. سۇجۇدىكى ئوقۇغۇچىلار ئەقىللىق ئىكەن، ئۇلار تەيىيەن ئەپەندىنى بوغالتىرلىق ئىلمىدىن ياكى پىيادە ئەسكەرلەر نىزامنامىسىدىن سۆزلەپ بېرىشكە ئەمەس، بەلكى مىللىي ئىلمىدىن سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپتۇ ⑫. ئەپسۇسكى، كىشىلەر تېخىمۇ ئىنچىكىرەك ئويلاپ كۆرمەيدىغان بولۇپ قالدى.

مەن تەيىيەن ئەپەندىگە گاھىدا تىل تەگكۈزۈپ قويغانلىقىمغا ناھايىتى نادامەت قىلدىم، لېكىن «ئاقىلنىڭ پىكرىدە سەۋەنلىك بولماي قالمايدۇ» دېگەندەك، مېنىڭ ئېيتقانلىرىم تەيىيەن ئەپەندىنىڭ «قۇياش بىلەن ئاينىڭ نۇرى» غا ئوخشاش روشەن پاراستىگە دەخلى يەتكۈزمىسە كېرەك. ئۆزۈمنىڭ ئېيتقانلىرىم، مېنىڭچە، «نادانىنىڭ بىرەر پىكرى ئاقماي قالمايدۇ» دېگەندەك، «تاشقا مۆر باسقان» سۆز بولۇپ چىقىشىمۇ مۇمكىن.

7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

## ئىزاھات

① بۇ ماقالا باشتا 1935 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى «چولپان» يېرىم ئايلىق ژورنىلىنىڭ 2 ـ جىلد 9 ـ سانىدا يۈي دىڭ دېگەن ئىمزا بىلەن ئېلان قىلىنغان.

② نەن شەن يەنى چېن ۋاڭداۋ ( 1890 ـ 1977 ) ـــ ئەسلى جېجياڭلىق، تەتقىقاتچى، «يېڭى ياش» ژورنىلىنىڭ تەھرىرى بولغان. ئۇنىڭ «كىتابىي تىلنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئۈچىنچى تەدبىرى» سەرلەۋھىلىك ماقالىسى 1935 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى «چولپان» يېرىم ئايلىق ژورنىلىنىڭ ئىككىنچى جىلد يەتتىنچى سانىدا ئېلان قىلىنغان. ماقالىنىڭ بېشىدىلا: «كىتابىي تىلنى ساقلاپ قېلىشنىڭ بۇرۇن ئىككى تەدبىرى بار ئىدى . . . مۇشۇ يېقىندىلا، جاڭ تەيىيەن جانلىق تىل بىلەن يېزىش كىتابىي تىل بىلەن يازغاندىنمۇ قىيىن، دېگەن گەپنى ئوتتۇرىغا چىقاردى، شۇنىڭ بىلەن ئاران دېگەندە، ئۈچىنچى تەدبىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولدى» دېگەن سۆزلەر بار ئىدى. شۇڭا لۇشۈن جاڭ تەيىيەننىڭ: «تونۇش كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالساق، (كەيپى ھالىڭ قانداق ؟) دەپ ئەھۋاللىشىمىز؛ ”قانداق“ دېگەن سۆز ”ھالەكۇم“ دېگەن سۆز بىلەن ئوخشاش. جاۋاب بەرگۈچى كىشى ”ياخشى“ دەيدۇ؛ ”ياخشى“ دېگەن سۆز ”ئەلھەمدۇلىللا شۈكۈر“ دېگەن سۆز بىلەن ئوخشاش» دېگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۈرگەن. بۇ نەقىل توغرىسىدا جاڭ تەيىيەننىڭ «جانلىق تىل بىلەن كىتابىي تىلنىڭ مۇناسىۋىتى» گە قارالسۇن. بۇ سۆز نەن شەننىڭ «كىتابىي تىلنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئۈچىنچى تەدبىرى» دېگەن ماقالىسىدىمۇ نەقىل كەلتۈرۈلگەن.

③ تەيىيەن ـــ يەنى جاڭ تەيىيەن، يەنە بىر ئىسمى جاڭ بىڭلىن.

④ جياڭ كاڭخۇ ـــ جياڭشىدىن، شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن «جۇڭگو سوتسىيالىستلار پارتىيىسى» نى ئۇيۇشتۇرۇپ، پۇرسەتپەرەسلىك قىلغان، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە خائىن بولۇپ كەتكەن، ۋاڭ جىڭۋېينىڭ قورچاق ھۆكۈمىتىدە ئىمتىھان پالاتاسىغا باشلىق بولغان. ئۇ 1935 ـ يىلى 2 ـ ئايدا شاڭخەيدە «خەنزۇچە خەتنى ساقلاپ قېلىش يولى بىلەن كىتابىي تىلنى ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە» «يېزىقنى ساقلاش جەمئىيىتى» قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان. بۇ يەردىكى «يېزىق ئىلمىدىن سۆز ئېچىپ» دېگەن سۆز ئۇنىڭ 1935 ـ يىلى 3 ـ ئايدا شاڭخەيدە «لېكسىيە» ئوقۇغان چاغدا قىلغان سۆزلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

⑤ «لوقمان ھاكىم» ـــ بۇ يەردە تىبابەتچىلىكنى ئوبدان بىلىدىغان ئادەملەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

⑥ ئالتە مىزان ـــ جۇڭگودا قەدىمكي زاماندا رەسىملەرنى باھالاشتا يولغا قويۇلغان ئالتە ئۆلچەم.

⑦ ۋىرشوۋ ( 1821 ـ 1902 ) ـــ گېرمانىيىلىك كېسەللىك ئالىمى، سىياسىي ئەرباب، ئۇ بىئولوگىيە جەھەتتە، ھۈجەيرە بولسا ھاياتنىڭ ئاساسىي ئاملى، دەپ تەشەببۇس قىلغان؛ كېيىن دارۋىننىڭ ئىرسىيەت نەزەرىيىسىگە قارشى تۇرغان. ئۇنىڭ ئاساسىي ئەسەرلىرىدىن «ھۈجەيرە كېسەللىكى ئىلمى» قاتارلىقلار بار.

⑧ هايكېل (1834 ـ 1919 ) ـــ گېرمانىيىلىك بىئولوگىيە ئالىمى، دارۋىنىزمنى قوغدىغۇچى ھەم تارقاتقۇچى ئىدى.

⑨ فابىرې ( 1823 ـ 1915 ) ـــ فرانسىيىلىك ھاشاراتشۇناس. ئۇنىڭ «ھاشاراتلار خاتىرىسى» ھاشاراتلارنىڭ ھاياتىنى جانلىق سۆزلەر بىلەن بايان قىلىپ بېرىدىغان كىتاب. شۇ چاغدا بۇ كىتابنىڭ خەنزۇ تىلىغا قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىنغان بىر نەچچە نۇسخىسى، مەسىلەن: «فابرېنىڭ ئىلمىي ھېكايىلىرى»، «ھاشاراتلار توغرىسىدا ھېكايە»، «ھاشاراتلار خاتىرىسى» قاتارلىقلار بار ئىدى.

[10] «تەپسىر» — ئەسلى ئەسەرنى شەرھلەيدىغان ئەسەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

[11] ئاستىغا تەكىتلەش بەلگىسى قويۇلغان بۇ بىر نەچچە جۈملە سۆز ئۆز ۋاقتىدا مەتبۇئاتقا بېسىش ۋاقتىدا قىسقارتىۋېتىلگەن.

[12] 1933 - يىلدىن بۇرۇن ۋە كېيىن جاڭ تەييەن سۇجۇدا «جاڭ جانابلىرىنىڭ مىللىي ئىلىمدىن لېكسىيە بېرىش جەمئىيىتى» نى قۇرۇپ، مىللىي ئىلىمدىن لېكسىيە سۆزلىگەنىدى.



## «چىلتەكلىك ئەدەبىيات» قا كىرىش سۆز[1]

مېنىڭ پات - پاتلا قىسقا مۇلاھىزىلەرنى يېزىشىم ھەقىقەتەن «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» [2]بېتىگە ماقالا بېرىشتىن باشلاندى. 1933 - يىلى يازغانلىرىمنى توپلىۋىدىم، «ساختا ئەركىنلىكنامە» ۋە «گۇلشەن پاراڭلىرىغا ئىستىئارە» دېگەن ئىككى كىتاب بولۇپ چىقتى. كېيىن بۇنىڭ تەھرىرى لى لىېۋېن[3] ئەپەندى ھەقىقەتەن قاتتىق سىقىلدى، ئىككىنچى يىلى ئاخىر سىقىپ چىقىرىلدى. مەنمۇ ئەسلىدە قەلەمنى شۇ يەردىلا تاشلاپ قويسام بولاتتى، لېكىن قورسىقىم كۆپكەنلىكتىن، يېزىش ئۇسۇلۇمنى ئۆزگەرتىپ، تەخەللۇسۇمنى يەڭگۈشلىۋېتىپ، باشقىلارغا كۆچەرتىپ ئەۋەتىپ تۇردۇم، يېڭى تەھرىر[4] ئوبدان پەرق ئېتەلمەي، بېسىپ چىقىرىۋەردى. يەنە بىر تەرەپتىن دائىرىنىمۇ كېڭەيتىپ، «جۇڭخۇا گېزىتى»[5] نىڭ «ئۇچۇر» ژورنىلىغا[6] ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارغىمۇ ئارىلاپ - ئارىلاپ شۇنداق ماقالىلىرىمنى ئەۋەتىپ تۇردۇم. 1934 - يىلى يازغان شۇ نەرسىلىرىمنى توپلىۋىدىم مانا بۇ «چىلتەكلىك ئەدەبىيات» بولۇپ چىقتى.

بۇ ئىسىمنى[8] مەن بىلەن بىر سەپتە تۇرغان بىر ياش سەپداش[7] ئۆزىنىڭ ئىسىم - پەمىلىسىنى ئۆزگەرتىپ، ماڭا يوشۇرۇن ئوققا يۆگەپ ئېتىپ بەرگەن. ئۇنىڭ غەرىزى ناھايىتى ئاجايىپ: 1. بۇ خىلدىكى قىسقا مۇلاھىزىلەرنى گېزىتكە بېسىش ۋاقتىدا، مۇھىملىقىدىن ئىشارەت قىلىپ گۈللۈك رامكا ئىچىگە ئالغان، شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ سەپداشلىرىم بۇنى كۆرۈپ، بېشىغا ئاغرىق كىرىپ كەتكەن؛ 2. «چىلتەك» تەڭگىنىڭمۇ يەنە بىر خىل ئىسمى، بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ بۇ ماقالىلەرنى يېزىشتىكى مەقسىتىمنى قەلەم ھەققى تېپىش دېمەكچى، ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ كارايىتى يوق. پىكىرلىرىمىزنىڭ ئوخشاشمايدىغان يەرلىرىگە كەلسەم، مەن چەت ئەللىكلەرنىڭ بىزنى توخۇ، ئۆردەكتىنمۇ ئەلارا كۆرۈشىنى ئۈمىد

قىلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق دەيمەن، ئۇ بولسا بىزنى توخۇ، ئۆردەكتىنمۇ ئەلاراق كۆرۈشى كېرەك دەيدۇ؛ مەن غەربلىكلەرنى ئاقلاپتۇرمىشمەن، شۇڭا «دەللال» ئىمىشمەن. ئۇنىڭ ماقالىسىنى «بېشىنى تۆۋەن ساڭگىلىتىپ كۆتۈرۈش» دېگەن ماقالامنىڭ ئاستىغا قوشۇمچە قىلىپ قويدۇم، بۇ يەردە ئۇ ھەقتە كۆپ سۆزلىشىمنىڭ ھاجىتى يوق. بۇندىن باشقا، ئەسلىگۈدەك بىرەر ئىشمۇ يوق. «چاخچاق چاخچاق بولسۇن» دېگەن بىر پارچە ماقالەم ۋېن گۇگجى⑨ ئەپەندىنىڭ بىر پارچە خەت يېزىشىغا سەۋەبچى بولدى، ئۇنىڭ قەلەم ھۇجۇمى تېخىمۇ قاتتىق، ئۇ مېنى «خائىن» دەپتۇ. ھازىر ئۇ خەتنى ئۆزۈمنىڭ جاۋاب خېتىم بىلەن بىللە ھېلىقى ماقالىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ قويدۇم. ئۆز كۆلەڭگۈسىدىن ئۆزى ھۈركىگەن ئوغرىلارنىڭ مۆشۈكتەك يول بىلەن قىلغان باشقا ھۇجۇملىرى يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككىيلەننىڭ ھۇجۇمىغا قارىغاندا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، ئۇلارنى بۇ يەردە كۆچۈرۈپ ئولتۇرمايمەن.

«چىلتەكلىك ئەدەبىيات» ھەقىقەتەن تەس كۈنگە قالدى. 1934 ـ يىل 1935 ـ يىلىغا ئوخشىمايدۇ، بۇ يىل «پادىشاھ توغرىسىدا شاڭخو» ۋەقەسى⑩ تۈپەيلىدىن، ھۆكۈمەتنىڭ كىتاب ـ گېزىتلەرنى تەكشۈرۈش باشقارمىسى⑪ ئۇشتۇمتۇتلا غايىب بولۇپ كەتتى، يەتتە نەپەر تەكشۈرگۈچىمۇ مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلاندى، گېزىتلەردە چىقىرىۋېتىلگەن يەرلىرىمۇ بوش قالدۇرۇلىدىغان بولدى (بۇ «توڭنۇك ئېچىپ قويۇش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ). لېكىن 1934 ـ يىلى ناھايىتى قاتتىق ئىدى، بۇنداق يازساقمۇ بولمايتتى، ئۇنداق يازساقمۇ بولمايتتى، چىقىرىۋەتكەن يەرلىرىنى بوش ـ ئاق قالدۇرماي، بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ قويۇشاتتى، نەتىجىدە گەپنىڭ قولاشمىغانلىقىنىڭ، نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغانلىقىنىڭ جاۋابكارلىقى يازغۇچىنىڭ ئۆزىگە ئارتىلىپ قالاتتى. ئەنە شۇنداق ئاشكارا، يوشۇرۇن قىرغىنچىلىق ئاستىدا، ئۆمرىنى ئۇزارتىپ، كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشەلەيدىغانلىرى قۇللۇق ئەدەبىياتى بولماي نېمە بولاتتى؟

بىر نەچچە دوستۇم بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم. ئۇ دوستلىرىمنىڭ



بىرى: ھازىر ماقالىنى ئۆتكۈر قىلىپ يازغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى، مەسىلەن، بىرەر گېزىتنىڭ قوشۇمچە بېتىگە ماقالا ئەۋەتسەك، قوشۇمچە بەتنىڭ تەھرىرى ئاۋۋال ئۇ ماقالىنىڭ بىر نەچچە تال قوۋۇرغىسىنى چىقىرىۋېتىدۇ، باش تەھرىرمۇ بىرنەچچە تال قوۋۇرغىسىنى ئېلىپ تاشلايدۇ، تەكشۈرگۈچى ئەمەلدارمۇ بىرنەچچە تال قوۋۇرغىسىنى چىقىرىپ تاشلايدۇ، يەنە نېمىسى قالسۇن؟ دەيدۇ. مەن: مەن بولسام ئاۋۋال ئۆزۈم بىرنەچچە تال قوۋۇرغىسىنى چىقىرىۋېتىمەن، ئۇنداق قىلمىسام، ھەتتا «قېپقالغان» لىرىمۇ قالمايدۇ، دېدىم. دېمەك، ئۇ چاغدا ئېلان قىلىنغان ماقالىنىڭ تۆت قېتىم تاراشلىنىش ئېھتىمالى بار ئىدى. ھازىر بەزىلەر ۋېن تيەنشياڭنى، فاڭ شياۋرونى㉑ ھە دەپ تەرىپلەۋاتىدۇغۇ، خەيرىيەت، ئۇلار سۇڭ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئادەملىرى. ئەگەر ھازىر ھايات بولغان بولسا، ئۇلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى ھېچكىم بىلەلمىگەن بولاتتى.

دېمەك، ھۆكۈمەت رۇخسەت قىلغان ئۆتكۈر ماقالىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كىتابخانلارنىڭ كۆرەلەيدىغىنى پەقەتلا جىگىرى يوق ماقالە. مەن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تۇغۇلغان، ئەسلى قۇلدىن كېلىپ چىققان؛ ھازىرقى 25 لەردىكى ياشلاردەك تۇغۇلۇش بىلەنلا جۇڭخۇا مىنگونىڭ ئەگىسى بولغان ئەمەس، لېكىن ئۇلار بېشىدىن ئىسسىق ـ سوغۇقنى ئۆتكۈزمىگەن، گاھىدا «ئېسەنگىرەپ» كېتىدۇ ـ دە، قاتتىق پەشۋا يەپ قالىدۇ. مېنىڭ ماقالە بېرىشتىن مەقسىتىم ئېلان قىلىش، ئۇلارغا ئۆتكۈر قىلىپ كۆرسەتمەيمەن، ئەلۋەتتە. شۇنىڭ ئۈچۈن «چىلتەك» بىلەن زىننەتلەشكەنلىرى ياش يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ھەقىقەتەن كۆپ بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تەئەججۈپكى، چىقىرىۋېتىلگەن يەرلىرىمۇ ناھايىتى ئاز. بىر يىل ئىچىدە (چىقىرىۋېتىلگەنلىرى) پەقەت ئۈچ پارچە، ھازىر ھەممىسىنى تولدۇرۇپ قويدۇم، بۇ يەرلەرگە يەنىلا تەكىتلەش بەلگىسى قويۇپ قويدۇم①. مېنىڭچە، «چىن لىجەي خانىمنىڭ ۋەقەسى

① بۇ يەردە ئېيتىلغان «تەكىتلەش بەلگىسى» بۇ كىتابتا «قارا ھەرىپ» بىلەن ئىپادىلەندى ــ تەھرىر.

تۇغرىسىدا » نىڭ ئاخىرىنى شىنباۋ گېزىتخانىسىنىڭ باش تەھرىرى چەقىرىتۋەتكەن، قالغان ئىككى پارچىسىنىڭكىنى تەكشۈرگۈچى ئەمەلدار چىقىرىۋەتكەن: بۇ يەردە ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان نىيىتى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

بۇ يىل بىر يىل ئىچىدە، مەن ماقالە بەرگەن « ئەركىن پاراڭ » ۋە « ئۇچۇر » نەشرىدىن توختاپ كەتتى؛ « چولپان » مۇ چىقمايدىغان بولدى. مەن: مەن ماقالە ئەۋەتكەنلىكى گېزىت، دەسلەپتە بىر - ئىككى سانىغا ماقالا ئەۋەتسەم، ھېچگەپ يوق، ئەگەر داۋاملىق ئەۋەتىۋەرسەم، ئاخىر ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلمەيۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ يۈرەتتىم، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يىلدىن باشلاپ ئۇنداق قىسقا ماقالىلەرنى ئانچە يازمايدىغان بولدۇم، چۈنكى ئۆز ئادەملىرىمنىڭ ئارقامدىن تۈيدۈرماستىن دۇمبالىشىدىن ئۆزۈمنى ئايىدىم، ئۆزۈمنىڭ يول باشلاپ بەرگۈچى تەلۋە بولۇپ قېلىشىمنى خالىمىدىم، مەتبۇئاتنىڭ ئىمكانقەدەر كۆپرەك ئۆمۈر سۈرۈشىنى ئارزۇ قىلدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن بىراۋ مېنى ماقالە بېرىشكە دەۋەت قىلسا، ئالاھىدە ئۆزرە ئېيتىپ توختاپ قالدىم، بۇ « ھال پەيدا قىلىش » ئەمەس، بەلكى ياخشى نىيەتلىك ـــ لېكىن بەزىدە يامان نىيەتلىك ـــ « جاھانسازلىق ». بۇ ھەقتە ماقالە تەلەپ قىلغۇچىلاردىن ئەپۇ سورايمەن.

بۇ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىلا مۇخبىرلارنىڭ « ھەققانىي جامائەت پىكرى قوغدالسۇن » دېگەن ئىلتىماسلىرىنى ۋە زىيالىيلار سىنىپىنىڭ سۆز ئەركىنلىكى تەلىپىنى كۆردۈم ⑬ . چاغان يېقىنلىشىپ قالدى، نەتىجىسى نېمە بولۇپ چىقىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. لېكىن مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ماقالىلەرنىڭ ھەممىسى ئامىمنىڭ تىلىغا ئايلانغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن كېتىدىغان بەدەل ناھايىتى زور بولىدۇ، يەنى شىمالىي بەش ئۆلكە ئاپتونوم بولۇپ كېتىدۇ. بۇ خۇددى ئىلگىرى « ھەققانىي جامائەت پىكرى قوغدالسۇن » دەپ ئىلتىماس قىلىشقا، سۆز ئەركىنلىكىنى تەلەپ قىلىشقا پېتىنالمىغانلىقىنىڭ بەدىلى زور بولغانغا، يەنى شەرقتىكى ئۈچ ئۆلكىنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىگە ئوخشايدۇ ⑭ . بىراق بۇ نۆۋەت قولغا كەلتۈرگەن



نەرسە پارلاق. ئەمما، ئەگەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالسا، كېيىن يەنە خۇددى مەن « چىلتەكلىك ئەدەبىيات » نى يازغان چاغدىكىدەك دەۋر قايتىپ كېلىپ قالىدۇ، قېنى ئويلاپ كۆرۈڭلار، ئۇنىڭ بەدىلى نېمە بولار . . .

1935 - يىل 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى كېچىدە، لۇشۈن.

### ئىزاھات

① « چىلتەكلىك ئەدەبىيات » ـــ لۇشۈننىڭ 1934 - يىلى يازغان زاۋېنلار توپلىمى، جەمئىي 61 پارچە؛ دەسلەپتە 1936 - يىلى 6 - ئايدا شاڭخەيدىكى « ئىتتىپاق جۇڭگو » باسمىخانىسىدا نەشر قىلىنغان. بۇ ماقالە ئەنە شۇ توپلام نەشر قىلىنىش ۋاقتىدا لۇشۈن تەرىپىدىن يېزىلغان كىرىش سۆز.

② « شېنباۋ » گېزىتى ـــ كونا جۇڭگودا ئەڭ ئۇزاق نەشر قىلىنغان بىر گېزىت، ئۇ 1872 - يىلى 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ( چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 11 - يىلى 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ) ئەنگلىيە سودىگەرلىرى تەرىپىدىن چىقىرىلىشقا باشلىغان. 1909 - يىلى كومپىرادور ( دەللال ) شى يۈيفۇ تەرىپىدىن سېتىۋېلىنغان، 1912 - يىلى شى لياڭسەيگە ئۆتۈنۈپ بېرىلگەن، كېيىنكى يىلدا شى لياڭسەي تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈۋېلىنغان. « 18 - سېنتەبىر » ۋەقەسى ۋە 28 - يانۋار ۋەقەسىدىن كېيىن، بۇ گېزىت مىللىي بۇرژۇئازىيىنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش تەلىپى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، 1934 - يىلى 11 - ئايدا شى لياڭسەي گومىنداڭ تەرىپىدىن يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، مۇتەئەسسىپلىككە يۈزلەنگەن. ئۇ 1949 - يىلى 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شاڭخەي ئازاد قىلىنغاندا نەشرىدىن توختىغان. « ئەركىن پاراڭ » ـــ بۇ گېزىتنىڭ قوشۇمچە بەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، 1911 - يىلى 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى نەشر قىلىنىشقا باشلىغان. ئەسلىدە قوشماق ئۆردەك - جۈت كېپىنەكچىلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى بېسىش ئاساس قىلىنغان، 1932 - يىلى 12 - ئايدىن باشلاپ مەزمۇنى ئۆزگەرتىلىپ، ئىلغار يازغۇچىلارنىڭ فېلىيەتون ئەسەرلىرى، قىسقا ئەنزارلىرى بېسىلىپ تۇرغان، 1935 - يىلى 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن كېيىن، بىر مەزگىل نەشرىدىن توختىغان.

⑧ لى لېيۇن ( 1904 - 1972 ) ـــ خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ شياڭتەن دېگەن يېرىدىن ئاتاقلىق تەرجىمان. ئۇ 1932 - يىلى 12 - ئايدىن تارتىپ « شېنباۋ » گېزىتىنىڭ « ئەركىن پاراڭ » بېتىگە باش مۇھەررىر بولغان، 1934 - يىل 5 - ئايدا خىزمەتتىن بوشانغان.

④ يېڭى تەھرىر ـ لى ليېۋىندىن كېيىن « شېنباۋ » گېزىتىنىڭ « ئەركىن
پاراڭ » بېتىگە باش مۇھەررىرلىككە تەيىنلەنگەن جاڭ زىشېڭنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ
جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شاۋشىڭ دېگەن يېرىدىن بولۇپ ، لۇشۈن بىلەن تونۇش
ئىدى .

⑤ « جۇڭخۇا گېزىتى » — گومىنداڭنى قايتا تەشكىللىگۈچى ۋاڭ جىڭ-
ۋېيچىلەر گېزىتى 1932 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى شاڭخەيدە نەشر قىلىنىشقا
باشلىغان . « ئۈچۈر » — بۇ گېزىتنىڭ قوشۇمچە بەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ،
1934 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن باشلاپ نەشر قىلىنغان ، نيې گەننۇ ئۇنىڭغا
باش مۇھەررىر بولغان ، بۇ قوشۇمچە بەتتە دائىم بەزىبىر ئىلغار يازغۇچىلارنىڭ
ئەسەرلىرى بېسىلىپ تۇرغان . شۇ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى نەشردىن توختى-
غان .

⑥ « چولپان » — يېرىم ئايلىق فېليەتون ژورنىلى ، چېن ۋاڭداۋنىڭ
تەھرىرلىگىدە چىققان . شاڭخەيدىكى « تۇرمۇش » كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقى-
تىلغان ، ئۇ 1934 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى نەشر قىلىنىشقا باشلاپ ، 1935 ـ
يىل 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى نەشردىن توختىغان .

⑦ ياش سەبداش — لياۋ مۇشانى كۆرسىتىدۇ ، ئۇ خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ
چاڭشا دېگەن يېرىدىن . سول قانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى ، لىن يۇ
دېگەنگە ئوخشاش تەخەللۇسلاردا ماقالە يازغان ، بۇ ھەقتە مۇشۇ كىتابتىكى « بې-
شىنى تۆۋەن ساڭگىلىتىپ كۆتۈرۈش » سەرلەۋھىلىك ماقالىنىڭ قوشۇمچىسىگە
قارالسۇن .

⑧ « چىلتەك » — بۇرۇنقى زاماندا كۈمۈش تەڭگىنىڭ گىرۋىكىگە چىقى-
رىلغان چىلتەككە ئوخشاش گۈلنى كۆرسىتىدۇ .

⑨ ۋېن گۇڭجى — جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ پىڭشياڭ دېگەن يېرىمدىن .
ئەينى ۋاقىتتا ئۇ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قانۇن چىقىرىش پالاتاسىنىڭ تەلىپ ـ تەر-
جىمە باشقارمىسىدا كوجاڭ بولۇپ ئىشلىگەن .

⑩ « پادىشاھ توغرىسىدا شاڭخو ۋەقەسى » — 1935 ـ يىلى 5 ـ ئايدا
شاڭخەيدە چىقىدىغان « يېڭى ھايات » ھەپتىلىك ژورنىلىنىڭ 2 ـ جىلد 15 ـ سا-
نىدا يى شۈي ( ئەي خەنسۇڭ ) يازغان « پادىشاھ توغرىسىدا شاڭخو »
سەرلەۋھىلىك ماقالە بېسىلىپ ، ئۇنىڭدا قەدىمكى ، ھازىرقى جۇڭگو ۋە چەت ئە-
لەردىكى مۇنارخىيە ئۈستىدە كەڭ مۇلاھىزە بايان قىلىنىپ ، ياپونىيە پادىشاھى ھەم
تىلغا ئېلىنغانىدى . شۇ چاغدا ، ياپونىيىنىڭ شاڭخەيدىكى باش كونسۇلى « پادى-
شاھىمىزغا ھاقارەت قىلىپ ، دۆلەت مۇناسىۋىتىگە زىيان يەتكۈزدى » دېگەن باھانە



بىلەن ئېتىراز بىلدۈردى . گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بېسىم ئالدىدا تىز پۈكتى ھەمدە
پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىلغار جامائەتچىلىكنى قىستى ، « يېڭى ھايات » ژورنىلىنى
پېچەتلىدى . سوت تەرىپىدىن بۇ ژورنالنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى دۇجۇڭيۈەنگە بىر
يىل ئىككى ئايلىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىندى . شۇنىڭ بىلەن بۇ ۋەقە « يېڭى
ھايات » ۋەقەسى دەپمۇ ئاتالدى .

⑪ كىتاب ، گېزىت ـ ژورناللارنى تەكشۈرۈش باشقارمىسى — بۇ
« گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات ھەيئىتىنىڭ كىتاب ـ ژورناللارنى
تەكشۈرۈش ھەيئىتى » نىڭ ئۆزى بولۇپ ، 1934 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى
شاڭخەيدە قۇرۇلغان . « يېڭى ھايات » ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن ، گومىنداڭ
« مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلدى » دېگەن باھانە بىلەن 1935 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ
كۈنى ئاشۇ باشقارمىنىڭ تەكشۈرگۈچىسى بولغان شياڭ دېيەن باشلىق يەتتە كى-
شىنى ۋەزىپىسىدىن بوشاتقان .

⑫ ۋېن تيەنشياڭ ( 1236 ـ 1283 ـ ) — جىجۇنىڭ لولىن ( ھازىرقى
جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ جىئەن ) دېگەن يېرىدىن بولۇپ ، جەنۇبىي سۇڭ خاندانلى-
قىنىڭ ۋەزىرى بولۇپ ئىشلىگەن ، ئۇ جەنۇبتا يۈەن خاندانلىقىغا قارشى كۈرەشنى
قەتئىي داۋاملاشتۇرغان ، ئەسكەرلىرى يېڭىلىپ ئەسىرگە چۈشۈپ كەتكەندىمۇ
تەسلىم بولماي چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن . فاڭ شياۋرۇ ( 1357 ـ
1402 ) — جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ نىڭخەي دېگەن يېرىدىن . مىڭ خاندانلىقىنىڭ
شاھى خۇي دى جيەنۋېن ۋاقتىدا مۇدەررىس بولۇپ ئىشلىگەن . جيەنۋېننىڭ 4 ـ
يىلى ( مىلادى 1402 ـ يىلى ) شاھ خۇي دىنىڭ تاغىسى ، يەن بەگلىكىنىڭ بېگى
جۇدى نەنجىڭگە ئەسكەر تارتىپ كىرىپ ، ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىغان . ئۆزىنىڭ
تەختكە چىققانلىقى توغرىسىدا پەرمان يېزىپ چىقىشنى فاڭ شياۋرۇغا بۇيرۇغان ،
لېكىن ئۇ بۇنداق قىلىشتىن قەتئىي باش تارتقانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈۋەتكەن .

⑬ مۇخبىرلارنىڭ « ھەققانىي جامائەت پىكرى قوغدالسۇن » دېگەن ئىلا-
تىماسلىرى — 1935 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا بېيپىڭ ، تيەنجىن ، نەنجىن ،
شاڭخەيلەردىكى ئاخباراتچىلار گومىنداڭنىڭ مەركىزىي كومىتېتىغا ئارقا ـ ئارقىدىن
تېلېگراما يوللاپ ، « سۆز ئەركىنلىكى بېرىش قورال كۈچى ياكى زورلۇق كۈ-
چىگە ئاساسلانمىغان سۆزلەرنى ھۆكمەت قوغدىشى لازىم » لىقىنى تەلەپ قىلدى
؛ شۇ يىلى 12 ـ ئايدا گومىنداڭ 5 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1 ـ ئومۇم
يىغىنى ئاتالمىش « ھۆكۈمەت ھەققانىي پىكىرنى ھەقىقىي يوسۇندا قوغداش توغرى-
سىدا پۈتۈن مەملىكەتكە ئومۇمىي بۇيرۇق چۈشۈرسە ئىكەن » دەيدىغان قارارنى
ماقۇللىدى . زىيالىيلار سىنىپىنىڭ سۆز ئەركىنلىكى تەلىپى — 1935 ـ يىلىنىڭ ئا-

خىرىدا بېيپىڭ ، شاڭخەي ، قاتارلىق جايلارنىڭ مەدىنى ـ مائارىپ ساھەلىرىدىكى ئەربابلارنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىنى قوزغاپ ، كەينى ـ كەينىدىن يىغىنلار ئۆتكۈزۈپ ، خىتابنامىلار ئېلان قىلىپ ، « يىغىن ئۆتكۈزۈش ، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش ، سۆز ، مەتبۇئات جەھەتلىرىدىكى مۇتلەق ئەركىنلىك قوغدالسۇن » دەپ تەلەپ قويغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

⑭ شىمالىي بەش ئۆلكە ئاپتونومىيىسى ـــ 1935 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ياپون جاھانگىرلىكى دۆلىتىمىزنىڭ شىمالىي قىسمىنى بېسىۋېلىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ۋەتەن خائىنلىرىنى ئاتالمىش « شىمالىي بەش ئۆلكە ئاپتونومىيىسى ھەرىكىتى » نى قوزغاشقا قۇتراتتى ھەمدە « شەرقىي خېبېي كوممۇنىستلاردىن مۇداپىئەلىنىش ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتى » نى قۇردى . شىمالىي بەش ئۆلكە ئەينى ۋاقىتتىكى خېبېي ، سەندۇڭ ، سەنشى ، چاخار ، سۇيىيۈەنلەرنى كۆرسىتىدۇ .



# « كونىس بوتكىسى زاۋېنلىرى » غا كىرىش سۆز

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان « زاۋېن » دېگەن نەرسە ئىلگىرىكىدىن كۆپىيىپ قالدى ، ھۇجۇمغىمۇ ئىلگىرىكىدىن بەكرەك ئۇچراۋاتىدۇ . مەسىلەن ، ئۆزىنى « شائىر » دەپ ئاتىۋالغان شاۋ شۈنمېي①، سابىق « 3 ـ خىل ئادەم »② شى جېسۇڭ③ ۋە دۇخېڭ يەنى سۇۋېن④ تېخىچە چالا موللىمۇ بولالمىغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى لىن شىجۈەن⑤ دېگەن بىر نېمىلەر زاۋېنلارغا چىش ـ تىرنىقى بىلەن ئۆچمەنلىك قىلىپ ، ئۇنىڭغا خىلمۇ خىل بەتناملارنى چاپلاشتى⑥، لېكىن كار قىلالمىدى ، ئاپتورى كۆپىيىشكە ، كىتابخانلىرىمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى .

ئەمەلىيەتتە ، « زاۋېن » ھازىر چىققان يېڭى نەرسىمۇ ئەمەس ، « قەدىمدىن تارتىپ بار » ئىدى . ماقالىلا بولىدىكەن ، ئەگەر تۈرگە ئايرىش توغرا كەلسە ، ھەر قايسىسىنىڭ ئۆز تۈرى بار ؛ ئەگەر يىلنامە بولسا ، يىل تەرتىپى بويىچە رەتلىنىدۇ ، مەيلى قايسى ئۇسلۇبتا بولسۇن ، يېزىلغان يىل ، ئايلىرى بويىچە جەملىنىدۇ ، شۇنىڭ ئۈچۈن « زا ـــ يەنى چەلەڭگۈش » بولىدۇ . تۈرگە ئايرىلسا ماقالىلەر بىلەن قىياسەن تونۇشۇشقا پايدىلىق . يىل تەرتىپى بويىچە جەملەنگەن يىلنامە بولسا زاماننى چۈشىنىشكە پايدىلىق . ئادەملەر بىلەن تونۇشماقچى ، زامان ھەققىدە بىر نەرسە دېمەكچى بولغان ئادەم يىل تەرتىپى بويىچە يېزىلغان ماقالىلەرنى كۆرمىسە بولمايدۇ ، ھازىرقى ۋاقىتتا يېڭى يېزىلغان قەدىمى ئادەملەر تەزكىرىلىرىنىڭ ئومۇملاشقانلىقى نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەھۋاللاردىن ۋاقىپ بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ . ۋاھالەنكى ، ھازىرقى ۋاقىت تولىمۇ جىددىي ۋاقىت . يازغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى ـــ زىيانلىق شەيئىلەرگە دەرھال جاۋاب قايتۇرۇش ياكى قارشى چىقىش ؛ يازغۇچى ـــ سەزگۈچى نېرۋا ، ھۇجۇمغا ئۆتكۈچى ۋە مۇداپىئەدە

تۇرغۇچى قول ھەم پۇت . ئۇ چوڭ ، يوغان ئەسەرلەرنى يېزىشقا بېرىلىپ ، كەلگۈسى مەدەنىيەتنىڭ غېمىنى يەيدىغان بولسا ، ناھايىتى ياخشى قىلغىنى ، ئەلۋەتتە . لېكىن يازغۇچى ھازىر ئۇچۇن كۈرەش قىلسىمۇ ، ھازىر ۋە كېلەچەك ئۇچۇن جەڭ قىلىدىغان يازغۇچى بولۇۋېرىدۇ ، چۈنكى ھازىر قولدىن بېرىپ قويۇلسا ، كېلەچەكمۇ يوق بولىدۇ ـ دە !

كۈرەشتە يۈنىلىش ـ خاھىش بولۇش كېرەك . مانا بۇ شاۋ ، شى ، دۇ ، لىن قاتارلىق بىر نېمىلەرنىڭ چوڭ كۆشەندىسى . ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ يامان كۆرىدىغىنى مەزمۇن ، ئۇلار ئەدەبىيات ـ سەنئەت يەكتەكلىرىنى يېپىنىۋالغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھاياتلىق بىلەن ھەرگىزمۇ چىقىشالمايدىغان « مامات ۋائىزى »⑦ .

بۇ تۇپلام ۋە « چىلتەكلىك ئەدەبىيات » مېنىڭ بۇلتۇر بىر يىل ئىچىدە مەنسەپدار ۋە رەئىيەنىڭ « زاۋىن » غا ئاشكارا ھەم مەخپىي ، يۇمشاق ھەم قاتتىق قورشاپ ھۇجۇم قىلىدىغان قەلەم ۋە قىلىچلىرى ئاستىدا ۋۇجۇتقا چىقارغان مەھسۇلاتىم . شۇ يىلى يازغانلىرىمنىڭ ھەممىسى مانا مۇشۇنىڭ ئىچىدە . ئەلۋەتتە ، بۇنى داستان⑧ دەپ ئېيتىشقا پېتىنالمايمەن . بۇنىڭ ئىچىدە دەۋرنىڭ قىياپىسى بار ، لېكىن بۇ ، قەھرىمانلارنىڭ ۋاقتى كەلگەندە بىر ئاچسىلا جۇلا قىلىپ نۇر ياغدۇرىدىغان گۆھەر ساندۇقى ئەمەس . مەن پەقەت تۈن كېچىدە كوچىنىڭ دوقمۇشىغا تەنزەمنى يېيىپ قويدۇم ، بۇ تەنزىدە بار ـ يوقى بىر نەچچە تال مىق ، بىر نەچچە دانە غېدىر ؛ لېكىن بەزى ئادەملەرنىڭ بۇنىڭدىن ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى تېپىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن ۋە تېپىۋالالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن .

1935 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى
شاڭخەيدىكى كونس بوتكىسىدا⑨ يېزىلدى

## ئىزاھات

① شاۋ شۇنمېي ( 1906 ـ 1968 ) ـــ جېجياڭلىق . « ئالتۇن ئۆي » تەھرىراتىنى تەسىس قىلىپ ، « ئالتۇن ئۆي » ناملىق ئايلىق ژورنال چىقارغان ،



ئېستېتىزم ئەدەبىياتى دېگەن بىر نېمىنى تەرغىپ قىلغان . ئۇ ئۆزىنىڭ بىر « تەھرىر ئىلاۋىسى » دا لۇشۈن زاۋىنلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ ، « مەمەدانلىق قىلىپتۇ » ، « مۇلاھىزىسىدىن ئاچچىقى كۆپ ، ھەق گەپتىن پىتنە ـ ئىغۋاسى كۆپ » دەپ يازغان .

② « ئۇچىنچى خىل ئادەم » ـــ سۇۋېن يەنى دۇخېڭ ئۆزىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى بىر ماقالىسىدە ئۆزىنى ئەكسىيەتچى ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن سول قانات ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ سىرتىدا تۇرىدىغان « ئۇچىنچى خىل ئادەم » دەپ ئاتاپ ، « ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەركىنلىكى » نى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ سىياسەتتىن خالىي تۇرۇشىنى تەرغىپ قىلغان . سول قانات ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەرىكىتىگە ھۇجۇم قىلغان . شۇنىڭ ئۇچۇن لۇشۈن شۇنداق « ئۇچىنچى خىل ئادەم » ـــ لەرنى « پارتىيىدىن خالىي تۇرىدىغانلارمىز دېگەنلەر ئەمەلىيەتتە ئوڭچىلاردۇر » دەپ كۆرسەتكەن .

③ شى جېسۇڭ ـــ جياڭسۇلۇق يازغۇچى . ئۇ 1935 ـ يىل ئاپرېلدا ئېلان قىلغان « ۋۇلتىر » سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە لۇشۈن زاۋىنلىرىنى « تەشۋىقات رولى بار ، ئەدەبىي قىممىتى يوق نەرسە » دېگەن .

④ دۇ خېڭ ( 907 ـ 1964 ) ـــ يەنە بىر ئىسمى سۇ ۋېن ، ئەسلى ئىسمى دەي كېچۈڭ ، جېجياڭلىق . « ئۇچىنچى خىل ئادەم » لەرنىڭ ۋەكىلى . ئۇ 1935 ـ يىل 1 ـ نويابىردا ئېلان قىلغان « ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى تىللاش ئادىتى » سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە مۇنداق دېگەن : « زاۋىننىڭ ئومۇملىشىشى » ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى « مالىمانچىلىق » نىڭ « مۇھىم بىر سەۋەبىگە ئايلىنىپ قالدى » شۇنىڭ ئۇچۇن « قىسقا ئوبزور بولسۇن ، زاۋىن بولسۇن ، بۇلار ئادەم تىللايدىغان ماقالىلەرنىڭ « چىرايلىق ئاتىلىشى » غا ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ ، نەتىجىدە ، تىللاش ئادىتى كۆپىيىپ ، بۈگۈنكىدەك يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان بىر ۋەزىيەتنى پەيدا قىلىپ قويدى . »

⑤ لىن شىجۇن ـــ گۇاڭدۇڭلۇق ، ئۆز ۋاقتىدا شاڭخەيدىكى داشيا شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى . ئۇ 1934 ـ يىل سېنتەبىردە « ھازىرقى زامان » ناملىق ئايلىق ژورنالدا ئېلان قىلغان « زاۋىن ۋە زاۋىنچى » سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە : زاۋىن « يازغۇچىنىڭ ئەدەبىياتتا ئەستايىدىل ئىشلەش ئورنىغا ئۆزىنى بەربات قىلىپ ، ھىيلىگەرلىكنى قوللانغانلىقى » ئۇچۇن ئەۋج ئېلىپ كەتتى ، دەپ يازغان .

⑥ بۇ گەپ ئۆز ۋاقتىدىكى زاۋىننى چۆكۈرىدىغان سەپسەتىلەرگە جاۋابەن ئېيتىلغان . مەسىلەن ، گومىنداڭنىڭ ئورگان گېزىتى « مەركىزىي گېزىت » تا

1933 - يىلى 16 - نويابىردا مىڭچۈەن ئىمزاسى بىلەن ئېلان قىلىنغان «ئەدەبىيات مۇنبىرى ۋە باتۇرلار سەھنىسى» سەرلەۋھىلىك ماقالىدە: لۇشۈن «ھازىر قېرىپ مۈكچىيىپ قالدى... (ئا Q نىڭ تەرجىمىھالى) دىنمۇ چوڭراق ئەسەرلەرنى يېزىشقا تىرىشىپ باققان بولسا بوپتىكەن... مۇنازىرە - مۇجادىلە ماقالىلىرى بىرەر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن كىشىنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى مۇمكىن» دېيىلگەن.

⑦ «مامات ۋائىزى» — بۇ سۆز بۇ يەردە ئۆلۈمنى يەنى ماماتنى تەرغىپ قىلغۇچى، شۇ ھەقتە ۋەئىزە ئېيتقۇچى دېگەن مەنىنى بېرىدۇ.

⑧ داستان — بۇ سۆز بۇ يەردە، بىرەر دەۋرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەسەر، دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان.

⑨ كونس بوتكىسى — لۇشۈن ئۆز ۋاقتىدا شاڭخەيدىكى شىمالىي سىچۈەن كوچىسىدا ئولتۇراتتى. بۇ كوچا «كونسېسىيە دائىرىسىدىن ھالقىتىپ يول ياساش» دائىرىسىگە (جاھانگىرلار كونسېسىيە دائىرىسىدىن ھالقىپ يول ياسايدىغان دائىرىگە) كىرىپ قالغاچقا، يەنى «يېرىم كونسېسىيە» بولۇپ قالغاچقا، لۇشۈن «كونسېسىيە» دېگەن سۆزنىڭ يېرىمىنى يەنى «كونس» دېگەن قىسمىنى قوللىنىپ، ئۆزى ئولتۇرغان كوچىنى «كونس» دەپ ئاتىغان. بۇ يەردىكى «بوتكا» سۆزى «ئۆي» دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان.



# تروتسكىچىلارنىڭ خېتىگە جاۋاب①

## 1 . كەلگەن خەت

لۇشۈن ئەپەندى:

1927 - يىلىدىكى ئىنقىلاب مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى قايتا قوزغىلىشقا تەييارلىق كۆرۈش ئۈچۈن چېكىنىش سىياسىتىنى قوللانماي، ھەربىي پۇرسەتپەرەسلىك قىلىشقا يۈزلەندى. ئۇلار شەھەر خىزمىتىنى تاشلاپ، دېھقانلار ئاساسىدا Reds نى تەييارلاپ، شۇنىڭ بىلەن ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىش مەقسىتىدە پارتىيە ئەزالىرىغا ئىنقىلاب دولقۇنى سىلىكىپ قالغاندىن كېيىن ھەممىلا يەردە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگەنىدى. 7 - 8 يىلدىن بۇيان نەچچە يۈز مىڭ جاسارەتلىك ياشلار ئەنە شۇنداق سىياسەتنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ھازىر مىللىي ھەرىكەت ئەۋج ئېلىۋاتقاندا شەھەر خەلقى ئىنقىلاب داھىيلىرىدىن مەھرۇم قالدى، كېلەر نۆۋەتتىكى ئىنقىلابمۇ كۆز يەتكۈسىز يىراق كەلگۈسىگە سۈرۈلۈپ كەتتى.

ھازىر ھاكىمىيەتنى Reds بىلەن قولغا كەلتۈرۈش ھەرىكىتى مەغلۇپ بولدى. جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ئەمدى يەنە موسكۋا گۇەنلىياۋلىرىنىڭ بۇيرۇقىنى قارىغۇلارچە قوبۇل قىلىپ، «يېڭى سىياسەت» دېگەن بىرنېمىگە بېرىلىپ كەتتى. ئۇلار ئۆتمۈشتىكى ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەكسىچە، سىنىپىي مەيداندىن ۋاز كېچىپ، قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، باياناتلار ئېلان قىلىپ، ۋەكىل ئەۋەتىپ سۆزلىشىپ، گۇەنلىياۋلار، سىياسەتۋازلار، جۇنفالار بىلەن ھەتتا خەلقنىڭ جاللاتلىرى بىلەن «بىرلەشمە سەپ» تۈزۈشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار ئۆز بايرىقىنى تىقىپ قويۇپ، خەلقنىڭ چۈشەنچىلىرىنى بۇلغاپ، خەلقنى گۇەنلىياۋلارنى، سىياسەتۋازلارنى، جاللاتلارنى مىللىي ئىنقىلابچى دەيدىغان، بۇلارنىڭ ھەممىسى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرالايدۇ، دەيدىغان چۈشەنچىگە كەلتۈرۈپ

قويدى ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىنقىلابىي ئاممىنى چوقۇم جاللاتلارنىڭ قولىغا
تۇتقۇزۇپ قويىدۇ ، ئۇلارنى يەنە بىر قېتىم قىرغىنچىلىققا ئۇچرىتىدۇ .
ستالىن پارتىيىسىنىڭ بۇنداق شەرمەندە ئاسىيلىق ھەرىكىتى جۇڭگو ئىن-
قىلابچىلىرىنى ئار - نومۇسقا قالدۇرىدۇ .

ھازىر شاڭخەيدىكى ئادەتتىكى ئەركىن بۇرژۇئازىيە بىلەن ئۇششاق
بۇرژۇئازىيىنىڭ يۇقىرى تەبىقىلىرىنىڭ ستالىن پارتىيىسىنىڭ بۇ « يېڭى
سىياسىتى » نى قارشى ئالمايدىغىنى يوق . بۇنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى
يوق . موسكۋانىڭ ئەنئەنىلىك ئابرويى ، جۇڭگو Reds لىرىنىڭ قانلىق تا-
رىخى ۋە ھازىرقى مەۋجۇت كۈچى — بۇلاردىنمۇ بەك پايدىلىنىشقا
ئەرزىيدىغان نەرسە بارمۇ ؟ بىراق ، ستالىن پارتىيىسىنىڭ « يېڭى سىيا-
سىتى » قانچىكى ئالقىشلانسا ، جۇڭگو ئىنقىلابى شۇنچە زەھەرلىنىدۇ .

بىزنىڭ تەشكىلاتىمىز 1930 - يىلدىن كېيىن ، ناھايىتى مۈشكۈل
مۇھىتتا تۇرۇپ ، ئۆز تەشەببۇسىمىز ئۈچۈن ھارماي - تالماي كۈرەش
قىلدى ، زور ئىنقىلاب مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ، بىز ستالىنچىلارنىڭ
تەۋەككۈلچىلىك سىياسىتىگە قارشى چىقىپ ، « ئىنقىلابىي دېموكراتىك
كۈرەش » يولىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق . يېڭىباشتىن ئىشلەش كېرەك . بىز
ئىنقىلابىي كادىرلار بىلەن داۋاملىق ئىتتىپاقلىشىپ ، ئىنقىلاب نەزەرىيىلى-
رىنى تەتقىق قىلىپ ، مەغلۇبىيەت ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلىپ ، ئىنقىلابىي
ئىشچىلارغا تەربىيە بېرىپ ، بۇ ئەكسىلئىنقىلابىي مۈشكۈلچىلىك دەۋرىدە
كېلەر نۆۋەتلىك ئىنقىلابقا مۇستەھكەم ھۇل سېلىش ئارزۇسىدا
تۇرماقتىمىز . بىر نەچچە يىلدىن بۇيان يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ، بىزنىڭ سى-
ياسىي لۇشيەنىمىز ۋە خىزمەت ئۇسۇلىمىزنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى
ئىسپاتلىدى . بىز ستالىن پارتىيىسىنىڭ پۇرسەتپەرەسلىك ، تەۋەككۈلچى-
لىك سىياسىتىگە ۋە گۇرۇھۋازلىق پارتىيە تۈزۈمىگە قارشى تۇردۇق ، ھازىر
ھېلىقى خائىنانە « يېڭى سىياسەت » كە قەتئىي زەربە بېرىۋاتىمىز . لېكىن
دەل شۇ سەۋەبتىن ، ھازىر پۇرسەتپەرەسلەر بىلەن پارتىيە بيۇروكراتلىرى
بىزگە كۈشەندە بولۇۋاتىدۇ . بۇ خەيرلىك ئەھۋالمۇ ياكى شۇملۇقمۇ ؟

ئەپەندىم ، مەن سىلىنىڭ بىلىملىرىگە ، ماقالىلىرىگە ۋە پەزىلەتلى-



رىگە ئۇن نەچچە يىلدىن بۇيان ئىخلاس قىلىپ كەلمەكتىمەن . بىرمۇنچە
مۇتەپەككۇر ئادەملەر شەخسىيەتچىلىك پاتقىقىغا پېتىپ قېلىۋاتقان بىر ۋا-
قىتتا ، يالغۇزلا جانابلىرى ئۆز قاراشلىرى بويىچە تىنماي كۈرەش
قىلىۋاتىلا ! بىزنىڭ سىياسىي قاراشلىرىمىز جانابلىرىنىڭ باھاسىغا مۇ-
يەسسەر بولالىسا ، چىن قەلبىمىزدىن شان - شەرەپ ھېس قىلىمىز . ھازىر
يېقىندا نەشىردىن چىققان ژۇرناللاردىن بىرنەچچە نۇسخا ئەۋەتتىم ، ئوقۇپ
كۆرۈشلىرىنى ئۆتۈنىمەن . ئەگەر جاۋاب يېزىشقا ۋاقىتلىرى يار بەرسە
جاۋاب خەتلىرىنى × جايغا ئامانەت قويۇپ قويسىلا ، ئۈچ كۈن ئىچىدە
بېرىپ ئېلىۋالىمەن .

سالامەتلىكلىرىنى سوراپ
چېن ×× 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى .

## 2 . جاۋاب خەت

چېن ئەپەندى :

خېتىڭىزنى ۋە مەرھەمەت قىلىپ ئەۋەتكەن « كۈرەش » ، « ئۇچ-
قۇن » قاتارلىق ژۇرناللىرىڭىزنى تاپشۇرۇپ ئالدىم .

خېتىڭىزنىڭ ئومۇمەن ئىككى مەنىسى باردەك تۇرىدۇ ، بىرى ،
ستالىن ئەپەندىلەرنى گۇمانلىياۋ دەپ تىللاپسىز ؛ يەنە بىرى ، ماۋ زېدۇڭ
ئەپەندىلەرنىڭ « ھەر قايسى گۇرۇھلار بىرلىشىپ ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا بىرلىكتە
قارشى تۇرايلى » دېگەن تەشەببۇسىنى ئىنقىلابقا خائىنلىق دەپ ھاقارەتلەپسىز .

بۇ مېنى ناھايىتى « گاڭگىرىتىپ » قويدى ، چۈنكى ستالىن
ئەپەندىلەرنىڭ سوۋېت روسىيە سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقى-
نىڭ دۇنيا بويىچە ھەر قانداق جەھەتلەردە قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلىرى
تروتسكى② ئەپەندىنىڭ ئاخىر قوغلاندى ، سەرگەردان ۋە خانىۋەيران بو-
لۇپ ، دۈشمەنلەرنىڭ پۇلىنى خەجلەشكە « مەجبۇر » بولغان پاجىئەسىنى
چۈشەندۈرۈپ بەرمەمدۇ ؟ ھازىرقى سەرگەردانلىقى ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى
سىبىرىيىدىكى دىشۋارچىلىقىغا ئوخشىمايدۇ ، چۈنكى ئۇ چاغدا ھەتتا بىر
بۇردا نان بېرىدىغان ئادەممۇ يوق ئىدى ؛ شۇنداق بولسىمۇ ھازىرقى روھىي

هالى يەنە باشقىچە ، چۈنكى هازىر س س س ر مۇۋەپپەقىيەت قازاندى .
پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن ، هازىرقىدەك مۇشۇنداق رەھىمسىز
كىنايىسىنىڭ دوق بولۇپ تېگىشىنى نەدىنمۇ ئويلىسۇن ؟! ئىككىنچىدىن ،
سىلەرنىڭ « نەزەرىيە » گىلا ھەقىقەتەن ماۋ زېدۇڭ ئەپەندىلەرنىڭكىدىن
كۆپ يۇكسەك ئىكەن ، كۆپلا ئەمەس ، گويا بىرى ئەرشتە ، بىرى يەردە
ئىكەن . لېكىن يۇكسەكلىك ئەلۋەتتە قەدىرلىك بولىدۇ ، ئەپسۇسكى بۇ
يۇكسەكلىك ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا ياراپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ، ئەرشتىن
موللاقلاپ چۈشۈپ ، يەردىكى ھەممىدىن پاسكىنا جايغا چۈشۈپ كېتىشتىن
خالىي بولالمايدىغاندەك تۇرىدۇ . سىلەرنىڭ يۇكسەك نەزەرىيەگىلار يا-
پونلارغا ياراپ كەتكەنلىكتىن ، بېسىپ چىقارغان ناھايىتى چىرايلىق
ژورناللىرىڭلارنى كۆرۈپ ، سىلەر ئۈچۈن قارا تەرگە چۆمۈپ كەتتىم ،
ئەگەر بىراۋ كۆپچىلىك ئالدىدا سىلەرنىڭ غەيۋەتىڭلارنى قىلىپ ، ياپونلار
پۇل بېرىپ گېزىت - ژۇرنال چىقارتتۇرۇپتۇ دېسە ، سىلەر ئۆزۈڭلارنى
پاكپاكىز ئاقلاپ كېتەلەمسىلەر ؟ مەن بۇ سۆزنى سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى
بەزىبىر كىشىلەرنىڭ باشقىلارغا قوشۇلۇپ مېنى رۇبلى ئالدى دەپ تىللى-
غانلىقى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش مەقسىتىدە دەۋاتقىنىم يوق . ئۇنداق
ئەمەس ، مەن ئۇ قەدەر نامەرت ئەمەس ، چۈنكى مەن سىلەرنىڭ ياپونلار-
دىن پۇل ئېلىپ ، ئۇنىڭ بىلەن گېزىت - ژۇرنال چىقىرىپ ، ماۋزېدۇڭ
ئەپەندىلەرنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇش نەزەرىيە-
سىگە هۇجۇم قىلىشىڭلارغا ئىشەنمەيمەن . سىلەر ھەرگىز ئۇنداق
قىلمايسىلەر . سىلەرگە شۇنىلا ئېيتىپ قويايكى ، سىلەرنىڭ يۇكسەك نەزە-
رىيەڭلەرنى جۇڭگو جامائىتى قارشى ئالمايدۇ ، سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلار
جۇڭگولۇقلارنىڭ هازىرقى ئادەمگەرچىلىك پەزىلىتىگە خىلاپ . مېنىڭ
سىلەرگە قىلىدىغان سۆزۈم پەقەت ئەنە شۇ .

ئاخىرىدا ، مېنى شۇ نەرسىمۇ بىرئاز رەنجىتتىكى ، سىلەرنىڭ
ئۇشتۇمتۇتلا ماڭا خەت ، ژورنال ئەۋەتىشىڭلار سەۋەبسىز ئەمەس . بۇنىڭغا
مېنىڭ بىرنەچچە « سەپداش » لىرىم نىڭ ماڭا پالانچى ، پوكۇنچى دەپ
تۆھمەت چاپلىغانلىقى③سەۋەب بولغان . لېكىن مەن ھەر قانچە يارىماس



بولۇپ كەتسەممۇ ، ئۆزۈمنى هامان سىلەردىن ناھايىتى يىراق دەپ
ئويلايمەن . هازىرقى جۇڭگولۇقلارنىڭ هاياتى ئۈچۈن ھەقىقىي ، ئەمەلىي
هالدا قان بېرىپ كۈرەش قىلىۋاتقانلار④نى يولدىشىم دېيىشنى شەرەپ
بىلىمەن . كەچۈرۈڭ ، چۈنكى ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت ئۆتۈپ كېتىپ قال-
دى ، سىزنىڭ ئەمدى ئۇ يەرگە بېرىپ ئېلىشىڭىز ناتايىن ، بۇ خەتتە
ئاشكارا جاۋابىنى بەردىم .

سالامەتلىكىڭىزنى تىلەپ
لۇشۈن ، 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى .
( بۇ خەتنى لۇشۈن ئەپەندىنىڭ ئېغىزچە ئېيتىپ بېرىشى بىلەن
O·V ⑤ يازغان . )

**ئىزاهات**

① بۇ ماقالە 1936 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى « ئەدەبىيات مەجمۇئەسى »
نىڭ 4 - سانىغا ۋە « رېئال ئەدەبىيات » نىڭ 1 - سانىغا تەڭلا بېسىلغان .
خەت يازغان « چېن ×× » نىڭ ئەسلى تەخەللۇسى « جېن
جۇڭشەن » . تروتسكىچىلارنىڭ بەزىسىنىڭ ئەسلىمىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە ، ئۇ
ئۆز ۋاقتىدا تروتسكىچىلار مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئىكەن .
② Reds— ئىنگلىزچە « قىزىللار » دېگەن سۆز بولۇپ ، بۇ يەردە قىزىل
ئارمىيە كۆزدە تۇتۇلغان .
③ تروتسكى (1879 - 1940 ) — ئىلگىرى روسىيە ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرىگە
قاتناشقان ؛ ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە دەسلەپكى سوۋېت دەۋرىدە رەھبەرلىك ئورگىنىدا
بولغان . 1927 - يىلى سوۋېت هاكىمىيىتىگە قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن ۋ ك پ ب
دىن چىقىرىلغان ، 1929 - يىلى دۆلەتتىن قوغلاپ چىقىرىلغان ، 1940 - يىلى مېك-
سىكىدا ئۆلگەن ، ئىلگىرى ئىككى قېتىم سىبىرىيەگە سۈرگۈن قىلىنغان . بۇ
ماقالىدىكى « ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى سىبىرىيىدىكى دىشۋارچىلىق » دېگەن سۆز ئەنە
شۇنىڭغا قارىتىلغان .
④ O ·V — فېڭ شۇېفېڭ ( 1903 - 1976 ) ئەسلى جېجىياڭلىق ،
يازغۇچى ، ئەدەبىيات نەزەرىيىچىسى ، خۇڭگو سولقانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ
رەھبەرلىرىدىن بىرى .

## ھازىرقى ئەدەبىيات ھەرىكىتىمىز توغرىسىدا[1]

### — كېسەل ياتقاندا يوقلاپ كەلگەن زىيارەتچىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب؛ ٥ · ٧ خاتىرىلىگەن

« سولقانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقى » 5 — 6 يىلدىن بۇيان رەھبەرلىك قىلىپ كېلىۋاتقان ۋە كۈرەش قىلىۋاتقان ھەرىكەت پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ھەرىكىتى. بۇ ئەدەبىيات ۋە بۇ ھەرىكەت راۋاجلانماقتا؛ ھازىر تېخىمۇ كونكرېت ۋە ئەمەلىي كۈرەش قىلغان ھالدا راۋاجلىنىپ مىللىي ئىنقىلابىي ئۇرۇشنىڭ ئاممىۋى ئەدەبىياتى دەرىجىسىگە يەتتى. مىللىي ئىنقىلابىي ئۇرۇشنىڭ ئاممىۋى ئەدەبىياتى پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى، پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى ۋاقىتتىكى ھەقىقىي ۋە تېخىمۇ كەڭ مەزمۇنى. ھازىر مۇشۇنداق ئەدەبىيات مەۋجۇت تۇرماقتا ۋە شۇ ئاساستا يەنە ئەمەلىي جەڭگىۋار تۇرمۇشتا كامالەت تېپىپ، باراقسان گۈللەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يېڭى شوئارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ھەرىكىتىنىڭ توختاپ قالغانلىقى دەپ قاراش ياكى « ئەمدى ئاقمايدۇ » دەپ قاراش يارىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن فاشىزمغا، بارلىق ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان قانلىق كۈرەشلەرنى توختىتىپ قويماستىن، بۇ كۈرەشلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تېخىمۇ كېڭەيتىش، تېخىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈش، تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ ئېلىپ بېرىش لازىم، كۈرەشنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا، خائىنلارغا قارشى كۈرەشكىچە كونكرېتلاشتۇرۇش كېرەك. بارلىق كۈرەشنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا ۋە خائىنلارغا قارشى كۈرەشنىڭ ئومۇمىي ئېقىمىغا قويۇش كېرەك. ئىنقىلابىي ئەدەبىياتنىڭ سىنىپىي رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى تاشلاپ قويماستىن، ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇش، تېخىمۇ زورايتىش، ھەتتا پۈتۈن مىللەتنى سىنىپ ۋە پارتىيە — گۇرۇھ دېمەستىن تاشقىرىغا بىرلىكتە قارشى



تۇرىدىغان ھالغا كەلتۈرىدىغان دەرىجىگىچە ئېغىرلاشتۇرۇش ۋە زورايتىش كېرەك. مانا مۇشۇنداق مىللىي مەيدانلا ھەقىقىي سىنىپىي مەيدان بولالايدۇ. تروتسكىينىڭ جۇڭگودىكى پۇشتلىرى ھەتتا ئەنە شۇنىمۇ چۈشەنمەيدىغان دەرىجىدە دۆتلىشىپ كەتكەنىدەك تۇرىدۇ. مېنىڭ بەزى سەپداشلىرىم[2] ئېچىدىمۇ ئەكسىچە « شېرىن چۈش » كۆرۈپ تۇرغانلار بار؛ مېنىڭچە، ئۇلارمۇ ئۆتۈپ كەتكەن دۆت.

مىللىي ئىنقىلابىي ئۇرۇشنىڭ ئاممىۋى ئەدەبىياتىمۇ، خۇددى پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ئەدەبىياتى دېگەن شوئارغا ئوخشاش، باش شوئار بولسا كېرەك. باش شوئارنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، كونكرېت شوئارلارنى، مەسىلەن « دۆلەت مۇداپىئە ئەدەبىياتى »، « مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلۇش ئەدەبىياتى »، « ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئەدەبىيات — سەنئەت » ۋاھاكازا دېگەن شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭمۇ دەخلىسى بولمىسا كېرەك. دەخلىسى بولۇش بۇ ياقتا تۇرسۇن، بەلكى پايدىسى، زۆرۈرىيىتى بولسا كېرەك. لېكىن تولىمۇ كۆپ بولۇپ كەتسە كىشىلەرنىڭ بېشىنى قوچۇپ، مېڭىسىنى ئايلاندۇرۇپ قويۇشى تەبىئىي.

بىراق، شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش، قۇرۇق گەپ سېتىش ناھايىتى ئاسان. لېكىن ئۇلار تەنقىد جەھەتتە قوللىنىلسا، ئىجادىيەت جەھەتتە ئەمەلگە ئاشۇرۇلسا، چاتاق بولىدۇ. تەنقىدمۇ، ئىجادىيەتمۇ ئەمەلىي ئىش. ئۆتمۈشتىكى تەجرىبىلەرگە قارىغاندا، بىزنىڭ تەنقىدچىلىكىمىز ئۆلچەم جەھەتتە تولىمۇ تار، قاراش جەھەتتە تولىمۇ پۇچەك بولۇپ كەلدى. بىزنىڭ ئىجادىيىتىمىزدىمۇ تېما چىقىرىپ بېرىپ باگۇچە ماقالا يازدۇرۇشقا يېقىنراق ئاجىزلىقلار يۈز بېرىپ كېلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئويلايمەنكى، ھازىر مۇنداق بىر مەسىلىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش توغرا كېلىدۇ: مىللىي ئىنقىلابىي ئۇرۇشنىڭ ئاممىۋى ئەدەبىياتى ھەرگىز پىدائىيلارنىڭ جەڭ قىلىشىنى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەلەپنامە سۇنۇپ نامايىش ئۆتكۈزۈشىنى . . . تەسۋىرلەش بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدىغان ئەسەر ئەمەس. ئەلۋەتتە، بۇلار ناھايىتى ياخشى، لېكىن ئۇنداق تار بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. ئۇ تېخىمۇ كەڭ، ئۇ ھەتتا جۇڭگودىكى ھازىرقى ۋا-

قىتتىكى تۇرمۇش ۋە كۈرەشتە روي بەرگەن ئاڭلارنى تەسۋىرلەيدىغان بارلىق ئەدەبىياتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، ھازىر جۇڭگودا ھەممە ئادەمگە ئورتاق بولۇپ تۇرغان ئەڭ زور مەسىلە مىللىي ھاياتلىق مەسىلىسى. تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرى (تاماق يېيىش ۋە ئۇخلاشمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئەنە شۇ مەسىلە بىلەن ئالاقىدار؛ مەسىلەن، تاماق يېيىشنىڭ ئىشق ـ مۇھەببەت بىلەن ئالاقىسى بولماسلىقى مۇمكىن، لېكىن ھازىرقى ۋاقىتتا جۇڭگو خەلقىنىڭ تاماق يېيىشى ۋە ئىشق ـ مۇھەببىتى ياپون تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئەمەس، بۇنى مانجۇرىيە بىلەن شىمالىي جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا قاراپ باقساقلا چۈشىنىۋالالايمىز. ھالبۇكى، جۇڭگونىڭ بىردىنبىر نىجات يولى — پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا بىرلىكتە قارشى چىقىدىغان مىللىي ئىنقىلابىي ئۇرۇش. مانا بۇنى چۈشەنگەندە، يازغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشنى كۆزىتىشى، ماتېرىياللارنى جايلاشتۇرۇشى خۇددى باپكارنىڭ دەستىگاھىدىكى رەتلىك ئۇرۇشتەك ئاجىرىم بولىدۇ؛ يازغۇچىلار ئىشچىلارنىڭ، دېھقانلارنىڭ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ، قاراقچىلارنىڭ، پاھىشە ـ جالاپلارنىڭ، گادايلارنىڭ، بايلارنىڭ تۇرمۇشىدىن ئەركىن يازالايدۇ، ھەر قانداق ماتېرىيالنى جايلاشتۇرۇپ كېتەلەيدۇ، يازغانلىرىنىڭ ھەممىسى مىللىي ئىنقىلابىي ئۇرۇشنىڭ ئاممىۋى ئەدەبىياتى بولالايدۇ. ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا مىللىي ئىنقىلابىي ئۇرۇش دېگەن قۇيرۇقنى قەستەن بايراق قىلىپ دىڭگايتىپ قىستۇرۇپ قويۇشقا ھاجەت قالمايدۇ. چۈنكى بىزگە زۆرۈر بولۇپ تۇرغىنى ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا قىستۇرۇپ قويغان شوئار ياكى شىپاڭلاپ تۇرىدىغان قۇيرۇق ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئەسەردىكى ئەينى تۇرمۇش، ئارسلاندەك مەرد يىگىتلەرنىڭ كۈرىشى، گۈپۈلدەپ سوقۇپ تۇرغان تۆمۈر، ئىدىيە، قىزغىنلىق ۋە باشقىلار.

6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

**ئىزاھات**

① بۇ ماقالا دەسلەپ 1936 ـ يىلى 7 ـ ئايدا «رىسال ئەدەبىيات» ژورنىلىنىڭ 1 ـ سانىغا ۋە «ئەدىبلەر» ژورنىلىنىڭ 1 ـ جىلد 2 ـ سانىغا تەڭلا بېسىلغان.



## يازنىڭ يېرىمىدىكى پارچە خاتىرىلەر①

### 1

A: ھەممىڭلار بىرنېمە دەپ بېقىڭلارچۇ، B مېنىڭ كۆينىكىمنى ئۆكتەملىك بىلەن سالدۇرۇۋالدى!

B: A كۆينەك كىيمىسە چىرايلىق كۆرۈنىدىكەن. مەن ئۇنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى كۆتۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن سالدۇرۇۋەتتىم. بولمىسا، سالدۇرۇپ نېمە قىلاتتىم.

A: بىراق، مېنىڭچە، كىيىۋالغىنىم ياخشى...

C: ھازىر شەرقىي شىمالدىكى تۆت ئۆلكە قولدىن كەتكەن تۇرسا، ئۇنىڭ بىلەن كارىڭ بولماي، كۆينىكىڭ بىلەنلا بولۇپ قالدىڭمۇ، ھەي شەخسىيەتچى، ھەي چوشقا!

C خانىم: ئۇ B ئەپەندىنىڭ ھەمكارلاشقۇدەك ياخشى ئىلپەت ئىكەنلىكىنى قىلچىلىك چۈشەنمەيدىكەن، ھەي خۇمسا!

### 2

يات مىللەتكە قۇل بولۇپ قالغانلىقنىڭ دەرت ـ ئەلەملىرىنى كۆپ چىلىككە قەلەم ۋە تىل بىلەن دادلاش، تەبىئىيكى، دۇرۇس ئىش؛ لېكىن ناھايىتى دىققەت قىلىش كېرەككى، كۆپچىلىكنى «ئۇنداق بولسا، بىزگە ئوخشاش ئۆز ئادەملىرىمىزنىڭ قۇلى بولغان ياخشى ئىكەن»② دېگەن خۇلاسىگە كەلتۈرۈپ قويماسلىق كېرەك.

### 3

«بىرلىكسەپ»③ دېگەن گەپنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەنلا، ئىلگىرى دۈشمەن قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان بىر تۈركۈم «ئىنقىلابىي يازغۇچى»④ لار ئۆزلىرىنى «بىرلىشىش» نىڭ ئەۋلىيالىرى قىلىۋېلىپ،

ئاستا ـ ئاستا پەيدا بولۇشقا باشلىدى . تەسلىم بولۇش ، دۈشمەنگە باغلـ
ـنىش دېگەندەك خۇمسا ھەرىكەتلەر ھازىرقى كۈندە گويا « ئىلغار » لىق ،
پارلاق ئىش بولۇپ قالغان .

### 4

بۇ ، مىلىي خاندانلىقى ھالاك بولغاندىن كېيىنكى ئىش .
ئۇمۇمەن ياشاۋاتقانلارنىڭ بەزىسى كۆڭلىدىن تەن بەرگەن ،
كۆپچىلىكى بويسۇندۇرۇلغان . لېكىن ھەممىدىن بەك راھەت ـ پاراغەتتە
ياشاۋاتقىنى خائىنلار ؛ ھەممىدىن بەك پەرۋاسىز ، ھۆرمەتلىك بولۇپ ياـ
شاۋاتقانلار بولسا خائىنلارنى تازا قەھرى بىلەن ھاقارەتلەيدىغان بىگانىلەر .
كېيىنكى كۈنلەردە بۇلارنىڭ ئۆزلىرى دەرەخ تۈۋىدىن يەرلىكىنى تاپقاندا ،
بالىلىرى مەنسەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىۋېرىدۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياخشى ئاتـ
لىق بولۇپ قالىدۇ . لېكىن مۇداپىئە ئۇرۇشىدا جىمجىت قۇربان بولغان
شېھىتلەرنىڭ تەۋەررۈك بالا قالدۇرالايدىغانلىرى ناھايىتى ئاز .
ھازىرقى ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەردە كونا بىگانىلەرچە[5] مىجەزنىڭ
بولماسلىقىنى ئارزۇ قىلىمەن .

### 5

A : B ، بىز سېنى ئىشەنچلىك ياخشى ئادەم دەپ ، ئىنقىلاب
تۇغرىسىدىكى بەزى ئىشلىرىمىزنى سەندىن يوشۇرمىغانىدۇق . نېمىشقا
سىرىمىزنى دۈشمەنگە ئېيتىپ قويىسەن ؟
B : شۇمۇ گەپمىكەن ! قانداقسىگە سىرنى ئېيتىپ قويۇش بولـ
سۇن ! ئۇلار مەندىن سورىغانلىقتىن ئېيتىپ بەردىمغۇ .
A : بىلمەيمەن دېسەڭ بولماسمىدى ؟
B : شۇمۇ گەپ ئىكەن ـ دە ! مەن ئۆمرۈم بويى يالغان گەپ
قىلىپ باققان ئەمەس ، مەن ئۇنداق ئىشەنچسىز ئادەملەردىن ئەمەس !



### 6

A : ۋايئاللا ، B ئەپەندى ، ئۈچ يىل بوپتۇ سىزنى كۆرمىگىلى !
مەندىن ئۈمىدىڭىزنى ئۈزدىڭىزغۇ دەيمەن ؟ . . .
B : يوقسۇ . . . نېمىشقا ؟
A : مەن شۇ چاغدا سىزگە : شىخۇ كۆلى بويىغا بېرىپ ، 20 مىڭ
مىسرالىق ئۇزۇن شېئىر يازماقچىمەن ، دېگەنىدىم . ھازىرغىچە ئېلىپىنمۇ
تارتقىنىم يوق . ھا ـ ھا ـ ھا !
B : ھە . . . ئۈمىدىمنى ئۈزگىنىم يوق .
A : سىز « جاھانساز » لىقتا ئالغا بېسىپ كېتىپسىز ، سىزنىڭ
خاتىرىڭىزنىڭ ياخشىلىقى . « باشقىلارغا قاتتىق تەلەپ قويىدۇ »
غانلىقىڭىز ، ئۇ قەدەر بىپەرۋالىق قىلمايدىغانلىقىڭىز ھەممىگە مەلۇم ئىدى .
سىزمۇ ئەمدى يالغان سۆزلەيدىغان بولۇپ قاپسىز .
B : يالغان سۆزلىگىنىم يوق .
A : ئۇنداق بولسا ، راستىنلا مەندىن ئۈمىد ئۈزمىدىڭىزمۇ ؟
B : ھەي ـ ي ، ئۈمىدنى ئۈزگەن ـ ئۈزمىگەن دېگەن گەپ
يوق ، چۈنكى مەن سىزگە زادىلا ئىشىنىپ باققان ئەمەس .

### 7

تالىپ جۇاڭزىنىڭ قارىشىچە ، « يەر ئۈستىدە قالساڭ ، قاغا ـ قۇزـ
غۇنلار يەيدۇ ، يەر ئاستىدا ياتساڭ چۈمۈلە ـ قۇرۇت يەيدۇ »[3] ، ئۆلگەندىن
كېيىن ، تېنىڭ نېمە بولسا بولىۋەرسۇن ، مەيلى ؛ چۈنكى قانداقلا
بولمىسۇن نەتىجىسى ئوخشاش بولۇپ چىقىدۇ .
لېكىن مەن ئۇنداق بىخەستىلىك قىلمايمەن ، ئەگەر مېنىڭ قېنىم ،
گۆشۈم ھايۋاناتلارنى بېقىشقا كېرەك بولسا ، مەن شىر ، يولۋاس ، شۇڭقار ،
لاچىنلارغا يەم بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەنكى ، قوتۇر ئىتلارغا ھەرگىز
يېدۈرمەيمەن .

شىر ، يولۋاس ، شۇڭقار ، لاچىنلارنى بېقىپ سەمرىتسەم ، ئۇلار ئاسماندا ، تاغ چوققىلىرىدا ، چۆللەردە ، جاڭگاللاردا ھەيۋەت كۆرۈنۈش بىلەن پەرۋاز قىلىپ تۇرىدۇ ؛ تۇتۇپ كېلىپ ھايۋانات باغچىلىرىغا قويۇپ قويسا ، ئۆلتۈرۈپ مودېل ياساپ قويسىمۇ كۆرگەن ئادەملەرنى زوقلاندۇرىدۇ ، ئۇلارنىڭ پېخسىق - بېخىللىق قىلىش نىيىتىنى يوقىتىدۇ .

لېكىن ئەگەر بىر تۈركۈم قوتۇر ئىتنى باقسام ، ئۇلار ئۇيان - بۇيان دوقۇرۇپ لالمىلىق قىلىشتىن ، كەلسە - كەلمەس قاۋاشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ ، لەنەت ئۇنىڭغا④ !

## 8

كىرو⑤ سانكىت . فېۋ⑥ نىڭ تەۋەررۈك قول يازمىلىرىنى تەھرىرلەپ ، ئۇنىڭ بىر قىسمىغا « مېنىڭ قەھرىم » ( Mes Poisons ) دەپ ئات قويغانىكەن . مەن ياپونچە تەرجىمىسىدىن مۇنداق بىر سۆزىنى كۆردۈم :

« بىرەر ئادەمنى كۆزگە ئىلمايدىغانلىقنى ئاشكارا ئېيتىش تولىمۇ كۆزگە ئىلماسلىق بولمايدۇ . پەقەت جىم تۇرۇۋېلىشلا ھەممىدىن بەك كۆزگە ئىلماسلىق بولىدۇ . — مېنىڭ بۇ يەردە گەپ قىلىشىممۇ بىھۇدە » .

دۇرۇس ، « قەھرسىز ئەر بولماس » ، قەلەم بىلەن تەسۋىرلىگەندە ، ئازغىنە قەھر - غەزەپ بولۇپلا چىقىدۇ . كۆزگە ئىلماسلىقنىڭ ھەممىدىن يامىنى گەپ قىلماسلىق ، ھەتتا كۆز قارىچۇغىنىمۇ مىت قىلىپ قويماسلىق .

## 9

بىر كىشى كەمچىلىكى كۆپرەك ئادەملەرنىڭ مودېلى سۈپىتىدە بىرەر ھېكايىگە يېزىپ كىرگۈزۈلسە ، ئۇ كىشى ھامان ئۆزىنى پالاكەت باسقان دەپ ھېسابلايدۇ .

لېكىن بۇنىڭ چوڭ پالاكەت ئەمەسلىكىنى بىلمەيدۇ ، چۈنكى دۇنيادا ھەقىقەتەن ھېكايىگە يېزىپ كىرگۈزۈلمىگەن ئادەملەرمۇ بولىدۇ . ئەگەر يېزىپ كىرگۈزۈلسە ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تولىمۇ ئوخشىتىپ يېزىلسا ،



بۇ ھېكايە نابۇت قىلىنىدۇ .

مەسىلەن رەسسامنى ئالساق ، ئۇ يىلاننى ، لەھەڭنى ، تاشپاقىنى ، مېۋە شوپىكىنى ، كېرەكسىز قەغەز ساندۇقىنى ، ئەخلەت دۆۋىلىرىنى سىزىۋېرىدۇ ؛ لېكىن تۈكلۈك قۇرتلارنى ، تاز يارىسىنى ، ماڭقىنى ، ئارقا پېشاپىنى ( چوڭ تەرەتنى ) سىزغان ئادەم ئۇچرىمايدۇ ؛ بۇلارنىڭ داۋلىسى ئوخشاش .

بەزىلەر مېنىڭ ھېكايە يازىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىمنى بىلگەن ھامان مەندىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ ، مېنىڭ ئۇلارغا ئەنە شۇنداق نەسىھەت قىلغۇم بار ، لېكىن ، ئەپسۇسكى ، مېنىڭ قەھر - زەھرىم تېخى ئۇ دەرىجىگە يەتمەيدۇ .

### ئىزاھات

① بۇ ماقالە دەسلەپ 1936 - يىلى 10 - ئايدا « يازغۇچى » ئايلىق ژورنىلىنىڭ 2 - جىلد 1 - سانىغا بېسىلغان .

② بۇ يەردە « بىرلىكسەپ » دېگەن سۆزدە « ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ » كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

③ بۇ ئىككى جۈملە سۆزنىڭ مەنىسى : ئۆلگەندىن كېيىن مەيلى نېمە يەپ كەتسە كېتىۋەرسۇن دېگەن سۆز .

④ لۇشۈن بۇ يەردە شىر ، يولۋاس ، شۇڭقار ، لاچىنلارنىڭ گۈزەل ۋە ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشنى باسقان ئىزىدىن قايتماس ئىنقىلابچىلارنىڭ ئالىيجاناپ روھىغا تەمسىل قىلىدۇ ؛ « بىر تۈركۈم قوتۇر ئىت » نىڭ « لالمىلىق قىلىشى » ، « قاۋىشى » نى بولسا ئۇمۇرتقىسى سۇندۇرۇلغان خائىنلارنىڭ « چېقىمچىلىق قىلىدۇ » غان ، « ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ ئادەم تۇتۇپ بېرىدۇ » غان جىنايى شۇملۇقلىرىغا تەمسىل قىلىدۇ .

⑤ گىرو — فرانسىيىدە 19 - ئەسىردە ياشىغان ئەدەبىيات تەنقىدچىسى

⑥ س . ئا . ساينىت - بېيۇ ( 1804 - 1869 ) — فرانسىيىلىك ئەدەبىي تەنقىدچى ، يازغۇچى .

# شۆي ماۋيۇڭغا جاۋاب ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپ مەسىلىسى ھەققىدە①

لۇشۈن ئەپەندىم :

بىستاپلىقتىن تامام يېزىلىپ قالدىلامۇ ؟ سېغىندىم . جانابلىرى كې-
سەل بولۇپ قالغاندىن بۇيان ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەدەبىيات ـ سەنئەت
ساھەسىدىكىلەرنىڭ جېدەل ـ تالاشلىرى بولۇپ تۇرغاچقا ، تەلىملىرىنى
بىۋاسىتە ئېلىشقا مۇيەسسەر بولالمىدىم ، بۇنى ئويلىسام دائىم ھەسرەت
چېكىمەن !

ھازىر تۇرمۇشۇم قىيىن ، تەن سالامەتلىكىم زەئىپ بولغاچقا ،
شاڭخەيدىن يېزىغا كېتىپ ، نەق پۇلغا يارىغۇدەك بىرەر كىتاب تەرجىمە
قىلىپ ، ئاندىن كېيىن شاڭخەيگە قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولۇپ تۇ-
رۇۋاتىمەن . مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، ۋاقتىنچە
شاڭخەيدىكى « ئەدەبىيات مۇنبىرى » نىڭ بىگانىسى بولۇپ ، بارلىق مە-
سىلىلەر توغرىسىدا تەپسىلىي چۈشىنىپ قېلىشىم مۇمكىن بولسا كېرەك .

ھازىر دائىم شۇنداق ئويلايمەنكى ، جانابلىرىنىڭ يېقىنقى يېرىم
يىلدىن بۇيانقى سۆز ـ ھەرىكەتلىرى يامان خاھىشلارغا ئاگاھسىز ھالدا مە-
دەت بېرىۋاتىدۇ . خۇ فېڭنىڭ قىزىل كۆزلۈكىنى ، خۇاڭ يۈەننىڭ
يالاقچىلىقىنى ئىنچىكىلەپ تەكشۈرمەي ، ئۇلارنىڭ مەڭگۈلۈك خۇسۇسىي
مۈلكى بولۇپ قېلىپ ، ئۇلارنىڭ ئاممىنى ئازدۇرىدىغان مەئبۇدىغا ئايلىنىپ
قېلىۋاتىلا ، شۇڭا ئۇلارنىڭ قارا نىيەتلىك بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى يىغىش-
تۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ . خۇ
فېڭلارنىڭ ھەرىكىتى ، روشەنكى ، شەخسىي غەرەزدىن كېلىپ چىققان ،
چېكىدىن ئاشقان مەزھەپچىلىك ھەرىكەت ، ئۇلارنىڭ نەزىرىيىلىرى بىر ـ
بىرىگە زىت ، خاتالىقلىرى تۈش ـ تۈشتا چېنىپ تۇرىدۇ . « مىللىي ئىن-
قىلابىي ئۇرۇشنىڭ ئاممىۋى ئەدەبىياتى » دېگەن شوئارنى ئالسام ،



دەسلەپتە ئۇنى خۇفېڭ « دۆلەت مۇداپىئە ئەدەبىياتى » غا قارشى ئوتتۇرىغا
قويغانىدى ، كېيىن ، بۇنىڭ بىرى باش ، بىرى قوشۇمچە ، دېيىشتى ؛ ئۇ-
نىڭدىن كېيىن يەنە ، بىرى بولسا سولقانات ئەدەبىيات تەرەققىي قىلىپ
ھازىرقى باسقۇچقا يەتكەندە ئوتتۇرىغا قويۇلغان شوئار ، دېيىشتى . ئەنە
شۇنداق تەۋرىنىپ تۇرغاچقا ، جانابلىرىنىڭ ئۇنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ
سۆزلەشلىرىمۇ مۇمكىن ئەمەس . ئۇلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىگە پەشۋا
بېرىش ئەسلىدە ناھايىتى ئاسان ئىدى ، لېكىن جانابلىرى ئۇلارغا بىكاردىن
ـ بىكارغا قالقان بولۇپ قالدىلا . جانابلىرىنى كىم سۆيمىسۇن ؟! شۇڭا
ئەمەلىي ھەل قىلىشتا ۋە يېزىق كۈرىشىدە ھەممە ئادەم ناھايىتى قىينىلىپ
قالدى .

جانابلىرىنىڭ نىيىتىنى ئوبدان بىلىمەن ، جابلىرى بىرلىكسەپكە
قاتناشقان سولقانات سەپداشلارنىڭ ئەسلى مەيداندىن ۋاز كېچىپ قېلى-
شىدىن غەم يەيدىلا ، جانابلىرى خۇ فېڭلارنىڭ كۆرۈنۈشتە ناھايىتى سول
بولۇپ تۇرغانلىقىنى مەنزۇر كۆرگەن ، شۇڭا ئۇلارنى قۇۋۋەتلىگەن . لې-
كىن جانابلىرىنىڭ سەمىگە سېلىپ قويايكى ، بۇنىڭغا جانابلىرىنىڭ
ھازىرقى تۈپ سىياسەتنى چۈشەنمىگەنلىكلىرى سەۋەبكار ، ھازىرقى بىر-
لىكسەپ — جۇڭگودىمۇ ، پۈتۈن دۇنيادىمۇ ئوخشاش — پرولېتارىياتنى
ئاساس قىلىدۇ ، ئەلۋەتتە ؛ لېكىن ئۇنىڭ ئاساس قىلىنىشى ئۇنىڭ نامى-
دىن ، پەۋقۇلئاددە ئورنىدىن ۋە تارىخىدىن ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ رېئال
توغرىلىقىنى ئىگىللىشىدىن ۋە كۈرەش ئىقتىدارىنىڭ زورلۇقىدىن بولغان .
شۇنىڭ ئۈچۈن ، كېڭۈمن جەھەتتە ، پرولېتارىياتنىڭ ئاساس بولۇشى
ھەقلىق . بىراق جۇڭگۇمن جەھەتتە ، پرولېتارىيات روشەن ئىزنەك ئىپسۋال-
ماسلىقى كېرەك ، ئىشلىمەستىن پەقەت پەۋقۇلئاددە سالاھىيىتىنى دەستەك
قىلىپ تۇرۇپ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىپ ، باشقا تەبەقىلەردىكى
سەپداشلىرىنى ھۈركۈتمەسلىكى كېرەك . شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرقى ۋاقىتتا
بىرلىكسەپتە سولقاناتلار شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇش خاتا ، بىرلىكسەپكە
زىيانلىق . شۇنىڭ ئۈچۈن جانابلىرىنىڭ يېقىندا ئېلان قىلغان « كېسەل
ياتقىنىدا يوقلاپ كەلگەن مېھمان سوئالىغا جاۋاب » لىرىدا « مىللىي ئىن-

قىلابىي ئۇرۇشىنىڭ ئاممۇۋى ئەدەبىياتى » بولسا پرولېتارىياتنىڭ ھازىرقى
تەرەققىياتى دەپ شەرھلىگەنلىكلىرى ، بۇنى بىرلىكسەپنىڭ باش شوئارى
قىلىۋېلىش كېرەك دېگەنلىكلىرى توغرا ئەمەس .

خوش ، « ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى » گە
قاتناشقان « سەپداش » لارغا كەلسەم ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ، خۇددى
جانابلىرى گۇمان قىلغاندەك ، ئوڭغا ئېغىپ چۈشكۈنلەشكەنلىكى ناتايىن .
ئەجەبا جانابلىرىنىڭ ئەتراپىغا توپلانغان « سەپداش » لار ئىچىدە باجىن
ۋە خۇاڭ يۈەندەك بىر نېمىلەر بار ئىكەن ، جانابلىرىنىڭ قارىشىچە « ئەدە-
بىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى » گە قاتناشقان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى
باجىن ۋە خۇاڭ يۈەنگەن يەتمەمدىكەن ؟ گېزىت ـ ژۇرناللاردىن چۈشە-
نىشىمچە ، فرانسىيە بىلەن ئىسپانىيىدىكى « ئانارخىزم » نىڭ
ئەكسىيەتچىلىكى ، بىرلىكسەپنى بۇزغانلىقى تروتسكىچىلاردىن پەرقلەن-
مەيدۇ ، جۇڭگودىكى « ئانارخىزم » ھەرىكىتى بولسا تېخىمۇ قەبىھ . خۇاڭ
يۈەن بولسا زادىلا پەمسىز ، پەقەت مەشھۇر ئادەملەرگە يالاقچىلىق قىلىش
بىلەنلا جان باقىدىغان بىر نەرسە . ئىلگىرى ئۇنىڭ فۇ بىلەن جىنغا
پايپېتەك بولۇپ يۈرگەن چاغدىكى يالاقچىلىقى ھازىرقى كۈندە جانابلىرىغا
ساداقەتمەن ، ھۆرمەتچان بولۇپ يۈرگەنلىكىدىن پەرقلەنمەيدۇ .
جانابلىرىنىڭ ئەنە شۇنداق بىر نېمىلەر بىلەن سەپداش بولۇپ ، كۆپچە-
لىك ئادەملەر بىلەن ھەمكارلاشمايۋاتقانلىقىنىڭ ھېكمىتىنى ھەقىقەتەن
چۈشەنمەيمەن .

مېنىڭچە ، جانابلىرىنىڭ يېقىنقى يېرىم يىلدىن بۇيانقى خاتالىقلى-
رىنىڭ يىلتىزى ئىشىغا باقماي ئادىمىگە باققانلىق . ئادىمىگە بېقىشلىرىمۇ
جايىدا ئەمەس . مەسىلەن : ئۆزۈمنى ئالسام ، ھەق راست ، بىر مۇنچە
كەمچىلىكلىرىم بار ، لېكىن جانابلىرى مېنىڭ ئىملانى خاتا يېزىپ
قويغانلىقىمنى چوڭ كەمچىلىك قىلىپ قويۇپلا ، بۇ ھەقىقەتەن كۈلكىلىك
گەپ . ( مەن نېمىشقا « 邱韵铎 » ( چيۇيۈندۇ ) دېگەن ئۈچ ھەرپنى
قەستەن « 郑振铎 » ( جېن جېڭدۇ ) غا ئوخشىتىپ يېزىپ قويدۇم ؟
ئەجەبا جېن جېڭدۇ بولسا جانابلىرى ياخشى كۆرىدىغان ئادەممىدى ؟ )



مانا مۇشۇنداق كىچىككىنە بىر سەۋەب بىلەن بىر ئادەمنى چەتكە قاققانلىق-
لىرى مېنىڭچە ھەقىقەتەن توغرا ئەمەس .

بۇگۈن شاڭخەيدىن كېتىش ئالدىدا تۇرىمەن ، سەپەر
ئالدىراشچىلىقى بىلەن كۆپ يازالمىدىم ، بەلكى تولىمۇ كۆپ يېزىۋەتكەن
بولۇشۇممۇ ئېھتىمال . يۇقىرىدا يازغانلىرىم جانابلىرىغا قەستەن
ھۇجۇم قىلىش ئەمەس ؛ راستىنى ئېيتقاندا جانابلىرىنىڭ تۈرلۈك
ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئويلاپ كۆرۈشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن .

پېقىر تەرجىمە قىلغان « ستالىننىڭ تەرجىمىھالى » نەشردىن
چىقىش ئالدىدا تۇرىدۇ ، نەشردىن چىققاندىن كېيىن بىر نۇسخا ئەۋەتىپ
بەرمەكچىمەن . بۇ كىتابنى تەپسىلىي ئوقۇپ بېقىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن ،
ئەسلى مەنىسى ۋە تەرجىمىسى ھەققىدە تەنقىدلىرىنى كۈتىمەن .

ھۆرمەت بىلەن
سالامەتلىكلىرىنى تىلەپ :

شۈي ماۋيۇك
8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

يۇقىرىدىكىسى شۈي ماۋيۇڭنىڭ ماڭا يازغان خېتى ، ئۇنىڭ رازى-
لىقىنى ئالمايلا بۇ يەردە ئېلان قىلدىم ، چۈنكى بۇ خەتتىكى سۆزلەرنىڭ
ھەممىسى ماڭا تەنبىھ بەرگەن ۋە باشقىلارغا ھۇجۇم قىلغان سۆز ئىكەن ،
بۇنى ئېلان قىلسام ، ئۇنىڭ سالاپىتىگە زىيان يەتمەيدۇ ، بەلكىم بۇ تېخى
مېنىڭ ئېلان قىلىشىم ئۈچۈن يازغان ئەسىرى بولسا كېرەك . لېكىن تەبى-
ئىيكى ، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ خەتنى يازغان كىشىنىڭ
بىرئاز « قەبىھ » ياش ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىۋېلىش مۇمكىن !

لېكىن مېنىڭ بىر تەلىپىم بار : باجىن ، خۇاڭ يۈەن[2] ، خۇ فېڭ[3]
ئەپەندىلەرنىڭ شۈي ماۋيۇڭنى دورىماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن . چۈنكى بۇ
خەتتە ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىنغان سۆزلەر بولغاچقا ، ئۇلارمۇ ئالايىغانغا ئال-
يىپ قالسا ، دەل ئۇنىڭ ھىيلە ـ مىكىر دامىغا چۈشۈپ قالغان بولىدۇ .
دۆلەتنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەن ھازىرقى ۋاقىتتا ، كۈندۈزى

چىرايلىق ھەشەمەتلىك سۆزلەرنى قىلىپ، كېيىنكى ئارىنى بۇزۇش، نىزا - بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىش نەيرەڭلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار دەل ئەنە شۇ ئادەملەر ئەمەسمۇ؟ بۇ خەت پىلانلىق يېزىلغان، بۇ ئۇلارنىڭ «ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى»[4]گە كىرمىگەن كىشىلەرگە قىلغان يېڭى خىرىسى، ئۇلارنىڭ مەقسىتى بۇ كىشىلەرنى جەڭگە ئاتلاندۇرۇش، شۇ چاغدا بۇلارغا «بىرلىكسەپنى بۇزدى»، «خائىن» دېگەن بەتنامنى چاپلاش. لېكىن بىز قەلەم تىغىمىزنى ھەرگىزمۇ مەخسۇس بىرنەچچە ئادەمگە قاراتمايمىز. «ئاۋۋال ئىچىنى خاتىرجەم قىلىپ، ئاندىن كېيىن تاشقىرىغا قارشى تۇرۇش»[5] بىزنىڭ چارىمىز ئەمەس.

لېكىن مېنىڭ بۇ يەردە ئېيتىدىغان بەزى سۆزلىرىم بار. ئالدى بىلەن، مېنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپكە تۇتقان پوزىتسىيەم. ئەمەلىيەتتە، بۇ ھەقتە مەن بىر قانچە جايدا سۆزلەپ ئۆتكەن، لېكىن شۇ ماۋيۇڭ قاتارلىقلارنىڭ ئۇنىڭغا قاراپ قويغۇسى كەلمىگەندەك تۇرىدۇ، ئۇلار مېنى ھە دەپ چىشلەپ - قاساپ، ماڭا «بىرلىكسەپنى بۇزدى» دەپ تۆھمەت قىلماقچى، ماڭا «ھازىرقى تۈپ سىياسەتنى چۈشەنمەيۋاتىسەن» دەپ تەنبىھ بەرمەكچى. شۇ ماۋيۇڭلارنىڭ قانداق «تۈپ سىياسىتى» باركىن تاڭ (ئۇلارنىڭ تۈپ سىياسىتى مېنى قاساپ - چىشلەش ئەمەسمۇ؟)، لېكىن جۇڭگونىڭ ھازىرقى ئىنقىلابىي پارتىيىسى **پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئالدىغا قويغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپ سىياسىتىنى مەن كۆردۈم، ئۇنى ھىمايە قىلىمەن، بۇ سەپكە شەرتسىز كىرىمەن. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، مەن يالغۇز يازغۇچىلا ئەمەس، بەلكى جۇڭگو ئادىمى**، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سىياسەتنى ناھايىتى توغرا دەپ قارايمەن. مەن بۇ بىرلىكسەپكە كىرگەندە، تەبىئىيكى، مېنىڭ ئىشلىتىدىغىنىم يەنىلا بىر تال قەلەم، قىلىدىغان ئىشىم يەنىلا ماقالا يېزىش، كىتاب تەرجىمە قىلىش؛ بۇ قەلەم كارغا يارىماي قالغاندا، ئىشەنچىم باركى، باشقا قورالنى ئىشلەتسەممۇ ھەرگىز شۇ ماۋيۇڭدەك بىر نېمىلەردىن قېلىشمايمەن!



ئاندىن قالسا، مېنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ بىرلىكسېپى توغرىسىدىكى پوزىتسىيەم. **بارلىق ئەدەبىياتچىلار، ھەر قانداق ئېقىمدىكى ئەدەبىياتچىلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى شوئار ئاستىدا بىرلىككە كېلەيلى، دېگەن تەشەببۇسنى قۇۋۋەتلەيمەن.** مۇشۇنداق بىرلىككە كەلگەن تەشكىلات قۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرىمنى ئىلگىرىمۇ ئوتتۇرىغا قويغانىدىم، ئۇ پىكىرلىرىمنى، تەبىئىيكى، بەزى ئاتالمىش «يېتەكچى»لەر بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى، ئەكسىچە ماڭا «بىرلىكسەپنى بۇزدى» دېگەن بەتنامنى خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا چاپلاشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەھۋال ئالدى بىلەن مېنىڭ «ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى»گە كىرمەسلىكىمگە زامىن بولدى، چۈنكى ماڭا بىرئاز سەۋر قىلىپ، ئۇلارنىڭ زادى قانداق نەيرەڭلەرنى قىلىدىغانلىقىغا قاراپ بېقىشقا توغرا كەلدى؛ مەن شۇ چاغدا ئۆزلىرىنى «يېتەكچى» دەپ ئاتىۋالغانلاردىن ۋە شۇ ماۋيۇڭچە ياشلاردىن ھەقىقەتەن بىرئاز گۇمان قىلدىم، چۈنكى ئۆز تەجرىبەمگە ئاساسەن، شۇنداق كۆرۈنۈشتە «ئىنقىلاب» قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ تۇرۇپ، باشقىلارغا ئاسانلا «ساتقۇن»، «ئەكسىلئىنقىلابچى»، «تروتسكىيچى» ۋە ھەتتا «خائىن» دەپ بۆھتان قىلىدىغانلارنىڭ تولىسى توغرا يولدىكى ئادەملەر ئەمەس، چۈنكى ئۇلار ئىنقىلابىي مىللىي كۈچ - قۇۋۋەتنى ئۇستىلىق بىلەن قىرىپ تاشلايدۇ، ئىنقىلابىي ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە پەرۋا قىلمايدۇ، ئىنقىلابتىن پايدىلىنىپ، ئۆز شەخسىيىتىنى كۆزلەيدۇ. گەپنىڭ راستىنى قىلسام، مەن ھەتتا ئۇلاردىن دۈشمەنلەر ئەۋەتكەن بولمىغىدى، دەپمۇ گۇمان قىلغانىدىم. مەن ئۆزۈمگە زىيان يېتىش خەۋپىدىن ۋاقتىنچە ئۆزۈمنى تارتىپ تۇراي، ئۇلارنىڭ قوماندانلىقىغا ۋاقتىنچە قۇلاق سالماي تۇراي، دېگەن خىيالغا كەلدىم. تەبىئىيكى، ئۇلارنىڭ تېگى - تەكتىنى، ئەينى ئەپت - بەشىرىسىنى پەكىت ئىسپاتلاپ بېرىدۇ؛ ئۇلارنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىشنى ھەرگىز خالىمىدىم، ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەقىقىي نىيىتى ئىنقىلاب ۋە مىللەتتە بولسا، پەقەت پىكىر قىلىش ئۇسۇلىدىكى ناتوغرىلىق، چۈشەنچىسىدىكى ناتوغرىلىق، ئۇسۇلىدىكى ئوساللىقلا بولسا، ئۇلار ھەقىقەتەن ئۆزلىرى تۈزىتىۋالار

دەپ ئويلىدىم .

« ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى » توغرىسىدىكى پوزىتسىيەمگە كەلسەم ، مېنىڭچە ئۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى يازغۇچىلارنىڭ تەشكىلاتى ، ئۇنىڭدا شۇي ماۋيۇگەدەك ئادەملەر بولسىمۇ ، يەنە بەزى باشقا يېڭى ئادەملەرمۇ بار . لېكىن « ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى » نىڭ بولغانلىقى بىلەنلا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ بىرلىكسەپى ۋۇجۇتقا چىقتى دېگىلى بولمايدۇ ، ئۇنىڭغا تېخى كۆپ يىراق ، ئۇ بارلىق ئېقىمدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ كەتكىنى يوق . ئۇنىڭ سەۋەبى شۇكى ، « ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى » دە تېخى ناھايىتى قويۇق مەزھەپچىلىك ۋە تائىپچىلىك بار . باشقىسىنى قويۇپ تۇرۇپ ، پەقەت نىزامنامىسىگە قاراپ باقايلى ، كىرگۈچىلەرنىڭ سالاھىيىتى تولىمۇ قاتتىق چەكلەنگەن ؛ ئەزالارنىڭ جەمئىيەتكە كىرىش ئۈچۈن بىر دوللار تۆلەيدىغانلىقى ، يىلىغا ئىككى دوللار ئەزالىق بەدىلى تاپشۇرىدىغانلىقىمۇ « يازغۇچى دوكا » لار خاھىشىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ ، ئۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى « خەلقچە » ئەمەس . نەزەرىيە جەھەتتە ، مەسىلەن « ئەدەبىيات ساھەسى »⑥ نىڭ تۇنجى سانىدا ئېلان قىلىنغان « بىرلىشىش مەسىلىسى » ۋە دۆلەت مۇداپىئە ئەدەبىياتى » توغرىسىدا يېزىلغان ماقالا⑦ نەقىل كەلتۈرگەن ۋە شۇ سۆزلىرىمنى ئاساس قىلغان ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قانداق ئېقىمدىكى يازغۇچىلار بىلەن بىرلىشىمىز دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمىسىمۇ ، يەنىلا ئۆزلىرى پۈتۈشۈپ تۇرۇپ كىرىش توغرىسىدىكى چەكلىمە ۋە شەرتلەرنى تۈزۈپ چىققان . دېمەك ، ئاپتور دەۋرنى ئۇنتۇپ قالغان . **مېنىڭچە ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە بىرلىشىشى شەرتسىز بولىدۇ ، ئۇ خائىن بولمىسىلا ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى خالايدىغان ۋە قۇۋۋەتلەيدىغان بولسىلا ، مەيلى ئاكىسى ، سىڭلىسى بولسۇن ، ئەلقىسسەچىلەر بولسۇن ياكى قوشماق ئۆردەك ، جۈپ كېپىنەك بولسۇن⑧ ، ھەممىسىگە مەيلى .** لېكىن ئەدەبىيات مەسىلىسىدە بىز يەنىلا بىر ـ بىرىمىزنى پىپەن قىلىۋېرىمىز . ھېلىقى ئاپتور فرانسىيەدىكى خەلق فرونتىنىمۇ⑨ مىسال كەلتۈرۈپتۇ . لېكىن



مېنىڭچە ئاپتور بۇ يەردە دۆلەتنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان ، **چۈنكى بىزنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى خەلق بىرلىكسەپىمىز فرانسىيەدىكى خەلق فرونتىدىن كۆپ كەڭ .** يەنە بىر ئاپتور ⑩ « دۆلەت مۇداپىئە ئەدەبىياتى » نى شەرھلەپ ، « دۆلەت مۇداپىئە ئەدەبىياتى » دا توغرا ئىجادىيەت ئۇسۇلى بولۇش شەرت دېگەن ؛ يەنە ھازىر « دۆلەت مۇداپىئە ئەدەبىياتى » بولمىسا « خائىنلار ئەدەبىياتى » بولۇپ قالىدۇ دەپ ، يازغۇچىلارنى « دۆلەت مۇداپىئە ئەدەبىياتى » دېگەن شوئار بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش نىيىتىدە ، كېيىنكى كۈنلەردە باشقىلارنى تەنقىد قىلىشتا لازىم قىلىش ئۈچۈن ئالدىن « خائىنلار ئەدەبىياتى » دېگەن ئاتالغۇنى تەييارلاپ قويغان . بۇ ھەقىقەتەن ئاجايىپ مەزھەپچىلىك نەزەرىيىسى . مېنىڭچە : **يازغۇچىلار « ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش » بايرىقى ئاستىدا ياكى « دۆلەت مۇداپىئەسى » بايرىقى ئاستىدا بىرلىشەيلى ، دېيىش كېرەك . يازغۇچىلار « دۆلەت مۇداپىئە ئەدەبىياتى » شوئارى ئاستىدا بىرلىشەيلى ، دېيىش مۇمكىن ئەمەس ، چۈنكى بەزى ئاپتورلار « دۆلەت مۇداپىئەسى تېما قىلىنغان » ئەسەرلەرنى يازمىسىمۇ ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپكە ھەر قايسى جەھەتتىن قاتنىشىشى مۇمكىن ؛ ئۇ ماڭا ئوخشاش « ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى » گە قاتناشمىغان تەقدىردىمۇ ، ئۇنىڭ « خائىن » بولۇشى ناتايىن . « دۆلەت مۇداپىئە ئەدەبىياتى » ئەدەبىياتنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كېتەلمەيدۇ ،** چۈنكى ئۇلار « قىزىل راۋاقتىكى چۈش » ، « تاڭ ئالدىدا » ، « ئا Q نىڭ ھەقىقىي تەرجىمىھالى » لارنىمۇ « دۆلەت مۇداپىئە ئەدەبىياتى » ياكى « خائىن ئەدەبىياتى » دەپ ئىسپاتلاپ بېرىشكە چامى يەتسە بىر گەپ ، **بولمىسا « دۆلەت مۇداپىئە ئەدەبىياتى » بىلەن « خائىن ئەدەبىياتى » دىن باشقا ھەقىقەتەن ياكى ئۇنىڭغا ياكى بۇنىڭغا مەنسۇپ بولمايدىغان ئەدەبىياتمۇ بار .** بۇنداق ئەدەبىيات مەۋجۇت ، لېكىن ئۇ دۇ خېڭ ، خەن شيەن ⑪ ، ياڭ سۇنرېن قاتارلىق بىر نېمىلەرنىڭ « ئۈچىنچى خىل ئەدەبىيات » دېگەنلىرىنىڭ جۈملىسىدىن ئەمەس . دېمەك ، گومورو ئەپەندىنىڭ « دۆلەت مۇداپىئە ئەدەبىياتى كەڭ مەنىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەدەبىياتى » ۋە « دۆلەت مۇداپىئە ئەدەبىيات ـ سەنئىتى يازغۇچىلار مۇناسىۋىتىنىڭ قاشقىسى ، ئۇ ئەسەر پرىنسىپىدىكى قاشقا ئەمەس » دېگەن

پىكرىگە ناھايىتى قوشۇلىمەن . شۇنداق تەكلىپ بېرىمەنكى ، « ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى » نەزىرىيە ۋە ھەرىكەتتىكى مەزھەپچىلىكنى ، تائىپچىلىك ھادىسىلىرىنى تۈگىتىپ ، چەكلىمىسىنى تېخىمۇ كەڭرەك قىلىشى كېرەك ؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە ، ئەڭ ياخشىسى ، ئاتالمىش « رەھبەرلىك ھوقۇقى » نى شۇ ماۋيۇگدەك بىر نېمىلەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويماستىن ھەقىقەتەن ئەستايىدىل ئىشلىيەلەيدىغان يازغۇچىلار ۋە ياشلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك . ئۆزۈمنىڭ قاتنىشىش ـ قاتناشماسلىقىمغا كەلسەم ، ئۇ ئانچە مۇھىم بىر ئىش ئەمەس .

ئاندىن قالسا ، مېنىڭ « مىللىي ئىنقىلابىي ئۇرۇشنىڭ ئاممىۋى ئەدەبىياتى » دېگەن شوئار بىلەن مۇناسىۋىتىم . شۇ ماۋيۇگدەك بىر نېمىلەرنىڭ مەزھەپچىلىكى بۇ شوئارغا تۇتقان پوزىتسىيىسىدىمۇ ئىپادىلەندۇ . ئۇلار بۇنى « ئۆزگىچىلىك يارىتىش » دەيدۇ ، « دۆلەت مۇداپىئە ئەدەبىياتى » بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇشمۇ دەيدۇ . ئۇلارنىڭ مەزھەپچىلىكتە شۇنداق دەرىجىگە بېرىپ قېلىشىنى ھەقىقەتەن ئويلىمىغانىكەنمەن . « مىللىي ئىنقىلابىي ئۇرۇشنىڭ ئاممىۋى ئەدەبىياتى » دېگەن شوئار « خائىن » لارنىڭ شوئارى بولمىسىلا ، ئۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈچ ھېسابلىنىدۇ ، نېمىشقا ئۇ « ئۆزگىچىلىك يارىتىش » بولىدىكەن ؟ بۇنىڭ « دۆلەت مۇداپىئە ئەدەبىياتى » بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرىدىغىنى نەدىن كۆردۈڭلار ؟ دوست قوشۇننىڭ جانلىق كۈچىنى رەت قىلىدىغانلار ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈچنى يوشۇرۇن قەست بىلەن بوغۇپ تاشلايدىغانلار سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلارنىڭ ئەنە شۇنداق « ئاق يەكتەكلىك موللا » [12] ۋاڭ لۈندىنمۇ ئۆتۈپ كەتكەن تار قورساقلىقىڭلار . مېنىڭچە ، **ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى سەپتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەر قانداق كۈچنى قارشى ئېلىش كېرەك ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ، ئەدەبىياتتا ھەر كىمنىڭ يېڭى پىكىرلەرنى مۇزاكىرىگە قويۇشىغىمۇ رۇخسەت قىلىش كېرەك . « ئۆزگىچىلىك يارىتىش » مۇ قورقۇنچلۇق ئىش ئەمەس ؛** بۇ ئەھۋال سورىگەرلەرنىڭ سېتىش ئىمتىيازىغا ئوخشىمايدۇ ، ئەمەلىيەتتە



ئۆزۈڭلار ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويغان « دۆلەت مۇداپىئە ئەدەبىياتى » دېگەن شوئارنىمۇ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە ياكى « سوۋېت » ھۆكۈمىتىگە بېرىپ ئەنگە ئالدۇرغىنىڭلار يوق . لېكىن ھازىر ئەدەبىيات مۇنبىرىدە « دۆلەت مۇداپىئە ئەدەبىياتى » ماركىلىق ۋە « مىللىي ئىنقىلابىي ئۇرۇشنىڭ ئاممىۋى ئەدەبىياتى » ماركىلىق ئىككى ئېقىم پەيدا بولۇپ قالغاندەك تۇرىدۇ ، بۇنىڭغا شۇ ماۋيۇگلار جاۋابكار بولۇشى كېرەك ، مەن كېسەل يېتىپ تۇرۇپ زىيارەتچىگە بەرگەن جاۋابىم دېگەن ماقالەمدە ئۇلارنى ئىككى ئېقىم دەپ قارىمىغانىدىم . تەبىئىيكى ، « مىللىي ئىنقىلابىي ئۇرۇشنىڭ ئاممىۋى ئەدەبىياتى » دېگەن شوئارنىڭ خاتاسىزلىقىنى ۋە ئۇنىڭ « دۆلەت مۇداپىئە ئەدەبىياتى » دېگەن شوئار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى سۆزلەپ ئۆتۈشۈم كېرەك — ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىپ ئۆتەيكى ، ئالدىنقى شوئارنى خۇ فېڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئەمەس ، خۇ فېڭنىڭ بىر پارچە ماقالە يازغانلىقى راست ، لېكىن ئۇنى مېنىڭ تەكلىپىم بىلەن يازغان ، ئۇنىڭ ماقالىسىنىڭ مەسىلىنى ئېنىق شەرھلەپ بېرەلمىگەنلىكىمۇ راست . ئۇ شوئارمۇ يالغۇز مەن بىر ئادەمنىڭ « ئۆزگىچىلىك ياراتقان » لىقىم ئەمەس ، ئۇ بىر قانچە ئادەمنىڭ مەسلىھەتتىن ئۆتكۈزۈلگەن ، ماۋدۇن ئەپەندى ئەنە شۇ مەسلىھەتكە قاتناشقانلارنىڭ بىرى . گومورو ئەپەندى ياپونىيىدە ئىشپىيونلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئىدى ، خەت يېزىپ مەسلىھەت سوراشمۇ قولايسىز ئىدى . ئەپسۇسكى ، پەقەت شۇ ماۋيۇگلارلا مۇزاكىرىگە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىنمىغان . لېكىن گەپ بۇ شوئارنى كىمنىڭ ئوتتۇرىغا قويغانلىقىدا ئەمەس ، ئۇنىڭ خاتاسىز ئىكەنلىكىدە . **ئەگەر ئۇ پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ئەدەبىياتى ئەتراپىدا توپلانغان سولقانات يازغۇچىلارنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي ئىنقىلابىي ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە بېرىشقا يېتەكلەيدىكەن ، « دۆلەت مۇداپىئە ئەدەبىياتى » دېگەن ئىسىمنىڭ ئەدەبىي ـ ئىدىيىۋى ماھىيىتىدىكى ئېنىقسىزلىق قۇسۇرلىرىنى تولۇقلاشنى مەقسەت قىلىدىكەن ، « دۆلەت مۇداپىئە ئەدەبىياتى » دېگەن ئىسىمغا سىڭدۈرۈلگەن ناتوغرا پىرلەرنى تۈزىتىدىكەن ،** ئەنە شۇ ئاساسلار بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغانىكەن ، ئۇ ھالدا ئۇ ھەقىقىي ، توغرا . ئادەملەر تاپىنى بىلەن پىكىر يۈرگۈزمەي ، بىرئاز مېڭە ئىشلىتىدىغان بولسا ، « ئۆزگىچىلىك يار-

تىش » دەپ قويۇش بىلەنلا ئىشنى تۈگەتمەسلىكى كېرەك . « مىللىي
ئىنقىلابىي ئۇرۇۇشنىڭ ئاممىۋى ئەدەبىياتى » دېگەن بۇ ئىسىم ئۆزىنىڭ
ئەھمىيىتى جەھەتتىن « دۆلەت مۇداپىئە ئەدەبىياتى » دېگەن
ئىسمىنىڭكىدىنمۇ ئېنىق ، چوڭقۇر ۋە مەزمۇنلۇق . « مىللىي ئىنقىلابىي ئۇ-
رۇشنىڭ ئاممىۋى ئەدەبىياتى » ئاساسەن ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتان ، سولقانات
دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان يازغۇچىلارغا تەشەببۇس قىلىنغان ؛ ئۇ شۇ
**يازغۇچىلارنىڭ تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ . ئەنە شۇ مە-**
نىدىن ئالغاندا ، بىرلىكسەپ تۈزۈلۈۋاتقان ھازىرقى ۋاقىتتا ، شۈي
ماۋيۈڭنىڭ ، بۇنداق شوئارنى ئوتتۇرىغا قويغىلى بولمايدۇ ، دېگىنى قۇرۇق
گەپ ! « مىللىي ئىنقىلابىي ئۇرۇشنىڭ ئاممىۋى ئەدەبىياتى » ئومۇمىي
ياكى ھەر قايسى ئېقىمدىكى يازغۇچىلارغىمۇ تەشەببۇس قىلىنغان ، ئۇلارغا
ئۈمىد باغلانغان ، ئۇلارنىڭمۇ تىرىشىپ ئالغا بېسىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ . مۇشۇ
مەنىدىن ئالغاندا ، ئومۇمىي ياكى ھەر قايسى ئېقىمدىكى يازغۇچىلارغا
بۇنداق شوئارنى قويغىلى بولمايدۇ ، دېيىشمۇ قۇرۇق گەپ ! لېكىن بۇ
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپنىڭ مىزانى ئەمەس ، تۈي ماۋ-
يۈڭنىڭ مېنى « بۇنى بىرلىكسەپنىڭ باش شوئارى قىلىش كېرەك دېدى »
دېگىنىمۇ قۇرۇپ كەتسۇن ! شۈي ماۋيۈڭ ئېيتىپ باقسۇنچۇ ، مېنىڭ ماقا-
لەمنى زادى ئوقۇپ كۆرۈپتۇمۇ ؟ كىشىلەر ئەگەر مېنىڭ ماقالەمنى ئوقۇپ
كۆرگەن بولسا ، ئەگەر ئۇ شوئارنى شۈي ماۋيۈگلارنىڭ « دۆلەت مۇداپىئە
ئەدەبىياتى » نى شەرھلىگىنىدەك ئۇسۇل بىلەن شەرھلىمىسە ، ئەگەر نىي
چيەننۇ قاتارلىقلارنىڭكىدەك خاتالىقلارنى سادىر قىلمىسا ، ئۇ ھالدا بۇ شو-
ئار مەزھەپچىلىك ياكى تارلىق بىلەن ئالاقىسىز بولۇپ چىقىدۇ . بۇ
يەردىكى « ئاما » سۆزىنى ئادەتتىكى « ئاما » ، « خەلق ئاممىسى » دې-
گەن مەنىدە يېشىشمۇ مۇمكىن . ھالبۇكى ، ھازىرقى ۋاقىتتا « خەلق
ئاممىسى » دېگەن مەنىسىمۇ بار ، ئەلۋەتتە . مېنىڭ « دۆلەت مۇداپىئە ئەدە-
بىياتى » نى ھازىرقى ئەدەبىيات ھەرىكىتىمىزدىكى كونكرېت شوئارلارنىڭ
بىرى دېيىشىمنىڭ سەۋەبى شۇكى ، « دۆلەت مۇداپىئە ئەدەبىياتى » دېگەن
شوئار ناھايىتى ئاممىباب ، ئۇ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قۇلىقىغا سىڭىپ قال-



دى ، ئۇ بىزنىڭ سىياسىي ۋە ئەدەبىي تەسىرىمىزنى كېڭەيتىپ بېرەلەيدۇ ،
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنى يازغۇچىلارنى دۆلەت مۇداپىئە بايرىقى ئاستىدا
بىرلەشتۈرۈپ بېرەلەيدۇ ، ئۇ كەڭ مەنىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەدەبىياتى
دەپ شەرھلەش مۇمكىن . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ناتوغرا شەرھلەنگەن
تەقدىردىمۇ ، ئۇنىڭ ئۆز ماھىيىتىدە قۇسۇرلىرى بولسىمۇ ، ئۇنى مەۋجۇت
تۇرغۇزۇۋېرىش كېرەك ، چۈنكى ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى ياپون
**باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەرىكەت ئۈچۈن پايدىلىق . مېنىڭچە ، بۇ ئىككى**
شوئارنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى شىڭ رېن [13]
ئەپەندىنىڭ « زامان خاراكتېرلىك » ، « ۋاقىت خاراكتېرلىك » دېگەن
سۆزلىرىگە ئوخشىتىشنىڭ ھاجىتى يوق ، « مىللىي ئىنقىلابىي ئۇرۇشنىڭ
ئاممىۋى ئەدەبىياتى » غا تۈرلۈك چەكلىمىلەرنى تېڭىپ قويۇشقا تېخىمۇ
قوشۇلمايمەن . ئەگەر « دۆلەت مۇداپىئە ئەدەبىياتى » ئاۋۋال ئوتتۇرىغا
قويۇلغان ، شۇنى مىزان قىلىش كېرەك دېيىلىدىغان بولسا ، ئۇ ھالدا
مىزانلىق ھوقۇقىنى مىزانغا ئاشىق ئادەملەرگە ئۆتۈنۈپ بېرىۋەتسەكمۇ
بولىۋېرىدۇ ، چۈنكى گەپ شوئارنى تالىشىشتا ئەمەس ، ئەمەلىي ئىشلەشتە .
شوئارنى تۇۋلاپ ، مىزانلىقنى تالىشىپ يۈرۈشنىمۇ « ماقالە » قىلىۋېلىپ ،
ئاز - پاز قەلەم ھەققى تېپىپ ، شۇنىڭ بىلەن جان باققىلىمۇ بولىدۇ ،
لېكىن شۇنداق قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ ، ئاخىر ، مەڭگۈلۈك چارە ئەمەس .

ئاخىرىدا ، ئۆزۈمگە دائىر بىر نەچچە ئەھۋالغا ئۆتەي . شۈي ماۋيۈڭ
مېنى ، يېقىنقى يېرىم يىلدىن بۇيانقى سۆز - ھەرىكىتى قەبىھ خاھىشلارغا
مەدەت بېرىپ قويدى ، دەيدۇ . مۇشۇ يېرىم يىللىق سۆز - ھەرىكەتلىرىمنى
تەكشۈرۈپ كۆردۈم . سۆز دېگىنى 4 - 5 پارچە ماقالا ئېلان قىلغانلىقىم ؛
بۇنىدىن باشقا ، كۆپ بولغاندا ، زىيارەتچىلەر بىلەن ئاز - پاز پاراڭلاشقان-
لىقىم ، دوختۇرلارغا كېسىلىمنىڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىلغانلىقىم .
ھەرىكەت دېگىنى ، كۆپرەكى ، ئىككى نۇسخا ئويما رەسىملەر كىتابى ، بىر
نۇسخا پارچە تەسرات [14] باستۇرغانلىقىم ، « ئۆلۈك جانلار » دىن بىر
نەچچە بابىنى تەرجىمە قىلغانلىقىم ، ئۈچ ئاي ئاغرىپ قالغانلىقىم ، بىر قېتىم
ئىمزا قويغانلىقىم [15] . بۇلاردىن باشقا ، ئىپلاس پاھىشىخانىلارغا ياكى قى-

مارخانىغا بارغىنىم يوق ، بىرەر يىغىنغا قاتناشقىنىم يوق . دېمەك ، قانداق مەدەت بېرىپ قويغانلىقىمنى ۋە قانداق قەبىھ خاھىشقا مەدەت بېرىپ قويغانلىقىمنى بىلمەيمەن . ئەجەبا ، كېسەل بولۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن شۇنداق دېمەكچىمۇ ؟ كېسەل بولۇپ قالغان بولسامۇ ئۆلمەي قالغانلىقىم ئەجەبلەنەرلىك بولغاندىن تاشقىرى ، مېنىڭچە مۇنداق دېيىشلا مۇمكىن : ئەيىپ مېنىڭ كېسەل بولۇپ قېلىپ ، شۇي ماۋيۇگدەك قەبىھ خاھىشلارغا قارشى تۇتۇشالمىغانلىقىمدىن ئىبارەت بولسا كېرەك .

ئاندىن قالسا ، مېنىڭ خۇ فېڭ ، باجىن ، خۇاڭ يۈەن قاتارلىق ئادەملەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم . مەن ئۇلار بىلەن يېقىندا تونۇشتۇم ، ھەممىسى ئەدەبىيات خىزمىتىدىكى مۇناسىۋەت بىلەن بولدى ، سىرداش دەپ ئېيتقىلى بولمىسىمۇ ، لېكىن دوست دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ . مېنىڭ دوستلىرىمغا راست دەلىل ـ ئىسپاتسىزلا « ساتقۇن » ، « قەبىھ » دەپ مەيلىچە بوھتان قىلىدىغان ئادەملەر بىلەن ئېلىشمەن ، بۇ مېنىڭ ئېلىپەتچىلىك ئەخلاقىم بولۇپلا قالماستىن ، ئادەمگە ، ئىشقا قارىشىمنىڭمۇ نەتىجىسى . شۇي ماۋيۇڭ مېنى ئادىمىگىلا باقىدۇ ، ئىشىغا باقمايدۇ ، دەيدۇ ؛ بۇ — بوھتان . مەن ئاۋۋال بەزى ئىشلىرىنى كۆرۈپ ، ئاندىن كېيىن شۇي ماۋيۇگدەك بىر نېمىلەرنى كۆردۈم ، جۇ فېڭ بىلەن ئىلگىرى ئوبدان تونۇشمايتتىم ، بۇلتۇر كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، بىر مەشھۇر ئادەم [16] مېنى سۆھبەتكە تەكلىپ قىلدى ، ئۇ يەرگە بارغىنىمدا ، بىر دانە پىكاپ يېتىپ كەلدى ، پىكاپتىن تۆت سولتەك چىقتى : تيەن خەن ، جۇ چىيىڭ ، [17] يەنە ئىككىيلەن [18] . بۇلارنىڭ ھەممىسى كاستوم كىيگەن ، ھالى چوڭ ؛ ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇلار ماڭا ، خۇ فېڭ ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن ساتقۇنكەن ، دەپ ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن كەپتۇ . دەلىل ـ ئىسپاتنى سورىسام ، مۇ مۇتيەن ئەل بولغاندىن كېيىن ئۇ ئاغزى بىلەن ئېيتىپ بەرگەنمىش . ئەل بولغان ئادەمنىڭ سۆزى سولقاناتلار بىرلەشمىسىدە ئۇلۇغ ھەدىس بولۇپ قالغانلىقى مېنى ھەقىقەتەن ھاڭتاڭ قالدۇردى . يەنە بىرنەچچە سوئال ـ جاۋابتىن كېيىن ، مەن : دەلىل ـ ئىسپات تولىمۇ ئاجىز ئىكەن ، مەن ئىشەنمەيمەن ! دەپ جاۋاب بەردىم . ئەلۋەتتە ، شۇ چاغدا ناخۇش تارقىلىپ كەتتۇق . لېكىن كېيىنكى كۈنلەردىمۇ خۇفېڭ « ساتقۇن » ئىكەن دېگەن سۆزنى ئاڭلىمىدىم . ئەمما ئەجەبكى ، شۇندىن كېيىن كىچىك گېزىتلەر ھەر قاچان خۇفېڭغا ھۇجۇم قىلسا ، مېنى چېتىۋالىدىغان ياكى مېنىڭ مۇناسىۋىتىم بىلەن خۇ فېڭنى چاتىدىغان بولۇپ قالدى . يېقىنقىسىنى ئالسام ، « رېئال ئەدەبىيات » تا ٥٠٧ خاتىرىلىگەن مېنىڭ تەشەببۇسۇم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ، « جەمئىيەت » ناملىق گېزىت ، ٥٠٧ نىڭ ئۆزى خۇ فېڭ ، دېدى . خاتىرىنىمۇ مېنىڭ ئەسلى نىيىتىمگە ئۇيغۇن ئەمەس دېدى . يىراقىنى ئالسام ، جۇۋېن فۇ دۇگخۇانىڭ ئۆز رومانىنى ئۆزگەرتكەنلىكىگە نارازىلىق بىلدۈرگەن چاغدا ، يەنە شۇ گېزىت مېنى ۋە خۇ فېڭنى بۇ ئىشنىڭ ئارقا تىرىكى، قىلىپ كۆرسەتتى . ھەممىدىن قەبىھ بولغىنى شۇكى ، بۇلتۇر قىش ياكى بۇ يىل ئەتىيازدا بولسا كېرەك ، يەنە شۇ گېزىت گۇللۇك رامكىلىق بىر مۇھىم خەۋەر باستى ، ئۇ خەۋەرگە قارىغاندا ، مەن نەنجىڭگە تەسلىم بولۇش ئالدىدا تۇرۇپتۇمىشمەن ، بۇ يولدا كۈچ چىقىرىۋاتقىنى خۇ فېڭ ئىمىش ، مەيلى تېز ياكى ئاستا بولسۇن ، ئۇنىڭ چارىسىگە قاراپ تۇرۇپتۇمىش . ئۆزۈمدىن تاشقىرى ئىشلارغىمۇ قاراپ باقتىم : بىر ياش يىگىت « ساتقۇن » دەپ ئەيىبلەنگەنلىكى ئۈچۈن ، بارلىق دوستلىرى ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ كېتىپتۇ ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاخىر پاناھ تاپالماي كوچىلاردا سەرسان بولۇپ يۈرۈپ ، نەتىجىدە قولغا ئېلىنىپ ، قىيىن ـ قىستاققا قالماپتۇمۇ ؟ يەنە بىر ياش يىگىتمۇ « ساتقۇن » دەپ قارىلىنىپ — لېكىن باتۇرانە كۈرەشكە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن ئەمەس — ھازىر سۇجۇ تۈرمىسىدە ئۆلۈك ـ تىرىكىدىن دېرەك يوق ياتامدۇ ؟ بۇ ئىككى ياش ئۆزلىرىنىڭ مۇ مۇتيەندەك بىر نېمىلەرگە ئوخشاش داغدۇغىلىق تۆۋە قىلىش ماقالىلىرىنىمۇ يازمىغانلىقىنى ، تيەن خەنگە ئوخشاش نەنجىڭ سەھنىلىرىدە ئۆز ئويۇنىنى ئويناپ [19] يۈرمىگەنلىكىنىمۇ پاكىت بىلەن ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، ئادەملەرگىمۇ قاراپ باقتىم : خۇ فېڭ ئىشەنچلىك بولمىغان تەقدىردىمۇ ، لېكىن مەن ئۆزۈمگە ھەر ھالدا ئىشىنەلەيمەن ، مەن خۇ فېڭ ئارقىلىق نەنجىڭ بىلەن

شەرتلەشكىنىم يوق. دېمەك، ئەكسىچە، خۇ فېڭنىڭ تۈز ئىكەنلىكىنى، ئاسانلا تاپا - تەنىگە قالىدىغانلىقىنى، يېقىنلاشسا بولىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ قالدىم؛ جۇ چىيىڭ قاتارلىق بىر نېمىلەردىن، باشقىلارغا ئاسانلا بوھتان چاپلايدىغان ياشلاردىن، ئەكسىچە، گۇمانلىنىدىغان، ھەتتا يىرگىنىدىغان بولۇپ قالدىم، تەبىئىيكى، جۇ چىيىڭنىڭ باشقا ئارتۇقچىلىقىمۇ باردۇر، بۇندىن كېيىن ئۇنداقمۇ قىلماي، ھەقىقىي ئىنقىلابچىغا ئايلىنىپ كېتىشىمۇ ئېھتىمال. خۇ فېڭنىڭمۇ كەمچىلىكى بار، ئەسەبىي، ئۇششاق سۆز؛ نەزەرىيە جەھەتتە كاجلىقىمۇ بار، يېزىقتا ئاممىۋىلاشتۇرۇشقا ئۇنىمايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغان ياش ئىكەنلىكى ئېنىق، ئۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا قارشى بىرەر ھەرىكەتكە قاتناشقان ياكى بىرلىكسەپكە قارشى تۇرغان ئەمەس، بۇنى شۇي ماۋيۇڭدەك بىر نېمىلەر ھەر قانچە باش قاتۇرسىمۇ يوققا چىقىرىۋېتەلمەيدۇ.

خۇۋاڭ يۈەنگە كەلسەم، مېنىڭچە ئۇ ئالغا ئىنتىلىدىغان ئەسنايىدىل تەرجىمان، بۇنىڭغا « تەرجىمىلەر » دېگەن ئەمەلىي ژۇرنال ۋە باشقا بىر نەچچە خىل تەرجىمە كىتابلىرى دەلىل بولالايدۇ. باجىن بولسا قىزغىن، ئىلغار ئىدىيىلىك يازغۇچى، بارماقلاپ سانىغۇچىلىكى بار ياخشى يازغۇچىلار قاتارىدىكى يازغۇچى. ئۇنىڭ « ئانارخىست » دېگەن نامى بولسىمۇ، ئۇ بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزگە قارشى چىققىنى يوق، ئۇ ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى بىرلىكتە قول قويغان جەڭگىۋار خىتابنامىغىمۇ قول قويغان. خۇۋاڭ يۈەنمۇ قول قويغان. بۇنداق تەرجىمانلار ۋە يازغۇچىلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپكە قاتناشسا، بىز ئۇلارنى قارشى ئالىمىز. شۇي ماۋيۇڭ قاتارلىقلار نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى « قەبىھ » دەيدىكىن تاڭ؟ ئەجەبا « تەرجىمىلەر » ئۇلارنىڭ كۆزىگە قادالدىمۇ يا؟ ئەجەبا ئىسپانىيە « ئانارخىزمى » ئىنقىلابقا بۇزغۇنچىلىق سالسا [20]، بۇنىڭغا باجىن جاۋابكار بولامدىكەن؟

يەنە، جۇڭگودا يېقىندىن بۇيان ئادەتتىكى بىر ئەھۋال بولۇپ قارىلىۋاتقىنى، ئەمەلىيەتتە « مەدەت » بېرىلمىگەن بولسىمۇ دەل « قەبىھ



-خاھىش » بولۇپ كېلىۋاتقىنى — ئىككىنچى تەرەپكە ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوقلا ئەڭ يامان بەتنامىنى چاپلاش. مەسىلەن: شۇي ماۋيۇڭنىڭ خۇ فېڭنى « كەززاپ »، خۇۋاڭ يۈەننى « يالاقچى » دېگىنى ئەنە شۇنىڭغا كىرىدۇ. تيەن خەن، جۇ چىيىڭلار خۇفېڭنى « ساتقۇن » دېيىشىدى، ئاخىر ئۇنداق بولماي چىقتى، بۇ ئۇلارنىڭ كاللىسى قاپاقلىشىپ قالغانلىقىدىن بولغان؛ خۇ فېڭنىڭ « ساتقۇن » ئەمەسلىكى ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئۆزىنى يالغانچى قىلىپ قويدى. « جەمئىيەت » گېزىتىنىڭ يېزىشىچە، خۇ فېڭ مېنى بۇرۇلۇش تەرىپىگە تارتقانمىش، لېكىن تاكى ھازىرغىچە بۇرۇلۇپ كەتكىنىم يوق، دېمەك ئاپتور قەستەن قارا چاپلىغان؛ خۇ فېڭ كەززاپلىق بىلەن مېنى تارتقانمىش، ئەمەلىيەتتە تارتمىغانلىقى مۇخبىرنى پىتنىخورغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. خۇ فېڭ « سۆيۈنۈپ كەتكۈدەك سولچى » ئەمەسمىش، لېكىن مېنىڭچە ئۇنىڭ خۇسۇسىي رەقىپلىرى ھەقىقەتتە « قورقۇنچلۇق سولچى » ئىكەن. خۇۋاڭ يۈەن ماقالە يېزىپ مېنى ماختىغان ئەمەس، ماڭا تەرجىمىھال يازغانمۇ ئەمەس، لېكىن مەخسۇسلا بىر ئايلىق ژۇرنال چىقىرىۋاتىدۇ، ئۇ ناھايىتى جاۋابكارلىق بىلەن ئىشلەيدۇ، بۇ ھەقتە جامائەت پىكرىمۇ يامان ئەمەس، ئۇ قاندىغىسىغا « يالاقچى » بولسۇن، قاندىقىسىغا ماڭا « سادىق، ھۆرمەتچان » بولسۇن؟ ئەجەبا « تەرجىمىلەر » مېنىڭ خۇسۇسىي مۈلكىممىكەن؟ خۇۋاڭ يۈەننىڭ « فۇ دۇڭخۇا بىلەن جېن جېڭدوغا [21] پايپېتەك بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىدىكى يالاقچىلىقى » نى شۇي ماۋيۇڭ ئەمىر - پەرماندىن بىلگەن بولسا كېرەك، لېكىن مەن بىلمەيمەن، كۆرگىنىممۇ يوق، ئۇ مەن بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىپ يۈرگەن چاغلاردا، ئۇنىڭ « يالاقچى » لىق قىلغانلىقىنى كۆرگىنىم يوق، شۇي ماۋيۇڭمۇ بىرەر قېتىممۇ بىللە بولۇپ باققان ئەمەس، ئۇنىڭ فۇ ۋە جېڭغا پايپېتەك بولۇپ يۈرگەنلىكى بىلەن « پەرقسىز » ئىكەنلىكىگە نېمىگە ئاساسلىنىپ ھۆكۈم قىلغانلىقىنى بىلمىدىم. شۇ قېتىمقى مەسلىھەت يىغىنىنى ئالسام، مەنمۇ گۇۋاھ، ئۆزى ئەمەلىيەتتە قاتناشمىغان شۇي ماۋيۇڭ ئەمەلىيەتتە شۇ سورۇندا بولغان مېنىڭ ئۈستۈمدىن شۇنداق ئاغزىغا كەلگىنىچە كاپشىپ

تۆھمەت ـ بوھتان قىلغانلىقىنى ئۆتۈپ كەتكەن ئۆكتەملىك دەپ ئېيتىش مۇمكىن. بۇ « ھازىرقى تۈپ سىياسەت » نى « چۈشىنىپ » كەتكەنلىكىدىن بولغانمۇ يا ؟ « پۈتۈن دۇنيادىمۇ شۇنداق » مۇ ؟ ئۇنداق بولسا، بۇنىڭ ھەيۋىسى قالتىسقۇ !

ئەمەلىيەتتە، « ھازىرقى تۈپ سىياسەت » ھەرگىزمۇ ئۇنداق ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كەتكەن ئەمەس. « ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى » تۇرسىلا سەپداش بولىدۇ دەۋاتاتتىڭلارغۇ ؟ « كاززاپلىق »، « يالاقچىلىق » نېمەڭلارغا تاقاشتى ؟ نېمىشقا خۇ فېڭنىڭ ماقالىسىنى قىرغىن قىلماقچى، خۇاڭ يۈەننىڭ « تەرجىمىلەر » نى يوقاتماقچى بولۇپ قالدىڭلار ؟ ئۇلارنىڭ ماقالىلىرى « 21 ماددا » [22] ۋە « مەدەنىيەت تاجاۋۇزى » بىلەن تولۇپ كېتىپتۇمىكەنيا ؟ ھەممىدىن ئاۋۋال سۇپۇرۇپ تاشلاشقا تېگىشلىك بولغىنى، ئەكسىچە، چوڭ تۇغ بىلەن تېرە تاراقشىتىپ، باشقىلارغا پوپۇزا قىلىدىغان كىشىلەر ؛ كۆڭلىگە كىچىككىنە ياقماي قالسا، مازار (!) لىرىنى ھىمات قىلىپ، باشقىلارغا بەتنام چاپلايدىغان، بەلكى قورقۇنچلۇق ئېغىر بەتناملارنى چاپلايدىغان ئۆكتەملەر. تەبىئىيكى، سەپ قۇرۇلىدۇ، لېكىن پوپۇزا بىلەن قۇرۇلغان سەپ جەڭگە يارىمايدۇ. ئىلگىرى شۇنداق ساۋاقلار بولغان، كونا ساۋاقلارنى تەكرارلايدىغان مەلئۇنلار ئۆلگۈچە ھوشىنى تاپماي، مانا ئەمدى ھازىر مېنىڭ ئالدىمدا شۈي ماۋيۈك قىياپىتى بىلەن پەيدا بولۇپ تۇرۇپتۇ.

سولقاناتلار ئىتتىپاقى [23] ۋۇجۇتقا چىقىشتىن ئىلگىرى ـ كېيىنكى بەزى ئاتالمىش ئىنقىلابىي يازغۇچىلار ئەمەلىيەتتە خاراۋاتىلارنىڭ ئەبگاھ پۇشتى. ئۇلارنىڭ قورساق كۆپۈكى بار، ئۇلار قارشىلىق كۆرسىتىدۇ، جەڭ قىلىدۇ. لېكىن كۆپ ھاللاردا خانىۋەيران بولغان ئۇرۇقلار ئىچىدىكى كېلىن بىلەن قىزنىڭ قىزىرىشىش، يەڭگە بىلەن ئاكىنىڭ جېدەللىشىش ئۇسۇللىرىنى ئەدەبىيات مۇنبىرلىرىگە كۆچۈرۈپ كېلىدۇ، گىڭ ـ گىڭ قىلىپ، يوقىلاڭ چاتاقلارنى تېپىپ، تىللىشىدۇ، چوڭ ئىشلارنى ھەرگىز نەزەردە تۇتمايدۇ. ئۇلار مانا مۇشۇنداق جەندىنى تەۋەررۇك قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، ماۋدۇن ۋە گو مورونى ئالسام، ئۇلار تونۇش بولاي



ياكى دىدارلاشمىغان بولاي ۋە ياكى توقۇنۇشۇپ قالمىغان ياكى قەلەم بىلەن كىنايە قىلىشقان بولاي، مەيلى، لېكىن چوڭ جەڭدە ھەممىمىز بىر نىشاندا بولۇپ كېلىۋاتىمىز، شەخسىي ئاغرىنچىنى ھەرگىز كېچە ـ كۈندۈز كۆڭۈل ـ كۆڭلىمىزدە تۇتقىنىمىز يوق. ئەمما كىچىك گېزىتچاقلار، خۇددى بىز ئورۇن تالىشىش، بىگىسمىزنى كۆرسىتىش بىلەنلا بولۇپ قالغاندەك، لۇشۈن ماۋدۇنگە قارىغاندا ئانداق، گومورو لۇشۈنگە قارىغاندا مۇنداق دېگەن بىر نېمىلەرنى يېزىشقا خۇشتار بولۇپ يۈرۈۋاتىدۇ. « تەرجىمە ماقالىلەر » نەشىردىن توختاپ قالغاندىن كېيىن، « دۇنيا ئەدەبىياتى خەزىنىسى » « ئۆلۈك جانلار » نىڭ بىرىنچى قىسمىنى بېسىپ بولغانىدى، لېكىن كىچىك گېزىتلەر « جىن جىڭدۇ " ئۆلۈك جانلار " نىڭ بىلىنى ئۇشتۇۋەتتى »، لۇشۈن ئاچچىقىغا پايلىماي تەرجىمىسىنى توختىتىپ قويىدى، دەپ يازدى. ھەقىقەتتە مانا بۇ دەل قەبىھ خاھىشنىڭ ئۆزى شۇ، بۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىنىڭ كۈچىنى پىتنە ـ ئىغۋا بىلەن چېچىۋېتىدىغان « ساتقۇن » لۇققا يېقىن ھەرىكەت، شۇنداقلا خانىۋەيران بولغان ئەدىبلەرنىڭ ئاخىرقى يولى.

مېنىڭچە، شۈي ماۋيۈكمۇ گىڭ ـ گىڭ قىلىدىغان ئاپتور، ئۇنىڭ كىچىك گېزىتلەر بىلەن ئالاقىسى بار، لېكىن ئۇ تېخى ئاخىرقى يولغا كىرىپ قالمىغان. بىراق تولىمۇ كولدۇرلاپ كەتكەن ( ئۇنداق بولمىسا، ئەركىلىكتە ئۆكتەم بولۇپ قالغان ). مەسىلەن : ئۇ ئۆز خېتىدە : « ئۇلارنىڭ سۆز ھەرىكەتلىرىگە پەشۋا بېرىش ئەسلىدە ناھايىتى ئاسان ئىدى، لېكىن جانابلىرى ئۇلارغا بىكاردىن ـ بىكار قالقان بولۇپ قالدىلا . . . شۇڭا ئەمەلىي ھەل قىلىشتا ۋە يېزىق كۈرەشىدە ھەممە ئادەم ناھايىتى قىيىنلىشىپ قالدى » دەيدۇ. خۇ فېڭنىڭ كاززاپلىقىغا، خۇاڭ يۈەننىڭ يالاقچىلىقىغا پەزىلەت جەھەتتىن پەشۋا بەرمەكچىمۇ ياكى خۇ فېڭنىڭ ماقالىلىرىگە، خۇاڭ يۈەننىڭ « تەرجىمىلەر » گە ماقالا يېزىش جەھەتتىن پەشۋا بەرمەكچىمۇ ؟ مەن بۇلارنى بىلىشكە ئىنتىزار ئەمەسمەن. مەن شۇنى سورىماقچىمەنكى، نېمىشقا مەن ئۇلار بىلەن تونۇش بولغانلىقىم تۈپەيلىدىن ئۇلارغا « زەربە » بېرىشتە « ناھايىتى قىيىنلىپ »

قالـىدىكـەن ؟ پـىتنە ـ ئىغۋا بىلەن چاتاق چىقىرىشقا مەن ھەرگىز قو- شۇلـمايـمەن ، ئەلـۋەتـتە ؛ لـېكـىن ئەگـەر شۈي ماۋيۇڭلارنىڭ سۆزى ئورۇنـلـۇق ، ئىشى يوللۇق بولسا ، مەن ئۇلارغا ۋەكالىتەن خەلقى ئالەمنىڭ كـۆزىنى بوياپ بېرەمدىكەنمەن ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە « ئەمەلىي ھەل قىلىش » دېگـەن نېمە ؟ سـۇرگـۈن قىلـىشـمۇ يـاكـى كـالـلـىسىنى ئېلىشمۇ ؟ « بـىرلـىكـسـەپ » دېگەن چوڭ تېما ئاستىدا باشقىلارغا شۇنداق بەتنام ـ تۆھمەت قىلىنامدىكەن ، شۇنداق ھەيۋە قىلىنامدىكەن ؟ « دۆلەت مۇداپىئە ئەدەبـىـيـاتـى » دا يـىـرىـك ئەسەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىنى تىلەۋاتىمەن ، ئۇنـداق قـىلـىمىغان بولسام ، ئېھتىمال مەن يەنە يېقىنقى يېرىم يىلدىن بۇيان « قەبىھ خاھىشلارغا مەدەت بەرگەن » بەتنامغا قالغان بولار ئىكەنمەن .

ئاخـىرىدا ، شۈي ماۋيۇڭ مېنى « ستالىننىڭ تەرجىمىھالى » ㉔ نى ئوبـدان ئوقـۇشقا دالالەت قىپتۇ . توغرا ، مەن ئۇنى ئوبدان ئوقۇيمەن ، ھا- يـاتلا بـولـىدىكـەنـمەن ، ئەلۋەتتە ئۆگىنىۋېرىمەن ؛ لېكىن ئاخىرىدا مەنمۇ ئۇنـىـڭ بىر نەچچە ياندۇرۇپ تەپسىلىي ئوقۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن ، چۈنكى ئۇ تەرجىمە قىلىنغان ۋاقىتىدا ھېچنەرسىنى ئۆزلەشتۈرۈۋالمىغاندەك تـۇرىـدۇ ، ھەقـىـقـەتەن يېڭىباشتىن تەپسىلىي ئوقۇپ چىقىش زۆرۈرىيىتى بـار . ئۇنداق قىلماي ، بىرەر تۇغنى قولغا ئېلىۋېلىپ ، شۇنىڭ بىلەن ئاكاڭ قـارىـغـاي بـولـۇۋالـسا ، قـۇللارنىڭ خوجايىنىدەك قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ، قـامـچـىسىنى پۇلاڭلىتىشنى بىردىنبىر كەسىپ قىلىۋالسا ، بۇنىڭغا داۋا يوق ، بۇنىڭ جۇڭگو ئۈچۈنمۇ زىيىنى باركى ، قىلچىلىك پايدىسى يوق .

8 ـ ئاينىڭ 3 ـ 6 ـ كۈنلىرى

**ئىزاھات**

① بـۇ مـاقـالـە دەسـلـەپ 1936 ـ يـىـلـى 8 ـ ئايـدا « يـازغـۇچـى » ئايلىق ژورنـىـلـىـنىڭ 1 ـ جىلد 5 ـ سانىغا بېسىلغان . لۇشۈن شۇ چاغدا كېسەل ياتقانلىق- تـىـن ، فـېـڭ شـۈفـېـڭ بـۇ ماقالىنى لۇشۈننىڭ پىكرىگە ئاساسەن يازغان ، لۇشۈن تولۇقلىغان ۋە تۈزەتكەن .

② باجىن ـــ سىچۈەنلىك ، يازغۇچى ، تەرجىمان .

خـۇاڭ يـۈەن ـــ جـېجياڭلىق ، تەرجىمان ، ئۆز ۋاقتىدىكى « تەرجىمىلەر »



ژورنىلىنىڭ تەھرىرى .

③ خـۇ فـېـڭ ـــ ئەسـلـى ئىـسمى جاڭ گۇاڭرېن ، خۇبېيلىق ، ئەدەبىيات نەزەرىيىچىسى .

④ « ئەدەبـىـيـات ـ سـەنئەتـچـىلەر جەمئىيىتى » ـــ 1936 ـ يىلى 6 ـ ئايدا قۇرۇلغان .

⑤ بـۇ يەردە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى جەھەتتە باستۇرۇش ، تاشقى جەھەتتە تەسلىم بولۇش سىياسىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

⑥ « ئەدەبـىـيـات ساھەسى » ـــ جۇيۈەننىڭ تەھرىرلىكىدە چىققان ئايلىق ئەدەبىي ژورنال .

⑦ بـۇ يـەردە خې جياخۇەينىڭ « ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنىڭ بىرلىشىشى توغرىسىدا مېنىڭ پىكرىم » دېگەن ماقالىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

⑧ « ئاكـىـسـى ، سـىـڭلىسى » ، « قوشماق ئۆردەك ، جۈپ كېپىنەك » ـــ بـۇلار ئۆز ۋاقـتـىـدا شاڭخەيدە دەۋر سۈرگەن مەخسۇسلا ئەپەندىلەر ، نازىنىنلارنى تـەسـۋىـرلـەپ يـازىـدىغان « قوشماق ئۆردەك ، جۈپ كېپىنەكچىلەر » ئەدەبىيات ـ سەنئىتىگە قارىتىلغان .

⑨ فـرانـسـىـيـىـدىـكـى خـەلـق فـرونتى ـــ فرانسىيىدىكى فاشىزمغا قارشى بىرلىكسەپ تەشكىلاتى .

⑩ يەنە بىر ئاپتور ـــ بۇ يەردە جۇ ياڭ كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

⑪ خەن شيەن ـــ تيەنجىنلىك ، ئەدىب .

⑫ « ئاق يـەكـتەكلىك موللا » ۋاڭ لۈن ـــ « سۇ بويىدا » دېگەن جەڭ- نامىدىكى پېرسوناژلارنىڭ بىرى . « سۇ بويىدا » نىڭ 19 ـ بابىغا قاراڭ .

⑬ شـىـڭـرىـن ـــ يـەنـى چېـن شـىـڭـرىن ، گۇاڭدۇڭلۇق ، ئۆز ۋاقتىدا توكيودىكى « جۇڭگو سول قانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقى » نىڭ ئەزاسى ئىدى .

⑭ بۇ يەردە « چىلتەكلىك ئەدەبىيات » كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

⑮ بـۇ يـەردە « جـۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرىنىڭ خىتابنامىسى » غا ئىمزا قويغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

⑯ « بىر مەشھۇر ئادەم » ـــ شيايەن .

⑰ جۇ چىبىڭ ـــ جۇ ياڭ .

⑱ يەنە ئىككىيلەن ـ شيايەن ، ياڭ خەنشىڭ .

⑲ تـيـەن خەن 1935 ـ يىلى 2 ـ ئايدا قولغا ئېلىنىپ ، 8 ـ ئايدا كېپىللىك بـىلەن تۈرمىدىن چىققان . تۈرمىدىن چىقىپلا ، نەنجىڭدە « جۇڭگو سانائىي نەپىسە جەمئىيىتى » نى تەشـكـىللـەپ ، « قايتـىـپ كەلگـەن باھـارىم » ، « كەلـكۈن » ،

« قورallىق تۇتۇشۇش » دېگەندەك ئويۇنلىرىنى سەھنىلەشتۈرگەن . كېيىن پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ تەنقىدىنى قوبۇل قىلىپ ، بۇ پائالىيەتلىرىنى توختاتقان .

⑳ بۇ يەردە 1936 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئىسپانىيىدە فاشىزمغا قارشى قۇرۇلغان « ئىسپانىيە خەلق فرونتى » ناملىق بىرلىكسەپ تەشكىلاتىدىكى ئانارخىزمچىلار گۇرۇھىنىڭ كېيىنكى چاغدا ئىچكى ئىختىلاپ تۇغدۇرۇپ ، ئىنقىلابنى بۇزۇش رولىنى ئوينىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

㉑ فۇ ۋە جېن — ئۆز ۋاقتىدىكى يازغۇچى ، ئەدەبىياتشۇناس فۇدۇڭخۋا ۋە جېن جېڭدۇ .

㉒ « يىگىرمە بىر ماددا » — ياپون جاھانگىرلىكى جۇڭگونى يېگانە ئىشغال قىلىش غەرىزى بىلەن 1915 ـ يىلى شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىنىڭ زۇڭتۇڭى يۈەن شىكەيگە قويغان يىگىرمە بىر ماددىلىق مەخپىي شەرتنامە .

㉓ سول قاناتلار ئىتتىپاقى — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە قۇرۇلغان ئىنقىلابىي ئەدەبىي تەشكىلات ، 1930 ـ يىلى مارتتا قۇرۇلۇپ ، 1935 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا تارقىلىپ كەتكەن .

㉔ « ستالىننىڭ تەرجىمھالى » — فرانسىيىلىك بابىبىت يازغان ، شۈي ماۋيۈڭ تەرجىمە قىلغان خەنزۇچە نۇسخىسى 1936 ـ يىلى « بىر ئادەم ئارقىلىق يېڭى دۇنياغا بىر نەزەر » دېگەن نام بىلەن چىققان .



## بۇمۇ تۇرمۇش ... ①

بۇمۇ ئاغرىپ ياتقان چاغلاردىكى ئەھۋال .

بەزى ئىشلارنى ساق كىشىلەر ياكى كېسەل كىشىلەر ھېس قىلمايدۇ ، ئۇلارغا بۇنداق ئىشلار بەلكىم دۇچ كەلمىگەندۇر ، بەلكىم بەكمۇ ئەرزىمەس تۇيۇلغاندۇر . بۇنداق ئىشلارنى كىشى قاتتىق كېسەلدىن يېڭى ساقايغاندا ، ئاندىن ھېس قىلىدۇ ؛ مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتكەن ھارغىنلىق تەشۋىشى ۋە دەم ئېلىش ھۇزۇرى بۇنىڭ ياخشى ئىككى مىسالى . مەن بۇرۇن ، تولا چاغلاردا ، ھېرىش دېگەننى زادى بىلمەيمەن دەپ ئۆزۈمگە تەمەننا قوياتتىم . يېزىق ئۈستىلىمنىڭ ئالدىدا بىر يۇمىلاق ئورۇندۇق بار ئىدى ، مەن ئۇنىڭغا ئولتۇرۇپ خەت يازاتتىم ياكى كۆڭۈل قويۇپ كىتاب ئوقۇيتتىم ، بۇ ، ئىشلىگىنىم ئىدى ؛ ئۈستەلنىڭ يېنىدا بىر دىۋان بار ئىدى ، مەن ئۇنىڭدا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ، باشقىلار بىلەن پاراڭلىشاتتىم ياكى ئىختىيارىمچە گېزىت ئوقۇيتتىم ، بۇ بولسا ، دەم ئالغىنىم ئىدى ؛ بۇ ئىككى ئىش ماڭا ئانچە چوڭ پەرقى يوقتەك تۇيۇلاتتى ، تولا چاغلاردا ، بۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمگە تەمەننا قوياتتىم ، بۇنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ئەمدى بىلىۋاتىمەن ، ماڭا ئانچە چوڭ پەرقى يوقتەك تۇرغانلىقى ماڭا ھاردۇق يەتمىگەنلىكىدىن ، يەنى كۈچەپ ئىشلىمىگەنلىكىمدىن بولغانىكەن .

مېنىڭ بىر تۇغقىنىمنىڭ بالىسى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ، نائىلاج پايپاق فابرىكىسىغا شاگىرت بولۇپ كىرگەندى . ئۇنىڭ كەيپى ناھايىتى تۆۋەن ئىدى ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىش بەك ئېغىر بولغاچقا ، كۈچىنى ئايىماي ، بىر يىلدىن كۆپرەك بەرداشلىق بېرىپ ئىشلەپتۇ . بىر كۈنى ئۇ ئۇشتۇمتۇت يىقىلىپ قاپتۇ ۋە ئاكىسىغا « زادىلا ماغدۇرۇم قالمىدى » دەپتۇ . ئۇ شۇندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرالماي قاپتۇ . ئۆيىگە قايتۇرۇپ ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن ، تەكىيە تۇتۇپ ياتاتتى . نە كۆڭلى تاماق تاتقاي ، نە ئورنىدىن قوزغالغۇسى ، سۆزلىگۈسى كەلگەي .

سارالار ئىبادەتخانىسىنىڭ دوختۇرىنى چاقىرتىپ كېلىپ كۆرسەتتىپتىكەن، ئەزايىدا ھېچقانداق كېسەل يوق، بىراق، ھېرىپ ھالىدىن كېتىپتۇ، دەپتۇ. ئۇنى ساقايتىشنىڭمۇ بىرەر ئامالى بولمىغاچقا، ماغدۇرسىزلىقتىن كېيىن كېلىدىغان نەرسىنىڭ ئۇن - تۇنسىز ئۆلۈش ئىكەنلىكى تەبىئىي.

مۇشۇنداق ئەھۋال مېنىڭ بېشىمدىنمۇ ئىككى كۈن ئۆتتى، لېكىن سەۋەبى ئوخشاش ئەمەس، ئۇ ئىشلەپ ھالىدىن كەتكەن بولسا، مەن كېسەل بولۇپ ھالسىزلىنىپ كەتتىم. مەندە، ھەقىقەتەن، ھېچقانداق ئارزۇ - ئارمانمۇ يوقتەك، بارلىق ھەرىكەتلىرىم ئارتۇقچە ئىشتەك؛ مەن ئۆلۈشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەيتتىم، لېكىن، ھايات ياشاۋاتقانلىقىمنىمۇ تۇيمايتتىم؛ « ئارزۇ - ئارمانسىزلىق ھالىتى »، يەنى ئۆلۈمنىڭ تۇنجى قەدىمى ئەنە شۇ. شۇڭا مېنى ياخشى كۆرىدىغانلار ئۆز ئىچىدە كۆزلىرىگە ياش ئاپتۇ. ئەمما مېنىڭ ھالىم بىرئاز تۈزىلىپ قالدى، بىرئاز سۇيۇق - سىلەڭ نەرسە ئىچكىم كېلىدىغان بولدى، بەزىدە ئەتراپىمدىكى نەرسىلەرگىمۇ، مەسىلەن، تام، چىۋىن قاتارلىق نەرسىلەرگىمۇ نەزەر سالىدىغان بولدۇم، شۇنىدىن كېيىن، ھارغىنلىقىمنى، دىم ئېلىشقا موھتاج بولۇپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

كۆڭۈل تارتقانچە يېتىپ كېرىلىپ، قاتتىق بىر ئەسنەپ ئېلىش، ئاندىن كېيىن پۈتۈن ئەزانى مۇۋاپىق ئورۇنغا قويۇپ، بارلىق كۈچىگەن يەرلەرنى بوشاشتۇرۇۋېلىش — بۇ ھەقىقەتەن چوڭ راھەت. بۇنداق راھەتنى ھېچقاچان كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. قاۋۇل ياكى ئامەتلىك كىشىلەرمۇ كۆرۈپ باقمىغان بولسا كېرەك.

ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، ئالدىنقى يىلىمۇ ئاغرىپ ساقايغاندىن كېيىن، « ساقايغاندىن كېيىنكى سۆزلەر » سەرلەۋھىلىك بەش بابلىق ماقالا يېزىپ، « ئەدەبىيات » قا ئەۋەتكەنىدىم، لېكىن كېيىنكى تۆت بابىنى ئېلان قىلىشقا ئامال تېپىشالماي قاپتۇ، بېسىلىپ چىققاندىن كېيىن پەقەت باشتىكى بىر بابىلا قاپتۇ. ماقالىنىڭ بېشىدا « 1 » دەپ ئېنىق يېزىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاخىرى بىردىنلا ئۈزۈلۈپ



قالغانلىقى « 2 »، « 3 » لىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، زەن قويۇپ ئوقۇغان ئادەم ھەيران بولماي قالمايدۇ. لېكىن بۇ ھەقتە ھەربىر كىتابخانغا تەلەپ قويغۇلى، ھەتتا تەنقىدچىلەردىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن، كىمدۇر بىراۋ ئەشۇ بىر بابقا قاراپلا، مېنىڭ ئۈستۈمدىن « لۇشۈن كېسەل بولۇشنى قوۋۋەتلەيدۇ » دەپ ھۆكۈم چىقىرىپتۇ. ھازىر بۇنداق ئاپەتتىن، بەلكىم، ۋاقتىنچە قۇتۇلغان بولۇشۇم مۇمكىن، شۇنداق بولسىمۇ يەنىلا ئاۋۋال مەشەدە ئېيتىپ قويغىنىم ياخشى: « مېنىڭ سۆزۈم شۇ يەردە تۈگەپ قالغىنى يوق. »

كېيىنچە بىرئاز ياخشى بولۇپ 4 - 5 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بىر كېچىسى ئويغىنىپ كەتتىم ۋە گۇاڭپىڭنى ئويغاتتىم.

— ماڭا بىرئاز سۇ بېرىڭ. چىراغنىمۇ ياندۇرۇۋېتىڭ. ئۇياق - بۇياققا قاراۋالاي.

-. نېمىشقا؟ ... — دېدى ئۇ بىرئاز ئەنسىز ئاۋاز بىلەن، بەلكى مېنى جۆيلۈۋاتىدۇ، دەپ ئويلىدى بولغاي.

-. چۈنكى، مەن ياشىشىم كېرەك، چۈشىنىۋاتامسىز؟ بۇمۇ تۇرمۇش .. دە. مەن ئۇياق - بۇياققا قاراۋالاي.

-. ھە ... ، — ئۇ مېڭىشقا باشلىدى، ماڭا بىرنەچچە يۇتۇم چاي ئىچكۈزدى، بىرئاز تېڭىرقاپ ئۇيان - بۇيان ماڭغاندىن كېيىن يەنە ئاستا يېتىپ ياتتى، چىراغنى ياندۇرمىدى.

مەن ئۇنىڭ مېنىڭ سۆزۈمنى چۈشەنمىگەنلىكىنى ئۇقتۇم.

كوچىدىكى چىراغنىڭ نۇرى دېرىزىدىن چۈشۈپ، ئۆينىڭ ئىچىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى، مەن ئەتراپىمغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتتۈم، تونۇش تام، بۇلۇڭ جەگىسى، تونۇش كىتاب دەستىلىرى، دەستىلىنىپ تۇرغان كىتابلار يېنىدىكى تۈپلەنمىگەن رەسىملەر توپلىمى، تالادا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان كېچە، پايانى يوق يىراق جايلار، سان - ساناقسىز كىشىلەر، بۇلارنىڭ ھەممىسى مەن بىلەن ئالاقىدار. مەن مەۋجۇت تۇرۇۋاتىمەن، ياشاۋاتىمەن، داۋاملىق ياشايمەن. مەن ئۆزۈمنىڭ تېخىمۇ رېئال ئىكەنلىكىمنى، ھەرىكەت قىلىش ئارزۇيۇمنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىشقا

باشلىدىم — بىراق، كۆپ ئۆتمەي يەنە ئۇيقۇغا كەتتىم.
ئەتىسى ئەتىگەندە كونا نۇرى چۈشكەن چاغدا قارىسام، دېگەندەك، يەنە شۇ تونۇش تام، تونۇش كىتاب دەستىلىرى... بۇلارنى ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ دائىم كۆرۈپ تۇراتتىم، ئەمەلىيەتتە بولسا بۇنى بىر خىل دەم ئېلىش دەپ ھېسابلايتتىم. لېكىن بىز بۇنداق ئىشلارغا ئەزەلدىن سەل قاراپ كەپتىكەنمىز. ئۇلار تۇرمۇشنىڭ بىر بۆلىكى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى سىنچايدىن كېيىنكى باش قاشلىغانچىلىكمۇ كۆرمەپتىكەنمىز ياكى بىر ئىش قاتارىدىمۇ سانىماپتىكەنمىز. بىزنىڭ دىققىتىمىز ئالاھىدە بولغان مېغىزىدىلا بولۇپ، شېخىغا چۈشمەپتىكەن. مەشھۇر كىشىلەرنىڭ تەرجىمىھالىنى يازىدىغانلارمۇ، ئومۇمەن، ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ھە دەپ كۆپتۈرىدۇ، لى بەينىڭ[2] شېئىرنى قانداق يازغانلىقىنى، قانداق مەستخۇشلۇق قىلغانلىقىنى، ناپولېئوننىڭ[3] قانداق جەڭ قىلغانلىقىنى، نېمىشقا ئۇخلىمايدىغانلىقىنى يازىدۇ يۇ، ئۇلارنىڭ نېمىشقا مەستخۇشلۇق قىلمىغانلىقىنى، نېمىشقا ئۇخلايدىغانلىقىنى يازمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئادەم ئۆمۈر بويى مەستخۇشلۇق قىلىش بىلەنلا بولسا ياكى ئۇخلىمىسا ھايات ياشيالمايدۇ؛ ئادەمنىڭ بەزىدە مەستخۇش بولالىغانلىقى ۋە ئۇخلىمىغانلىقىغىمۇ دەل ئۇنىڭ بەزىدە مەسخۇشلۇق قىلمىغانلىقىدىن ھەم ئۇخلىغانلىقىدىن بولىدۇ. بىراق كىشىلەر بۇ ئادەتتىكى ئىشلارنى تۇرمۇشنىڭ ساقىندىلىرى دەپ كۆز قىرىنىمۇ سالمايدۇ.
دېمەك، ئۇلارنىڭ ئادەمگە، ياكى باشقا مەسىلىگە قارشى خۇددى قارىغۇ ئادەمنىڭ پىلنى سىلاپ بىلگىنىگە، پىلنىڭ پۇتىنى سىلاپ تۇتۇپ، پىلنىڭ شەكلى تۈۋرۈككە ئوخشايدىكەن، دېگىنىگە ئوخشايدۇ. جۇڭگودا قەدىمكى كىشىلەر ھەمىشە «مۇكەممەل» قىلىشقا بېرىلەتتى، ھەتتا ئاياللار ئىشلىتىدىغان «قارا توخۇ، ئاق سۇمۇرغ دورىسى» دېگەن دورىنى ياسىغاندىمۇ ھەتتا توخۇنى پەي، قانلىرى بىلەن قوشۇپ دورىغا كىرگۈزەتتى، ئۇلارنىڭ ئۇسۇلى، ئەلۋەتتە، كۈلكىلىك؛ لېكىن، نىيىتى دۇرۇس.
شاخ ـ يوپۇرماقلىرىنى پۇتىۋەتكەن ئادەم ھەرگىز مېۋە ئالالمايدۇ.



ماگا چىراغنى ياندۇرۇپ بەرمىگەنلىكى ئۇچۇن، گۇاڭپىڭدىن ناھايىتى رەنجىدىم، ئۇ كۆزۈمگە كۆرۈنگەن ھامان ئۇنىڭغا دەشنام بېرىدىغان بولدۇم. ئۆزۈم ماگالايدىغان بولغاندىن كېيىن، بېرىپ ئۇنىڭ ئوقۇغان ژۇرناللىرىنى ۋاراقلاپ قارىسام، دېگەندەك، مەن ئاغرىپ ياتقان چاغلاردا، ئېسىل نەرسىلەر بىلەن تولغان ژۇرناللار ئاز چىقماپتۇ. بەزىلىرىنىڭ ئاخىرقى بەتلىرىدە يەنىلا ئىلگىرىكىدەك «چىرايغا ھۆسن كىرگۈزۈشنىڭ ئەپچىل ئۇسۇلى»، «قېرى ئادەمنىڭ ياشىرىشى» ياكى «بۇۋىمىنىڭ سىرى» بولسىمۇ، لېكىن 1 ـ بېتىدە ھەر ھالدا ئاز ـ تولا مەردانە ماقالىلەر بېسىلىدىغان بولۇپتۇ. ماقالا يېزىش ئۇچۇن «ئەڭ مەركەزلىك تېما» پەيدا بوپتۇ: ھەتتا بوكسىرچىلار دەۋرىدە گېرمانىيە باش قوماندانى ۋالدىرسى بىلەن بىر مەزگىل بىر تەكىيدە ياتقان سەي جىنخۇاغىمۇ ئاللىقاچان ۋەتەننى قوغدىغۇچى پەرىزات دېگەن سۈپەت بېرىلىپتۇ[4].
تېخىمۇ ھەيران قالارلىقى شۇكى، بۇرۇن «خۇش بوي ھىلھىلە لىباسلىق مەلىكە»[5] نى بېسىپ چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنى شۆلگەيلىرىنى ئاقتۇرۇپ تەسۋىرلىگەن «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «يىلنامە» بېتىمۇ تۇرۇپلا خېلى بەك ئۆزگىرىپ قاپتۇ، بىر كونى تېخى بەت بېشىدىكى «پارچىلار» ناملىق مەخسۇس ستوندا كىشىلەرگە تاۋۇز يېگەن چاغدىمۇ، زېمىنىمىزنىڭ ئەشۇ تاۋۇزغا ئوخشاش پارە ـ پارە قىلىۋېتىلگەنلىكىنى ئويلاش لازىملىقىنى تەۋسىيە قىپتۇ. تەبىئىيكى، بۇ ھەممە ۋاقىت، ھەممە جايدا، ھەممە ئىشتا ۋەتەننى سۆيمەي قالمىغانلىق، بۇنىڭغا گەپ سىغمايدۇ. ئەمما مەن مۇشۇنداق ئويلىغاچ تاۋۇز يېسەم، ئېھتىمال، گېلىمدىن زادىلا ئۆتمەس، غەيرەت قىلىپ يۇتۇۋەتكىنىمدىمۇ، ھەزىم بولماي، قورسىقىمدا بىرھازا غۇلدۇرلىشى مۇمكىن. بۇنىڭغا كېسەل بولغاندىن كېيىن نېرۋامنىڭ ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكى سەۋەب بولۇشىمۇ ناتايىن. مېنىڭچە، ئەگەر بىر ئادەم ۋەتەنگە كەلگەن خورلۇقلار توغرىسىدا تاۋۇزنى مىسال كەلتۈرۈپ سۆزلىسە، لېكىسيە سۆزلەپ بولۇپلا، شۇ تا-

ۋۇزنى قۇۋۋەت بولسۇن دەپ خۇشال - خۇراملىق بىلەن يەۋەتسە، بەلكىم ئۇ ئادەم بىرئاز ئالجىپ قالغان چىقار. بۇنداق ئادەمگە ھەر قانچە دەرس ئۆتكەن بىلەنمۇ قىلچىلىك كار قىلمايدۇ.

مەن پىدائىي ئەسكەر بولغان ئەمەسمەن، شۇڭا دەل جايىدا سۆزلىيەلمەيمەن. لېكىن ئۆزۈمگە شۇنداق سوئال قويىمەن: جەڭچى تاۋۇز يېگەندە، ئومۇمەن، يېگەچ ئويلايدىغان قائىدە بارمۇ - يوق؟

مېنىڭچە، بولۇشى ناتايىن. ئۇنىڭ پەقەت ئۇسسىغانلىقى، يېگۈسى كەلگەنلىكى، تەمىنىڭ ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈنلا يېيىشى مۇمكىن؛ لېكىن قۇلاققا خۇش ياقىدىغان باشقا بىر مەر چوڭ داۋلىنى خىيالىغا كەلتۈرمەسلىكى مۇمكىن. كىشى تاۋۇز يېگەندىن كېيىن روھلىنىدۇ، جەڭ قىلغاندا گاللىرى قۇرۇپ، كالپۇكلىرى گەز باغلاپ كەتكەن چاغدىكىدىن باشقىچىرەك جەڭ قىلىدۇ. دېمەك، تاۋۇز يېيىش دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش بىلەن، دەرۋەقە مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، لېكىن، قانداق ئويلاش لازىملىقى توغرىسىدا شاگىخەيدە بېكىتىلگەن جەنلۆ بىلەن ئالاقىسى يوق. ئەشۇنداق كۆن بويى ئۆمچىيىپ يۈرۈپ - يەپ ئىچىۋەرسە، ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاشقازان كاردىن چىقىدۇ، ئۇ چاغدا دۈشمەنگە قانداق قارشى تۇرغىلى بولسۇن؟!

بىراق بەزىلەر تولا چاغلاردا غەلىتى گەپلەرنى قىلىدۇ، ھەتتا بىر دانە تاۋۇزنىمۇ ئادەتتىكىچە يەۋېتىشنى تەشەببۇس قىلغۇسى كەلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، جەڭچىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى پۈتۈنلەي تىللاردا داستان قىلارلىق بولۇۋەرمەيدۇ، ئەمما تىللاردا داستان قىلارلىق قىسمى بىلەن مۇناسىۋەتسىزمۇ بولمايدۇ. مانا شۇنداق جەڭچىلا ئەمەلىيەتتىكى جەڭچى ھېسابلىنىدۇ.

8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى

**ئىزاھات**

① بۇ ماقالا دەسلەپ 1936 - يىلى 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى «قاينام» ناملىق يېرىم ئايلىق ژورنالنىڭ 1 - جىلد 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.



② لى بەي (701 - 762 - يىللار) — يەنە بىر ئىسمى تەيبەي، تاڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا ياشىغان شائىر. شېئىرلىرىنىڭ تولىسىدا رومانتىك تۈس ناھايىتى قويۇق؛ لېكىن ئەسەرلىرىدە مەيخورلۇق، بىر مەر ئەۋلىيانىڭ دۇنياغا كېلىشىنى تەلەشتەك پاسسىپ خاھىشلارمۇ بار.

③ ناپولېئون (1769 - 1821 - يىللار) — يەنى ناپولېئون بوناپارت، فرانسىيەدە قۇرۇلغان بىرىنچى دىگونىنىڭ خانى، ئۇ ئىچكى جەھەتتە بۇرژۇئا ھەربىي دىكتاتۇرىسى يۈرگۈزگەن، تاشقى جەھەتتە ئۈزلۈكسىز تۇردە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىغان.

④ بوكسىرچىلار — چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا خەلق ئارىسىدا قۇرۇلغان ئاممىۋى تەشكىلات؛ ئۇنىڭ نامى 1899 - يىلى يىخېتۇەنگە ئۆزگەرتىلگەن. يىخېتۇەنچىلەر 1900 - يىلى سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسىگە قەھرىمانلىق بىلەن قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن، تارىختا جاھانگىرلىككە قارشى مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەت بولۇپ قالغان.

ۋالدىرسى (1832 - 1904 - يىللار) — يىخېتۇەن قوزغىلىڭى ۋاقتىدا جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغان سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ زۇڭسىلىڭى، نېمىس.

سەي جىنخۇا — خائىن، پاھىشە ئايالنىڭ ئىسمى.

پەرىزات — رىۋايەتلەردىكى ھۆر پەرى. بۇ ماقالىدە «ۋەتەننى قوغدىغۇچى» دېگەن سۆز شىيايەننىڭ «سەي جىنخۇا» ناملىق سەھنە ئەسىرىدە بۇ ئايالنىڭ كۆككە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى مەسخىرە قىلىپ ئېيتقان.

⑤ «خۇش بۇي ھىلىلە لىباسلىق مەلىكە» يەنە بىر ئىسمى «پېشقەدەم مەبۇلى دەۋرىدىكى مەلىكە» — بۇ، ئايسىن گور، دېلىن يازغان كىتاب، ئەسلى ئىنگلىز تىلىدا بولۇپ، 1933 - يىلى نەشر قىلىنغان، خەنزۇچە تەرجىمىسى 1934 - يىلى 4 - ئايدىن باشلاپ «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «يىلنامە» ناملىق قوشۇمچە بېتىگە بېسىلغان.

# ئۆلۈم[1]

كەيس . كوللۋىتس ( Kawthe Kollwitz ) نىڭ ئويما رەسىملىرى تاللانمىسىنى مەتبەگە تەييارلىغاندا ، سىمېدلېي ( A . Smedley ) خانىمنى[2] كىرىش سۆز يېزىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغانىدىم . ئۆز كۆڭلۈمدە ، تەكلىپ قىلغىنىم ناھايىتى جايىدا بولدى ، دەپ ئويلىغانىدىم ، چۈنكى ، بۇ ئىككىيلەن ئەسلىدە بىر بىرىگە ناھايىتى ئوبدان تونۇش ئىدى . ئۇزۇن ئۆتمەيلا ، كىرىش سۆزنى يېزىپ ئەۋەتىپتۇ ، ماۋدۇن ئەپەندىگە زورلاپ تەرجىمە قىلدۇردۇم ، ھازىر تاللانمىلار توپلىمىغا بېسىلدى . ئۇنىڭدا مۇنداق سۆزلەر بار :

« كۆپ يىللاردىن بۇيان ، كەيس . كوللۋىتس خانىم — ئۇ ئۆزىگە تەقدىم قىلىنغان ئۇنۋانىنى بىر قېتىممۇ ئىشلىتىپ باققان ئەمەس ، — نۇرغۇن رەسىم ، تېز سىزما ، قېرىنداش ۋە تۆمۈر قەلەم بىلەن سىزىلغان تېز سىزما ، ياغاچ ئويما ، مىس ئويمىلارنى ئىشلىدى . بۇلارنى تەتقىق قىلساق ، ئىككى چوڭ تېمىنى ئاساس قىلىنىۋالغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ . ئۇنىڭ ياشلىق دەۋرىدىكى ئاساسىي تېمىسى ئىسيانكارلىق ئىدى ؛ ياشانغان ۋاقتىدىكى ئاساسىي تېمىسى بولسا ئانا مېھرى ، ئاياللارغا كاپالەتلىك قىلىش ، خەير - ئېھسان بېرىش ۋە ئۆلۈم بولدى . لېكىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى قاپلىۋالغان نەرسە دەرت - ئەلەم ، پاجىئە ۋە مەزلۇملارنى قوغداشقا جان كۆيدۈرىدىغان ئاڭ بولدى .

« بىر كۈنى مەن ئۇنىڭدىن : " ئىلگىرى سىز ئىسيانكارلىقنى ئاساسىي تېما قىلاتتىڭىز ، لېكىن ھازىر ئۆلۈم دېگەن قاراشتىن قول ئۈزەلمەيدىغان بولۇپ قالغاندەك تۇرىسىز . بۇنىڭ سەۋەبى نېمە ؟ " دەپ سورىسام ، ئۇ ناھايىتى چوڭقۇر ھەسرەت بىلەن : " ئېھتىمال ، كۈندىن - كۈنگە قېرىپ كېتىۋاتقانلىقىمدىن بولسا كېرەك ! " دەپ جاۋاب بەرگەنىدى . . . »

شۇ چاغدا مەن بۇ قۇرلارنى ئوقۇپ خىيالغا كەتتىم . ھېسابلاپ قارىسام ، ئۇنىڭ رەسىم سىزىشتا « ئۆلۈم » نى ماتېرىيال قىلغان ۋاقتى 1910 - يىل ؛ شۇ چاغدا ئۇ ئاران 43 ياشلاردا ئىدى . مېنىڭ بۇ



يىل « خىيال » غا كېتىشىممۇ ياش بىلەن ئالاقىدار ، ئەلۋەتتە ؛ لېكىن ئەسلەپ قارىسام ، بۇندىن ئون نەچچە يىل ئىلگىرى ئۆلۈمنى بۇ قەدەر چوڭقۇر ھېس قىلمايتتىم . ئېھتىمال ، باشقىلار بىزنىڭ ھايات - ماماتىمىزنى ئەرزىمەس بىر نەرسە ، دەپ قاراپ ، ئاللىقاچان ئۆز مەيلىچە بىر تەرەپ قىلىپ قويغان بولسا كېرەك ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىمىزمۇ ياۋروپالىقلاردەك ئەستايىدىللىق قىلماستىن ، بىپەرۋالىق بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالغان بولساق كېرەك . بەزى چەت ئەللىكلەر جۇڭگولۇقلار ئۆلۈمدىن ناھايىتى قورقىدۇ دەيدۇ . ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس ، لېكىن ، تەبىئىيكى بىمەنە ئۆلۈپ كېتىش ئەھۋاللىرى يوق ئەمەس .

كۆپچىلىك ئادەمنىڭ ئۆلگەندىن كېيىنكى ھالەتلەرگە بولغان ئىشەنچلىرى ئۆلۈمگە بىپەرۋا قاراشقا تېخىمۇ مەدەت بېرىپ كەلمەكتە . ھەممىگە مەلۇمكى ، بىز جۇڭگولۇقلار جىن ( يېقىنقى ۋاقىتتىن بۇيان « ئەرۋاھ » دەپمۇ ئېيتىلىدىغان بولدى ) غا ئىشىنىمىز . جىن - ئەرۋاھ بار ئىكەن ، ئۆلگەندىن كېيىن ئادەملىكتىن چىقىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ جىن - ئەرۋاھقا ئايلىنىپ كەتكەنلىكتىن ، ھېچنەرسىسى يوق دەپ ھېسابلاش ھەر ھالدا مۇمكىن ئەمەس . بىراق ، تەسەۋۋۇردىكى جىنغا ئايلىنىپ تۇرۇش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى شۇ ئادەمنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى باي ياكى گادايلىقىغا قاراپ پەرق قىلارمىش . گادايلار ، ئومۇمەن ، ئۆلگەندىن كېيىن دەۋر قىلىپ تىرىلىپ[3] تۇرىمىز دەپ ئويلارمىش ، بۇ گەپ بۇددا دىنىدىن كېلىپ چىققان بۇددا دىنىدىكى نۆۋەت بىلەن دەۋر قىلىپ تىرىلىشنىڭ يوللىرى ئۇنچە ئاددىي ئەمەس ، بەلكى ناھايىتى مۇرەككەپ ، لېكىن گادايلار قارا تۇرۇك بولغاچقا ، ئۇنى چۈشەنمەسمىش . ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغان گۇناھكارنىڭ جازا مەيدانىغا باغلاپ ئېلىپ بېرىلىغاندا ، « 20 يىلدىن كېيىن يەنە بىر باتۇرغا نۆۋەت كەلدى » دەپ توۋلىشىنىڭ ، چىرايىدا قىلچىلىكمۇ قورقۇش ئالامەتلىرىنىڭ كۆرۈنمەيدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ ئىمىش . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، جىنلارنىڭ كىيىملىرى شۇ ئادەملەرنىڭ جان ئۈزۈش ۋاقتىدا كىيگەن كىيىمگە ئوخشاش بولارمىش ، گادايلارنىڭ ياخشىراق كىيىمى بولمىغاچ-

قا ، جىنغا ئايلانغاندىن كېيىنمۇ ئانچە سالاپەتلىك بولالماسمىش ، ھەقىقەتتە دەرھال قورساققا ئۇنۇپ ، قىپيالىڭاچ بوۋاققا ئايلانغانغا يەتمەمىش . بىز كىمنىڭ ئۆيىدە تۇغۇلغان بالىنىڭ ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن قەلەندەرنىڭ ياكى سۇ ئۈزۈش ماھىرىنىڭ كىيىمنى كىيىپ چۈشكىنىنى كۆرگەن ؟ زادىلا كۆرگەن ئەمەس . دېمەك ، كىيىمنى كېيىن يېڭىباشتىن كىيگەن . ئېھتىمال بەزىلەر : نۆۋەت بىلەن دەۋر قىلىپ تىرىلدىغانلىقىغا ئىشىنىدىكەنسەن ، ئۇنداق بولسا قايتا تىرىلگەندىن كېيىن تېخىمۇ گادايلىق ـ غۇربەتچىلىككە چۈشۈپ قېلىشى ياكى ھەتتا ھايۋانغا ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىندۇر ، بۇنداق بولسا تېخىمۇ قورقۇنچلۇق ئەھۋال بولار ، دەپ سوراپ قالار . لېكىن ، مېنىڭچە ، ئۇلار ئۇنى خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھايۋانغا ئايلىنىپ قېلىشىغا سەۋەب بولغۇدەك يامانلىق قىلمىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ ، ئۇلار ھايۋانغا ئايلىنىپ قالغۇدەك ئورۇن ، ھوقۇق ۋە پۇلغا ھېچقاچان ئىگە بولۇپ باققان ئەمەس .

لېكىن ئورۇنغا ، ھوقۇققا ۋە پۇلغا ئىگە بولغان ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ھايۋانغا ئايلىنىپ قېلىشىغا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى ھەرگىز ھېس قىلمايدۇ ؛ ئەكسىچە ئۇلار بىر تەرەپتىن دەرۋىش بولۇۋېلىپ ، مالائىكىگە ئايلىنىپ كېتىشكە تەرەددۇت قىلسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، كونا كىتابلارنى ئوقۇپ ، كونىلىقنى تىرىلدۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىپ ، دانىشمەن ـ پەيغەمبەر بولۇۋېلىشقىمۇ تىرىشىدۇ . ئۇلار خۇددى ھايات ۋاقتىدا پانىي دۇنيادىن خالىي بولغىنىغا ئوخشاش ، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ دەۋر قىلىپ تىرىلدىغانلار قاتارىدىن خالىي بولۇپ كېتىمىز دەپ ئويلايدۇ . ئازراق پۇلدار ئادەملەرگە كەلسەك ، ئۇلارمۇ نۆۋەت بىلەن دەۋر قىلىپ تىرىلدىغانلىقنى ھېس قىلمىسىمۇ ، لېكىن شۇ پۇلىدىن باشقا چوڭراق كارامىتى بولمىغاچقا ، جىن ـ ئەرۋاھ بولۇپ ئۆتۈشكە تەييار . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار يېشى 50 لەرگە بېرىپ قالغاندىلا ئۆزىگە گور تېپىپ قويىدۇ ، ئۆلۈملۈكىنى ھازىرلاپ قويىدۇ ، باقىي دۇنيادا ئالدىن ئامانەت تۇرسۇن ، نەۋرە ـ چەۋرىلىرىم ھەر يىلى سۈيۈق ـ سىلەك ئېشى بىلەن يوقلاپ قويار دەپ ، قەغەز داچەنلەرنىمۇ كۆيدۈرىدۇ ، بۇنداق جىن ـ



ئەرۋاھ بولۇش ھەقىقەتەن ئادەم بولۇپ ھايات ياشاۋېرىشتىنمۇ راھەت ئىش . ئەگەر مەن ھازىر جىن ـ ئەرۋاھ بولۇپ قالغان بولسام ، پانىي دۇنيادا ياخشى نەۋرە ـ چەۋرىلىرىم بولىدىغان بولسا ، پارچە ـ پۇرات ماقالىلىرىمنى سېتىپ يۈرۈشۈمنىڭ ياكى ھېساب ـ كىتاب قىلىشىمەن دەپ « شىمال يېڭىلىقلىرى » كىتابخانىسىغا قاتراپ يۈرۈشۈمنىڭ نېمە ھاجىتى بولسۇن ؟! قاپاق تېرەك ياكى قارىياغاچتىن ياسالغان ساندۇقتا بەھوزۇر ياتىۋەرسەم ، ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرىدە بىر جوزا شىرىن تائام ۋە بىر دەستە دۆلەت پۇلى ئالدىمدا تۇرسا ، نېمىدېگەن راھەت !

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ، ناھايىتى باي ـ دۆلەتمەن ئادەملەرنىڭ باقىي دۇنيا④ نىڭ قانۇنلىرى بىلەن ئالاقىسى يوقلۇقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئومۇمەن گادايلار تۇغۇلۇپ ھايات ياشاشتىن مەنپەئەتدار ، ھاللىقلار مەڭگۈ جىن ـ ئەرۋاھ بولۇپ كېتىۋېرىشتىن مەنپەئەتدار . ھاللىقلارنىڭ جىن ـ ئەرۋاھ بولۇپ كېتىۋېرىشكە تەن بېرىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى ، جىن ـ ئەرۋاھلارچە تۇرمۇش ( بۇ سۆزدە خېلىلا نۇقسان بار ، لېكىن مەن مۇۋاپىق سۆز تاپالمىدىم ) ئۇلار تېخى كەچۈرۈپ زېرىكمىگەن ئادەم تۇرمۇشىنىڭ داۋامى . باقىي ئالەمنىڭمۇ خوجىسى بار ، ئۇ خوجايىن ئىنتايىن چىڭ ۋە ئادىل ؛ لېكىن ئۇ پەقەت ھاللىقلارغىلا يول قويىدۇ ، خۇددى پانىي دۇنيادىكى ياخشى ئەمەلدارغا ئوخشاش ، ھاللىقلارنىڭ ئاز ـ پاز سوغا ـ سالاملىرىنىمۇ قوبۇل قىلىدۇ .

بىپەرۋا يۈرىۋېرىدىغان ئادەملەرمۇ بار ، ئۇلار ئەجىلنىڭ يېتىپ كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ ئانچە ئويلاپ ئولتۇرمىسا كېرەك ، مەن ئەزەلدىن ئەنە شۇنداق بىپەرۋالار گۇرۇھىدىكىلەرنىڭ بىرى . بۇندىن 30 يىل ئىلگىرى دوختۇرلۇقنى ئوقۇغاندا ، روھنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى تەتقىق قىلغانىدىم ، نەتىجىدە روھنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى بىلمىدىم ؛ ئۆلۈمنىڭ دەردلىك بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنىمۇ تەتقىق قىلغانىدىم ، نەتىجىدە ئۆلۈمنىڭ ھەممە ئادەم ئۈچۈن بىردەك بولمايدىغانلىقىنى بىلدىم ، كېيىن تەتقىقمۇ قىلمىدىم ، ئۇنتۇپ كەتتىم . يېقىنقى 10 يىل ئىچىدە ، بەزىدە يار ـ بۇرادەرلىرىمنىڭ ئۆلۈمى مۇناسىۋىتى بىلەن بەزى ماقالىلەرنىمۇ يازدىم ، لېكىن ئۆز

ئۇستۇمدە ئۇيلىنىپ باقماپتىكەنمەن. مانا ئەمدى ئىككى يىلدىن بۇيان كۆپ ئاغرىدىم، ھەربىر ئاغرىغىنىمدا كېسەل خېلى ئۇزۇنغا سوزۇلدى، شۇنىڭ بىلەن پات - پاتلا يېشىم كۆز ئالدىمغا كېلىدىغان بولدى؛ تەبىئىيكى، يەنە بىر تەرەپتىن بەزى يازغۇچىلارنىڭ قەلەم بىلەن بىلدۈرگەن ياخشى نىيەتلىك ياكى يامان نىيەتلىك بىشارەتلىرىنىمۇ نەزەردە تۇتىدىغان بولدۇم.

بۇلتۇردىن باشلاپ، ھەر قېتىم كېسەل بولغاندىن كېيىن دىۋاندا يانپاشلاپ دەم ئېلىپ ياتقاندا، ماغدۇرۇمغا كەلگەندىن كېيىن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئويلايدىغان بولدۇم: قانداق ماقالە يازسام بولار، قايسى كىتابلارنى تەرجىمە قىلسام ياكى باستۇرسام بولار، دەپ ئويلايدىغان بولدۇم. خىيالىم بىر يەرگە توختىغاندىن كېيىن، شۇنداق قىلاي، لېكىن تېزرەك تۈتۈش قىلاي، دەيدىغان بولدۇم. «تېزرەك تۇتۇش قىلاي» دېگەن خىيال ئىلگىرىكى چاغلاردا يوق ئىدى، مانا ئەمدى بىلىپ - بىلمەيلا ئۆزۈمنىڭ يېشىمنى ئېسىمگە ئالىدىغان بولدۇم، لېكىن «ئۆلۈم» نى زادىلا بىۋاستە خىيالىمغا كەلتۈرگەن ئەمەسمەن.

بۇ يىل قاتتىق كېسەل بولغاندىن كېيىن، ئۆلۈم توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇر ئېنىقلا كۆز ئالدىمغا كەلدى. ئاۋۋال، خۇددى ھەر قېتىم كېسەل بولغان چاغدىكىگە ئوخشاشلا، ياپونىيىلىك دوختۇر S⑤ گە كۆرۈندۇم. ئۇ ئۆپكە كېسەللى مۇتەخەسسىسى بولمىسىمۇ، ياشتا چوڭ، تەجرىبىسى كۆپ ئىدى، دوختۇرلۇقنى پراكتىكا قىلىۋاتقان ۋاقتىمدىن تارتىپلا مەن ئۇچۇن پېشقەدەم ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ناھايىتى تونۇش ئىدۇق، ئۇ شىرىن سۇخەن ئىدى. تەبىئىيكى، دوختۇر كېسەل بىلەن ھەرقانچە ئوبدان تونۇش بولسىمۇ، لېكىن سۆزنى چەكلىك قىلىدۇ، ماڭا كەم دېگەندە ئۈچ قېتىم ئاگاھلاندۇرۇش بەردى، مەن ئۇنى كۆڭۈلۈمگىمۇ ئالمىدىم، باشقىلارغىمۇ ئېيتمىدىم. ئېھتىمال كۈنلەرنىڭ ئۆتتۈرگەنلىكى، كېسەلنىڭ ناھايىتى خەۋپلىك بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن بولسا كېرەك، بىر نەچچە يار - بۇرادىرىم ئۆز ئىچىدە مەسلىھەتلىرىنى پىشىرىپ، ئامېرىكىلىق دوختۇرD ⑥ نى تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە تەكلىپ قىلىشىپتۇ. شاڭخەي



بويىچە بىردىنبىر ياۋروپالىق ئۆپكە كېسىلى مۇتەخەسسىسى بولغان بۇ دوختۇر چېكىپ - ئاڭلاپ تەكشۈرگەندىن كېيىن، مېنى كېسەلگە ناھايىتى ئوبدان قارشى تۇرالايدىغان تىپىك خەنزۇ ئىكەن دەپ تەرىپلىگەن بولسىمۇ، لېكىن مېنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىمنىمۇ ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئەگەر ياۋروپالىق بولغان بولسا، بۇندىن بەش يىل ئىلگىرىلا ئۆلۈپ كەتكەن بولاتتى، دېدى. بۇ ھۆكۈم دىلى نازۇك دوستلىرىمنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلتۈردى. مەنمۇ دوختۇرغا دورا قەغىزى يېزىپ بېرىشىنى دېمىدىم؛ چۈنكى، ئۇ دوختۇرلۇقنى ياۋروپادىن ئۆگىنىپ كەلگەن، شۇڭا ئۆلگىنىگە بەش يىل بولغان كېسەلگە دورا قەغىزى يېزىپ بېرىش ئۇسۇلىنى ئۆگەنمىگەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. لېكىن دوختۇر D كېسىلىمگە ناھايىتى توغرا دىئاگنوز قويىدى، كېيىن رېنتگېن بىلەن كۆكسۈمنى سۈرەتكە ئالدۇرۇپ قارىسام، سۈرەتتە كۆرۈنگەنلىرى ئۇنىڭ دىئاگنوزى بىلەن ئومۇمەن ئوخشاش بولۇپ چىقتى.

مەن ئۇنىڭ ئېلان قىلىۋەتكەنلىكىنى ئانچە كۆڭلۈمگە كەلتۈرمىگەن بولسامىمۇ، لېكىن بىرئاز تەسىرىگە ئۇچرىدىم، كېچە - كۈندۈز ياتتىم، گەپ - سۆز قىلغۇدەك، كىتاب كۆرگۈدەك ماغدۇرۇم قالمىدى، گېزىتنىمۇ قولۇمغا ئالالمىدىم، «كۆڭۈلنى تىنىق سۇدەك تىمتاس تۇتۇش» نىمۇ ئۆگەنمەپتىكەنمەن، شۇڭا خىيالغىلا بېرىلدىم، شۇنىڭ بىلەن بەزىدە «ئۆلۈم» كۆز ئالدىمغا كېلىدىغان بولدى. لېكىن كۆز ئالدىمغا كەلگىنى «20 يىلدىن كېيىن يەنە بىر باتۇرغا نۆۋەت كەلدى» دېگەندەك ياكى قاپاق تېرەكتىن ياسالغان ساندۇقتا ئۇزۇنغىچە قانداقمۇ ياتارمەن دېگەندەك ئىشلار ئەمەس، پەقەت جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار بولدى. ئەنە شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن جىن - ئەرۋاھقا ئايلانمايدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىمغا ئېنىق ئىشەندىم. ۋەسىيەتنامە يېزىپ قالدۇرۇشنىمۇ كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم؛ ئەگەر دۆلەتمەن ۋەزىر بولغان بولسام، نۇرغۇن پۇل - مېلىم بولغان بولسا، بالىلىرىم، كۈيئوغۇللىرىم ۋە باشقىلار مېنى ياخشى ۋەسىيەت قالدۇرۇشقا قىستىغان بولاتتى، ھازىر بۇنى ھېچكىممۇ ئېغىزغا

ئالمايۋاتىدۇ ، شۇنداق بولسىمۇ ، بىرەر پارچە يېزىپ قالدۇراي ، دېگەن خىيالغا كەلدىم . شۇ چاغدا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمغا مۇنداق سۆزلەرنى يېزىپ قالدۇرۇشنى ئويلىنىپ قويغاندەك بولدۇم :

1 . مۇسىبەت سەۋەبى بىلەن ھېچكىمدىن بىر تىيىنمۇ ئالماڭلار . — لېكىن قەدىناس دوستلارنىڭ بولسا ، بۇنىڭ سىرتىدا .

2 . دەرھال كېپەنلەپ ، كۆمۈپلا تۈگىتىڭلار .

3 . خاتىرىلەشكە دائىر بىرەر ئىشنى قىلماڭلار .

4 . مېنى ئۇنتۇپ ، ئۆز تۇرمۇشۇڭلار بىلەن بولۇڭلار — ئۇنداق قىلمىساڭلار ھەقىقەتەن ئەخمەقلىك قىلغان بولىسىلەر .

5 . باللار چوڭ بولغاندىن كېيىن ، ئەگەر ئالاھىدە ماھارىتى بولمىسا ، ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار بىلەن تىرىكچىلىك قىلىسىمۇ بولىدۇ ، لېكىن ھەرگىز قۇرۇق گەپ ساتىدىغان ئەدىب ياكى رەسساملاردىن بولمىسۇن .

6 . باشقىلار سىزگە ۋەدە قىلغان ئىشلارغا ھەرگىز راست دەپ ئىشىنىپ كەتمەڭ .

7 . باشقىلارنىڭ چىشىنى تۆكۈۋېتىپ ، كۆزىنى قويۇۋېتىپ⑦ تۇرۇقلۇق ، ئۇلارنىڭ ئىنتىقام ئېلىشىغا قارشى تۇرىدىغان ، كېچىرىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئادەمگە ھەرگىز يېقىن يولۇماڭلار .

بۇلاردىن باشقا گەپلەرمۇ بار ئىدى ، ھازىر ئۇنتۇپ قاپتىمەن . پەقەت بويۇم قىزىپ تۇرغاندا ، ياۋروپالىقلارنىڭ جان ئۈزۈش ۋاقتىدا بىر خىل مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ ، باشقىلاردىن ئەپۇ سورايدىغانلىقى ، ئۆزىنىڭمۇ باشقىلارنى ئەپۇ قىلىدىغانلىقى خىيالىمغا كەلگەنلىكى يادىمغا چۈشتى . مېنىڭ رەقىبلىرىم - كۈشەندىلىرىم ھەقىقەتەن كۆپ ، ئەگەر يېڭىچە ئادەملەر مەندىن سوراپ قالسا ، قانداق جاۋاب بېرەرمەن ؟ بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن شۇنداق قارارغا كەلدىمكى ، ئۇلار كۈشەندىلىكنى قىلىۋەرسۇن ، مەنمۇ ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ ئەپۇ قىلمايمەن .

لېكىن ئۇنداق مۇراسىمنى ئۆتكۈزمىدىم ، ۋەسىيەتمۇ يازمىدىم ، جىممىدىلا ياتتىم ، بەزىدە : ئادەم مۇشۇنداق ئۆلۈپ كېتىۋېرىدىغان بولسا ، ئانچە قىينىلىپمۇ كەتمەيدىكەن ، لېكىن جان ئۈزىدىغان پەيتتە بۇنداق



بولماس ، شۇنداق بولسىمۇ ئادەمگە بۇنداق ئېغىرچىلىق ئۆمرىدە پەقەت بىر قېتىملا كېلىدۇ ، قانداقلا بولمىسۇن ، ھەر ھالدا چىداشلىق بەرگىلى بولىدۇ .. دېگەن تېخىمۇ جىددىي خىياللارغىمۇ كەلدىم . كېيىن ئوڭلىنىپ ، ياخشى بولۇپ قالدىم . مانا ئەمدى شۇنداق ئويلايمەنكى ، بۇلار ئېھتىمال ھەقىقىي ئۆلۈم ئالدىدىكى ئەھۋال بولمىسا كېرەك ، ئەگەر ھەقىقىي ئۆلۈم يېتىپ كېلىدىغان بولسا ، بۇنداق خىياللارمۇ يۈز بەرمەس ، شۇنداق بولسىمۇ ، زادى قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن .

9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى

ئىزاھات

① بۇ ئەسەر دەسلەپ 1936 - يىلى 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى « قاينام » يېرىم ئايلىق ژورنىلىنىڭ 1 - جىلد 2 - سانىغا بېسىلغان .

② سىمېدلېي ( 1890 - 1950 ) — ئايال ، ئامېرىكىلىق ئىلغار يازغۇچى ، مۇخبىر . ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۆز ۋەسىيىتى بويىچە جۇڭگودا يەرلىككە قويۇلغان .

③ دەۋر قىلىپ قايتا تىرىلىش — بۇددا تەقدىرچىلىكىنىڭ پەتىۋاسى . بۇ پەتىۋا بويىچە ، ھەممە جانلىق نەرسىلەر ئۆزلىرىنىڭ ياخشىلىق - يامانلىقلىرى ، سەۋەب - نەتىجىلىرى بويىچە ئالتە يول ( تەڭرى ، ئىنسان ، ئاسۇرا ( ئازازۇل ) . دوزاخ ، ئاچ ئەرۋاھ ، ھايۋان ) دا خۇددى هارۋىنىڭ چاقى ئايلانغانغا ئوخشاش دەۋر قىلىپ ئۆزگىرىپ ، تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۆلۈپ ، ئۆلگەندىن كېيىن يەنە تىرىلىپ تۇرارمىش .

④ باقىي دۇنيا — خۇراپىي تەشۋىقاتلارغا قارىغاندا ، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئەرۋاھى ياشايدىغان يەر ئىمىش .

⑤ بۇ يەردە شۇي تىلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ ، ئۇ شاڭخەيدە دوختۇرلۇق قىلغان ياپون .

⑥ بۇ يەردە ئۆز ۋاقتىدا جۇڭگودا تۇرغان ئامېرىكىلىق ئۆپكە كېسەللىكى مۇتەخەسسىسى دوختۇر توماس دۇن كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

⑦ « باشقىلارنىڭ چىشىنى تۆكۈۋېتىپ ، كۆزىنى قويۇۋېتىپ » دېگەن سۆز « باشقىلارغا زىيان سېلىپ » دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ .

# تەييەن ئەپەندىنىڭ بەزى ئەھۋاللىرى توغرىسىدا[1]

بۇنىدىن سەل بۇرۇن، شائخەيدىكى ئەمەلدار ـ تۆرىلەر تەييەن[2] ئەپەندىگە بېغىشلاپ ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈۋىدى، ئۇنىڭغا قاتناشقانلار يۈزگىمۇ يەتمىدى. شۇڭا ماتەم مۇراسىمى جىمجىتلىق ئىچىدە ئاياغلاشتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەنلەر: ياشلارنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ ئالىمىغا بولغان قىزغىنلىقى چەت ئەللىك گوركىيغا بولغان قىزغىنلىقىغىمۇ يەتمەيدىكىنا، دەپ ئاه ئۇردى. مۇنداق ئاه ئۇرۇش، ئەمەلىيەتتە، مۇۋاپىق ئەمەس. ئەمەلدار ـ تۆرىلەرنىڭ يىغىنلىرىغا ئاددىي پۇقرالار ئەزەلدىن قاتنىشالماي كېلىۋاتىدۇ؛ گوركىي بولسا جەڭگىۋار يازغۇچى ـ دە؛ تەييەن ئەپەندى بولسا بۇرۇن ئىنقىلابچى سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان بولسىمۇ، ئەمما كېيىن ئۆزىنى پىنھانغا ئالغان ئالىم بولۇپ قېلىپ، ئۆز قولى بىلەن سوققان ۋە باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن سوقۇلغان تام ئارقىلىق دەۋردىن ئايرىلىپ قالغان. ئۇنى خاتىرىلىگۈچىلەرغۇ تېپىلىدۇ، لېكىن، كەلگۈسىدە كىشىلەرنىڭ تولىسىنىڭ ئېسىدىن چىقىپ كېتىشى مۇمكىن.

مېنىڭچە، تەييەن ئەپەندىنىڭ ئەمگىكى ئىنقىلاب تارىخىدا ساقلىنىپ قېلىپ، ئەمەلىيەتتە ئىلىم تارىخىدا تۇتقان ئورنىدىنمۇ چوڭ ئورۇن تۇتىدۇ. ئەسلەپ باقسام، بۇنىدىن ئوتتۇز نەچچە يىل بۇرۇن ياغاچ مەتبەئەدە «كىتابىي زەرۇرىيە»[3] دېگەن كىتاب نەشر قىلىنغانىدى، مەن ئۇنى قولدىن چۈشۈرمەي ئوقۇغان بولساممۇ، چۈشىنەلمىگەنىدىم. ئېھتىمال، ئۇ چاغدىكى ياشلاردىن ماڭا ئوخشاش چۈشىنەلمىگەنلىرى ناھايىتى كۆپ بولسا كېرەك. مەن جۇڭگودا تەييەن ئەپەندى دېگەن ئادەمنىڭ بارلىقىنى ئۇنىڭ تەپسىر ۋە يېزىق ئىلمىنى بىلىدىغانلىقى تۈپەيلىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ كاڭ يۇۋېيغا[4] رەددىيە بەرگەنلىكى ۋە زورۇگىنىڭ[5]



«ئىنقىلاب قوشۇنى» غا مۇقەددىمە يازغانلىقى[6] ئۈچۈن، شائخەيدىكى غەربىي تۈرمىدە[7] نەزەربەند قىلىنغانلىقىدىن بىلگەنىدىم. ئۇ چاغدا ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان جېجياڭلىق ئوقۇغۇچىلار «جېجياڭ ئۆركىشى» ناملىق ژۇرنالنى[8] چىقىرىۋاتاتتى، بۇ ژۇرنالدا تەييەن ئەپەندىنىڭ تۈرمىدە يازغان شېئىرلىرى بېسىلدى، بۇ شېئىرلارنى چۈشىنىش تەس ئەمەس ئىدى، مەن بۇنىڭدىن تەسىرلەندىم ھەم ئۇ شېئىرلارنى ھازىرغىچە ئۇنتۇمىدىم، ئۇ شېئىرلاردىن ئىككىسى مۇنداق ―

زورۇگىغا تۈرمىدە يېزىلغان قەسىدە

قەدىردان ئىنىم زورۇڭ ئەزىمەتلىك چېغىدا،
ئىجتىھاتلە ئوقىغانىدى ياپون ئېلىدە.
ئەمەلدارلارنىڭ چېچىنى كېسىپ شۇكەم قايچىدا،
قاق سېلىنغان گۆشلەرنى تائام قىلدى ئۆزىگە.
چۈشتى باتۇر ۋەتەنگە قايتقىنىدا تۈرمىگە،
قالدى ئالەم نادامەت، ئاھۇ ـ ھەسرەت ئىچىدە.
بەر قولۇڭنى ئىككىمىز بارايلى دارنىڭ ئالدىغا
چۆگىلىسۇن بۇ پەلەك مەردلىكىمىز ئېلكىدە.

تۈرمىدە يېتىپ شېرىن يۈيشىنىڭ[9] قەتل
قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىغاندا

كۆرمىدىم شېن يۈيشىنى خېلى چاغلاردىن بۇيان،
قىلدى پىنھان ئۆزىنى دېيىشكەن ئىدى ئاڭلىسام.
ۋادەرىخا، رەھىمسىز ئى بىۋاپا شۇم پەلەك،
ئەشۇ مەردنى جىڭمىندە قەتل قىلىپ تاشلىغان.
تەڭ كېلەلمەس شۇم رەقىپ شەنىڭگە ئى قەھرىمان،
پاساھەتلىك سەترىلىرىڭ كىمنى مەپتۇن قىلمىغان ؟!
كۆت مېنىڭدەك ھەمدەردنى بىجاندىل مەھشەردە،
مېنىڭ قەبرەم قەبرەڭگە يار بولغاي جانىجان.

تـەيـيـەن ئەپـەنـدى 1906 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تۈرمىدىن چىقىپ ، شۇ
كۈنىلا شەرققە سەپەر قىلىپ ، دۇڭجىڭغا باردى ۋە ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەيلا
« خـەلـقچىلىق » ژورنىلىنى ⑩ چىقاردى . مەن بۇ « خەلقچىلىق » ژورنـ
لـىـنـى ئوقۇشقا ئامراق ئىدىم ، لېكىن ، بۇنىڭ سەۋەبى تەيىەن ئەپەندىنىڭ
ئەسەرلىرىنىڭ قەدىمكى ئۇسلۇبتا چوڭقۇر يېزىلغانلىقى ، چۈشىنىش قىيىن
يـاكـى ئۇنـىـڭ بۇددا دىنىنىڭ تەرىقەتلىرىنى ، « پەرقلىق ئىرسىيەت » نى
سۆزلـىگەنلىكى ⑪ ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ پادىشاھلىقنى ساقلاپ قېلىشنى
تـەشەببۇس قىلغان لياڭ چىچاۋ ⑫ غا ، « ×× » كەن ××× غا ⑬ ،
« " قـىـزىـل راۋاقتىكى چۈش " نى ئەۋلىياھ بولۇشنىڭ ئاساسىي يولى قىـ
لـىـۋالـغـان » ××× غا ⑭ قـارشـى كـۈرەش قـىـلىشتا تازا جەسۇرلۇق
كـۆرسـىـتـىـپ ، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغانلىقى ئىدى . شۇ چاغدا مەنمۇ
ئۇنـىـڭ لـېكسىيىسىنى ئاڭلىغىلى باراتتىم ⑮ ، لېكىن ، بۇنىڭ سەۋەبىمۇ ،
ئۇنـىـڭ ئالىم بولغانلىقى ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ بىلىملىك ئىنقىلابچى بولـ
غـانـلـىقى ئىدى ، شۇڭا ، تەيىەن ئەپەندىنىڭ خۇش ئاۋازى ، خۇش خۇي
چىرايى ھازىرمۇ كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ ، ئەمما ئۇنىڭ « تىل ـ
يېزىق لۇغىتى » توغرىسىدا سۆزلىگەن سۆزىدىن بىرىمۇ يادىمدا قالمىدى .

مـىـنـگـونـىـڭ تـۇنـجـى يـىـلـىـدىكى ئىنقىلابتىن كېيىن ، تەيىەن
ئەپـەندىنىڭ ئىستىكى ئەمەلگە ئېشىپ ، نى ـ نى ئىشلارنى قىلىدىغان پەيتى
كەلگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ يەنىلا مۇرادىغا يېتەلمىدى . بۇمۇ ئۇنىڭ ھايات
ۋاقتىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان ، ۋاپات بولغىنىدا شەرەپلىك ئۈزتىلغان
گـوركـىـيـغـا زادىلا ئوخـشـىـمـايدىغان يېرى . مېنىڭچە ، بۇ ئىككىيلەننىڭ
سـەرگـۈزەشـتـىـسـىـنـىـڭ ئوخـشـاش بـولـماسلىقىدىكى سەۋەب شۇكى ،
گوركىينىڭ بۇرۇنقى غايىسى كېيىن تامامەن ئەمەلىيەتكە ئايلاندى ، ئۇنىڭ
ئۆزى ئامـمـىـنىڭ بىر ئەزاسى ، ئۇنىڭ مۇھەببەت ھەم نەپرىتى ، قايغۇ ھەم
خۇشاللىقى ئاممىنىڭكى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش ئىدى ؛ تەيىەن ئەپەندى
بـولـسا ، مانجۇ ھۆكۈمرانلىقىنى يوقىتىش مۇرادىغا يەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن
ئۇ — « بـىـرىـنچىدىن ، ئىشەنچىنى تۇرغۇزۇشتا ، خەلقنىڭ ئەخلاقىنى ياخـ
شـىلاشـتـا دىـنـنـى ۋاسـىـتـە قـىـلىش ؛ ئىككىنچىدىن ، مىللەتپەرۋەرلىكنى



ئۈيغىتىشتا ، ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇشتا مىللىي تەۋەررۇكنى
ۋاسـىـتـە قىلىش » نى ھەممىدىن مۇھىم ( « خەلقچىلىق » ژورنىلىنىڭ 6 ـ
سـانـىـغا قارالسۇن ) ⑯ دەپ قاراپ ، سىرلىق خام خىياللار بىلەنلا چەكلىـ
نـىـپ قـالـغـانـىـدى ؛ ئاردىـن ئۇزۇن ئۆتـمەي يۈەن شىكەي يەنە دۆلەت
ھوقـۇقـىـنـى تـارتىۋېلىپ ، مۇددىئاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشكەندىن
كـېـيىن ، تەيىەن ئەپەندى ئەمەلىي ئىشتىن تېخىمۇ توختاپ ، قۇرۇق گەپ
سـاتـىـدىغان بولۇپ قالدى . بىزنىڭ تەيىەن ئەپەندىنىڭ « جۇڭخۇا مىنگو
تـوغـرىـسـىـدا چۈشەنچە » ⑰ ( بۇ ئىسىمۇ دەسلەپتە « خەلقچىلىق » تا
تـىـلـغا ئېلىنغان ) دېگەن ماقالىسىدىن كېلىپ چىققان « جۇڭخۇا مىنگو »
دېـگەن نامىمىز بۈگۈنكى كۈندە ناھايىتى كاتتا خاتىرىدىنلا ئىبارەت بولۇپ
قـالدى ، خالاس ؛ ئەمما بۇ مۇھىم ۋەقەنى بىلىدىغانلارمۇ ھازىر بەلكىم كۆپ
بـولـمىسا كېرەك . تەيىەن ئەپەندى ئاممىدىن چەتنەپ ئاستا ـ ئاستا ئارقىغا
چـېكىنىپ ، كېيىن لوڭقىغا ئوق چۈشۈرۈش مۇراسىمىغا قاتناشتى ، سوۋغا
ـ تـارتـۇقلارنى قوبۇل قىلدى ، شۇنىڭ بىلەن مۇھاكىمىچىلەرنىڭ نارازىلىـ
قـىـنـى قـوزغـىـدى ؛ لـېـكـىـن بـۇ ھەرگـىزمۇ ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى
بـۇلـغـىـۋالغانلىقى ئەمەس ، بەلكى ئاق سەدەپكە چۈشكەن زەررىچە داغدىنلا
ئىبارەت . ئۇنـىـڭ ھاياتـىـنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ باقساق ، ئۇنىڭغا
ئوخشاش ، كاتتا ئوردىن ـ مېداللارنى يەلپۈگۈچكە مەزەڭگە قىلىپ ئېسىپ
قـويـغـان ، زۇڭـتۇڭ مەھكىمىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن ئۆتكەندە ، يۈەن
شـىـكـەيـنـى شـۇم نىيەت دەپ تازا تىللىغان ئادەمدىن دۇنيادا يەنە بىرىنى
تـاپـقىلى بولمايدۇ ؛ ئۇنىڭغا ئوخشاش ، يەتتە قېتىم تۇتقۇن قىلىنغان ، ئۈچ
قـېـتـىـم تـۈرمـىـگە تاشلانغان ، ئىنقىلابىي ئىرادىسىدىن ھەرگىز قايتمىغان
ئادەمـدىـنمۇ دۇنيادا يەنە بىرىنى تاپقىلى بولمايدۇ ؛ دانىشمەنلىك روھ ، كېـ
يـىـنكى ئەۋلادلارنىڭ ئۈلگىسى دېگەن ئەنە شۇ . يېقىندا مىشچان ئەدىبلەرمۇ
چاكىنا گېزىتلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ، تەيىەن ئەپەندىنى خورلايدىغان
مـاقـالىلەرنى يېزىپ ، شۇنىڭ بىلەن كۆرەڭلەپ كېتىشتى ؛ « چاكىنا ئادەمـ
لـەر بـاشـقـىلارنـىـڭ يـاخـش تـەئرىـپـىـنى قىلىشنى خالىمايدۇ » ، ئۇنىڭ
ئۈسـتـىـگـە ، « قارا چۈمۈلە دەرەخنى لىڭشىتىمەن دەپ ، ئۆزىنى چاغلىماي

كۆلكىگە قاپتۇ » دېگەن گەپ ئەنە شۇ !

لېكىن ، ئىنقىلابتىن كېيىن ، تەييەن ئەپەندى ئۆزىنىڭ كېيىنلىكىنى ئويلاپ ، ئۆتكۈر تىغىنى يىغىشتۇرۇپ قويىدى . جېجياڭدا مەتبەئەدە بېسىلغان « جاڭ جانابلىرىنىڭ ئەسەرلىرى » دېگەن كىتابنى ئۆز قولى بىلەن بېكىتىپ بەرگەن ؛ ئېھتىمال ، تەييەن ئەپەندى ماقالىلىرىمدە رەددىيە ۋە ھۇجۇملار كۆپ ، زەردىلىك تىللىرىم قەدىمكى كۆڭىزىچىلارنىڭ سالاپىتىگە قۇسۇر يەتكۈزۈپ قويۇشى مۇمكىن ، شۇنىڭ بىلەن بىر مۇنچە زاتلارنىڭ تاپا - تەنىلىرىگە قېلىشىم مۇمكىن ، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلگىرى ژۇرناللاردا بېسىلغان جەڭگىۋار ماقالىلىرىنىڭ تولىسىنى چىقىرىپ تاشلاپتۇ ، يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئىككى شېئىرمۇ « شېئىرلار سەھىپىسى » دە كۆرۈنمەيدۇ . 1933 - يىلى بېيپىڭدا مەتبەئەدە « جاڭ جانابلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ داۋامى » بېسىلدى ، بۇنىڭغا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەر كۆپ ئەمەس ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار تېخىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن تاللانغان ، كونا ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلمىگەن ، جەڭگىۋار ئەسەرلىرىمۇ ، ئەلۋەتتە ، كىرگۈزۈلمىگەن ، تەييەن ئەپەندى سەلتەنەتلىك ئالىملىق تونىنى كىيىۋېلىپ ، موللىلارنىڭ پىرى بولۇۋالغان ، شۇنىڭ بىلەن قول بېرىش سوۋغىسىنى ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭغا مۇخلىس بولۇشنى خالايدىغانلار ناھايىتى كۆپەيگەن ، شۇنىڭ بىلەن تەييەن ئەپەندى ئالدىراپ - تېنەپ « تالىپلار رويختى » نى تۈزۈپ چىققان ⑱ . يېقىندا گېزىتنى ئوقۇسام ، ئۇنىڭدا نەشر ھوقۇقىنى قوغداش ئېلانى ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ 3 - تومى توغرىسىدىكى خەۋەر بار ئىكەن . دېمەك ، ئۇنىڭ تەۋەررۇك قالدۇرۇپ كەتكەن ئەسەرلىرىمۇ بېسىلىدىغان بوپتۇ ، لېكىن ، ئۇنىڭ بۇرۇنقى جەڭگىۋار ماقالىلىرى قوشۇپ بېسىلامدۇ يوق ، بۇنى بىلگىلى بولمايدۇ . جەڭگىۋار ماقالىلەر بولسا ، تەييەن ئەپەندىنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ زور ، ئەڭ ئۇزۇن داۋام قىلغان ئەمگىكى . ئەگەر ئۇ ماقالىلەر تەييارلانمىغان بولسا ، مېنىڭچە ، بىرمۇ بىر رەتلەپ ، بېسىپ چىقىرىش كېرەك ، تەييەن ئەپەندى كېيىنكى ئەۋلادلاردا تەسىرات قالدۇرۇپ ، جەڭگىۋارلارنىڭ قەلبىدە ياشاپ قالسۇن . ئەمما ،



مۇشۇ پەيتتە ، بۇ ئارزۇ ئەمەلگە ئاشماسمىكىن ، تاڭەي !

10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى

## ئىزاھات

① لۇشۈن ۋاپات بولۇشتىن 10 كۈن بۇرۇن يازغان بۇ ماقالە دەسلەپ 1937 - يىلى 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىكى « خىزمەت ۋە ئۆگىنىش مەجمۇئەسى » نىڭ « بەزى ئەھۋاللار » دېگەن قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن . لۇشۈن ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، شۈي گۇاڭپىڭ تەرىپىدىن « " كونىس بوتكىسى زاۋىيىلىرى " نىڭ 3 - توپلىمى » غا كىرگۈزۈلگەن .

② تەييەن — يەنى جاڭ تەييەن ( 1896 - 1936 ) ، جېجياڭلىق مەنچىڭ دەۋرىدىكى ئىنقىلابچى ، ئالىم ، « قۇتۇلۇش جەمئىيىتى » نىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى .

③ كىتابىي زەرۇرىيە — جاڭ تەييەننىڭ بىر ئىلمىي ئەسىرى . ياغاچ مەتبەئە نۇسخىسى 1899 - يىلى بېسىلغان ؛ 1914 - يىلى ئاپتور ئۇنىڭغا ئىككىنچى قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈپ ، ئىسمىنى « ئۆرنەك » كە ئۆزگەرتكەن .

④ بۇ يەردە « كاڭ يۇۋېينىڭ ئىنقىلاب توغرىسىدىكى خېتىگە رەددىيە » كۆزدە تۇتۇلىدۇ . بۇ ماقالە كاڭ يۇۋېينىڭ « جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئامېرىكىدىكى جۇڭگو سودىگەرلىرىگە خەت » دېگەن خېتىگە ( كاڭ يۇۋېي بۇ خېتىدە جۇڭگودا پادىشاھلىق تۈزۈمىدىكى ئاساسىي قانۇننى يولغا قويۇشقىلا بولىدۇكى ، ئىنقىلاب قىلىشقا بولمايدۇ ، دەپ قارىغان ) قارىتا يېزىلغان . دەسلەپ 1903 - يىلى 5 - ئايدىكى « جياڭسۇ گېزىتى » دە ئېلان قىلىنغان .

⑤ زۇرۇڭ ( 1885 - 1905 ) — چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا ياشىغان ئىنقىلابچى ، ياپونىيىدە ئوقۇغان ، چىڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىنقىلابىي ئىدىيىنى كۈچەپ تەشۋىق قىلغان ؛ ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن ، 1903 - يىلى « ئىنقىلاب قوشۇنى » نى يازغان ، ئۆزىنى « ئىنقىلاب قوشۇنىدىكى بىر پېشكا » دەپ ئاتىغان ، چىڭ ھۆكۈمىتى شاڭخەيدىكى ئەنگلىيە كونسېسسىيىسىنىڭ پولىتسىيىسى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ قولغا ئېلىپ ، ئۈچ يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلغان ، 1905 - يىلى 4 - ئايدا تۈرمىدە ئۆلگەن .

⑥ « ئىنقىلاب قوشۇنى » — چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى چىڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىنقىلابنى تەرغىپ قىلغان مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ ، جاڭ

تەيیەن مۇقەددىمە يازغان .

⑦ 1903 — يىلى 5 - ۋە 7 - ئايدا جاڭ تەيیەن بىلەن زۇرۇڭ قولغا ئېلىنغان ، مەنچىڭ ھۆكۈمىتى ئەنگلىيە كونسېسسىيە دائىرلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ، ئۇلارنىڭ « جىنايىتى » : « جاڭ بىڭلىڭ " كىتابىي زەرۇرىيە " نى ۋە " ئىنقىلاب قوشۇنى " غا " مۇقەددىمە " نى ھەمدە كاڭ يۇۋېيغا رەددىيە بېرىلگەن بىر كىتابنى يېزىپ ، ئوردىغا ھاقارەت كەلتۈرگەن ، بۇ ئاسىيلىق بىلەن باراۋەر ؛ زۇرۇڭ " ئىنقىلاب قوشۇنى " دېگەن كىتابنى يېزىپ يولدىن چىقىشقا ئۈرۈندۈرغان ، ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ يولسىزلىق قىلغان دەپ جاكارلىغان .

غەربىي تۇرمە — شاڭخەيدىكى كونسېسسىيە تۇرمىسى .

⑧ « جېجياڭ ئۆركىشى » — ئايلىق ژورنال ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان جېجياڭلىق ئوقۇغۇچىلار چىقارغان ، 1903 - يىلى 2 - ئايدا دۇڭجىڭدا نەشر قىلىنغان . ماقالىدە نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئىككى شېئىر 1903 - يىلى 9 - ئايدا مۇشۇ ژورنالنىڭ 7 - سانىدا بېسىلغان .

⑨ شېن يۈيشى — چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا چىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان . 1903 - يىلى قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان ، كالتەكلەپ ئۆلتۈرۈلگەن .

⑩ « خەلقچىللىق » — ئىتتىپاقداشلار جەمئىيىتىنىڭ نەشر ئەپكارى ، 1905 - يىلى 11 - ئايدا ياپونىيىنىڭ توكيو شەھىرىدە نەشر قىلىنغان . 26 سان چىقىپ توختىغان ، 1906 - يىلى 7 - سانىدىن باشلاپ ، جاڭ تەيیەننىڭ مۇھەررىرلىكىدە چىققان .

⑪ جاڭ تەيیەن 1906 - يىلى 9 - ئايدا نەشردىن چىققان « خەلقچىللىق » نىڭ 7 - سانىدا « پەرقلىق ئىرسىيەت » سەرلەۋھىلىك بىر ماقالە ئېلان قىلىپ ، ئىجتىمائىي ئىرسىيەت ھادىسىلىرىنى بۇددا تەلىماتى بىلەن شەرھلەپ ، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ، جاپا بىلەن راھەت « بۇ ئىككى تەرەپ خۇددى جىسىمغا كۆلەڭگە ئەگەشكەندەك بىللە بولىدۇ » ، « ئىرسىيەتنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ . ئىرسىيەتنىڭ زۆرۈرىيىتىدىن نەپ ئالغىلى بولمايدۇ » دېگەن .

⑫ بۇ يەردە جاڭ تەيیەننىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە چىقىدىغان « خەلقچىللىق » بىلەن لياڭ چىچاۋنىڭ رىياسەتچىكىدە چىقىدىغان « يېڭى خەلق مەجمۇئەسى ئوتتۇرىسىدا دېموكراتىك ئىنقىلاب بىلەن پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇننى يولغا قويۇش توغرىسىدا بولغان بەس - مۇنازىرە كۆزدە تۇتۇلىدۇ ، « يېڭى خەلق مەجمۇئەسى » شۇ چاغدىكى پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇننى تەرغىپ قىلغان ئاساسىي



ژۇرناللارنىڭ بىرى .

⑬ بۇ يەردىكى ××× — ۋۇجىخۇي ( جىڭخۇەن ) نى كۆرسىتىدۇ . قوش تىرناق ئىچىدىكى ×× « ئەقىل كۆرسەتكەن » دېگەن سۆز بولۇشى مۇمكىن . جاڭ تەيیەن « خەلقچىللىق » نىڭ 19 - ۋە 22 - سانلىرىدا ئۇدا « ۋۇجىڭخۇەنگە جاۋاب » ، « يەنە ۋۇجىڭخۇەنگە جاۋاب » نى ئېلان قىلىپ ، ۋۇجىڭخۇينىڭ 1903 - يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياڭسۇنىڭ كاندىدات ۋالىيسى يۈي مىڭجىڭغا « ئەقىل كۆرسىتىپ » ، زۇرۇڭ بىلەن جاڭ تەيیەنگە خائىنلىق قىلىپ ، ئۇلارنىڭ ئىككىسىنىڭ قولغا ئېلىنىشىغا سەۋەبكار بولغان جىنايى ھەرىكىتىنى پاش قىلغان .

⑭ بۇ يەردىكى ××× — لەن گۇڭۇ ( 1887 — 1957 ) نى كۆرسىتىدۇ . ئۇ جياڭسۇنىڭ ۋۇجياڭ دېگەن يېرىدىن بولۇپ ، « مىللىي ئاخبارات » گېزىتخانىسىغا باشلىق ، « ئېقىم مەسىلىلىرىدىن يېڭى خەۋەر » گە باش مۇھەررىر بولغان .

⑮ 1908 - يىلى لۇشۇن ياپونىيىنىڭ دۇڭجىڭ شەھىرىدە تۇرغان چېغىدا جاڭ تەيیەن تۇرغان جايغا بېرىپ يېزىق ئىلمىدىن لېكسىيە ئاڭلىغان .

⑯ بۇ 1906 - يىلى 8 - ئايدا « خەلقچىللىق » نىڭ 6 - سانىدا بېسىلغان جاڭ تەيیەننىڭ « نۇتۇق خاتىرىلىرى » دىكى سۆز .

⑰ « جۇڭخۇا مىنگو توغرىسىدا چۈشەنچە » دېگەن ماقال دەسلەپ 1907 - يىلى 7 - ئايدىكى « خەلقچىللىق » نىڭ 15 - سانىدا ئېلان قىلىنغان ، كېيىن « تەيیەن ئەسەرلىرىنىڭ خاتىرىسى . ئالاھىدە خاتىرىلەر » نىڭ بىرىنچى تومىغا كىرگۈزۈلگەن .

⑱ « تالپىلار رويخېتى » — ئوقۇغۇچىلار ئىسىملىكى .